چىڭغىز ئايتماتوف (قىرغىزىستان)

# تاغلار غۇلىغاندا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-12061-1

9 787105 120611 >

定价：30.00元

چىڭغىز ئايتماتوف (قىرغىزىستان)

# تاغلار ئۆرۈلگەندە

## ـ غايىپ بولغان كېلىن

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى



مىللەتلەر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

崩塌的山岳：维吾尔文/（吉尔）艾特玛托夫著；努尔穆罕默德·多莱特译.-北京：民族出版社，2012.3

ISBN 978-7-105-12061-1

Ⅰ.崩··· Ⅱ.①艾···②努···Ⅲ.③长篇小说一吉尔吉斯一现代一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I364.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第031020号

责任编辑：开赛尔·库尔班
责任校对：吾尔妮莎·托合提
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2012年3月第1版　2012年3月第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 1/32
印　　张：11.25
定　　价：30.00

ISBN 978-7-105-12061-1/I·2320（维343）

# «تاغلار غۇلىغاندا» ھەققىدە

## نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

«جەمىلە» (1958)، «تاغ ۋە يايلاقلار توغرىسىدىكى ھېكايە - لەر» (1962)، «يەر ئانا» (1963)، «سەرۋى قامەتلىك دىلبە - رىم» (1961)، «بىرىنچى مۇئەللىم» (1962)، «ئەلۋىدا گۈلسا - رى» (1966)، «ئاق پاراخوت» (1970)، «ئالا ئىت قىياسى» (1977)، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» (1980)، «بالدۇر كەلگەن تۇرنىلار» (1975)، «قىيامەت» (1986)، «چىڭگىزخاد - نىڭ ئاق بۇلۇتى» (1990)، «كاسساندرا تامغىسى» (1995)، «تاغلار غۇلىغاندا» (2006) قاتارلىق پوۋېست، رومانلىرى ۋە بىر قاتار ئېسىل ھېكايىلىرى بىلەن 20 - ئەسىر دۇنيا ئەدە - بىيات مۇنبىرىدە ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف 1928 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قىرغىزىستاننىڭ تالاس ئوبلاستىدىكى شېكەر ئاۋۇلىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇ - چىلار جەمئىيىتىنىڭ سېكرېتارى، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكا - دېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق باش ئەل - چىسى بولغان. 1952 - يىلدىن ئېتىبارەن ئەسەر ئېلان قى - لىشقا باشلىغان، ئاساسەن رۇس تىلىدا يېزىقچىلىق قىلغان، شەرەپ بىلەن «قىرغىزىستان خەلق يازغۇچىسى»، «سوتسىيا - لىستىك ئەمگەك قەھرىمانى» دېگەن نامغا، شۇنداقلا يەنە ئۈچ قېتىم سوۋېت دۆلەت مۇكاپاتى، لېنىن مۇكاپاتى ۋە لېنىن ئوردېنىغا ئېرىشكەن. ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت

تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 150 خىلدىن ئوشۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، 40 مىليون نۇسخا تارقىتىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئال- قىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېمىسىنىڭ كەڭ- لىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئالاھىدە چاقناپ تۇرىدۇ. يازغۇچى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۆز ۋەتىنىدىلا كاتتا ئاتاق - ئابروي، ئۇردېن - مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ قالماي، يەنە تۈركىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق بىرمۇنچە دۆلەتلەردىمۇ ئوردېن ۋە باشقا ئالىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پارىژدا خەلقارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇ- نىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، شۇنداقلا خەلقىنىڭ بۇ بۈيۈك يازغۇچىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن 2008 - يىلىنى «ئايتماتوف يىلى» قىلىپ بېكىتكەن. ئەپ- سۇسكى، يازغۇچىنىڭ 80 ياشلىق خاتىرە كۈنىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش ئالدىدا رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. پۈتكۈل دۇنيا 2008 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇ بۈيۈك يازغۇچى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى.

ئايتورنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئاخىرقى رومانى «تاغلار غۇ- لىغاندا» جۇڭگودا 2008 - يىل 7 - ئايدا شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنىپ تار- قىتىلدى. مەن بۇ سۆيۈملۈك يازغۇچىنىڭ «جەمىلە»، «يەر ئا- نا»، «سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم»، «بىرىنچى مۇئەللىم»، «ئەل- ۋىدا گۈلسارى» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانى ۋە بىر قىسىم ھېكايىلىرىنى تەرجى- مە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر ئايرىم - ئايرىم مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەش-

رىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. يازغۇچىنىڭ ۋاپاتى مۇ-ناسىۋىتى بىلەن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى كەسىپداشلار: «سىزنى چىڭغىز ئايتماتوفچى دېسەكمۇ بولىدۇ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۇنىڭ ‹تاغلار غۇلىغاندا› ناملىق ئاخىرقى رومانىنىمۇ سىز تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىز» دېگەن تەكلىپنى بېرىشۈېدى، مىل-لەتلەر نەشرىياتىدىكى كەسىپداشلارنىڭ ماڭا ئەنە شۇنداق يۇ-قىرى باھا بېرىپ بۇ رومانىنى تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىل-غانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ياشىنىپ 74 ياشقا كىرىپ قالغىنىمغا قارىماي، ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. ئەسەرنىڭ رۇسچە (ئاپتور ئەسەرنى رۇس تىلىدا يازغان، باشقا بىرەيلەن قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلغان)، قىرغىزچە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ، خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىپ تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. تۆۋەندە مەن چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالغاچ، ئۇنىڭ «تاغلار غۇلىغاندا» دېگەن رومانى ئۈستىدە يۈزەكى قاراشلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

چىڭغىز ئايتماتوف ئالاھىدە بىر يازغۇچى. ئۇ ئۇرۇش دەۋ-رىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ياشىغان، سوۋېت ئېلىدە جۇملىدىن قىرغىزىستاندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان دەۋرنى باشتىن كە-چۈرگەن. بىرقانچە دۆلەتتە باش ئەلچى ھەم ۋەكىل بولۇپ تۇر-غان، سوۋېت تۇرمۇشىنى خېلى ئوبدان بىلىدىغان، ئۆز مىللى-تىنىڭ ئەنئەنىسىنى، مەدەنىيىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان يازغۇچى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدىن تارتىپ قىرغىزىستانىنىڭ ئىسلاھات يىللىرىغىچە بولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدى-لىك شۇكى، يەككە ئادەمنى تەسۋىرلەشتىن، كوللېكتىپنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈ-

روشتىن دۆلەت ئەھۋالىغا نەزەر سېلىش، ھازىرنىلا ئەمەس، قەدىمنى، كەلگۈسىنىمۇ ئويلاپ يېتىشتىن ئىبارەت بىر قاتار ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان تېمىغا ئايلاندۇرغانلىقىدۇر. قارايدىغان بولساق، ئايتماتوفنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان «جەمىلە» پوۋېستىدا، قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ساپ مۇھەببەت مەدھىيىلەنسە، «يەر ئانا»دا ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىدىيەسى ئەكس ئېتىدۇ؛ «ئەلۋىدا گۈلسارى» دا كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكى، ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلغان يىلقىچى تانابايي ئوبرازى ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك روھى كۆيلەنسە، «ئاق پاراخوت» تا ئەسلىنى ئۇنتۇش، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن كېچىشتەك ناچار ئىللەت قاتتىق قامچىلىنىدۇ، شۇندقلا ئىنسانىيەتنى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى تاشلىماسلىققا ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاق پاراخوت» ئايتماتوف ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپتىن، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تاشلىماسلىققا ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىپىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك رېئال تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈردى. ساپ ئىنسانىي مۇھەببەت، سەمىمىي پەزىلەت، يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىناق ـ ئىتتىپاق ھاياتقا چاقىرىش ئايتماتوفنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە سىڭگەن باش تېما دېيىشكە بولىدۇ. مەيلى بىز «ئالا ئىت قىياسى» نى ئوقۇيلى ياكى «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت» رومانلىرىنى ئوقۇيلى بۇ رومانلاردىمۇ شۇ خىل باش تېما بالقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەبىئەتنىڭ ۋەكىلى سۈپە-

تىدە تەسۋىرلەنگەن ھايۋاناتلارنىڭ ئوبرازى بىزنى ئىنسان دې-گەن نېمە؟ دېگەن مەسىلىدە قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ.

ئەمدى بىز كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈ-شۈشكە مۇيەسسەر بولغان مەزكۇر «تاغلار قوينىدا» رومانىغا كېلەيلى.

رومان 2006 - يىلى رۇسىيەنىڭ «مىللەتلەر دوستلۇقى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ يا-شانغان چاغدا ئېلان قىلىنغان ئاخىرقى كاتتا رومانى، يېڭىچە ئوي - پىكرىنىڭ جەۋھىرى. ئاپتور بۇ رومانىدىمۇ، ئىلگىرى-كى ئەسەرلىرىگە ئوخشاش خەلق رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھازىرقى كىشىلەرگە باھا بېرىشنىڭ ئەينىكى قىلىدۇ، يەنى ئەسەردە قىرغىزلار ئارىسىدا تىللاردا داستان بولۇپ كې-لىۋاتقان تولىمۇ تەسىرلىك بىر رىۋايەت — «غايىب بولغان كېلىن» رىۋايىتى رېئاللىققا باشلاپ كېلىنىپ، ئاتالمىش مەدە-نىيەتلىك دەۋرنىڭ ئەركىلىرى بولمىش ھازىرقى زامان كىشىلى-رىنىڭ روھىيىتىدىكى قۇرغاقلىق، ئەسلىنى ئۇنتۇش، پۇل - مەنپەئەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشتەك روھىي كېسەللىكلەر قات-تىق قامچىلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى قە-دىرلەشكە، تەبىئەتنى، مۇھىتنى ئاسراشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

روماندا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: ئاتاقلىق مۇخ-بىر ئارسىن سامانچىن ئۆزىنىڭ خەلق رىۋايىتى «غايىب بولغان كېلىن» نى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئوپېرا قىلىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئوپېرا تىياتىرچىلىقى بويىچە تالانتلىق ناخشىچى ئايدانا ساماروۋانى «غايىب بولغان كېلىن» ئوپېراسىنىڭ باش ناخشى-چىسى بولۇشقا كۆندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن كونسېرت بېدىكى ئەرتاش كۇرچالنىڭ كاتتا ماشىنا ۋە ئامېرىكا دوللىرى بىلەن قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا دۇنيا سەھ-نىسىگە ئېلىپ چىقماقچى بولۇۋاتقان «غايىب بولغان كېلىن» ئوپېراسىدا باش ناخشىچى بولۇشنى رەت قىلىپ، مودا ناخشا

چولپىنى بولۇش، نام چىقىرىش، قىسقىسى، پۇل تېپىش يولىغا كىرىپ كېتىدۇ.

سامانچىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا كەلگىنىدە، تەڭرىتاغدا ئاق يىلپىز ئوۋلىماقچى بولغان ئەرەب نېفىت ماگناتلىرىنىڭ تەرجىمانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ، بۇ يەردە ئاق كۆڭۈل، سەممىي، گۈزەل ئايال ئەلىس بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇلار گۈزەل كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ. لېكىن، ئوۋ ئوۋلايدىغان ھالقىلىق پەيتتە، قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان ئاق يىلپىزنى ۋە ئەرەب مېھمانلارنى قوغداش يولىدا، ئەينى يىللىرى بىر سىنىپتا ئوقۇغان تاشتانئافغان باشچىلىقىدىكى بەش ساۋاقدىشى — يېڭى باندىت - قاراقچى - تېررورچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلىنىپ، ھاياتلىق رىقابىتىدە مەغلۇپ بولغان قېرى ئاق يىلپىز بىلەن بىرلىكتە غاردا ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىككىلىسى ئىقتىساد دۇنياۋىلاشقان دەۋرنىڭ قۇربانى بولىدۇ.

روماندا لىرىكىلىق پۇراق ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇش، مەدەنىيەتنى چاكىنىلاشتۇرۇشنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

«غايىب بولغان كېلىن» رىۋايىتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: سۇمباتلىق، باتۇر، مەرگەن يىگىت بىلەن تولىمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىشق - مۇھەببەت دەرياسىغا چۆمۈلۈپ توي قىلىشقا ئەھدىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار توي قىلىش ئالدىدا بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر قىزغا: «ئۇ بۇرۇنقى ئوينىشى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ» دەپ بەتنام چاپلاپ، ھەممە يەردە ئىغۋا تارقىتىدۇ ۋە ئۇنى بۇلاپ قېچىپ، بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ پاك مۇھەببىتىگە زەھەرلىك قولىنى سۇنىدۇ. لېكىن، پاك مۇھەببەت يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان بۇ قىز ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۇيىقەستچىلەر بىلەن قات-

تىق ئېلىشىدۇ ۋە ئۆزىنى دەرياغا ئاتىدۇ. سۈيىقەستچىلەرمۇ دەرياغا سەكرەيدۇ. بۇلارنى ئۇلۇغ سۇ ئېقىتىپ كېتىدۇ، لېكىن سۈيىقەستچىلەر دەرياغا غەرق بولۇپ، قىز ئېقىپ يىراق بىر يەردە قىرغاقا چىقىپ قالىدۇ ۋە ئاۋۇلغا قايتىپ كېلىپ، يىگىتىنىڭ بۇ ئىغۋاغا ئىشىنىپ، ۋاپاسىز ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشىغاندىن كۆرە يىرتقۇچلار بىلەن بىللە ياشاش ئەۋزەل، دەپ تەركىدۇنيا بولۇپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتكەن. لېكىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئىزدەپ: «مەرگىنىم، نەدىسەن؟» دەپ توۋلىغىنىچە تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئىنسانلار ئارىسىدىن مەڭگۈلۈككە غايىب بولىدۇ.

رىۋايەتنىڭ ۋەقەلىكى ناھايىتى تەسىرلىك بولۇپ، ئۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىپىك ماتېرىيال ئىدى. داڭلىق مۇخبىر ئارسىن سامانچىن «غايىب بولغان كېلىن» رىۋايىتىنى ئوپېرا قىلىپ ئىشلەپ پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرماقچى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ھازىرغا ئۇلىماقچى، شۇنداقلا بۈگۈنكى كىشىلەرگە ساۋاق بەرمەكچى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۆيگىنى ئايدانا سپاماروۋانى بۇ ئوپېرادا باش ناخشىچى بولۇپ بېرىشكە كۆندۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن، ئارسىن سامانچىن شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئايدانا دوللار قاچىلانغان ماشىنىغا چىققىنىچە، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كېتىپ قالىدۇ. ئارسىن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايدۇ، لېكىن قايتۇرۇپ كېلىشكە ئامالسىز قالىدۇ. «قارغىش تەگكەن كاپىتالىزم تەڭداشسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ھەممىدە غالىب، ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسە توسالغۇ بولالمايۋاتىدۇ، ھەممىنىڭ كۆچى يەتمەيۋاتىدۇ!» مانا بۇ ئۇنىڭ رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە بولغان ئاجىز «تىپىرلىشى» ئىدى. ئاپتور ئەسەرگە «غايىب بولغان كېلىن» رىۋايىتىنى قىستۇرۇپ بايان قىلىش ئارقىلىق ھەممە نەرسە تاۋارلىشىپ كېتىۋاتقان بازار ئىگىلىكىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ۋە پاك مۇھەببەتكە بولغان ئۇلۇغۋار ئىنتىلىش ۋە تەلپۈنۈشىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

«غايىب بولغان كىلىن» رىۋايىتىنى ئاپتورنىڭ ئەسەرگە ياندىش ماۋزۇ قىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.
يېڭى تۈزۈم، تاۋار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەتكە ھېچكىم تاقابىل تۇرالمايدۇ. قىرغىزىستان بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق ئوپېرا ناخشىچىسى بولغان ئايدانا ساماروۋا ئامىراق قىزىنى پېنسىيە پۇلىنىمۇ تۈزۈك ئالالماي تۇرغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېقىپ بېرىشىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى پۇل تېپىش يولىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئىلگىرىكى كولخوز ئەزالىرى بولسا بالىلىرىغا مەكتەپكە كىيىپ بارغۇدەك ئاياغ ئېلىپ بېرىشكە قۇربى يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باندىتلىق باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ، جۈملىدىن قىرغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ ۋە چاكىنىلىشىشقا يۈزلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى پاپسا سەنئەت نومۇرلىرى ئىگىلەپ كېتىدۇ، سودا كونسېرتچىلىقى ئومۇميۈزلۈك چېچەكلەپ كېتىدۇ، ئارسىن سامانچىن بولسا ھە دەپ پاپسا مۇزىكىسىنى ۋە سودا كونسېرتىنى بازارغا سېلىپ مىللىي، ئەنئەنىۋى ناخشا ـ مۇزىكا ۋە كونسېرتلارنى «دەپسەندە قىلغان»، سۆيگىنىنى كۆز ئالدىدىلا تارتىۋالغان ئەرباش كورچالنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا خۇماردىن چىقماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ھەر ساھەدە سېپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، شۆھرەت قازىنىپ، پۇل تېپىپ بېيىپ كېتىۋاتقان «سەرخىل»لارنى يوقىتىپ تۈگىتەلەمتى؟ ئۇنىڭ بۇنداق بىمەنە ھەرىكىتىنى قانۇن ـ تۈزۈم قوللامتى؟ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قوللامتى؟ ھەتتا سۆيگىنى ئايدانامۇ ئۇنىڭغا: «ئۇنۇت! ئۇنۇت بۇ ‹غايىب بولغان كېلىن›نى، كىمگە كېرەككەن ئۇ» دەيدۇ.
ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە ماھىر چىڭغىز ئايتماتوف ئۆزىنىڭ «تاغلار غۇلىغاندا» رومانىدىكى بىر قاتار ۋەقەلەر ئارقىلىق قىرغىز جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىدىكى زىددىيەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ: «بۇ كاپىتالىزم ئەجەب يامانكىنا»، ئەسەر باش قەھرىمانى سامانچىن تېگىرقىغىنىچە شۇنداق دەيدۇ ۋە

ئاخىرىدا پۇل، مال ـ دۇنيانى خۇدادەك بىلىدىغان بۇ كىشىلەردىن يىراق تۇرۇپ بىر ئۆڭكۈردە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ بىزگە «غايىب بولغان كېلىن» رىۋايىتىدىكى ھېلىقى مەرگەن يىگىتنى ئەسلىتىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چىڭغىز ئايتماتوف ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئايتماتوف «ئەلۋىدا گۈلسارى»دىن باشلاپ ھەممە ئەسەرلىرىدە دېگۈدەك ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ئالاھىدە بىر تېما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان، گۈلسارى («ئەلۋىدا گۈلسارى»دىكى تۇرۇق ئاتنىڭ ئىسمى)، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا («ئاق پاراخوت»)، ئەكبەرە، تاشچاينار («قىيامەت» رومانىدىكى بۆرىلەرنىڭ ئىسمى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھازىرقى زامان ئادەملىرىدە كەم تېپىلىدىغان رەھىمدىللىك، جاسارەت، مېھىر ـ مۇھەببەت بالقىپ تۇرىدۇ. ئايتماتوف «تاغلار غۇلىغاندا» رومانىدىمۇ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان، شۇنداقلا دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان ھايۋان ئاق يىلپىزنى تەبىئەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئەپسۇسكى، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئاڭلىق مەخلۇق بۇنىڭغىمۇ كۆز سالىدۇ. يەنى ئەرەب بايلىرى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئاق يىلپىزنى ئوۋلاشقا كېلىدۇ، تەبىئەتنىڭ بۇ ئەركىسى كۈللىي مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولمىش ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئادەم تەبىئەتنى ۋەيران قىلىدۇ. سامانچىنىنىڭ ئاق يىلپىزنى قوغداپ قېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى كارغا كەلمەيدۇ، تىراگېدىيە بىلەن نەتىجىلىنىدۇ... ئاپتور ۋەقەلىكنى شۇنداق قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق چوڭقۇر بىر پەلسەپىۋى ئىدىيەنى، يەنى ئەسەرگە ئېپىلوگ ئورنىدا بېرىلگەن «ئۆلتۈرۈش ـــ ئۆلتۈرمەسلىك...»كە مۇجەسسەملەنگەن ئىنسانلارنىڭ ئىزتىراپلىق تاللىشىنى شەرھلەپ بەرمەكچى بولىدۇ.

قىسقىسى، ئايتماتوف بۇ رومانىدىمۇ ئىنسانىيەتكە ناھايىتى چوڭقۇر سوئال تاشلىغان بولۇپ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي مۇھەببەت يوقالسا، ئىنسان ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئايتماتوفنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە قىلغان ۋەسىيىتى ئادەملەرنى ئادەمدەك ياشاشقا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇماسلىققا چاقىرىشتۇر. ئاپتور دەل مۇشۇ پەلسەپىۋى تېرەنلىكنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە ئۆز ئەسىرىگە «تاغلار غۇلىغاندا» دەپ نام بەرگەن. ئەلۋەتتە، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ ۋە ئەسەردىن ئۇنتۇلغۇسىز بەدىئىي زوق ئالىدۇ.

本书根据于上海译文出版社 2008 年 7 月第一版上海第一次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى تەرىپىدىن 2008 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، شاڭخەي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور: ھۆرنىسا توختى

[قىرغىزىستان] چىڭگىز ئايتماتوف

# تاغلار غۇلىغاندا

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862 — 010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ شېڭتوڭ باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2012 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2012 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 11.25 |
| باھاسى | : | 30.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12061-1/I·2320 (维343)

# 1



گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان شۇنداق بىر رېئاللىق مەۋجۇتكى، — بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئادەم ۋە ھېچقانداق ۋاقىت مۇستەسنا ئەمەس — ھېچكىم ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلمەيدۇ. پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئۆزىلا تەقدىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، تەقدىرنىڭ ئۆزى تەقدىر بولالماي قالىدۇ... ئالەم ئاپىرىدە بولۇپ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا بېھىشتىن — بۇمۇ تەقدىر — قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن تەقدىر ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ھەر سائەت، ھەر كېچە - كۈندۈز، ھەر يىل، ھەر ئەسىر ۋە ئەسىرمۇئەسىر مەڭگۈلۈك تېپىشماق بولۇپ قالدى...

ھازىرقى پەيتتە ھەم شۇنداق. ھەئە، بۇ قېتىم دەل شۇنداق بولدى: كىم بۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلاپ باققان، ئۇ دېگەن ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ھەتتا تەقدىرنىڭ ئىرادىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تۇرسا.

مۇبادا چۈشەندۈرۈشكە مۇمكىن بولمايۋاتقان ۋەقەنى چوقۇم چۈشەندۈرۈش كېرەك بولسا، خوش، بىردىنبىر مۇمكىن بولىدىغىنى بۇ ئىككى خىل ھايات ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئاسترولوگىيە (مۇنەججىملىك) جەھەتتىكى ئۆزئارا باغلىنىش بار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن باشقا يول يوق، بىزنىڭ چۈشەندۈرىدىغىنىمىز مانا مۇشۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كائىناتنىڭ مەۋجۇدىيەتلىكى جەھەتتىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت، تەقدىرگە پۈتۈلگەن خىلمۇخىل تاسادىپىي ماسلىق تۈپەيلىدىن

ئۇلار مەلۇم يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئالەمدە ئاپىرىدە بولغان. ئېھتىمال دەل مۇشۇنداقتۇ... — ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ۋە ئويلاپ يېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى زامانىۋى چوڭ شەھەردە ياشايتتى، ئۇ يەر ياشايدىغان ئاھالىلەرنىڭ تولىمۇ زىچلىقىدىن، كوچىلاردىكى ئېلىپ ـ ساتارلار بىلەن پۇرقىرىتىپ ئىس ـ تۈتەك چىقىرىپ تۇرغان كاۋاپچىلارنىڭ تولىلىقىدىن يېرىلاي دەپ قالغانىدى؛ يەنە بىرى، ئېگىز تاغدا، بەھەيۋەت، بەتبەشىرە جىلغىلاردا، قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىقلاردا، يېرىم يىلغىچە قار ئېرىمەيدىغان تەسكەي يانتۇلۇقلاردا تۇراتتى، شۇڭا ئۇلار «ئاق يىلپىز» دەپ ئاتىلاتتى. ئىلىم ـ پەندە — ئېگىز تاغ ئىلمى دېگەن بىر ئىلىم تۇرى بار — ئۇنىڭدا «تەڭرىتاغ يىلپىزى» دەپ ئاتىلىدۇ، يولۋاسلار بىلەن بىرلىكتە مۇشۇكسىمان ھايۋانلار ئائىلىسىگە كىرىدۇ. شۇ يەردىكى خەلقلەر بۇنداق ياۋا ھايۋاننى «ئوقيىلپىز» دەپ ئاتايدۇ، بۇنداق ئاتاش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە — يوگۇرۇشىنىڭ ئوقتەك تېزلىكىگە — بەكمۇ ماس كېلىدۇ، يەنە «قار كېچەر يىلپىز» دەيدىغانلارمۇ بار، بۇ ئۇلارنىڭ «مەيدىسىگە كېلىدىغان قارنى كېچىپ ماڭىدىغانلىقى»غا قارىتىلغان، بۇمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەتتى... باشقا ھايۋانلار چوڭقۇر قارغا پېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ يول تېپىپ ماڭسا، ئۇ تەڭداشسىز كۈچلۈك بولغاچقا، كۆكرىكى بىلەن يول ئېچىپ ماڭاتتى...

ئاق يىلپىزنىڭ ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدىغان ۋاقتى تولا چاغلاردا چۈش ۋاقتىغا توغرا كېلەتتى. بۇ ۋاقىت تاغدىكى ئوتخور ھايۋانلارنىڭ سۇ ئىچىدىغان ۋاقتى ئىدى. ئېلىك ۋە غۇلجا، ئارقارلار تەرەپ ـ تەرەپتىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق، كۆلچەكلەرنىڭ بويىغا كېلىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇراتتى، كۆپ ۋاقىتلاردا ئەتىسى شۇ ۋاقىتقىچە يەتكۈدەك سۇ ئى-

چىۋالاتتى. ئۇلار تەشكىللىك كېلىپ سۇ ئىچەتتى. قاتار تىزى-لىپ، گويا پۇتلىرى يەرگە تەگمەيدىغاندەك سەكرەپ ـ ئوينـاق-شىپ ئىلگىرىلىشەتتى، شۇنداقلا يەنە هوشيارلىق بىلەن كۆزى-تىپ، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ھەرقاچان بۇ يەردىن ئۇچقاندەك قاڭقىپ ئـايرىلىـپ، خەتەردىن قـۇتۇلۇپ، يىـراق ـ يىراقلارغـا كېتىشكە تەييار تۇراتتى.

لېكىن، ئوقيىلىپىز ئۆزىنىڭ ئوۋلاش ھۈنىـرىگە بەك مـا-ھىر ئىدى. ئۇ ئوۋ نىشانىنى كۆزىتىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قورام تاشنىڭ كەينىدىن (بۇنىسى ئەڭ ياخشى چارە)، ياكى بىردىنلا يان تەرەپتىكى چاتقاللىقتىن ئېتىلىپ چىقىپ ئولجىسىنى قاماللاپ بېسىۋالاتتى ۋە دەرھال ئۇنىڭ كا-نىيىنى ئۈزۈۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقاتتى، كېيىنكى ئىشلار بولسا ھەممىگە ئايان، ئەلۋەتتە...

ئوۋ نىشانىنى قوغلاپ تۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى سۇغا تويۇنغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتراپتا بىر يەردە تۇيدۇرماي مۆكۈپ يېتىشتا ماھىر بولۇش كېرەك ! سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاش كېرەك! گەرچە ئۇ كۆز ئالدىدىلا، بىر ئېتىلسىلا چاڭگىلىغا كىرىدىغان ھالەتتە بولسىمۇ. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كې-رەك. ئېلىك ھامان ئۆزۈن بويىندىكى كىچىك بېشىنى كۆتۈ-رۈپ، تىك قۇلىقىنى توختىماي ئايلاندۇرىدۇ، كۆزىدىن ئېھتى-يات نۇرىنى چاچرىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىككى ئالدى پۇتىنى سۇغا تىقىپ، ئۇن چىقارماي سۇ ئىچىدۇ. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى ئۇلار قانچە كۆپ ئىچسە، ئاق يىلپىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەگەر تۇز لىنىيە بو-يىچە قوغلاشقا توغرا كەلسە، بەزى چاغلاردا ئەرزىمەي قالىدۇ، چۈنكى بۇ ئېلىك، غۇلجا، ئارقارلار يۈگۈرۈشكە بەك ماھىر ـ دە. ئۇلارنىڭ يۈگۈرۈشى ئاۋازدىنمۇ تېز، بۇ ئۇلارنىڭ جېنىنى

ساقلاپ قېلىشىدىكى تۇغما ئىقتىدار. ئۇلار ھۆۋلايدىغان ـ
ھۆركىرەيدىغانلاردىن ئەمەس، پەرياد كۆتۈرۈپ زارلىنىدىغانلار ـ
دىن ئەمەس، بەزى ھايۋانلارغا ئوخشاش قورققىنىدىن سىيىۋې ـ
تىدىغان، شاتىراق ئۇرۇۋېتىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس. ئېيتايلۇق،
ياۋا چوشقا. قۇرغاقچىلىق پەسلىدە ياۋا چوشقىلارمۇ بەزىدە
مۇشۇنداق پاكار ئۆسىدىغان چاتقاللىقتا كېلىپ قالىدۇ. ئې ـ
لىك، غۇلجا ۋە ئارقارلار سۇ ئىچىپ تويۇۋالغاندىن كېيىن يۇ ـ
گۇرسە سۇرئىتىمۇ ئاستىلاپ كېتىدۇ، ئۇلار سۇ بويىدىن كې ـ
تەي دەپ تۇرغىنىدا، ئوقيىلپىز دەرھال ھەرىكەت قوللىنى ـ
دۇ...

بۇ دورەم چۇشكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ئوقيىلپىزنىڭ
بۇلاق بويىدا غىزالانغۇسى كېلىپ قالدى. ئۇ مۆلدۈرلەپ سۇ
ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنى بويلاپ، چاتقاللىقنى ئارىلىغاچ ئوڭ ـ
سولغا ۋە ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى، چۈن ـ
كى، ئارقىسىدىن ئۇرۇقدىشى بولغان تاغىل يىلپىز چىقىپ
قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال پات ـ پات بولۇپ
تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇ بىزار ئىدى. بولۇپمۇ ئوزۇق ئىزدەپ
چىققان پۈتۈن بىر ئائىلىنى يولۇقتۇرۇپ قېلىشنى خالىمايت ـ
تى. بۇ راسا بولمىغان بىر ئىش ـ تە، نېمە ئۇ، مەن ساڭا
قاراپ، سەن ماڭا قاراپ ھۆركىرەش دېگەن! ئوزۇق ئىزدەپ
چىقساڭ ئەڭ ياخشىسى يالغۇز چىق. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئا ـ
شۇنداق ماڭماقتا ئىدى.

بۇ، ياز ئاخىرلىشىپ، كۈز باشلانغان ۋاقىت بولۇپ، تەڭ ـ
رىتاغ ئېگىزلىكىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋاقتى — بىردىنلا شىۋىر ـ
غان چىقىپ كەتمەيدىغان، تاغ بەللىرىدىن بىمالال ئۆتۈشكە بو ـ
لىدىغان، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار يازدا سەمرىپ راسا تولىدىغان
ۋاقىت ئىدى؛ ئەقەللىيسى قۇشلارمۇ خۇشال ۋىچىرلىشىپ
سايراپ كېتىدىغان، بىردەم ئېگىز، بىردەم پەس ئۇچىدىغان —

چوجىلەر چوڭ بولغان ۋاقىت ئىدى. قىش كىرىش ئالدىدا بولسا قۇشلار كۆرۈنمەي قالاتتى، ئۇچىدىغانلىكى جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى كېلەر يىلى يازغىچە كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى. ئۇلار بۇ يەرنىڭ قىشىغا چىدىمايتتى...

ئوقيىلپىز سۇ ئىچكىلى كەلگەن ئېلىك چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ كېتىۋاتاتتى. يولدا ئالا - بۇلىماچ تېرىسىنىڭ چاتقاللىق ۋە قورام تاشلار ئارىلىقلىرىدا ئاسانلىقچە كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇھىتقا ماسلىشىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ بەستى چوڭ، يەلكىسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىسمۇ، لېكىن تولىمۇ چاققان ئىدى، تولغان بويىنى كۈچلۈك بولۇپ، چوڭ، بەھەيۋەت بېشىدىكى ئىككى قۇلىقى سەگەك تۇراتتى. ئىككى ئۆتكۈر كۆزى قاراڭغۇدا كۆكۈش نۇر چىقىرىپ تۇراتتى، ئوقيىلپىزنىڭ جۈغى ئۇزۇنچاق بولغىنى بىلەن بەك كۈچلۈك ئىدى، ناھايىتى سىپتا توقۇلغان تاۋار - دۇردۇن يېپىنىۋالغاندەك پارقىراق تېرىسىدىكى تەڭگىلەر خۇددى خەلق قوشاقلىرىدا ئېيتىلىدىغان شامان - پېرىخونلارنىڭ پەرەنجىسىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زېمىندا بەخۇدۇك سەيلە قىلىپ يۈرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئافرىقا يىلپىزىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. ھەتتا قۇيرۇقىمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن، ئوخشاشلا سۇرلۇك ئىدى. دەرۋەقە، ئولجىسىغا تېخىمۇ ئاسانراق ئېرىشىش ئۈچۈن ئافرىقا يىلپىزىغا بەزىدە مۇشۇككە ئوخشاش دەرەخكە چىقىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى، ۋاھالەنكى، ئاق يىلپىز بولسا، تەقدىرىگە پۈتۈلگىنىدەك، تېخىمۇ سۇرلۇك ئىدى، ئۇ تىك يارلارغا چىقالايتتى، يەنە كېلىپ دېڭىز يۈزىدىن تۆت - بەش مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە، ئافرىقىدىكىدەك ئۇنداق ئېگىز دەرەخلەر بولمايتتى. بۇ يەردە، پەقەت تۆۋەندىلا، جىلغىلاردىلا دەرەخ ئۆسەتتى، يەنە كېلىپ ئورماندىكى دەرەخلەردە ياشايدىغىنى پەقەت

سۇلەيسۇنلا ئىدى. ئاق يىلپىزلار بەزىدە مۇنداق دەرەخلىككىمۇ كېلىپ قالاتتى. سۇلەيسۇنلەر بولسا، گويا يىراق بىر نەۋرە تۇغقىنىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇلارغا قاراپ غىژ - غىژ قىلىپ ھاسىراپ، چىر - چىر قىلىپ چىر-قىرايتتى. ئاق يىلپىزنىڭ دۇنياسى ئېگىزلىكتە، پەقەت ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدىكى تاغلارلا ئۇلار ئارام ئالىدىغان، نەسىل قالدۇرىدىغان يەر، ئۇلارنىڭ ئولجا قىلىپ يەيدىغىنىمۇ ئاسان تۇتقىلى بولمايدىغان غۇلجا، ئارقار ۋە ئېلىك قاتارلىقلار...

ئوقيىلپىز تېخى يېقىندىلا ئۆزىگە ماكان تاللاپ، بىر ئې-رىق بويىدىكى چاتقاللىقتا، غايەت زور ئاق قورام تاشلارنىڭ ئا-رىلىقىدا ياتقانىدى. ئۇ مۆكۈنۈپ، تىرناقلىرىنى ھازىرلاپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بىر تۇركۈم غۇلجا، ئارقار بۇ يەرگە سۇ ئىچكىلى كېلىشى كېرەك ئىدى، ئۇلار ئالاھازەل يەتتىدەك بولۇپ، يانتۇلۇقنى بويلاپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ۋە لې-كىن يۇرەكزەدىلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۇ تېخى يېقىندىلا ئۇلارنى يىراقتا، تاش يېرىقلىرى ئا-رىسىدا تۇرۇپ كۆرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنى جىمجىتقىنا كۈتمەكتە.

قۇياش ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ ئالەمگە نۇرىنى چاچماقتا. ئۇزۇپ يۈرگەن بىر نەچچە پارچە ئاق بۇلۇت تەڭرى-تاغ تىزمىسىدىكى مۇز بىلەن قاپلانغان چوققىلارنى سىيپاپ ئۆتمەكتە. تەجرىبىلىك قېرى ئاق يىلپىز ھەممە ئىش جايىدا دەپ ھېس قىلدى. قورساق تويغۇزىدىغان ھەل قىلغۇچ ۋاقىت كەلدى. ئوقيىلپىزنىڭ خاۋاتىرسىزلىنىۋاتقىنى ئۆزىنىڭ نە-پەس ئېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقىنى بولدى. بۇنداق ئەھۋال بۇرۇنمۇ بولغان، ئۇ قاتتىق يۇگۇرگەن ياكى سەكرىگەندىن كې-يىن ۋە ياكى چىشى ئاق يىلپىزنى تالىشىپ قاتتىق ئېلىشقان، ئۇنىنىڭ بارچە ھۆركىرىگەن، چىشلىشىپ گۈشلىرى تىتى-

لىپ، قانلىرى چاچرىغان، ئۆپچۆرىسىدىكى بارلىق جانلىقلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرگۈدەك بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدا بولاتتى. ھال-بۇكى، جىم يېتىپ كۈتۈۋاتقان ئەھۋالدا زۆرۈر بولغىنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، ياتقان يېرى بىلەن بىر تەن بولۇش، پۈتۈن دىققىتىنى تاشقى دۇنياغا قارىتىش ئىدى، بۇنداق ئىتتىك نە-پەس ئالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نەپەس ئالغىنىنىمۇ، نەپەس چىقارغىنىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭدا تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋا-تاتتى. بۇگۈن يۇرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا روشەن، قۇلىقىمۇ غوڭۇلداپ تۇراتتى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيت-قاندا، ئوقيىلپىزنىڭ تۇرمۇشىدا يېقىنقى بىر مەزگىلدە بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. بۇلتۇر قىش پەسلىدىن باشلاپ ئۇ خاپىغان، يەككە - يېگانە يىلپىز بولۇپ قالدى، توپتىن قوغلاپ چىقىرىلغاچقا، تەنها تۇرۇۋاتاتتى. ئاستا - ئاستا قېرى-لىق يەتكەندە مۇشۇنداق ئىش بولىدۇ - دە. بۇنىڭغا خېلى بول-غانىدى. يېڭىدىن يېتىلگەن، ياش يىلپىز ئۇنىڭ چىشى يىلپى-زىغا كۆز تىككەندىن كېيىن، ئۇ ھېچكىمگە كېرىكى قالمىغان كېرەكسىز بىرنېمە بولۇپ قالدى. ئۇمۇ جان تىكىپ قاتتىق ئېلىشىپ باققان، لېكىن رەقىبىنى بويسۇندۇرالمىغان. كېيىن يەنە بىر قېتىم شۇنداق ئىش بولغان، ئۇلار يەنە بىر قېتىم ھا-يات - ماماتلىق ئېلىشىشقا چۈشكەن، ئۇ يەنىلا ئارىغا كىرىۋال-غۇچىنى قوغلىۋېتەلمىگەن. ئۇ سىڭار قۇلاقلىق بىرنېمە (ئۇ-نىڭ بىر قۇلىقى ئۈزۈۋېتىلگەن، بۇ روشەنكى، ئىلگىرى ئې-لىشقان چاغدا قالغان ئىز) ئىنتايىن ۋەھشىي، قەۋەتلا كۈچ-لۈك، ئىزانى بىلمەيدىغان ھايۋان ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئۇ چىشى يىلپىزدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي، راسا يېقىنلىشىپ، سۈركىلىپ - يېپىشىپ، ئەركىلەپ ياخشىچاقلىق قىلىپ يۈر-دى، ھەتتا زورلۇق بىلەن تەھدىت سالدى. يەنە كېلىپ بۇ

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوقىيلىپىزنىڭ كۆز ئالدىدىلا بولىدى دې-
سە. ئوقىيلىپىزنىڭ تۇنجى جورىسى يەر تەۋرەشتە ئېچىنىشلىق
ھالدا قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ چىشى يىلپىز ئىز-
چىل تۇردە ئوقىيلىپىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئىك-
كى قېتىم كۆچۈكلىگەن، لېكىن ئاخىر بىرىپ يېڭى ئەركەك
يىلپىز — سىڭار قۇلاق بىرنېمە بىلەن كەتتى دېسە. كېتىدى-
غان چاغدا تېخى ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، بىردەم قۇيرۇقىنى
ئوڭ - سولغا شىپپاڭشىتىپ قويسا، بىردەم قۇيرۇقىنى قى-
سىپ ماڭدى؛ بىردەم قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرسە، بىردەم قۇي-
رۇقىنى يا شەكىلدە ئېگىپ ماڭدى. يەنە تېخى يېڭى تېپىشقىنى
بىلەن بېلى بىلەن بېلىنى، مۇرىسى بىلەن مۇرىسىنى ۋە بېشى
بىلەن بېشىنى سۈركەپ - تەگكۈزۈپ مېڭىپ كېتىشلىرىنى
دېمەمدىغان، كۆزىنى چىمىلدىتىپمۇ قويماي كەتتى دېسە...

ئوقىيلىپىز ئۇ چاغدا ئۇلاردىن قالماي قوغلىغان. قوغلى-
غىنا قوغلىغان. قوغلاپ يېتىشۋېلىش تەسكە توختىمىغان —
ئۇ ئىككىسى ئويمانلىقتا سوكۇلداپ كېتىۋاتقانىدى، لېكىن
قوغلاپ يېتىشۋالغاندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمى-
غان، پەقەت ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلار يەنە بىر قېتىم
تەكرارلانغان. يەنە بىر قېتىم قانلىق ئېلىشىش بولغان،
خالاس. بىراق، بۇ دورەم چىشى ئاق يىلپىزمۇ ئوقىيلىپىزغا
ئېتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقان، ئۇنى چىشلىگەن. بۇنىسى
ئاخىرقى بىر زەربە بولدى. ئوقىيلىپىزنىڭ ئەسلىي تويى ئىچىد-
دىكى ئورنىنى قوغداپ قېلىش، ئۆزىنىڭ ئاق يىلپىز ئائىلى-
سىدىكى ئېسىلزادە بىرىنچى ئەركەكلىك رولىنى داۋاملاشتۇ-
رۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشى — بۇ تىرىشچانلىقلار ئاخىرقى ھې-
سابتا ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى. ھەتتا ئۇ چاغدا، ئوق-
يىلپىز بىرئاز سەگىگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ياش، ئەمدىلەتىن
يېتىلگەن بىر چىشى ئاق يىلپىز تاللاش ئويىدا قوشنا ئۇرۇق

توپىغا يېقىنلاشقان. بۇ قىيتىمقى ئېلىشىشمۇ ئېچىنىشلىق بولغان، چۈنكى، ئۈچ ئەركەك يىلپىز چىشلىشىپ يومداقلى-شىپ كەتكەن — نەتىجىدە ئوقىيىلپىز يەنىلا ھېچنېمىگە ئې-رىشەلمىگەن. چىشى ئاق يىلپىز بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كى-رىپ يۈرگەن ياش يىلپىز مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز توپىدىكىلەر بىلەن يې-قىن ئەتراپتىكى جىلغىغا كىرىپ كېتىشتى، تاشلىۋېتىلگەن ئوقىيىلپىز بولسا، تەنها قالدى، ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قىلىندى، ئۇرۇقنى داۋاملاشتۇرۇش يولىدىكى كۈرەش-تە، تەبىئەت ھامان يېڭى يېتىلگەن كۈچ تەرەپتە تۇردى.

ئوقىيىلپىز ئۆزۈل - كېسىل چېكىنىپ چىقىش ئالدىدا شۇ ئەتراپتا يەنىلا بىر مەزگىل ئايلىنىپ يۈردى. بىردەم يول-دىن توختاپ مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ كېتەتتى، بىردەم قارىسىغا يۈگۈرۈپ كېتەتتى، بىردەم يېتىۋالاتتى، بىردەم ئۆرە تۇرۇپ، قاتمۇقات تاغلارغا قاراپ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ھۆركى-رەپ قوياتتى. ئەگەر خۇدا ئۇنىڭغا بۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلاش ئىقتىدارىنى بەرگەن بولسا، ئۇنىڭمۇ شۇنداق ھۇۋلاپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ كۆچلۈك ھەيرانلىقتا چۆمۈپ، نېمە قىلارىنى، قا-ياققا بېرىشنى بىلمەي كەتتى. ھەتتا بىرەر نەرسە تۇتۇپ يې-يىش زوقىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇنىڭ نەدىمۇ بىرەر نەرسە تۇ-تۇپ يېيىشكە قولى بارسۇن. بىرتوپ چوڭ مۈڭگۈزلۈك غۇلجا گويا ئۇنىڭ — بىر ياقنى زىلزىلىگە سالغان ئوقىيىلپىزنىڭ ئەمدى ئۆزلىرىگە چېقىلىشقا رايى يوقلىقىنى بىلىپ قالغان-دەك، ئۇنىڭ يېنىدىن گىدىيىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنى بى-لىش كېرەككى، ئۇنى قېرىپ كەتتى دېيىشكە تېخى بالدۇر ئى-دى، ئۇ يەنىلا ھەربىر جەڭدە سۆزسىز غالىب كېلىدىغان ئوۋ-چى - دە...

ئەمەلىي ئەھۋالمۇ شۇنداق. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇ چۈشىنەل-

مەيۋاتقان، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكى مەنىسىنى يوقاتقان پەيت-لەردە، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى بىر خىل ھالەتكە چۈشۈپ قال-دى، بۇ ئۇنىڭ ئازابىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى. ئۇ غايەت زور قورام تاشلار بىلەن تولغان ئېگىزلىكتە قارا ئارچىنىڭ ئەگرى ـ دوناي، مۇدۇر ـ چوقۇر شاخلىرىغا يۆلىنىپ، نىشان ـ مەقسەتسىز تۆت ئەتراپقا قاراپ تۇرغان چېغىدا بىردىنلا كۆزى شۇنىڭغا چۈشتىكى، تۆۋەندە، جىلغىدا يېگىدىن توي قىلىش-قان، ياشلىقتا تولغان، كۈچ ۋە ھەۋىسى قايناپ تۇرغان بىر جۈپ ئەركەك ـ چىشى ئاق يىلپىز تۇنجى قېتىم جۈپلىشىپ بولۇپ، سەكرىشىپ ـ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئوينى-شىپ ـ چىشلىشىپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى ھېسسىياتنى يالقۇنلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى قېپىدىن چىقىپ، پانىي ئالەمدىن ئايرىلىپ، كۆكتە پەرۋاز قى-لىش ئۈچۈن ئىدى... ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بىر ـ بىرىنى چىن دىلىدىن تو-لىمۇ يارىتىپ قېلىشقان شادلىق نۇرىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئوقيىلپىز ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا بىردىنلا يىقىلدى، بېغىرلاپ ماڭدى. ئۇ گويا ئۆزىدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك، ئازابلانغان ھالدا ئىڭرىدى.

بىراق، ئۇ قېچىپ نەگە بارالايتتى؟ قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا، بۇنداق جىسمانىي قانائەت ئۇنىڭغىمۇ نېسىپ بول-غان، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ چىشى يىلپىزى بىلەن ئويناشقان. چىشى يىلپىز ئۇ چاغدا دەسسەلگەن يىلاندەك تولغىنىپ تاتلىق ئىڭ-رىغان. بۇنداق ئەھۋال ئۆزى بىلەن ئاشۇ ياش چىشى يىلپىز ئوتتۇرىسىدىمۇ بولغان. ئۇ چىشى يىلپىزنى باشقا تويتىن تار-تىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىتتقا ئوخشاش جۈپلىشىپ، پومداقلىشىپ كې-تىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېگى تويىنىڭ سەيلىسىنى باشلاپ

يىراقلارغا كەتكەن. چۈنكى تەڭرى ئاشۇنداق ئۇرۇنلاشتۇرغان، بۇنداق ئىش پەقەت مۇشۇنداق ھەمراھلار ئۇتتۇرىسىدا، پۈتۈنلەي تىنچ مۇھىتتىلا قاملىشىدۇ... ئۇ چاغلاردا ئۇلارمۇ ئاشۇنداق سەيلىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ جۈپلىشىش ئارزۇ - ھەۋىسىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەن، ئۇلارنىڭ تېنى خىيالسىمان كۆ- تۈشتە كۆيگەن، ئاسمان بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆيگەن، تاغلار ئۇلارنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدا تەۋرەنگەن. ئاھ، ئەتراپىدىكى دۇنيا خۇشاللىق كۈلكىسىگە تولغان، ناخ- شىسىنى توۋلىغان، نۇرىنى جۇلالاتقان. يەنە مۇشۇنداق يازنىڭ ئاخىرلىرى، كۈز كۈنلىرىنىڭ بېشىدا، ئۇلار — يېڭىدىن بىر جۈپ بولغان ھەمراھلار، كېلەر يىلى ئەتىيازدا، تاغدا يېڭى بىر كۈچۈك، ئاق يىلپىز ئائىلىسىنىڭ ئىز باسارىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ يۈگۈرۈشكەن، بىر - بىرىدىن سېھرىي كۈچ ئالغان...

ئۇلار ئەنە شۇنداق يۈگۈرۈشكەن، بىر - بىرىگە يېقىن سۈركىلىشكەن، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بەللىرىنى سوزۇشقان، شامالغا قۇچاق ئېچىپ، خۇددى تېز ئۆزگەن بېلىقتەك، ئۇچ- قۇر قۇيرۇقىنى تۇز قىلىشقان. چىشىسى سەل - پەل، بىر غې- رىچلا ئالدىدا ماڭماقتا، بۇنىسى شۇنداق بولۇشى كېرەك — بۇ چىشىسىنىڭ ھوقۇقى. ئەركىكى پەقەت بىر غېرىچلا ئارقىدا بولۇپ، ئۇ چىشى يىلپىزنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكى يۈرىكىنىڭ دۈك - دۈك سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ماڭماقتا، ئۇ چىقارغان ئوتلۇق نەپەسنىڭ ھورىنى سۈمۈرمەكتە. چىشىسى- نىڭ ھىدى ئەركىكنى مەست قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىگە ناتونۇش بولغان شۇنداق بىر خىل ھېسسىياتنى قاتتىق ھېس قىلدى. قىسقىغىنا شۇ پەيتتە بەزى يېڭى ئاۋازنى — شامال بىلەن بىللە سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ۋد- شىلدىغان بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز باش ئۈستىدىكى

كۆن نۇرىدا پەيدا بولۇپ، كۆچلۈك ھاۋا ئېقىمىدا ئېقىپ، تېز ئۆلتۈرۈۋاتقان كۈننىڭ نۇرىدا، ئەتراپتىكى تاغ، دەرەخلەرنىڭ ئىرغاڭلىشى ئىچىدە بارغانسېرى ئېنىق بولۇپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئاھ، مۇبادا تەڭرى ئاق يىلپىزنى بۆلارنىڭ — ھاياتلىقنىڭ ئاۋازى، ئۇلارنىڭ جۇپلىشىشىنىڭ ئۇلۇغ باشلىنىش كۈيى ئىدىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان قىلىپ قويغان بولسا ئىدى... ھالبۇكى، خۇددى ئادەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغىنىدەك، بۇ پەقەت بايا سۆرگەن بىر تاتلىق خىيال ئىدى، ئۇ ئاخىر ئېچىنىشلىق رېئاللىققا ئايلاندى. ۋاقىت ئۆتتى، پەسىللەر ئالماشتى، خىيال غايىب بولدى...

تەڭرىنىڭ ئىرادىسى قالتىس، تېگىگە يەتمەك تەس — بۇرۇن شۇنداق بولغان، كېلەچەكتىمۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ — قىلچە چارە يوق.

شۇ كۈنى ئوقيىلپىز ئېچىنىشلىق تۇردە تاشلىۋېتىلدى، ئۇنىڭ ھەمراھى بولغان چىشى يىلپىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا سىڭار قۇلاق يەڭگۈچىگە ئەگىشىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى، ئەركەك يىلپىزلار ئۇنى دەپ بىر كۈن قاتتىق ئېلىشتى، ئوقيىلپىز شۇ ئەتراپتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىچىگە تولۇپ كەتكەن، بېسىۋېلىش تەس بولغان غەزىپىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۇياق - بۇياققا قاتراپ يۈردى. ئۇ مەقسەت - نىشانسىزلا ئايلاندى، ھەتتا ئوۋ پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدى. ئويلىمىغان يەردىن (ئېھتىمال، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەندۇ) ئۇ بىر قاقاس جىلغىدا ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ بىر جان - بىر تەن بولۇپ كېتىۋاتقان چىشى يىلپىز بىلەن ئۆزىنىڭ رەقىبى بولغان سىڭار قۇلاق يىلپىزغا سوقۇلۇپ كېتىشكە تاس قالدى. بۇ يۇقىرى دولقۇن ئىدى. ئوقيىلپىز بىر ئېتىلىپ بارسىلا ئۇ ئىككىسىدىن ئۆچىنى ئالالايتتى. لېكىن، ئاخىرقى بىر دەقىـ

قىدە ئۇ بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ، قېتىپ قالغاندەك، مىدىر - سىدىر قىلماي توختاپ قالدى، قانغا تولغان قور-قۇنچلۇق ئىككى كۆزى جۇپلىشىۋاتقان ئاشىق - مەشۇقلارغا قادىلىپ قالغانىدى. مەلۇم كۈچ، مەلۇم ئاۋاز، مەلۇم ئىرادە ئۇ-نى توسۇپ قالدى. گويا كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن ئاستاغىنا: تەگمە، ئەۋلاد قالدۇرۇش يولىدا جۇپلىشىۋاتقان ئۇ-رۇقدىشىڭغا زىيان سالغۇچى بولما، دەۋاتقاندەك. ئۇ بۆرىلىپ، ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋاتقاچ ئىڭرايت-تى، يۈرىكى نالە ئىچىدە كۆيمەكتە ئىدى...

ئوقىلپىز، يىلپىز ئۇرۇقداشلىرى توپىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، پۈتۈنلەي يېتىم هالغا چۈشۈپ قالدى، يەككە - يېگانە ياشىدى، رەھىم - شەپقەتسىز بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەرزە-مەس كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ تاغلارغا قان تۆكمەكچى بولاتتى. بىر تاغ ئۆڭكۈرى ئۇنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى. ئۇ ئې-گىز تاغدىكى قارلىقتا قاتراپ يۈرۈپ، جېنىنى ئېلىپ قاچقان هايۋانلارنى قوغلاپ كېتەتتى، بەزىدە كۈندۈزلىرى ئوۋلاپ، ئۆ-زىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان هايۋانلارنى دۆۋىلەپ قوياتتى، بۆرە، تۈلكە، بورسۇققا ئوخشاش تۆۋەن دەرىجىلىك پارازىتلار-نىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە خۇددى غىزالانغىلى چاقىرىلغاندەك كېلىشەتتى، كۈندۈزى ۋارقىرىغاق، ئۇرۇشقاق ئاق تازقارالارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىشەتتى. ئۇلار چۇقان سېلى-شىپ، قانىتى ۋە تىرناقلىرىنى ئىشقا سېلىپ چوقۇشۇپ پومداقلىشىپ كېتەتتى. ئوقىلپىز بۇ مۇتىھەملەرگە كۆزگە ئىلمىغان ئەلپازدا بىر چەتتە جىم قاراپ تۇراتتى، بەزىدە، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر گۇناھى باردەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى قوغلايتتى، قاتتىق ھۆركىرەپ، قەھرىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى، ئازابىنى ۋە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىگە بولغان سېغىنىشىنى ئەنە شۇ يوللار بىلەن چىقىراتتى...

13

ئوقيىلىپىزنىڭ ئۆمرى كۈندە شۇنداق ئۆتەتتى، تاغلار، ئېدىرلار ئاۋۋالقى ھالىتىدە، يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان تاغلار ئاۋۋالقىدەكلا ئاق نۇر چىقىرىپ تۇراتتى. ياز كېتىپ، قىش كەلدى، ھاۋا رايى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ئوقيىلىپىز ئاۋۋالقىدەكلا تەنها ياشايتتى، يولۋاسقا ئوخشاش پۈتۈن تېرىسىنى بىر ئالغان تەڭگىلىك تاغ پادىشاھلىرىغا خاس تاشقى قىياپىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن، بىر كۈنى ئۇ ھاسىراشقا باشلىغىنىنى سەزدى... دەسلەپتە ئاساسەن جىددىيلىشىپ قاتتىق ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىدا ئۇشتۇمتۇت بىر ئاز ھېس قىلغاندەك بولغان. بىراق، جىم تۇرغان ھالەتتە مەيدىسىنىڭ قىسىلىپ، نەپىسىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشى تېخى بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى.

بۇ قېتىم سۇ ئىچىدىغان ئورۇندا ئارقارلارنى ساقلاپ تۇرغاندا، ئۇۋنى تېخى باشلىماي تۇرۇپلا نەپەس ئېلىشىنىڭ ئىتتىكلىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. قوللىنىدىغان ھەرىكىتى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش، ئالدى بىلەن ئوبدان مۆكۈنۈۋېلىپ، ئارقارلار سۇغا تويغاندا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش. بىراق، ھازىرقىسى پەقەت خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ ھەممە ئىشلار ئۇڭۇشلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى. بەزىدە مۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى: نېمە سەۋەبتىنكىن، ئارقارلار خەتەرنى سېزىپ قالامدۇ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ، هايت ـ ھۇيت دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، يېڭىباشتىن ئىز قوغلاشقا توغرا كېلەتتى، نەتىجىسىنى بولسا، مۆلچەرلەش قىيىن...

بۇ قېتىم ئوقيىلىپىزنىڭ تەقدىردىن زارلىنىشىغا ئورۇن قالمىغانىدى. ئارقارلار يەنى يۈگۈرۈشكە ماھىر، تاغ ـ جىلغىلارنى ئوبدان بىلىدىغان، مەخسۇس ئېگىز تاغ رايونلىرىدا

بويى ئاسان يەتمەيدىغان يەرلەردە ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپ ۋە ياۋا مېۋىلەرنىلا يەيدىغان چوڭ مۈڭگۈزلۈك ئارقارلار بۇ چاغدا ئۇدۇل دەريانىڭ ئايلانمىسىغا قاراپ ماڭغانىدى، ئوقىلپىز دەل ئۇلارنى پايلاپ مۆكۈپ ياتاتتى. ئۇلار ئۇنى يىراقتىن كۆرمەي، يېقىنىراق كەلگەندە ھىدىنى سەزمەي قالدى ـ دە، دەريا قىرغى ـ قىدا قاتار تىزىلىپ جىمجىت تۇرۇپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى.

ئوقىلپىز مۆكۈپ تۇرغان يېرىدە ئۇلارنى مىدىر ـ سى ـ دىر قىلماي كۆزىتىپ ياتتى. ھەممە ئىش تەرتىپلىك كېتىپ باراتتى ــــ ئارقارلار ھۇزۇرلىنىپ سۇ ئىچمەكتە، بىرنەچچە يۇ ـ تۇم سۇ ئىچىپ، يەنە سەل توختاپ دەم ئېلىۋالاتتى.

ئەمدى سەۋر قىلىپ كۈتۈشلا كېرەك ئىدى. ئىلگىرىكىگە بىردىنبىر ئوخشىمايدىغىنى ئوقىلپىزنىڭ ھاسىرىشىلا ئى ـ دى. ئۇنىڭ مەيدىسىدىن چىققان ھاسىراش ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى، ھازىرچە بىرەر دەخلىسى بولمىسىمۇ، لېكىن نەپەس ئېلىشىنىڭ قىيىنلىشىشى ئوقىلپىزنى سەزگۈرلەشتۈرۈپ قويدى.

ھالقىلىق پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى، ئوقىلپىز چاقماق ـ تەك ئىككى سەكرەپ، دەريا بويىدىكى چوڭ مۈڭگۈزلۈك (غۇلجا ئارقارلارنىڭ سەركىسى) نىڭ دۇمبىسىگە قورقۇنچلۇق ئالدى پۇتىنىڭ تىرناقلىرى بىلەن قاتتىق چاڭگال سېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھاسىراش تەسىر كۆرسىتىپ ئىشنى بۇ ـ زۇپ قويدى. ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقاندەك سەكرەش جەريانىدا غۇلجىنىڭ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ پەقەت ئالدى پۇتىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەنلا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيتتى، ئۇ ئولجىسىغا ئېرىشەيلا دەپ قالغانىدى، لېكىن سەكرەپ چۈشكەندە غۇلجىنىڭ يان تەرىپىگە چۈشۈپ قالدى، چۈنكى غۇلجا ئۆزىنى دەرھال يانغا ئالغانىدى. ئۇ دېمى يەت ـ مەيۋاتقانلىقىنى ھە[illegible] ئوقىلپىز دەرھال

سەكرەپ يەنە غولجىغا ئېتىلىۋىدى، لېكىن غولجا ئۆزىنى چەت-كە ئالدى، غولجا ئارقارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قورقۇنچلۇق يىرتقۇچ ھايۋاندىن قېچىپ قۇتۇلدى.

يەنە غولجا ئارقارلارغا يېتىشىۋېلىشقا، ھەممىسىنىڭ كەي-نىدە كېتىۋاتقان ئاشۇ بىرىنى بېسىۋېلىشقا بولاتتى. ئوقيىلد-پىز جېنىنىڭ بارىچە قوغلىدى، ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ئۇنى بېسىۋالالمىدى، غالىبد-يىتىنى ھۆركىرەش ئارقىلىق تەبرىكلىيەلمىدى، غولجا - ئار-قارلار بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى... ئۇ غىژ - غىژ قىلىپ ھاسىرايتتى، مەيدە ئاغرىقىنى تىزگىنلەيتتى، ئۇ يەنە بىر قې-تىم تىرىشىپ باقتى، لېكىن، كېچىككەنىدى... بۇنداق مەغلۇ-بىيەتكە ئۇچراش ئوقيىلپىز ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتاتتى.

بىراق، كۆڭلى ئەڭ يېرىم بولغىنى ۋە بەكمۇ ئەلەم قىلد-غىنى يەنىلا ئوقيىلپىز كۆزلىگەن تۈز مۈڭگۈزلۈك ئاشۇ غول-جىنىڭ — قېچىپ كېتىۋاتقان ئارقارلار سەركىسىنىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا بېشىنى بۇراپ كۈچىنى كۆرسەتكەندەك، ئىغۋاگەرچىلىك قىلغاندەك چوڭ مۈڭگۈزىنى ئىرغاڭلىتىپ، پۇتى بىلەن توپىلارنى چاچرىتىپ، ئاندىن بەخۇدۇك كېتىپ قالغانلىقى بولدى. بۇ شۇنىڭ ئالامىتى ئىدىكى، بۇنىڭدىن كې-يىن ئوقيىلپىز مۇۋەپپەقىيەتتىن شەرتسىز ئۈمىد كۈتمەسلىكى كېرەك، ئۇ ئەمدى تىلەمچىلىك قىلىشى، باشقا ھايۋانلارنىڭ قال-دى - قاتتى ئۇستىخان - گۆشلىرىنىلا يېيىشى كېرەك ئىدى.

دەرۋەقە، ئىلگىرىمۇ ئوقيىلپىزنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى جەريا-نىدا ئانچە - مۇنچە سەۋەنلىكلەرمۇ ئۆتۈلگەن، لېكىن بۈگۈن-كىدەك سەۋەنلىك زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى...

ئۇ ھاڭۋېقىپ ئەتراپىغا قارىدى، ھەرقانداق قىلىپ بول-سىمۇ ئەقلىنى يىغالمىغاندىن كېيىن، ھاسىراشنى توختىتىش

16

مەقسىتىدە ئاستا قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى.

ئالەم بوشلۇقى تىپتىنچ. خۇددى يېڭى توي قىلغان چېغىدىكى مارافونچە يۈگۈرۈش داۋامىدا ئاڭلىغىنىدەك. ئوقىيلىپىز نىڭ ئېگىز تاغلارنىڭ، شارقىراتمىلارنىڭ ۋە ئورمانلىنىڭ گۈزەل ئاۋازىنى ئەڭ ئاخىر يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ باققۇسى، ئاسماندىن كەلگەن ھېلىقىدەك ئاجايىپ ئاۋازنى ئاڭلاپ باققۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازنى قويۇۋېتىپ راسا بىر ھۆركىرىگۈسى، چىللىغۇسى بار ئىدى. لېكىن دۇنيا سۈكۈنات ئىچىدە ئۇنىسىز بولۇپ كەتكەن...

ئىلگىرىكى ئېگىز تاغ پادىشاھى — ئوقىيلىپىز ئۇن - تىنسىز تاغلار ئارىسىدا نەگە بېرىشىنى ئۇقالماي، يېگانە تاغ كېزىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭغا تەنھالىقتا ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش، ئۆز ھاياتىنىڭ ئاستا - ئاستا قىستاپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئاخىرقى نۇقتىسىنى جىمغىنا كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياتىدىغان بىر جاي، بىر ئۆڭكۈر كېرەك ئىدى. ۋەھشىي ياۋايى ھايۋان ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيتتى. ئوقىيلىپىز بۇنداق جان توغرىسىدا پەقەت ئاڭلاپلا قالغان. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاغدىكى ئوۋ ملىتىقلىرىنىڭ تەڭ ئېتىلىشىدىن قايتقان ئەكس سادادىنلا بىلگەن. ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئۇنى قورقۇتۇپ غال - غال تىترەتكەن، تۇرغان يېرىدە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ قالغان، ئاندىن يىراق - يىراقلارغا كەتكەن. ئادەمزاتنى يېقىن ئارىلىقتىن كۆرۈش ئۇنىڭغا تېخى نېسىپ بولمىغانىدى.

ۋاھالەنكى، تەقدىردە ئۇنىڭغا ئادەم بىلەن ئۇچرىشىش پۈتۈلۈپتۇ، يەنە شۇ تەقدىر...

# 2

سەۋەبنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى تەس، لېكىن شۇنداق توغرا كېلىپ قېلىش — زامان، ماكان بولۇپمۇ ئاساسىي ھەرىكەتنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرنى ئويلاپمۇ باقمىغان بۇرۇلۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ دورەم شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى، گەرچە ئۇ ئىشنىڭ بۇنداق تېز يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلەپ باقمىغان بولسىمۇ. ئۇ، ھەقىقەت ئاخىر بىر كۈنى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ دەپ قارىغانىدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەقىقەت ئۆلمەيدۇ. دېمەك، ھاياتلا بولىدىكەن، ھامان ھەقىقەتنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ چىقىدۇ — بىز مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ياشايمىز، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى. بىراق، ھەقىقەت دېگەن نېمە؟...

ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا، جۈمە كۈنىنىڭ كەچلىك تۈرمۈشى ئادەتتىكىگە قارىغاندا ئېنىقلا بالدۇر باشلاندى. كەچ كىرەي دەپ قالغانىدى، ئارسىن سامانچىن كېلىپ ئولتۇرۇپ بولدى. ئۇ ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماق بۇيرۇتتى، لېكىن تاماكا چەكمىدى. ئۇ چىداپ چەكمىدى. بولمىسا بۇرۇن خەقنى ساقلاپ جىلى بولۇپ كەتكەن، گېلى قىچىشىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا چەككۈسى كېلىپ كېتىدىغىنىغا ئوخشاش، راسا بىرنى چەككۈسى كەلگەنىدى. تالا قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي كوچا چىراغلىرىمۇ ياندى، بىنالارنىڭ دەھلىز چىراغلىرى بىلەن كوچىدا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىمۇ ۋالىلداشقا باشلىدى.

رېستوراننىڭ يېرىمى بوش ئىدى، لېكىن كۆپ ئۆتمەيلا، بۇ يەر قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق: ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن

ئۆتكۈزۈشكە يول قويالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە — كاۋچۇك باغچىسىنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىغا، ھەممىدىن بەك مېھرى ئىسسىق ياكى ھازىر دائىم ئېيتىلىدىغاندەك، يۇقىرى تەبىقىدىكى سەرخىللار دائىم كېلىپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا سۆزسىز، ناھايىتى قىممەت بولغان بۇ مېھمانسارايغا ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. ئۇ 90 - يىللارنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئەسلىدە ئوفىتسېرلار يۇرتى بولۇپ، ياۋروپاچە بېزىلىپ يېپيېڭى قىلىۋېتىلگەن ۋە نامىنى جاراڭلىق ۋە زامانغا لايىق بولسۇن، مول رايون سىياسىي تۇسىنى ئالسۇن دەپ «ياۋرو - ئاسىيا» مېھمانسارىيى دەپ قويغانىدى.

ئۇ مانا مۇشۇ «ياۋرو - ئاسىيا» مېھانسارىيىدا ساقلاۋاتاتتى. بەزىلەر ھەيران قېلىشى مۇمكىن: ئۇ نېمىدەپ مەشەگە كېلىدۇ ۋە ھامان بىر ئادەم كېلىدۇ؟ مۇبادا ئۇ ۋەيران بولغان سودىگەر بولسا ياكى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋاز بولسا، ئۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى؛ ئازراق ھاراق ئىچىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ - دە. لېكىن، ئۇ ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى. رومكىسىنى تۇتۇپ «ياۋرو - ئاسىيا» مېھمانسارىيىدا خۇددى دوستىنى كۈتۈۋاتقانغا ئوخشاش ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئىشى يوق ئادەمدەك كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ۋىنو ئىچكەچ دائىم يېنىدىن ئۈزمەيدىغان سومكىسىدىن بىر ھۆججەتنى چىقىرىپ، ئۇيان - بۇيان كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئىچىدە ئەنسىزلىككە چۈشتى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ تەۋەككۇل قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن باشقا يول تاپالمىدى. گەرچە ئۇ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ بىرنېمىنى ھېس قىلغاندەك بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئىشقا ئېشىشى يوق گەپتەك قىلاتتى، بۇ، ئېھتىمال، ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ قالار.

ھەئە، ئىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك، پۇرسەت تېپىپ ئۇ-نىڭغا يېقىنلىشىش، سۆزلىشىپ بېقىش كېرەك. ئۇنىڭدا قانداق ئىنكاس بولاركىن؟ بەزىلەر ئۇنى بىرىنچى باش رولچى ئايال دەيدىكەن، لېكىن ئۆزىگىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئايانكى،... ئا-ساسلىقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. يەنە بىر قېتىم ھەقىقەتنى ياقىلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈش كېرەك. ئۇ يەنە ھەقىقەت دېگەنگە ئېسىلىشقا باشلىدى، تۇگىمەمدىكىنە ئۇ؟ لېكىن، نەتىجىسى قانداق بولار، قانداق ئەكس سادا قوز-غار، بىرنېمە دېمەك تەس. ئۇنىڭ تونۇشىنى، ئۇنىڭ ئېتىقادى-نى، ئۇنىڭ چۈشىنىدىغان - چۈشەنمەيدىغانلىقىنى قىياس قى-لىش قىيىن. لېكىن، ئارسىن سامانچىن ئۆزىنىڭ تونۇشى بى-لەن ئېتىقادىنىڭ ئالىيجانابلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ، ئۇ ئۆز ئېتىقادى ئۈچۈن سۇسىز چۆل - جەزىرىدە قۇربان بولۇشقا رازى. ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىنى كىم ئويلاپ بې-قىپتۇ. رومانتىكا، غايە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى رېئاللىق تەرى-پىدىن بىتچىت قىلىندى! لېكىن ئۇ بۇلارغا ئۆلگۈدەك ئېسى-لىۋېلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ بىرلىكتە ئورىغا چۈشكەن بولسى-مۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا ئۇلاردىن ۋاز كەچكۈسى يوق. نەتىجە شۇ بولدىكى، كۆپچىلىك زامانىۋىلاشقان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، بۇ غەلىتە ئادەم بولسا يول بويىدا توختىماي ئۆلارچۇ دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىنا توسۇۋا-تىدۇ، لېكىن ئىلىك ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇ يەنە بىر قېتىملىق سىناق ئىدى. شۇڭا ئۇ سەھنىنى توسۇۋالىدىغان بىرەر نەرسە بار يەردە ئولتۇرۇپ قالماي دەپ بالدۇرراق كېلىپ مۇۋاپىق بىر ئورۇننى تاللىدى. بۇنداق ئورۇن بولمىسا بول-مايتتى...

بۇ چاغدا سەھنىگە ئوركېستىر ھازىر بولدى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. بۇ يەردىن ئاللى-

قانداق «تېلېۋىزوردا نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىش» بىرىلەتتى، چۈنكى، بۇنداق دەرىجىدىكى مېھمانسارايلاردا، ھەممىگە مەلۇمكى، مېھمانلار سىرتتىن كەلگەن چولپانلار بىلەن يەرلىك چولپانلارنىڭ نەق مەيداندا ئورۇنلاپ بەرگەن روك مۇزىكىسىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئارسىن سامانچىن ئىلگىرى ئوپېرا تىياتىرىنىڭ مۇزىكانتلىرىدىن بەزىلىرىنى تونۇيتتى، بەزىلىرى بىلەن تېخى بەكرەك تونۇش ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىغىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى. دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر بەك چوڭ ـ دە. ئۇ ئۇلارغا ئىلگىرىكىدەكلا ئەسقېتىپ قالارمۇ؟ بىراق، گەپ بۇ يەردىمۇ؟ پەقەت مۇزىكا چېلىنىسىلا ھەربىر كىشىنىڭ ئالدىدا كۆرۈنمەيدىغان، غايىۋى دۇنياغا يۈزلەنگەن بىر پەردە ئېچىلىدۇ، ئادەمنى پەقەت مۇزىكىلا ئۇنىڭغا باشلاپ كىرەلەيدۇ، بۇ چاغدا بارلىق چاكىنا ـ پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، پەقەت ناخشا ئېيتىدىغان ئاقىللارلا قالىدۇ.



گەپ مۇزىكا ئۈستىدە بولۇپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلۇش بىلەنلا بىللە ئېلىپ كەلگەن ھەمراھى، ئەقىلگە سىغدۇرالمايدىغان، كونترول قىلىنىۋالالمايدىغان تەبىئىي تۇيغۇسى ئىدى. بۇ ھەۋەس ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان، چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكىمۇ بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئەسلىسىلا ئىچىدە كۈلىدىغان، ھەتتا ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ تەلۋىلەردەك مۇزىكا خۇمارى ئىكەنمەن، دەيدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكى كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇخبىرلىق كەسپىدىكى ئىشلار سەۋەبىدىن لوندونغا بارغانىدى، ئۇلارنىڭ يىغىنى زامانىۋى ۋە چىرايلىق بىر مېھمانسارايدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئاجايىپ غەزىپىنى قوزغىغان

نەرسە شۇ بولغانكى، ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسىۋەتكەن تازىلىق ئۆيىدە زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنىڭ تولۇق بولۇشىغا قارىماي، تىپ-تىنچ مۇھىتتا، كىچىك تەرەت قىلىدىغان يەرنىڭ ئۈستى تەرد-پىدىن، تورۇسنىڭ قەيەرىدۇر بىر يېرىدىن ئاجايىپ مۇزىكا ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ھاجەت قىلغىلى كەلگەنلەر كىچىك ئاي-رىمخانىلارغا كىرىۋاتاتتى - چىقىۋاتاتتى، ئۇ يەردە ئۇلار سۆز-سىزكى كۆتىنى سۈرتەتتى، سىيەتتى، تۈكۈرەتتى، مىشقىراتد-تى، ئاخىرىدا شارىلداتتىپ سۇ چۈشۈرەتتى، چوڭ تەرەت قاچىد-لىرىدىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى قارشى ئېلىپ شوپپان ياكى باشقا ئاللىقانداق تالانت ئىگىلىرى ئورۇنلىغان مۇزىكا سايراپ تۇراتتى. ۋايجان، قانداق مۇزىكا بۇ سىرلىق بوشلۇقتىن بىۋاستە سۇ يوللىرىغا چۈشۈپ كەتكەندۇ - ھە، دەپ ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ مەركىزىي شەھەرلىكلەرنىڭ بۇنداق ئالاھىدە مەدەنىي مۇلازىمىتىنى چۈ-شىنەلمىگەنىدى. بىلىش كېرەككى، مۇزىكا دېگەن خۇداغا قاراپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى، زېرەكلەرنىڭ يۇلتۇز سىستېمىسى - دە. لېكىن ئەمدىچۇ، ئۇلار نېمىلەرنى قىلىشقان! ئاھ! ئۇ سوۋېتد-لىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يىغان چەككەنىدى، ئەگەر مېھمانخا-سارايدا پىكىر ئېلىش دەپتەرلىرى بولسا، مەن بۇ بەش يۇلتۇز-لۇق مېھمانسارايىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بەر-مەيدىغان بولسام! دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇ يېرىم يەر ئاستى ئۆيدىن چىقىپ زالغا كېلىپ، بۇ ئىشتىن ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا — خۇددى كېيىن ئۇ ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتقاندەك، «ئاغزىنى ئېچىپتۇ - يۇ، دەرھال يېپىپ-تۇ!» دېگەندەك بولغانىدى. ئۇ موسكۋادا ئوقۇۋاتقان دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆگىنىۋالغان، ھېلىمۇ تامامەن كارغا يارايدىغان ئىنگلىزچىسى بىلەن ھاجەتخانىدا ئاڭلىغان مۇزىكا توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىشقا ئۇرۇنغان چېغىدىلا: سىز بۇ

ھاجەتخاننى ياقتۇرمىغان بولسىڭىز باشقا بىر ھاجەتخانىغا مەرھەمەت قىلىڭ... دېگەن جاۋابنى ئالغانىدى.

ئۇ مۇزىكىغا بەك ھېرىسمەن بولغاچقا، بەزىدە ھەتتا: مۇ-بادا مەن كىچىكىمدىلا مەھەللىمىزنىڭ يىلقىلىرىنى تاغمۇتاغ ھەيدەپ يۈرمەي، بىرەر مۇزىكا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان بولسام چوقۇم كومپوزىتور بولاتتىم، دەپ چوڭ گەپ قىلاتتى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ تەڭدىن تولىسى چاقچاق ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەزگۈسىگە تايىنىپ ئىچىدە مۇزىدىكىلىق ئەسەر يازاتتى، بىراق نەتىجە پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى ئۇ-چۈنلا بولاتتى، خالاس.

شۇنداق بولغاچقا، ژۇرناللاردا مۇزىكا باھالىغۇچى ۋە تىيا-تىر ئوبزورچىسىلا بولۇپ قالدى. بۇنى ئۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ئۇنداق قىلغاندا بەزىدە توزاققىمۇ چۈشۈپ قالاتتى...

بىرنەچچە رومكا گالدىن ئۆتۈپ كەتكەچكىمىكىن («ياۋرو-ئاسىيا» مېھمانسارىيىنىڭ شارابلىرى فىرانسىيە شارابلىرى بولۇپ، خېلىلا ياخشى ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم مېھمانساراي-نىڭ مەيخانىسىغا خېلى جىق پۇل خەجلىۋەتتى)، سامانچىن خېلى قىزىپ قالدى ـ دە، يەنە ئازراق قويۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا مېھمانسارايىنىڭ بىر خادىمى ئۇ ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ مۇلازىم ئەمەس، كۆرۈنۈشىدىن ناھايىتى سالاپەتلىك ئادەم ئىدى، توم بوينىغا ياۋروپاچە مۇلازىمەت تەلىپى بويىچە كۈلرەڭ بانتىك، كۆزىگە يوغان كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. ئۇ مېھمانسارايىنىڭ دىرېكتورى ئىكەن.

— كەچۈرۈڭ، سىز ئارسىن سامانچىن بولامسىز؟ — دېدى ئۇ «ياۋرو ـ ئاسىيا» مېھمانسارىيىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئىسىم كارتوچكىسىنى سامانچىننىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— شۇنداق! — دېدى ئارسىن ئادىتى بويىچە ئىتتىك جاۋاب بېرىپ، — خاتالاشمىدىڭىز، مەن ئارسىن سامانچىن بو-

لىمەن، سىز «ياۋرو ـ ئاسىيا» مېھمانسارىيىنىڭ باشلىقى، باش دىرېكتورى بولامسىز؟ ــ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئۇزىتىپ چاقچاق ئارىلاش تولۇقلىدى، ــ ئېھتىمال، پوتكول ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قورۇقلۇقىنىڭ باشلىقىدۇرسىز؟

ــ ئۇشوندوي![1] ــ دېدى ھېلىقى ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ.

ئارسىن سامانچىن دەرھال ئىچىدە ئۇنىڭغا «ئۇشوندوي ئەپەندىم» دېگەن بىر لەقەمنى تەقدىم قىلدى.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇشوندوي ئۆزىگە بەك ئىشەنگەن ھالدا بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ ئولتۇردى، قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل سۆزلەشمەكچىدەك قىلاتتى، چۈنكى ئۇ چوڭ رامكىلىق كۆزەينىكىنى سۈرتۈشكە باشلىغانىدى.

ئارسىن سامانچىن دىرېكتور ئۇشوندوينىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكىتىنى كۆرۈپ سەل ھەيران بولدى، لېكىن يەنىلا داۋاملىق قارشى ئالىدىغان تەلەپپۇزدا دېدى:

ــ قەدىرلىك باش دىرېكتور، سىزگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن سومكامنى يىغىشتۇرۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىڭ. سىزنىڭ «ياۋرو ـ ئاسىيا» مېھمانسارىيىڭىز ياخشى ئىكەن، قالتىس ئىكەن، مەن مەشەدە ئولتۇرۇپ ھوزۇرلانماقتىمەن. مەن بەزى ـ بەزىدە كېلىپ قويىمەن، دائىم ئەمەس، لېكىن...

ــ بىلىمەن، بىلىمەن، ــ دېدى باش دىرېكتور ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، لېكىن سۆزىنى بۆلۈۋېتەلمىدى.

ــ مەن ئولتۇرۇپ ھوزۇرلىنىمەن، ــ دەپ تەكرارلىدى ئارسىن سامانچىن جانلىنىپ ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، ــ قارىغا، خېرىدارلار نېمىدېگەن جىق، قىز ـ چوكانلار يەنە نېمىدېگەن چىرايلىق! ــ ئۇنىڭ ئاغزى بىرئاز گەپكە كىرمەيۋاتاتتى، بەرىبىر شاراب ئىچتى ـ دە، شاراب بولسا كۆچىنى كۆرسىتىۋا-

[1] ئۇشوندوي ــ قىرغىزچىدا «دەل شۇنداق» دېگەن مەنىدە، ــ مۇھەررىردىن.

تاتتى، — قىز - چوكانلار بولمىسا، سىزگە مەلۇم، مېھمان-
ساراي مېھمانساراي بولماي قالىدۇ - دە، — ئۇ سۆزىنىڭ ئا-
خىرىنى فىرانسۇز تەلەپپۇزىدا چىقاردى، — لېكىن ئالدىدا
ئولتۇرغان ئادەم ئۇنىڭ تەئەددىسىنى ئۇقالمىدى، — شۇنداق،
مېھمانساراي مېھمانساراي بولماي قالىدۇ، تىياتىر تىياتىر
بولماي قالىدۇ، بازار بازار بولماي قالىدۇ. قارىڭە، ئۇلار يەنە
كەلدى. ھەممىسى گۈزەل نازىنىنلار! بالكوندا يەنە بار ئىكەن،
ئېگىز رەكتە ئولتۇرۇشنى خالايدىغان كۆرۈرمەنلەرگە تەييارلان-
غان. ھە، ئوركېستىر سازلىرىنى سازلاشقا باشلىدى! ئاخىر
باشلىنىدىغان بولدى. ماڭا خېلى بولدى، خېلى بولدى مۇزىكى-
نى كۈتۈۋاتقىلى! مەن مۇزىكىنى دەپ كەلگەن. ئاسما چىراغلار
نېمىدېگەن چىرايلىق! ئىتالىيەنىڭ دەپ ئاڭلىدىما؟
ئوشوندوي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— شۇنداق، — دېدى ئوشوندوي، — ئىتالىيەنىڭ، —
باش دىرېكتور كەسكىن، ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدە بىر قو-
لىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ مەنىسى توختاپ تۇرۇڭ، مەنمۇ بىرنېمە
دەي، دېگەننى بىلدۈرەتتى، — مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا بىكار-
دىن - بىكار كېلىپ قالغىنىم يوق، مەن ماۋۇ... — ئۇنىڭ
گېپى تۈگىمەيلا ئاغزىدا قىسىلىپ قالدى.
— ھە، بۇ بەك ياخشى بولۇپتۇ! — دېدى ئارسىن ساماد-
چىن ھاياجانلانغان ھالدا. ئۇ، مېنى تېخى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ
كېتىشمەپتۇ، بەزىلەر، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق ئالىي باشقۇر-
غۇچى خادىم ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ مېنى تونۇۋاپتۇ، دەپ ئوي-
لىدى ۋە بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى، — ئۇنداق بولسا بىز
بىر رومكىدىن ئىچىشەيلى، — دېدى ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان
كىشىنىڭ سەمرىپ مونەك بولۇپ چىقىپ تۇرغان يۈزىگە دوس-
تانە قاراپ، — سىزنىڭ شارابىڭىز بەلەن ئىكەن، قالتىس ئى-
كەن! سىزگە بىر رومكا تۇتاي، يەنە ئازراق ئالاي.

— ياق، ياق! — دېدى ئوشوندوي ئۇنىڭ بوتۇلكىغا ئې-سىلغان قولىنى تۇتۇۋېلىپ، — مەن بۇنى دەپ ئەمەس، ھۆكۈ-مەت ئىشى بىلەن كەلدىم. توغرا، سىزنى ناھايىتى كۆپ ئادەم تونۇيدۇ، سىز دېگەن داڭلىق ئادەم، بىراق بۇ توغرۇلۇق ۋاقىت بولسا كېيىن سۆزلىشەرمىز. مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا باشقا بىر ئىش ئۈچۈن كەلدىم. بىلەمسىز، ئەھۋال... بۈگۈن بۇ يەردە ئىنتايىن مۇھىم پائالىيەت ئۆتكۈزۈلمەكچى: چېگرا سىرتىدىن كېلىپ ياردەم بەرگۈچىلەرگە — ئاقسۇ ئالتۇن كېنىنى ئاچ-قۇچى كانادالىق شېرىكلەشكەن كارخانىغا كەچلىك زىياپەت بەرمەكچى، بۇ خەلقئارا پائالىيەت، يەنە مۇشۇ يەرلىك ئالتۇن قازغۇچى ھەمراھلارمۇ قاتنىشىدۇ، ئۇلار تەكلىپ قىلىنغانلار. ھەممىسى كاتتا زاتلار، يەنە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىمۇ بار. ئەلۋەتتە، ئۇلار خانىملىرىنى ئېلىپ كېلىشىدۇ. مۇزىكىنى دېسەك... گەپ ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئەمەس. مەن سىزنى ئالدىماق-چى ئەمەسمەن، ھېلىلا تېلېفون كەلدى، بۈگۈن ئارسىن ساماڭ-چىن بۇ يەردە بولمىسۇن، «چوقۇم شۇنداق بولسۇن!» دېگەن يوليورۇق بار.

— ھىم! ھىم! كىم ئۇ ماڭا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كەت-كەن؟ — دېدى ئارسىن سامانچىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، — كىم ئۇ بۇ «چوقۇم»نى ئوتتۇرىغا قويغان، قانداق ھوقۇقىغا تا-يىنىپ...

— مەن پەقەت تاپشۇرۇلغىنى بويىچە يەتكۈزدۈم! — دېدى ئوشوندوي يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ ۋە ئارسىننىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ. لېكىن ئۇ تەپسىلاتىنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمى-دى، — كىم نېمىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن مۇ-ناسىۋىتى يوق. يۇقىرىدىن كەلگەن گەپ! — ئۇ تورۇسقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ يەردىكى نەپىس ئاسما چىراغ نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى، — مەن ئىجرا قىلىشىم كېرەك. يەنى باشقا

گەپنى قويۇپ بۇ مېھمانسارايدىن ئىختىيارەن كېتىش. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ھازىر ئورنىڭىزدىن قوپۇڭ — ئىش مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن. چوقۇم شۇنداق بولسۇن.

— چوقۇم شۇنداق بولسۇن؟ بۇنى قانداق چۈشىنىش كې-رەك؟ — سامانچىن شۇ گەپنى قىلدى - دە توختىۋالدى. ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىشنى چوڭايت-تىپ، ماۋۇ يوغان باش، سالپاڭ قۇلاق ئوشوندوينى ئېغىز ئا-چۇرمىغانمۇ بولاتتى. ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى كەمسىتكەن ۋە ئۇ-نىڭغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا راسا تويغۇزۇپ، ئۇ ھارامزادىنىڭ ئۇستەللىرىنى ئۆرۈۋېتىپ، يۇزىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سال-غان، توۋلاپ - ۋارقىراپ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە قە-دىر - قىممىتىگە قىلىنغان ھاقارەتكە ئېتىراز بىلدۈرگەنمۇ بولاتتى. لېكىن، بۇ چاغدا ئۇ بۇلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئول-تۇرمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇپ تېشىپ كېتىشىنى ئاران تىزگىنلىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئالامەت كونترول قىلالايدىغان ئىقتىدارىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇرۇپ ئايلاندۇ-رۇۋېتىلگەندەك، كېسىلگەن بىر دەرەخنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا قاراسلاپ يىقىلغىنىدەك، پۈتى ئاستىدىكى زېمىن گۇمبۇرلەپ قىيسىيىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى-دىن بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن بىئىختىيارلىقى گويا قەلبىدىكى مۇزىكىلىق تەپەككۇرنىڭ رومانتىك ئېقىمىدەك ۋە ئۆزى بەزىدە قىلىشقا ئامراق خى-يالدەك — بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بايىقى دەرەخ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى ۋە قىممىتىنى يوقاتقاندەك، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارى-لىقتا گۇمران بولۇپ كەتكەندەك بولدى. بۇنداق خاراب قىلىش خاراكتېرىدىكى ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى — پەقەت: «ئا-

شۇمىدۇر؟ ئۇ شۇنداق ئەسكىلىكنى قىلغانمىدۇر؟» دېگەن خىيالىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىياسىغا ئىشەنمەي، سەھنىگە قارىدى — ئۇ تېخى سەھنىنىڭ بىر يېقىغا چىقمىغانىدى، لېكىن ئوركېستىر مەلۇم مەرغۇلنى تەكرارلاپ ئۇنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى كۇتۇۋاتاتتى. ئۇ يانچۇقىدىن يانفونىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ نومۇرىنى بېسىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭمۇ تىترەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ ئوشوندوينىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى ـ يۇ، ئەمما مۆكۈۋېلىشقىمۇ ئورۇن يوق ئىدى، ئۇنىڭ يانفونىنىڭ ئېكرانى توسۇلغان بولۇپ بىرنەچچە قېتىم سايرىدى، تېلېفوندىن بىر خانىمنىڭ: «مەن ئايدانا ساماروۋا. تېلېفون ۋاقتىنچە ئېتىپ قويۇلدى، گەپلەشكىلى بولمايدۇ» دېگەن قاتمال ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا «دۇت ـ دۇت» قىلغان ئاۋاز چىقتى.

— تېلېفوننى ئالمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوشوندوي بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەسخىرە ئاھاڭدا.

سامانچىن ئۈن چىقارمىدى. ئوشوندوينىڭ كونكرېت كۆزدە تۇتقىنى كىم؟ كىم تېلېفوننى ئالمايدۇ؟ مۆلچەرلەۋاتامدۇ؟ ياكى قىياس قىلىۋاتامدۇ ياكى راستتىنلا بىلەمدۇ؟ ئۇ سوراپ ئولتۇرمىدى. ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالماي دەپ ئويلىدى. ئومۇمەن، گەپ شۇ يەردىكى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قېلىش بىلەنلا بولدى قىلىش كېرەكمۇ ياكى كىمنىڭ يولىيورۇق بەرگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن مېھمانسارايىنىڭ باش دىرېكتورى بولغان بۇ ئادەم شۇنچە يالاقچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى چۆكۈرۈپ بىر چوماقچىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈش كېرەكمۇ؟

— ھىم، قانداق؟ — ئوشوندوي ئۇنى سۆيلەپ سورىدى، — بىز ئورنىمىزدىن تۇرايلىمۇ؟ مەن سىزنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويىمەن...

— ياق، ياق. بۇنىسى زۆرۈر ئەمەس، — ئارسىن سامانچىن رەت قىلدى، — ئۆزۈم كېتەلەيمەن، — ئۇ سومكىسىنى غەزەپ بىلەن «پاق» قىلىپ ئەتتى.

— ياخشى! ناھايىتى ئاقىلانە گەپ. شۇنى قوشۇپ قوياي، كەچلىك تامىقىڭىزغا پۇل تۆلىمەيلا قويۇڭ. بۇنى بىز ئۆزىمىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز، — دېدى يوغان باش، سالپاڭ قۇلاق ئوشوندوي تولۇقلاپ.

ئارسىن سامانچىننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى، گويا ئۇ ـ زىنىڭ ئار ـ نومۇسى ئۇچۇن ئۆچ ئېلىش مۆرىتى ئاخىر كەل ـ گەندەك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن ئوشون ـ دويغا ۋارقىراپ، ئۇ ئۇرغۇلۇق قىلىپ «سىز» نىڭ ئورنىغا «سەن» نى ئالماشتۇرغانىدى، — سەن مېنى كىم دەپ قالدىڭ؟ نېمە، مەن بۇ يەرگە تىلەمچىلىك قىلىپ كەپتىمەنمۇ؟ ماڭە ئا ـ ناڭنى! مەن سېنىڭ مېھمانسارىيىڭغا، ئۆزۈڭگە لەنەت ئوقۇي ـ مەن. مۇلازىمەتچىلىرىڭنى چاقىر، بۇ يەردىن كېتىشتىن ئىل ـ گىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر كوپىكنى تۆلىۋېتىپ كېتەي. ماڭ يوقۇل! شۇنداق بولسۇن!

— ئۆزىڭىز بىلىڭ! بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى! مۇلازىمەتچى ھازىرلا كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن...دېگىنىڭىزدەك بولسۇن! — كالىنىڭ بويىنىدەك ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئوشون ـ دوي ئاستا ئورنىدىن تۇردى. يۇقىرىقىلارنى ئەسكەرتىپ قوي ـ غاندىن كېيىن بېشىنى بۇراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى...

بۇ چاغدا ئارسىن سامانچىن كەچۈرگۈسىز بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئەخمىقانە بىر ئىش قىلىپ قويدى — كىچىككىنە

بىر ئىشقا ئېسىلىۋېلىپ، توقۇنۇشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.
— هەي، توختا! — دەپ ئوشۇندوينى توختىتىۋالدى ۋە ئۇ بۇرۇلۇپ قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىغا مىقتەك قادال-دى، — سەن مېنى ھەيدىۋەتسەملا ئىش تۈگەيدۇ دەپ قالمىـ-غىن! مەن ئىشنى بۇنداق ئاسانلا تۈگەتمەيمەن! مېنىڭمۇ ئۆز بايلىقىم بار. مەن دېگەن مۇخبىر، مۇستەقىل مۇخبىر! بۇنى ئېسىڭدە تۇت!
بۇ گەپ ئوشۇندوينىڭ يېغىرىغا تەگكەندەك قىلاتتى:
— مەن نېمىنى ئېسىمدە تۇتىمەن؟ سەن ئۆزۈڭنى قالتىس ھېسابلايدىكەنسەن - دە! سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭ بىـ-لەن مېنىڭ كارىم نېمە! قىز - چوكانلار ئالدىقاچان سېنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ بىر چەتكە چىقىۋېلىشتى.
— بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە ئىشىڭ؟
— دېمەكچىمەنكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىڭ-نى بىل، مۇخبىر دېگەن ھازىر قوتاندىكى چوشقىدەك، قانداق باقساق، شۇنداق خور - خور قىلىدۇ، گېزىتخانىدىكىلەرنى دەمسەن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەرنى دەمسەن، ھەمـ-مىسى ئوخشاش. ماڭا ھۆركىرەپ نېمە قىلاتتىڭ! ئەگەر بەش مىنۇتتىن كېيىن بۇ يەردىن يوقالمايدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭدىن كۆر، بەچچىغەر...بىزنىڭ ئامالىمىز بار، شۇنداق! بىر ئېغىزمۇ ئوشۇق گەپ قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق!
ئوشوندوي گەپ قىلىۋېتىپ تۇمان باسقان يۇزىدىن كۆزەي-نىكىنى ئېلىۋېتىپ، «مۇستەقىل مۇخبىر»نىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن، بېشىنى بۇراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.
ئارسىن سامانچىن ئۆزىگە نىسبەتەن بۇ ھېكايىنىڭ يەنە قانداق داۋام قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن!
مۇلازىمەتچىلەر كېلىشتى:

— كەچۈرۈڭ، ماۋۇ سىزنىڭ ھېساب تالونىڭىز!

ئارسىن سامانچىن ئاۋۋالقىدەكلا خاپىلىق ئىچىدە، ھېسابات تالونىنى ئۇ قويۇلغان پەتنۇس بىلەنلا نېرىغا ئىتتىرىۋەتتى:

— ئالدى بىلەن ۋوتكا كەلتۈرۈڭلار.

— ۋوتكا؟

— ھەئە، ۋوتكا! ئەگەر رۇسچىنى بىلمىسەڭ، ئەممە ھاراق!

— ھازىرلا ئەكىلەي، قانچىلىك؟

— قۇچىقىڭغا قانچىلىك پاتسا شۇنچىلىك ئەكەل! تېز!

— خوپ!

مۇلازىم ئىتتىك پوكەي تەرەپكە كەتتى. غەزەپلىنىپ تۇرغان ئارسىن سامانچىن تۆت ئەتراپىغا سەپسالدى. ئۇنىڭغا قاراۋاتقان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. رېستوراندا كېچىلىك تۇرمۇش داۋام قىلماقتا، مېھمانلار تولۇپ كەتكەن، ھەتتا بالكونغىمۇ ئادەم تولۇپ كەتكەنىدى. ھەممە يەردىن خۇشال پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ كۈلكە - چاقچاق ئاۋازى، سوقۇشتۇرۇلغان رومكىلارنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. پۈتۈن زال ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغانىدى. مۇزىكا بىلەن زالدىكى كەيپىيات ماسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تام - تورۇستا يوگۇرگەندەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان نۇر سىزىقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلىماقتا، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكتىدى، پەقەت ئۇلا ئادەم دېڭىزى ئىچىدىكى تاشلاندۇق بولۇپ قالغان. ئۇ بېشىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكتىن يۈرىكى كۆكرىكىنىڭ ئىچىدە بىلىنەر - بىلىنمەس ئاغرىغاندەك بولدى. بۇ ھۇجۇمنىڭ زادى قايسى ياقتىن كەلگەنلىكىنى — ئۇنىڭدىن يەنى ئايدانادىنمۇ ياكى ئۇنىڭ

يېڭى ھامىيسىدىنمۇ ــ بىلگۈسى كەلدى. ئەگەر ئايدانانىڭ ئۆزىدىن كەلگەن بولسا، ئۇ قانداقسىگە ماڭا ساتقۇنلۇق قىلدى، مېنى دۇشمەنگە سېتىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىمىزنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئايدانا قانداق ئادەم ھېسابلىنىدۇ؟ بۇ شاللاقنى! يەنە كېلىپ نېمە ئۈچۈن؟ مېنى قوغلىۋەتمىسە بولمايدىغان زادى نېمىش يۈز بەردى؟

شۇنداق، شۇ ئىش. بۇ يېقىندا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېقىنقى بىر مەزگىلدە خېلىلا ئۆزگىچە ئۆزگىچىلىك بولغان، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن سامانچىن مۇشۇنداق قىلغان، بۇ يەرگە كېلىپ، سومكىسىنى قولىدىن چۈشۈرمەي سەھنىگە يېقىن يەردە ئۆرە تۇرغان، پۈتۈن بىر كېچە ئۆرە تۇرغان، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان، ئۇنىڭغا، ھەي ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئىلاھە، ئويغانساڭچۇ، غايىب بولغان كېلىن سېنىڭدىن سەھنىدە تەۋەللۇت بولماي تۇرۇپ، سەن ئۇنى دەپنە قىلىۋەتمەكچىمۇ؟ كىشىلەر ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدۈڭمۇ؟ ياكى سارالىڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ــ دەپ توۋلىغۇسى كەلدى.

سامانچىننىڭ يۈرەك قېتىدا يەنە ئەجەللىك، ئۆتكۈر تىل ـ ئاھانەتلەر بار ئىدى، لېكىن ئۇ بىرىنىمۇ ئاغزىدىن چىقارمىدى... ئۇ باشتىن ـ ئاخىر شۇ يەردە تۇرۇپ قارايتتى، سومكىدا بولسا ئۇ قاتتىق ئىشىنىدىغان ئۇلۇغ قول يازما بولۇپ، ئۇنىسىز تۇتقۇندەك ئۆزىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىش پەيتىنى كۈتۈپ ياتاتتى. لېكىن، بۇنداق پەيت قاچان كېلەر؟ خەقنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشى؟ پەقەت ئۇلا...

دەل شۇ چاغدا، بەلگىلىمە بويىچە سەھنىدە مۇزىكا جاراڭلىدى، دۇمباق رىتىمىغا ئەگىشىپ بىر ئايال ناخشىچى جۇشقۇن ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، ئۇنىڭ شەھۋانىي قىلىقلىرى كىشىنى

ئۆزىگە شۇنداق تارتتىكى، تاماشىبىنلار كوللېكتىپ ھالدىكى شەھۋانىيلەرچە ئىنتىلىش بورىنىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۇنىڭغا مىقتەك تىكىلگىنىچە قاراپ، ئەسەبىيلەرچە قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئىسقىرتىپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ چاڭقاق كۆز-لىرىنىڭ ئۇنى ھاپ قىلىپلا يۇتۇۋەتكۇسى كېلەتتى. سامانچىن بولسا، سەھنىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ كېكىردىكى بىلەن بەدىنىنى قانداق تەڭ ئىشلىتىدىغانلىقىغا قاراپ تۇراتتى، بۇنداق ئېغىر مۇزىكا مەدىكارى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە بەكمۇ ئازابلىناتتى. قارا يامغۇر ئىچىدە يالت قىلىپ يانغان چاقماققا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتى. ئايدانا بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بۇ بىر يېڭى باسقۇچ ئىدى. باشلانغان چاغدا يەنىلا شۇنداق ئىدى، بۇ قېتىم بولسا سامانچىن يەنىلا سومكىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكىسى يەنىلا شۇ ئۇلۇغ ئەسەر، لېكىن خەق ئۇنى زالدىن ھەيدەۋاتىدۇ...ئۇ يەنىلا بويسۇنۇشى شەرت.

مۇلازىم كەلدى، ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇستا بىر بوتۇلكا ۋوتكا تۇرۇپتۇ.

— مەرھەمەت، قويۇپ بېرەيمۇ؟ ئېگىز پۇتلۇق رومكىغا قويۇپ بېرەيمۇ ياكى ئىستاكانغا؟

— ئىستاكانغا!

— قانچىلىك قوياي؟

— تولدۇرۇپ.

ئۇ لىق بىر ئىستاكان ۋوتكىنى خۇددى كۆيۈۋاتقان چوڭ-قۇر ھاڭغا تۆككەندەك كانىيىغا تۆكۈۋەتتى. ساراڭلىق - تە، قېقىلىپ ئۆلەي دېدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگۈسى كەلگەنىدى.

— مەن قانچىلىك پۇل تۆلىشىم كېرەك؟ — دېدى ئۇ تا-لونغا قاراپ ۋە ئوخشاشلا بىر تىيىنمۇ كەم قىلماي تۆلىۋېتىد-

ۋىدى، مۇلازىم ھەيران قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گەپمۇ قىلماي سىرتقا قاراپ ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر ئۇستاكان ۋوتكىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن قېتىشقان مۇرىسىنى تۈز قىلىپ، كۆك تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن بويىنىنى سوزۇپ، بەدىنىنىڭ تەخپۇخلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا قانداق تىرىشىۋاتقانلىقىنى خەققە بىلدۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشتى.

كېيىم ساقلاش ئورنىغا كېلىپ شلەپىسىنى ئېلىپ، ئوخشاشلا قىلچە چاندۇرمىغان كەيپىياتتا بېشىغا كىيدى. ئۇ قىشتىمۇ، يازدىمۇ شلەپە كىيىشكە ئامراق ئىدى. شۇڭا ئايدانا ئۇنى «شلەپىلىك خوجام» دەپ ئاتايتتى. ئۇ چىقىش ئىشىكىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ــ ئايدانانىڭ سەھنىدە ناخشا ئېيتقان ئاۋازى كەلدى. پۇتكۈل رېستوران قىزغىن چاۋاكقا تولدى ــ بۇ زارلىقىپ كۈتكەن ئىش ئىدى: ئاتاقلىق بىر ئايال ناخشىچى مەيدانغا چىققانىدى! بىرىنچى قېتىملىق «ئايدانا! ئايدانا!» دېگەن تەلۋىلەرچە ۋارقىرىغان ئاۋازلار كەلدى. ئارسىن سامانچىن ئارقىغا بۇرۇلمىدى، پەقەت قەدىمىنىلا ئاستىلاتتى، ۋوتكىنىڭ كۈچىنى تىرىشىپ بېسىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە: ھۆزۈرلىنىڭلار، بۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆگىنىش قورالى ــ ئېلان ۋە مودىنىڭ چوققىسى، دەپ پىكىر يۈرگۈزەلىدى. مۇشۇنداق ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن پۇتكۈل ئاساس قۇرۇلمىسى ئىشقا چۈشۈپ، ھاياتلىق رىقابىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. شۆھرەت، نام، ئاخىرىدا ھەممىسى پۇلنىڭ يوپۇرماق چۈشكەندەك ئاسماندىن چۈشۈشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ھەتتا تەئەددى قىلىپ: «پۇلسىز كۈنلەرنىڭ ئۆتمىكى قىيىن، بىر قەدەم مېڭىشمۇ شۇنچە مۇشكۇل، ھەي، ئۇھا!» دەپ غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ پۇتىنى قاتتىق قېقىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە كۈلگۈسى، ئويناقلاپ سەكرىگۈسى كەلدى ـ يۇ... ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. دەرھاللا ئۇنىڭ يەنە ئۇنىنىڭ بارىچە يىغلىغۇسى، ئاۋازىنى پەرۋەردىگارغا يەتكۈدەك قىلىپ يىغلىغۇسى،

ئۇنى ئىچ پۇشۇقتىن ئۆلتۈرۈپ قويغۇسى كەلدى. ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەشكە بولاتتىكى، بىرەر قورقۇنچلۇق ئىش قىلىپ قويۇ-ماسلىق ئۈچۈن بىرەر يەرگە بېرىپ مۆكۈۋېلىش كېرەك ئىدى. هازىر تېخى كېچىكمەيدۇ، تېزرەك كېتىش، مەڭگۈ غايىب بو-لۇش كېرەك.

— مۇھەببەت ۋە قاتىللىق! قانداقلارچە مۇنداق ئىش بو-لىدۇ؟ بۇ سېنىڭ هاراق ئىچىۋېلىپ قالايمىقان ئويلارغا پاتقى-نىڭ ئەمەسمۇ! ياق، بۇ هاراق ئىچىۋېلىپ قالايمىقان ئويلارغا پاتقانلىق ئەمەس، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ ۋە بۇ خىيالدىن مۇزدەك تىترەككە چۈشۈپ... — مۇ-ھەببەت ۋە قاتىللىق...

سىرتقا قاراپ ماڭغاندا ئۇنىڭ كاللىسى يەنە قوچۇلۇشقا باشلىدى: مەن قەبرەمدە ياتقان ۋاقتىمدىمۇ ئېسىمدىن چىـ-قىرالمايمەن، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!...

## 3



دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى بولىدۇ. يەنى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تەقدىرى بولىـ-دۇ. مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ... تەقدىرنى كۈتۈش جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان كۈنلەر كې-لىدۇ ۋە ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاكى ئاخىرقى بىر كۈنگىچە، ئاخىرقى بىر سائەتكىچە... بۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ.

قارىمامدىغان، يەنە نەدىندۇر بىر يەردىن شامال چىقىپ كەلدى — بۇ تەقدىر ئىلاھەسىنىڭ سەيلە قىلىپ يۈرۈپ بىر-دىنلا ئېسىگە كېلىپ قالغىنى بويىچە ئالدىراپ - تېنەپ ھەر-قايسى جايلارغا بېرىپ، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۇنيادى-

كى، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى، كىشىلەرنىڭ پىكرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قىلىقلىرىدىكى ھەممە نەرسىنى تەكشۈرۈپ كۆ- رۈش ئۈچۈن سەييارە تەكشۈرۈشكە چىقىشى ئىدى. تەقدىر ئىلاھەسى يەنە ئۆزىنىڭ ھەممە جىددىي ئىشلىرىغا تۇتۇش قى- لىشقا كىرىشتى، يەنە ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا، چوڭقۇر ئويلىنىپ پىلانلاپ، يوشۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ، نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئە- قىلگە سىغقۇدەك قىلىپ تاسادىپىي ئۇچراشتۇردى، بۇ ھال يە- نە بەزى جانلىقلارنىڭ تەقدىرىنى ۋە دۇنيادىكى سەپىرىنى ئە- قىلگە سىغقۇدەك قىلىپ ئالدىن بەلگىلىدى. ئۇلار ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان تەقدىرنىڭ ئىرادىسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ باقماقچى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى كۈنلىرىگە چىداپ ئۆتمەكچى، ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا شۇ مەسىلىلەرنى كۆتۈ- رۈپ چىقىپ ئارقا - ئارقىدىن تەكرىگە: نېمە ئىشلار يۈز بېرى- دۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ خىتاب قىلاتتى...

لېكىن، مەيلى پەس ئاۋازدا پىچىرلىسۇن ۋە مەيلى ئۈنلۈك تولۇلىسۇن، تەڭرى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاڭلىيالمايتتى...

ئەقەللىيسى ئېچكىرى تاغ ئىچىدىكى شۇ ياۋايى ھايۋانمۇ تەڭرىگە تەلمۈرۈپ جېنىنىڭ بارىچە نالە قىلاتتى، بۇنىڭغا چى- دىماي كەتكەن ئاي بىردەم بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنسە، بىردەم قارلىق چوققىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالاتتى، بۇ ياۋايى ھايۋانمۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت تەقدىرنىڭ ئۇۋال قىلىشىغا ئۇچرىغان، تەقدىر ئۇنىڭغا — ئېگىز تاغ يىلپىزىغا — ئالدىن- ئالا مەلۇم...نى تەييارلاپ قويغان.

چىشى يىلپىز تالىشىش جېڭىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئوقىيلپىز تاشلىۋېتىلىپ، ئىرقىنى داۋاملاشتۇرۇش ھوقۇقى- دىن مەھرۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر كۈننى ئۆتكۈ- زۈش گويا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش ئۇزۇن بىلىنىدى.

دەل شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق ئازاب بولۇۋاتقىنى — ئۇ تەبىئىي قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى، مەغلۇبىيىتىگە ئۇزۇل - كېسىل تەن بەرمەي، ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈ - رۈش ئۈمىدىدە بولۇۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە ھېچنېمىگە پەرۋا قىل - ماستىن قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتەتتى. ئۇ مەلۇم بىر چىشى يىلپىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشنى ئويلايتتى - يۇ، ئەمما چىشى يىلپىزلارنىڭ ھەممىسى «ئىگىسى بار چىرايلىق گۈل»- لەردىن بولغاچقا، ئىنتىلىشلىرى پۇتۇنلەي بىكارغا كېتەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم رەقىبىگە ئېتىلىپ، ئۇنى بىر بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولغان، ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىغان، لېكىن ئې - لىشىش تولا چاغلاردا يەڭگۈچى بىلەن يېڭىلگۈچىنى ئايرىۋې - لىش مۇمكىن بولماسلىق بىلەن نەتىجىلەنگەن. بارلىق خام - خىياللار تۈگىگەن: ئۇرۇقداشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغان، گويا ئۇ زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك. شۇڭا، ئۇ پەقەت چەت - ياقىلاردىلا تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان، يىلپىزلار توپى ئوۋ ئوۋلاپ چوڭ ئولجىغا ئېرىشكەن چاغلاردا، ئۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالغان. بۇنداق بېسىمغا ئۇچراش ھالىتىگە چىداش ئۇچۇن تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان سەۋرچانلىق كېرەك، جىددىيچىلىكتە نېرىپلىرى تارتىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئېغىر بېسىقلىق كېرەك، غاجىلاش ئۇچۇن باشقا يىلپىزلار يەپ ئېشىپ قالغان سىڭىر ۋە ئۇستىخانلار چىقىپ قالار دەپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك، ئۇنىڭ تەقدىرى ئەمدى شۇ دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ھالغا يەتكەنىدىكى، ئۇ قارىماققا شۇنداق سۇرلۇك بولسىمۇ — غايەت زور كالىلىسىغا ئورۇنلاشقان قاشلىرى بىر ئاز تۈرۈلگەن بولسىمۇ، سەل - پەل ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى، توم تىرناقلىرى تۈزلىنىپ كەتمەي ئې -

گىز ـ پەس تۇرسىمۇ، لېكىن قۇيرۇقى بوشاپ ئېگىلىپ، ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇ هال ئوقيىلىپىزنىڭ يەنىلا زوْرۇر ها ـ لىتىنى ساقلاپ قېلىشۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇنىڭ ئۇرۇقداشلىرى بولسا بۇلارنىڭ هېچبىرىگە پىسەنت قىلىپ قويۇشمىدى. پەقەت كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈر ـ گەن پەسىل خاراكتېرلىك ئەر ـ خوتۇن يىلپىزلارلا خۇددى ئوقيىلپىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان، يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر سەۋەنلىكى باردەك ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىرنەچچە مەرتەم ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئال ـ دى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى چىشى يىلپىزى بولسا ئۇنى ئېتىراپ قىلىپمۇ قويمىدى — ئۇ قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، شەرمەن ـ دىلەرچە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغاندەك، گويا ئوقيىلپىزنى بىر سايىدەك كۆرۈپ، يېڭى تاپقان ئاشنىسى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرىگەن هالدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئوقيىلپىز تېخى يېقىندىلا تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى يىل بويى قار بىلەن قاپلە ـ نىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ ۋە جىلغىلاردا ئۆز ئۇرۇقداشلىرىنى باشلاپ ئاتامان بولۇپ يۈرگەنىدى، مانا ئەمدى بىرىنىڭ ئارقى ـ سىدىن بىرى داۋاملىشىۋاتقان بۇنداق هاقارەتلەرگە چىدىشى كېرەك ئىدى. ئۇرۇقداش توپ تۇرمۇشىدىن ئايرىلغاندىن كې ـ يىن، ئۇ بورسۇق، سېرىق چاشقان ۋە بەزىدە تېخى ياۋا توشقان قاتارلىق كىچىك هايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ئوقيىلپىز گەرچە ئىلگىرىكىدەك ياۋا ـ يى ئاچا تۇياقلىق هايۋانلارنىڭ گۆشىگە تويۇپ كۈن ئۆتكۈزەل ـ مىسىمۇ، لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاچ قالمىدى. بۇنداق ئاچا تۇياقلىق هايۋانلارنى ئۇ ئىلگىرى كۈندە دېگۈدەك ئوۋلىيالايتتى. ئەمدى تەلەيمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

لېكىن، ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى خوراپ تۈگىمىدى، ئەمەلىيەتتە يېقىنلىشىشقا بولمىغۇچىغا ئايلىنىپ

قالغان ئۇ تېخى تاشلىنىۋېتىلگۈچىگە، تەقدىر تەرىپىدىن مەجبۇ-
رەن ھاقارەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بويسۇندۇرۇلغۇچىغا
ئايلىنىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا
قارشىلىق مىجەز يەنىلا قايناپ - تېشىپ، رېئاللىقنى قوبۇل
قىلىشقا ئۇنىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھايۋانىيلىقىنىڭ چوڭقۇر يې-
رىدە قارشىلىق قوزغىلىۋاتاتتى، بېسىۋالغىلى بولمايدىغان بىر
كۈچ ئۇسۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئەتراپتىن تېزرەك كېتىش-
نى، بۇ ئېگىز تاغ ۋە ئېدىرلاردىن كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتات-
تى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغانىدى. مەڭ-
گۈلۈك ئايرىلىش، ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسلىك كېرەك.
باشقا بىر دۇنياغا بېرىش كېرەك. ئۇ يەر بارىمەن دېسىلا
بارالايدىغان يەر ئەمەس، ئۇ تاغنىڭ نېرىسىدا. ھەيۋەتلىك بىر
بەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يېتىپ بارالايدىغان، قىشىن -
يېزىن قار - مۇز ئېرىمەيدىغان تاغنىڭ نېرىسىدا. ئۇ يىل-
پىزلار كەمدىن - كەم يېتىپ بارالايدىغان يەرگە بارىدۇ. ئۇ
يەرگە يېتىپ بارماق تەس — پەقەت يازدىلا، يەنە كېلىپ ساناق-
لىق بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. يەنى
ئاسمان - پەلەك ئېگىز ئۇچىدىغان قۇشلارمۇ ئاسان يېتىپ
بارالمايدىغان ئۇزەڭگىلەش تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى ئېگىز-
لىككە بارىدۇ. بىر خىل كۈچ ئۇنى ئىچىدىن شۇ يەرگە بېرىشقا
ئۈندىمەكتە، نېرى قىلىشقا بولمايۋاتقان ئازاب ئۇنى ئۇ يەرگە
بېرىشقا قىستىماقتا. ئىلگىرى ئۇ ئۇ يەرگە يازنى ئۆتكۈزۈپ
كېلىشكە بارغان. لېكىن ھازىرقى تىراگېدىيە شۇكى، ئىلگىرى
قىلغان ئىشنى ئەمدى قىلىش تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ - دە...
بەلدىن ئاشىدىغان يول ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، تىكلىك-
تە بۇلۇتلارغا تاقىشىدۇ. ئېگىزلىكتە قىشىن - يېزىن قار ئې-
رىمەيدۇ، يايلاپ يۈرگەن قويلارغا ئوخشاپ قالىدىغان بۇلۇتلار
شامالنىڭ ھەيدىشى بىلەن بەلدە ئۈمىلىشىدۇ، ئاندىن كېيىن

تاغنىڭ ئېرىسىغا يوشۇرۇنىدۇ ـ دە، يانتولۇقنى بويلاپ تۆۋەن-
لەيدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنلا يەردە...

ئوقيىلپىز توختاپ، ئورنىدا تۇرۇپ ھەممىنى كۆزىتىپ، قانچىلىك قار دۆۋىلىرىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ باق-
تى. ئۇ مۇشكۇلات ئىچىدە قاتقان قار دۆۋىلىرىنى بېسىپ ما-
ڭاتتى، بەزىدە قارنىغىچە قارغا چۆكۈپ كەتكەندە، تۆت پۇتلاپ ئۆمىلەيتتى. ئۆمىلەپ چىقىۋالغاندىن كېيىن داۋاملىق بې-
غىرلاپ ئىلگىرىلەيتتى ۋە يەنە پۇتۇن بەدىنى بىلەن تاغنىڭ مۇزدەك باغرىغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇ نەپەس ئېلىشتا قىينى-
لىۋاتقانلىقىنى، گويا ئۆلجىسىنى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قوغلىغاندەك بولۇۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ ھەربىر سوقۇشى قۇلىقىدا غوڭۇلداپ ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەڭ قور-
قۇنچلۇقى پات ـ پات ئېغىر ھاسىراپ يىقىلىشى، ئارقىغا سىيرىلىپ كېتىشى ۋە كۆزىگە ئىلغا بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممى-
سىنىڭ ئەگرى ـ بۇگرى، مايماق ـ سايماق بولۇپ كېتىۋاتقان-
دەك كۆرۈنۈشى ئىدى. ئەتراپتىكى دۇنيا گۈمۈرۈلدى. داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چوققىغا بارغۇدەك مادارى قالمىدى، ئۇ غىژىلداپ نەپەس ئالاتتى، ئىنجىقلاپ ھۆركىرەپ قوياتتى، بىراق بىر قە-
دەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي قويدى... مۇبادا ئۇ ئىلگىرىكىدەك كۈچكە تولۇپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر ـ ئىككى سائەتتە ئۇ-
زەڭگىلەش بېلىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا ئىككىنچى بىر دۇنياغا يېتىپ بارغان بولاتتى. جەننەتتە بىرمەھەل ۋاقىتنى ئۆتكۈزەت-
تى... بۇ مەقسەت ئىشقا ئاشسا، بۇ قېتىم ئۇ مەڭگۈ قايتمايت-
تى، ئاخىرقى بىر نەپەسىگىچە، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر دەقى-
قىسىگىچە مەڭگۈ شۇ يەردە قالاتتى...

نېمە قىلارىنى بىلمەي كەتكەن ئوقيىلپىز ئەنە شۇ تەرد-
قىدە تاغلارنى ئارىلىدى، ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىگەن بوسۇغىلار ئالدىدا قىينىلىپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ،

تاشتەك قېتىپ كەتكەن يەرنى تىرناقلىرى بىلەن تاتىلىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا تۇغما ھالدىكى ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىيالايدىغان ئىقتىدار بولغان بولسا ئىدى، ئۇ راسا ھۆركىرەپ بىر يىغلاپ ئەتراپتىكى تاغۇتاشلارنى لەرزىگە سېلىۋەتكەن بولاتتى.

ئوقيىلىپىز بەلدىن ئۆتۈشكە بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى... بىر قېتىم دېمى قىسىلىپ قىينىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇنىغا يېقىن چوڭ مۇڭگۈزلۈك ئارقار — خۇددى يېقىنلا يەردە يىرتقۇچ يىلپىز يوقتەك — «تاكىراڭ - تاكىراڭ» قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇلار ئۇنى كۆردى، ئۇ بولسا ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىۋالدى، بۇ ئېگىز تاغلاردا ياشايدىغان يىلپىزلار ئۇچۇن تەبىئەت ئورۇنلاشتۇرغان ئولجا ئەمەسمىدى؟!... ئاھ تاغلار، يەر يۈزىدە مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟! لېكىن تاغلاردىن زۇۋان چىقمىدى. موشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ بۇ ئالەمدە؟! لېكىن ئېگىز ئاسماندىن سادا چىقمىدى. ئوقيىلىپىز ئازابلانغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى...

بىر زامانلاردا ھەممە ئىش ئويىدىكىدەك بولغان ئەمەسمىدى. بىر ئاتلىسىلا شارقىراپ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرى بولغان. بۇنداق شارقىراتمىلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەن ھەرقانداق ھايۋان چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇستىخانلىرى تاشلارغا تېگىپ پاچاق - پاچاق بولۇپ كېتىدىغۇ. ئۇ زامانلاردا ئوقيىلىپىز ناھايىتى چاققان ئىدى، ئۇنى توسۇپ قالالىغان نە توساق، نە چوڭقۇر ھاڭ، نە تىك يار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تىيىنغا توختىمايتتى. جۇدۇن ئۇنىڭغا خۇددى يېقىن ئادىمىدەك قۇچاق ئاچاتتى. مەلۇم پەرىشتە ئۇنىڭغا: «مېنىڭ يېنىمغا كەل، ئوقيىلىپىز، كەلگىن!» دېگەندەك بولاتتى. ئۇ بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتى، لېكىن ئۇ كۆرۈنمەيتـ

تى. ئۇ پەرىشتىنىڭ ئاۋازى يەنە بىر تاماندىن: «مەيەگە كەل، ئوقىيالىمىز، كەلگىن!» دېگەندەك بولاتتى. ئۇ يەنە چاپاتتى، سورىغىنى ئوقتىن تېز بولاتتى... ئۇ زامانلاردا ئۇنىڭ نېمە قىلغۇسى كەلسە كۆچى يېتىپ ئاشاتتى، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى. يۈگۈرەيتتى، قوغلايتتى، ئېتىلاتتى، ئۆتۈپ چىقىش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى! ئەتراپتىكى جاھان ئۇنىڭ دۇنياسى ئىدى.

مانا ئەمدىلىكتە تەرەپ ـ تەرەپكە قاتىرىماقتا، ئۆمىلىمەكتە، ھېرىپ ـ چارچاپ ھالى قالمىدى، يېڭىلمەس تاغ ئالدىدا ئاھانەتكە چىداشقا توغرا كەلدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىنى ئازاب ئىچىدە ئەسلەپ كەتتى.

چۈش ۋاقتى ئىدى، ھەركۈنى چۈش ۋاقتى بولىدۇ، لېكىن بۈنىسى ئۈنتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان ياز كۈنلىرىدىكى بىر چۈش ۋاقتى...

بۇ يازنىمۇ ئوخشاشلا ئۈنتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ...

مۇشۇنداق ئېگىزلىكتە، ئاسماندا بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ يوق ئوچۇق كۈندە قۇياش نۇرى كۆيدۈرمەيدۇ، ئويمانلىقتىكىدەك جان ـ جانىۋارلارنى تەسكەيگە ھەيدىمەيدۇ، بەلكى ئاجايىپ، چەكسىز نۇرىنى چاچىدۇ، تاغ دۇنياسىنى ئۆز نۇرى بىلەن باقىدۇ ھەمدە ھاياتلىق ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بارلىق جانلىققا ـــ ئادەتتىكى ئوت ـ چۆپتىن تاغ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئۇچار قاناتلارغىچە ئىنئام قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلارمۇ بۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىپ ۋاقتىنچە ماكانلىشىدۇ. ھەممىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەقىقىدە قۇياش نۇرى ئاستىدا ھاياتلىقنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ.

ئاشۇ چۈشلۈكمۇ مۇشۇنداق بولدى. ئۇلار (ئۇنىڭ بىلەن مەشۇقى) قۇياشنىڭ نۇرى ۋە ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ جەلپكارلىقىغا چۆمۈلۈپ، ئۆزەڭگىلەش ئېگىزلىكتە ئەركىن، ئازادە

چېپىشتى، ئورتاق خۇشاللىقى ئىچىدە يۈگۈرۈشتى، يۈگۈرۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى، ئۆز ئارا ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن...

ئۇلار ئۇلۇشكۇن بۇ يەرگە كەلگەن. توپتوغرا بىر كۈن مېڭىپ، يېرىم يولدا تۈنەپ قالماسلىق، جۇدۇندا قارغا كۆمۈلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بەلدىن ئۆتۈش ۋاقتىغا بىر مىنۇتمۇ دەخلى يەتكۈزمىگەن. ئوقىلىپىز بىلەن ئۇنىڭ مەشۇقى مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ، كۈنپېتىشتىن ئاۋۋال نىشانلىغان يېرىگە يېتىپ كەلگەن، ئۇلار بىكاردىن ـ بىكار يۈگۈرۈشمىگەن! ئۇلار تەبىئىي تۈيغۇسى بويىچە بۇ يەرگە كەلگەن، تەبىئەت شۇ كۈنى ئۇلارغا ئامەت ئاتا قىلغان. مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇھ دەپ بىر دەم ئېلىپ، ئەمدى تۈنەيدىغان بىر يەر تاللايلى دەپ تۇرغىنىدا، ئۇلارغا يېقىنلا بىر يەردە، بەلدىن ئەمدىلا ئېشىپ ئوتلاقتا سۇ ئىچكىلى ۋە يېڭى ئوت يېگىلى كەلگەن ئونچە ئېلىككە كۆزى چۈشكەن. ئۇلارغا ئۇچرىغان ئاچا تۇياق ھايۋانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولاتتى، يېتىپ كېلىشى ئاپەتكە ئايلىناتتى؛ يىرتقۇچلار بولسا ئولجىغا ئىگە بولاتتى. يىلپىزلار دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئولجىغا يېتىشىۋېلىش ئۈنچىۋالا قىيىنغا توختىمىدى: بەلدىن ئەمدىلا ئاشقان ئېلىكلەر ھېرىپ ھالىدىن كېتىشكەنىدى. بىرى تۇتۇۋېلىنىدى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى بەخىرامان تۇرۇپ يېڭى گۆشكە ـــ ھورى چىقىپ تۇرغان تەملىك گۆشكە بىر تويۇۋېلىش بەك راھەت ئىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار گويا بۇنى بىلگەندەك، ئۆز شولىسىنى جىمغىنا، خاتىرجەم ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، ئېگىز ـ پەس يېيىلغان تاغ چوققىلىرىغا سېپىپ تۇراتتى.

ئەتىگىنى قۇياش ئوچۇق ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ تاغ ـ چوققىلار جانلاندى، ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ۋە ھەيۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆرۈنۈشى بىلەن ئىزناسىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ

كۆرسەتتى.
ئوقيلپىز بىلەن ئۇنىڭ مەشۇقى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇش-تى. ئادىتى بويىچە بىردىنلا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئولجىلار كۆرۈنۈپ قالامدۇ دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قارىماي، تۇز-جى قېتىم كېلىپ ياتقان يېرىدە ئايلىنىپ، تاغلىق رايوننىڭ هاۋاسىدىن هۇزۇرلاندى، چاشكا بولۇپ، قۇياش تاغ چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەندە ئىككى يىلپىز سەكرەپ ئىلگىرىلەپ، ئۇزاق سە-پەرگە ئاتلاندى. گويا قۇياشنىڭ كۈچى يىلپىزلارنى جەلپ قى-لىۋاتقاندەك هەم ئىلهاملاندۇرۇۋاتقاندەك، ئۇلارغا مىسلى كۆ-رۈلمىگەن گۈزەللىك ۋە قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، دەل مۇشۇ دەقى-قىدە ئىككىسى بىر گەۋدە بولۇپ مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ماهىيىتىنى چۈشەندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىناقلىقىنىڭ مەركىسى بولدى.
ئۇلار مۇرىلىشىپ ئەركىن ـ ئازادە چېپىشماقتا. بۇ چاغدا ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا قۇياش ۋە تاغدىن بۆلەك هېچكىم، هېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلارغا هېچقانداق ئول-جا كېرەك ئەمەس ئىدى، ئولجا ئۇلار ماڭغان يولدا ئۇچراپ قالسىمۇ نەزەر ـ گۈزىرىنى سالمايتتى. ئۇلار قۇياش نۇرىدىن هۇزۇرلاندى، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاچ قۇياشنىڭ نۇرىنى ۋە قۇ-ياشنىڭ هارارىتىنى سۈمۈرۈپ، بارغانسېرى كۈچلىنىپ كەت-تى، قىلچە هارمىدى، هاياتلىقنىڭ پەللىسىدىن هۇزۇرلىنىپ ماڭدى. مۇشۇنداق بولغان...
يەر شارى ئالەمدىن ئىبارەت بۇ ئويۇنخانىدا ئايلانماقتا، يەر شارىدىكى هەممە نەرسە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەڭگۈلۈك ئايلىنىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، ئوقيلپىز چىشى يىلپىزنىڭ هەمراهلىقىدا، قۇياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان تاغ بىلەن جىلغىلار ئارىسىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، قۇياش بولسا، چۈش مەزگىلىدىكى ئېگىزلىكتە تۇرۇپ ئۇلارنى ئەللەي-

لىمەكتە، مېنىڭ يېنىمغا كېلىشلار دەپ چاقىرماقتا، ئاسماندىكى ئۇچار قاناتلارغا جەلپ قىلماقتا، چۈنكى بۇ چاغدا چېچەكلەر كېتىۋاتقان بۇ ئىككىسى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇرۇقىنىڭ پەرىشتىسى بولۇپ قالغان... بەزى چاغلاردا ياۋايى ھايۋانلارمۇ پەرىشتە بولالايدۇ. موشۇنداق بولغان...

مانا، يازنىڭ راھەت كۈنلىرى ئاياغلاشتى، ئېگىز تاغلاردىكى يايلاق ۋاقتىمۇ ئاخىرلاشتى، ئۇ يەرنىڭ دۇنياسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى — تاغ يانتۇلۇقلىرىدا جۇدۇن بولۇپ كەتتى. جۇدۇن ئۇستىخان - ئۇستىخاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان قاتتىق سوغۇق ۋە نەپەسنى بوغىدىغان شىۋىرغاننى قوزغاپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئاسماننى قارا تۇسكە كىرگۈزۈۋەتتى. يىلپىزلار ئالدىراپ - تېنەپ قايتىش يولىغا چۈشتى، ئاران ئۈلگۈردى. بەزى ھايۋانلار مەڭگۈ ئاشۇ يەردە قالدى، قارغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بەزى ئۇچار قاناتلار ئاسماندا قارىغۇ بولۇپ قالدى، توڭلاپ قېتىپ قالدى، ئاسماندىن خۇددى تاشتەك تولۇق كۇرۇكلاپ چۈشۈپ كەتتى. موشۇنداق بولغان...

ئوقىيلىپىزنىڭ ئەمدى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىركىشىشى — ئاشۇ يەرگە بېرىش، ئاشۇ بۇلۇتلار ئاستىدىكى ئېگىز تاغقا چىقىپ، سىرلىق قۇياشنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇش ئۈچۈن ئىدى، بۇ قېتىملىقى تەنھا ئۆزىلا بېرىپ، ئۆزى مەڭگۈ غايىب بولىدىغان ئاخىرەتلىكنى كۈتۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق باشقا ئۇسۇلنى بۇ تاشلىۋېتىلگەن ياۋايى ھايۋان قوبۇل قىلالمايتتى، پەقەت ئاشۇ يەردە، ئاشۇنداق ئۇسۇلدىلا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىراق، يول يوق. ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلدىن ئېشىش يولى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن. ئوقىيلىپىز خىرقىراپ ئىڭراپ، ھۇۋلاپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە تىرىشتى، سىيرىلىپ چۈشتى، يېڭىباشتىن تىترەپ تۇرغان

تىرناقلىرنى ئىشقا سېلىپ ئورنىدىن قوپتى...

لېكىن، تەقدىر نېمە ئۈچۈن ئېگىز تاغدىكى بۇ يىلپىزغا ئەرزىمەس بىر قولايلىقنى بېرىشنى راۋا كۆرمىدى؟ ئۇنىڭ قىينىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرغىنى بەلدىن ئېشىپ ئۇنىڭ نېرىسىدا غايىب بولۇش، مەڭگۈ شۇ يەردە قېلىشقۇ... تەقدىر ئىلاھەسىنىڭ مۇنداق قىلىشىدا ئالاھىدە بىر سەۋەب بارمۇ ـ يا؟ تەقدىر ئالىلقانداق بىر سەۋەبتىن ئۇنىڭ بۇ يەردە، ئۆزەڭگىلەش تاغ تىزمىسىنىڭ ئالدىدىكى يەردە قېلىشىنى راۋا كۆردىمىكىنە؟ تەقدىرنىڭ قانداق ئويى باردۇ؟

## 4

ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى بىر ئوقۇرمەن بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن بىر ماقالىگە تۇتۇش قىلغان. بۇ ئوقۇرمەن توغرىدىن ـ توغرىلا: «قەلب دېگەن قانداق نېمە ئۇ، خالىغان بىرنېمىلەرنى ئۇنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويىدىغان؟ ئىرادە بىلەن ئاڭلا ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە!» دېگەندە، ئۇ: «بەلكىم شۇنداقتۇ، لېكىن بەزىدە قەلبنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى (بىز ئۆزىمىز بۇ مۇھىملىقنى ئۇقمىساقمۇ) يوققا چىقارساق بولمايدۇ. قەلبنىڭ ئىمپۇلسى ھەتتا تارىخي ۋەقەلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. قەلب ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى. قەلب بىئىختىيارلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچى!...» دەپ يېزىشقا باشلىغان. ئەگەر پۇرسەت بولسا، ئۇ بەزىدە پەلسەپىۋى قارىشىنى بايان قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ھالبۇكى، ھازىر پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى ئارسىن سا-

مانچىن ھەتتا كومپيوتېرىغا تېگىپمۇ قويمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يۇمۇرىستىك، پىكرى چوڭقۇر ماقالىسىنى ئەمدى يېزىپ تۈگىتەلمەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇ مۇزىكىمۇ ئاڭلىمىدى، ئىلگىرى ئۇ ھەركۈنى كەچتە مۇزىكا ئاڭلايتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىدا مۇزىكا ئاڭلىشىغا پۇرسەت چىقماي قالىدىغانلىقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى.

ئاشۇ قارغىش تەككۇر «ياۋرو ـ ئاسىيا» مېھمانسارىيىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر ئوت يالقۇنلاشقا باشلىدى. ئۇ مەنىۋى ئاپەتنى باشتىن كەچۈردى — ئۆزىنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرۇۋشى كېرەكلىكىنى بىلمەي كەتتى، بىردىنلا ئازاب ۋە غەزەپ ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، بىردىنلا يەنە ھاڭدىن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ چىققاندەك بولدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ بىردىنبىر دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ كەتتى، بىراق ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ نېمە كېرىكى بارلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەي كەتتى. غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزى ئۈستىدە خۇددى ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدەك، ئۈچىنچى شەخس سۈپىتىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى.



ئۇ، ئۇ يەردە تۇرۇپ پات ـ پات ئۇھ تارتاتتى، بېشىنى چايقاپ قوياتتى، مېھمانسارايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئېلىۋەتمىگەن گالىستۇكىنى تارتىپ ـ تارتىپ قوياتتى. ئۇ خۇنۇك ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى ئاشۇ بىنادا، ئوخشاشلا چوڭ سېمونت تاختىلىرى بىلەن سېلىنغان كۆلرەڭ ئېگىز بىنادا چىراغلارنىڭ ھەممىسى قالماي ئۆچۈپ بولدى. چىراغلار يېنىقلىقمۇ دەيلى، ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ئۈچىنچى بىنانىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە تۇرىدىغان، ھازىر دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ قىلچە ئەھمىيەتسىز خىياللار بىلەن ئازاب چېكىپ تۇرغان بۇ بىرنېمىنىڭ ئاشۇ بىنادا تۇرۇۋاتقان

قوشنا ـ قولۇملار بىلەن نېمە ئىشى؟ مەيۇسلىنىپ، بولۇشـىـ
غىچە ئۇھ تارتىپ تۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ كىمنى ئەيىبـ
لىيەلەيدۇ، كىمگە تەھدىت سالالايدۇ؟ بىلىش كېرەككى، ئىش
ئۆتۈپ كەتتى. تاكسى شوپۇرى ئۇنى جىمجىت تۇرغان يەتتە قە-
ۋەتلىك بۇ بىنانىڭ ئالدىدىكى ھويلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەل-
گەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتقان چەت ئەلدە ئىش-
لەنگەن پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان
كۈچلۈك چىراغ يورۇقىنى ئۇنىڭ كۆزىگە چۇشۇرۇپ كۆزىنى
ئاغرىتىۋەتتى. ئارسىن سامانچىن ماشىنىدىن چىقىپ كۆزىنى
كۆندۈرۈپ بولمايلا ھېلىقى ماشىنىدىن گەۋدىلىك ئىككى ئادەم
چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن شۇنى ھۆ-
كۈم قىلىشقا بولاتتىكى، ئۇلار ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىش ۋە ئۇ-
نى ھاقارەتلەش ھەتتا ئۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئەمما ئۇلار
ئالدى بىلەن تاكسى شوپۇرىنى كەتكۈزىۋەتتى:
— ھەي، دەرھال ماشىناڭنى ھەيدەپ، بۇ يەردىن كەت! —
دېدى.
ئۇلار ئارسىن سامانچىننى ئىتتىرىپ تامغا نىقتىدى:
— قانداق، ئەڭ ـ ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئۆيۈڭگە كەلدىڭمۇ؟
مۇشۇنداق بىر سېسىقچىلىقتا ماكان تۇتقان ئىكەنسەن ـ دە.
قارا تېخى شىلەپە كىيىۋالغىنىڭنى، — ئارسىن سامانچىن بى-
رەر جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرۈپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ بىرى
بىردىنلا ئۇنىڭ شىلەپىسىنى تارتىپ كۆزىنى ئېتىپ قويدى، —
ھېزى بول، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى بولمىغاندىن كېيىن ئارىلاشقۇچى
بولما! ئۇنداق قىلماي ئارقا ـ ئارقىدىن ماقالە يازىدىغان بول-
ساڭ، ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ. سىلەردەك ئادەملەرنى ئاتى-
دىغانغا ئوق تېپىلىدۇ! ئۇقتۇڭمۇ خۇمپەر؟ قاراپ تۇر، يەنە
شۇنداق قالايمىقان يېزىۋېرىدىغان بولساڭ، پۈتۈن يازغانلىرىڭ-
نى ئۇنتۇپ كېتىسەن! ھىم، قارا بۇ خۇمپەرنى، غەرق مەست

بولۇپ كەتكىنىنى! ئىسىڭدە تۇت، قۇيرۇقۇڭنى چىڭ قىسىپ يۈر، بولمىسا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن.

ئۇلار ئۇنى تاشلاپ دەرھال ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاش ئاتاي دەپ ئويلىدى ـ يۇ... بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن! ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشتى. ئا ـ مالسىز بىنانىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر قىلغىنى شىلەپىسىنى تۈزەشتۈرۈشلا بولدى.

ئۇ سەبىي بالىدەك ئازابلىنىپ كەتتى: قانداق قىلىش كې ـ رەك، نېمە قىلسام بولار، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشىشىم كېرەك، نەگە بارسام بولار؟ ئۇنىڭغا ئەمدى نېمە بولدى؟ ئۇ بې ـ شىدىن جىق ئىش ئۆتكەن ئادەمغۇ...

ئۇ ئۆيلىنىپمۇ كۆرگەن، تويي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ھەممىسى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولسا دائىم قاقشايدۇ: بىرىنچى قېتىم بولماي قالدى، ئىك ـ كىنچى قېتىملىقىنى يەنە قاچانغىچە سوزىسەن؟ ۋاقىتنى چىڭ تۇت! يەنە كېلىپ ئۇلار بىرلىكتە ئۇزاقمۇ تۇرمۇش كەچۈرمە ـ گەن. ئەپسۇسكى، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئىككى تەرەپكە كې ـ تىشتى، ئايرىلىپ كېتىشتى، بىر ـ بىرىدىن قۇتۇلۇشتى. مۇھەببەت دېگەن تاڭ شەپىقى، بىرلا قېتىم كۆيىدۇ، مەڭگۈ قىزىرىپ تۇرىدىغان تاڭ شەپىقى بولمايدۇ، دەپ ئېيتىشىدىغۇ. بىراق، بۇنىڭغا ھېچكىم ماقۇل بولمايدۇ. بەلكى مەڭگۈلۈك، مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان تاڭ شەپىقىنى قوغلىشىدۇ... مەيلى تاڭ شەپىقىمۇ، ئەمەسمۇ، نېمە بولسا بولسۇن بەربىر ئايرىلىشتى، بىر ـ بىرىنى زادىلا تونۇمايدىغاندەك بولۇپ كېتىشتى. ئۇنىڭ بۇ كىچىك مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاش ـ تى. ئەلۋەتتە، نورمال بىر ئائىلىنىڭ بۇنداق ئادەم بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈشى خېلىلا تەسكە چۈشەتتى. ئۇمۇ تۇغمىغان.

ئۆلگۈرمىگەن. ئۆرۈق ـ تۇغقانلار ئەيىبلەشتى. بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟ ئايالىنىڭ كۆڭلى بىرلا نەرسىدە، بانكىغىلا ئىنتىلىدۇ. پۇل! قىسقىسى، بۇنداق ئەسەبىي ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. ئارسىننى ئەقلىدىن ئازغان دېسە بولىدۇ، ئەگەر گەپنى مۇشۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ جاھاندا ئىدىيەلا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. نەس باسقان ئىدىيەچى. يەنە كېلىپ كافېدرادىن چىققان ئادەم. ئەنگلىيەلىك بىر ئايال مۇخبىر ئۇنى شۇنداق ئاتىغان. ئۇ مۇخبىر ئوتتۇرا ئاسىياغا زىيارەتكە كېلىپ، بۇ رايون توغرىسىدا ئونىۋېرسال بىر ماقالە يازماق ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشقان، بۇ توغرۇلۇقمۇ سۆزلەشكەن، ئۇ توغرۇلۇقمۇ سۆزلەشكەن. شۇ چاغدا لوندوندىن كەلگەن ھېلىقى ئايال مۇخبىر:

— سامانچىن ئەپەندى، سىز قەيىرىڭىزنىڭ بىزدىكى كافېدرادىن كېلىپ چىققان ئادەملەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. سىزمۇ ئۆز ئىدىيەلىرىڭىزنى ھوشيارلىق بىلەن قوغداپ كېلىۋاتىسىز، قولىڭىزدىن چىقارماي چىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتىسىز، — دېگەن.

— رەھمەت، مەن ئىنكار قىلمايمەن، سىزنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىڭىزگە ناھايىتى خۇشالمەن. بىراق مەن «تاغدىن چىققان ئادەمگە بەكرەك ئوخشايمەن». مەن تاغدا چوڭ بولغان. تاغدا ئېگىز ياردىن تېيىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا بىخەستەلىك قىلماي ھەمىشە دىققەت قىلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— دېمەك، سىزنىڭ كافېدراڭىز تاغلار ئىكەن ـ دە. توغرا، — دېگەن ئەنگلىيەلىك ئايال مۇخبىر كۈلۈمسىرەپ، — سىلەرنىڭ تۆت ئەتراپىڭلار تاغ. قارىغا، بىراقتا كارامەت ئېي-

گىز تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ!

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، بىز تاغلىق مەملىكەتمىزغۇ. بىراق، مەن تۇغۇلغان ئاشۇ تاغ ھەممىدىن چوڭ، ھەممىدىن ئېگىز، شۇڭا «ئۈزەڭگىلەش تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تاغ چوققىلىرى ئاسماندىكى ئۈزەڭگە...

— نېمىدېگەن گۈزەل. مەن بۇنداق ئوبرازلاشتۇرۇشنى ئالامەت ياخشى كۆرىمەن. ئىنگلىزچە «stirrup» دېيىلىدۇ. ئەمسە سىلەرنىڭ تېغىڭلارغا ئىنگلىزچە «ستىررۇپ تاغلىرى» دەپ ئات قويساق بولغۇدەك - تە.

— كارامەت ياخشى بولدى. قىرغىزچە ئېيتقاندا ستىررۇپ تاغلىرى! ئۈزەڭگە تاغ تىزمىلىرى! قېرىنداشلىرىم بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. بىراق مەن تاغلىقلا بولماي، كافېدرالىق ئادەم بولۇشقىمۇ قارشى ئەمەسمەن. چۈنكى، كافېدرادا كۆپ تەرەپلىمە بولغان پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك ئىدىيەلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

— دېمەك، مەن يېڭىلىشماپتىمەن. رەھمەت. بۇنداق كەسىپدىشىم بىلەن سۆزلەشكىنىمگە تولىمۇ خۇرسەنمەن. ئېغىز ئېچىشىڭىز بىلەنلا سىزنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى چۈشەندىم.

مانا ئەمدى دېرىزە ئالدىدا قاپقاراڭغۇ ھويلىغا قاراپ تۇرغان ئارسىن سامانچىن شۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ئەسلەپ كەتتى. ئۇ ئويلايتتى: ماقۇل، قەدىرلىك «كافېدرادىن چىققۇچى». بۈگۈن تۇرمۇشتىن يەنە بىر «تاتلىق» دەرس ئالدىڭ، تېتىپ كۆردۈڭ. ھەسەلدەك ! باركاللا ! ئاخىرىغا يەتتى! بازارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا ھەرقانداق كافېدرامۇ پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. سېنى ھېچ تۈزۈت قىلمايلا بازارنىڭ قامچىسى بىلەن ساۋاپ ھەيدەپ چىقىرىشتى، تۇمشۇقۇڭنى يارىمىز دەپ تەھدىتمۇ سالدى. مۇھەببەتمۇ تاۋارغا ئوخشاش پوكەيلەرگە تىز-

ـزىپ قويۇلدى. سەن مانا ئەمدىلا بىلدىڭ. يەنى سەن سودا دەۋ-رىگە ماس كەلمەيدىغان ئوخشايسەن. بۇ، شەخسىنىڭ سوتسىيا-لىستىك رېئالىزىم دېگەن نەرسە ئۇچۇن تۆلىگەن يەنە بىر قې-تىملىق بەدىلى. مەن تېخى «ستىرروپ تېغىلىق» ھېسابلىنىد-دىكەنمەن، كۆردۇڭمۇ، ئايىلىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ خۇ-سۇسەن ئىسلاھات يىللىرى سېنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەن. ئەمدى توختات. ھە، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن نېمىش قىلىش كېرەك؟ ئۇنۇت، ئۇنۇت بۇ «غايىب بولغان كې-لىن» نى! كىمگە كېرەككەن ئۇ؟ ئەمدى تۇزۇلۇش ئۇستىدە ئويلىنىۋاتقان پەيتتە، ئۇ پاپسا مۇزىكىسى تەرىپىدىن چەيلەپ تاشلاندى. پاپسا مۇزىكىسى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. بىزنىڭ دەۋرىمىز پاپسا مۇزىكىسى دەۋرى. يا تىز پۇكۇشۇڭ كېرەك، يا ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇشۇڭ كېرەك. بىراق، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ موسكۋاغا بېرىش كېرەكمۇ، ئۇ يەردە ئۆز ئا-دەملىرىڭ، ئىشەنچلىك ئۆز ئادەملىرىڭ بار، بىراق ئۇ يەرمۇ پاپسا مۇزىكىسى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن يەرغۇ! بىر ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلىغاندا قاپقاراڭغۇ تونېل، ئۇ چېتىنى كۆرگىلى بول-مايدۇ... بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ھەممە ئىشنىڭ مۇ-شۇنداق خۇنۇك - قاراڭغۇ بولۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان! ئۇ ئايدانا بىلەن ئاكىسىغا خوشلى-شىش خېتى يازدى...

ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۇزاققىچە مۇشۇنداق ئويلار بى-لەن چىرمىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

ئەتراپ جىمجىت. قىزىق دېسە، بۇگۇن كېچە يا مۇقىم تې-لېفونىغا، يا يانفونىغا بىرەر تېلېفون كەلمىدى. ئادەتتە يېرىم كېچىگىچە تېلېفون جىرىڭلاپ ئۇنى زېرىكتۈرۈۋېتەتتى. مۇخ-بىر، يەنە كېلىپ مۇستەقىل مۇخبىر بولۇش سۇپىتى بىلەن،

ئاتالمىش ئاقىلللاردىن سانالغان ئارسىن سامانچىن شۇنداق بولۇشقا لايىق ـــ بۇ دېگەن سۆز ئەركىنلىكنىڭ شاراپىتى. شۇ ئىشنى قىلغانىكەنسەن، بەك ئالدىراش ئۆتىدىكەنسەن، ئەمدى قىلمايمەن دېمە. ئالدىڭغا ئەرز قىلىپ قانچىلىغان ئادەم كېلىدۇ! ئاخبارات ۋاستىسى بىلەن بەزى ئىشلار ھەل بولۇپ كېتىدۇ، بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ بەردىبىر ئادۇوكات ئەمەس ـ تە، ئۇ پەقەت ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىچىدىكى بىر تېرىقچى، خالاس. خىلمۇخىل پۇرسەتپەرەسلەر ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىگە ئېرىشىش، جامائەت ئالدىدا ئېلىشىپ ئۇتۇپ چىقىش ۋە نام ـ ئابرۇيىنى كېڭەيتىش يولىدا قانداق ۋاستىلەرنى ئىشلەتمەي قالىدۇ دەيسىز. ئۇلار سامانچىندىن ئۆزلىرىنىڭ ئىت تالاشقاندەك تالىشىپ تىلللاشلىرى توغرۇلۇق ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ... بوگونچۇ، گەپ ـ سۆز يوق. ئەقىلگە سىغمايدۇ. يا ئۇلار سامانچىننىڭ ھاقارەتلەنگەن ئىشنى بىلىپ قالدىمىكىنە؟ ئېھتىمال ئۇلار ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئۇ پەقەت ئىلگىرى ئوپېرا سەھنىلىرىدىكى ئىلاھە، ئەمدىلىكتە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەرزان باھالىق تەشۋىقات رەسىملىرىدە چولپان بولۇپ كەتكەن «ئايال ناخشىچى» نى ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما دېگەننى ئەمەس، پەقەت تېخى يېقىندىلا بىز بىرلىكتە ئويلىنىپ چىققان ئىدىيەنى ـــ بىرلىكتە بېكىتكەن ئوپېرانى ئۇنتۇپ قالماسلىقتا ئاگاھلاندۇرىمەن دەپ ئۇنىڭ ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى يىرتقۇچلارچە سېزىمى بىلەن سېزىپ قالغاندۇ. ئەمدى بەش قولدەك ئېنىق بولدى.

بۇ ئوپېرا بىر ئوتوپىيە بولۇپ قالدى. ئۇ بىردىنلا ھەممە ئالاقىنى ئۈزۈۋەتتىغۇ. بىرەر كىشى سېھىر بىلەن ئۆزىگە تارتىپ كەتكەندەك، ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ،

يىقىنلىششقا بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بوپتۇ. كېتىۋەرسۇن، بىراق كومپوزىتورغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەمدى بولدى قىلىش كېرەكمۇ؟ ئوپېراغا مۇزىكا ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولغۇچى ئوپېرا سەنئىتىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان كاتتا ئۇستىسى ئىدى. ئەمدى كومپوزىتور ئابلايېفقا قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئۇ مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە بەكمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى، «غايىب بولغان كېلىن» نىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىنى جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە شېرىكلەشكۈچى بىلەن تونۇش - تاملاشقان. شېرىكلەشكۈچىنىڭ مەردانىلىك بىلەن ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا مېھمانسارايدا يۈز بەرگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقەنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ ئەجەب نومۇسلۇق ئىش بولدى - دە! قوغدىغۇچىلار تار كوچىغا قىستاپ ئەكىرىپ مۈشتىلىرىنى تەڭلەپ تەھدىت سېلىپ، تاكسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، شوپۇرغا: «ھەي، دوستۇم، ماۋۇ بىرنېمىنى ئوتتۇرىلىقتا بىرەر يەردە توختىماي تېز ئورتاساي ئولتۇراق رايونىغا ئاپىرىۋەت، كۆپرەك ئىچىپ قويىدى» دېيىشتى ۋە شوپۇرغا بىر سىقىم پۇل بەردى.

ئارسىن سامانچىنىنى ئەنە شۇ تەرىزدە «چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشتى». يەنە كېلىپ ھەممىدىن يامىنى مېھمانسارايىنىڭ دەم ئېلىش بۆلۈمىدىن يېنىپ چىقىۋاتقان چاغدا چوڭ بىر ئەيىنەكتىن بىردىنلا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، قاتتىق تۇۋلىۋەتكۈدەك چۆچۈپ كەتتى. شۇنچە ئېچىنىشلىق، شۇنچە بىچارە، شۇنچە چۆكۈرۈلگەن. يەنە ئۇنىڭ ئاۋۇ قىڭغىيىپ قالغان شىلەپىسى، ئېيتىلىشىچە، ئۇ شىلەپە يېڭى پاسوندىكى ئەڭ ياخشى شىلەپە ئىكەن. ئۇ بىردىنلا تۇكۈرۈپ تاشلانغان بىر پەسكەشكە ئايلىنىپ، ئاممىۋى سورۇندىن قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ. ئۆزىچۇ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشقا قادىر بولالمايلا قالماستىن، تېخى ئۆزىنىڭ بۇ ئەمەلىيىتىنى مەخ -

سۇس ياستىلىغان كاتتا ئەينەككە چۈشۈرۈپ قويۇپ، تەقدىرگە بويسۇنۇپ ئۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ دائىم ساقلاپ كېلىۋاتقان سۆلىتى، مەپتۇنكارلىقى، بىلىمى، تەربىيەسى قەيەرگە كەتتى؟ ئۇنى بىكاردىن - بىكار ئاقىللارنىڭ سەرخىلى، مۇستەقىل ژۇرنالىست دەپ ئاتىمايتتىغۇ. راست، مەيلى بەختكە قارشى بولسۇن ياكى بەختكە يارىشا بولسۇن، ئۇ ئاسىيا بويىچە جامائەت مەتبۇئاتىدا كەم ئۇچرايدىغان، باشقىلارغا تايانماي ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغان مەتبۇئات مۇخبىرى ئىدى. ئايدانا، ئۆزى ئەركىلىتىپ ئاتىغاندەك ئۇنىڭ ئاياسى (سامانچىن ئايدانانى ئەركىلىتىپ «ئايا» دەپ ئاتايتتى) بولسا، بەزىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «مېنىڭ سەرخىلىم! مېنىڭمۇ سەرخىل بولغۇم بار، شۇنداق بولسا، بىز بىر جۈپ سەرخىللاردىن بولىمىز!» دەپ شىۋىرلاپ قوياتتى. نەدىكى گەپ! ھەممىسى بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ ئىرغىتىپ تاشلاندى، سودا ساھەسىدىكى سەرخىللار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. ئايدانا بولسا، مەيدىسى بىلەن دۈمبىسى ئوچۇق كۆڭلەك كىيىپ، مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ سودا جەننىتىگە كىرىپ كەتتى. كىمنىڭ جەننەتكە كىرگۈسى يوق؟ جەننەتكە ھەممە ئادەم پاتمايدۇ، ئەمما ئايدانانىڭ تەلىيى كېلىپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭدا جەننەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان بولسا، ئايداناغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدا جەننەتنىڭ ئاچقۇچى يوق...

ئەمىسە ئۆزىنىڭ «غايىب بولغان كېلىن» ئوپېراسىنى سەھنىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەۋرىمەس نىيىتىنى ئەمدى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ بۇ سەھنە ئەسىرى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئوتتۇرا ئاۋازى ئۇچۇن يېزىلغان. ھازىرقى زامان ئوپېرا تىياتىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان چېكىنىپ كېتىش مەسىلە-

سىنى قايسى چوڭقۇرغا ئىرغىتىپ تاشلايدۇ؟

ئوپېرا تىياتىرچىلىقى بويىچە تالانتلىق كىشىلەر تو-سۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە غايىب بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەنئەنىۋى تىياتىرلارنى قويىدىغان تىياتىرخانىلار يا ئاران - ئاران جان ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ، يا جان ساقلاپ قالالمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ھەم مىللىي، ھەم دۇنياۋى مەسىلە. ئاممىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى پۇرسەتپەرەس سودىگەرلەر ئۇستىلىق بىلەن ئارسىنىنىڭ ئەدىپىنى بەردى، ۋاقتى ئۆتكەن بۇ ئەسەبىي ئۇنسۇرنى جايلاپ، رەسۋاسىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى كۆزگە ئىل-مايدىغان، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئالىيجاناب نەرسە ئۇستىدە ساراڭلارچە ئويلىمايدىغان قىلىۋەتتى. تۇگىمىدى تې-خى، ئۇلار بۇ غايىپەرەسنى داۋاملىق زاڭلىق قىلىپ، ئۇنى مە-نىۋى جەھەتتىن ئۇزۇل - كېسىل بەربات قىلىپ تاشلايدۇ، چوڭ يولدىن ئۆزى چىقىپ كېتىدىغان، پۇتلىكاشاڭ بولمايدى-غان قىلىۋېتىدۇ. سودا تۇسىدىكى ئويۇنلارنىڭ ئاشۇ كوچا تازى-لىغۇچىلىرى، ھازىرقى زامان پوپ - مودېرنىزمىنىڭ توپ مو-دېلچىلىرى دەپ ئاتالغانلار بۇ ئىشنى شەرمەندىلىك بىلەن ئو-رۇنلايدۇ. بۇنداق ئىشقا ئۇلار ناھايىتى ئۇستا. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارغا ئىنتېرنېتتىن تارتىپ ئالەمگىچە ھەممە شەرتلەر، ھەممە ۋاسىتىلەر تەييارلانغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۇنلۇك يار-دەملەرمۇ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا — پاپسا ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىمۇ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرمۇ... ئاھ، بىچارىلىك ئۇستىگە بىچارىلىشىپ كەتكەن ئاخبارات ساھەسى! توتالىتا-رىزم[1] مەزگىلىدە قۇلچىلىققا قارشى كۇرەش قىلا - قىلا ئا-خىر ئۆزى بازارنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى. رادىيو - تېلېۋىزىيە-مۇ بازار ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ، ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى-دە رادىيو پىرىيومنىك بار ئەمەسمۇ... ھەتتا ئالەمدىكى سۇنئىي

① توتالىتارىزم — ھاكىممۇتلەقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى، — مۇھەررىردىن.

ھەمراھلارمۇ ھازىر پۈتۈن يەر شارىدا سەييارە ئويۇن قويۇشتا يول باشلىغۇچىلىق رول ئويناۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇتبول مەيدانىدىكى شاۋقۇنغا ئوخشاش پەللىمۇپەللە ئۆرلەپ، ھەيران قالارلىق پايدىغا ئېرىشىش يولىدا كىلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قىسىپ چەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇلارنىڭ قولىدا.

سەنچۇ، سەن بولساڭ يولدىن ئازغان يەنە كېلىپ ئەسەبىيلەشكەن ئوتوپىيست، بايقۇش، نېمە ئۈچۈن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يولىنى يالغۇز توسىسەن؟ سەن سودا ئويۇنى قويىدىغان قاراقچىلارغا ئۆزۈڭنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قۇربان قىلىپ بەرمەكچىمۇ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ھەدىيە قىلماقچىمۇ؟ ھەتتا ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببىتىنى قوش قوللاپ ئۇلارغا تەقدىم قىلماقچىمۇ، ئاله، ماڭا توسقۇن بولمىساڭلا بولدى، دېمەكچىمۇ؟ بۇ ئادىمىيلىكنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن گۈزەللىكتىن ۋاز كەچكەنلىك، خۇدا بەرگەن مەڭگۈلۈك ئىلتىپاتتىن ۋاز كەچكەنلىك. چۈنكى، مۇھەببەت — ئالەمنىڭ ئىلتىپاتى، مەڭگۈلۈك يوشۇرۇن ئىقتىدار. مانا بۇ جىنسىي ئالاقىدىكى ئەسەبىيلىكنى مەڭگۈلۈك بىلەن پانىي ئالەمدىكى ھاياتلىقنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ چوققىغا يەتكەن ۋاقتى دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. شۇڭا كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن جىسمانىي قانائەتنىڭ ئۆزگە تىراگېدىيە بىلەن دىراما يوشۇرۇنغان، يەر بىلەن ئاسمان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە مۇرەككەپلىك سىغدۇرۇلغان. بارلىق مۇھەببەت تارىخىنىڭ ئاخىرى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، لېكىن، خۇدانىڭ مۇھەببەتكە بۆلۈپ بەرگەن مەڭگۈلۈك ئۆلۈشى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالىدۇ، ئۇلارمۇ مۇھەببەتكە غەرق بولۇپ، مۇھەببەت ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ئېقىمغا قوشۇلىدۇ. بىراق، بۇزغۇنچى كۈچلەر ھەر دائىم مۇھەببەت

دۇنياسىغا قۇۋلۇق بىلەن قول سېلىشىدۇ، چۈنكى بۇنداق كۆچلەر ئادەمنىڭ ماھىيىتىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ ۋە بارغانسېرى ئۇستا بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئادەملەر ئارا كۆرەش هامان توختىمايدۇ.

سەن ئەنە شۇ تەرزدە سەۋەنلىك سادىر قىلدىڭ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا دائىم دېيىلگىنىدەك، ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ھاقارەتلەندىڭ، ئەمدى مانا ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببىتىڭمۇ تۈگىشىدۇ. مۇھەببەت مەيلى سەن، بىر پىشقان ئادەم ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئايدانا ئۈچۈن بولسۇن، ھەممىسى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ئىدى.

سېنىڭ يۈزۈڭ تۆكۈلدى، تىياتىرغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بىر ئادەم ئالدىدا ئۇياتقا قالدىڭ، ئۇ نېمىدېگەن يىرگىنچلىك، سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى شىۋىرلاپ ئېيتىشنىمۇ خالىمايسەن. لېكىن ئۇنىڭ سېنىڭ بىلەن نېمە كارى. ئۇ تەنتەنە قىلماقتا، ئۇ يەڭگۈچى. ئۇمۇ ئادەمنى ئازدۇرۇشقا ئۇستا ئىكەن. ئۇ سەن شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئايالنى خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا تارتىۋالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سېتىۋالدى، ئۇنى سودىگەرلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە سودىغا سالماقچى. سەن ھەممىدىن مەھرۇم قىلىندىڭ، چۈنكى سەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە مۇھەببەت بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن مۇزدەكلىك جاندىنمۇ ئايرىلىپ قالدىڭ. يۈزە بولغىنى بىلەن، بىر مەھەللىك ئىنتىلىش بولغىنى بىلەن، باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان بولغىنى بىلەن، كۆزگە كۆرۈنمەس دېڭىزدەك قەلبىڭگە يوشۇرۇنغان مۇزىكىلىق جاندىن ئايرىلىپ قالدىڭ، لېكىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشكە كۆڭلۈڭ ئۇنىمايدۇ. ئەمدى قايغۇرۇۋەر، سېنىڭ ئاڭسىز، تاۋۇشسىز سىمفونىيەڭ جىمغىنا سېنى تاشلاپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا ياشىغۇدەك شارائىت قالمىدى.

بۇ چاغدا ئارسىن سامانچىن ئۆزىنى ئۆزى ئېسىگە كەلتۈ-رۈپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى: بۇنىڭ ھەممىسى ھېسسىيات مەسىلىسى، دىققىتىڭنى بۇرا، توغرا پىكىر قى-لىشقا تىرىشقىن. مۇبادا «غايىب بولغان كېلىن» نىڭ ۋەقەلىكى ئاساسىدا ئوپېرانى يېزىپ پۈتتۈرگەن بولساڭ ھەم ئومۇمىي نوتا يېزىلىپ بولغان بولسا، باشقا شەھەرگە ھەتتا باشقا دۆلەت-كە بېرىپ، باش رول ئېلىشقا لايىق ئايال ئارتىس تاپساڭمۇ بو-لىدۇ. خىراجەت كۆپرەك كېتەر، بىراق ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلە-سىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق بولسا بولىدىغاندەك...

گەپ شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى چىقىرىۋې-تىشكە بولمايدىغان نەپرەت ۋە ئىنتىقام ئېلىش پاتقىقىغا با-غانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھازىر ئۆلگارخ دەپ ئاتىلىدىغانلارنىڭ بىرىنىڭ تېپىپ دەپسەندە قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇلار پۇل تېپىشنىۋەرسۇن، قانچىلىك تاپسىمۇ مەيلى. بىراق، نېمە ئۈچۈن كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكۈپ، خۇشامەتگويلۇق قىلىپ، ئادەم ياللاپ ئا-دەم ئۆلتۈرۈشتىن تارتىپ ۋىجدانىنى سېتىشقا قەدەر پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنى قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك ئىكەن؟ ئۇ-نىڭ قانغا قان، جانغا جان ئېلىپ، كۇندۇزنى كېچىگە، كېچىنى كۇندۇزگە ئايلاندۇرۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى!

ئارسىن سامانچىننىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بىر يامان نىيەت كېلىپ قالدى ـــ ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋې-لىش! نۆلدە نۆل! ئىككىلىمىز تەڭ ئۆلىمىز! ھەممە ئىش تۈ-گەيدۇ! كېيىن گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە ئاممىۋى مەتبۇئاتتا بۇ ۋەقە توغرۇلۇق راست ـ يالغان قىلىپ نېمە دېيىشىدۇ، نېمە-دەپ يېزىشىدۇ، بەربىر!

ئىلگىرى ئۇ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى قاتنى ـ لىق ۋەقەلىرىگە كەمسىتىش نەزەرىدە قاراپ سوغۇقلا مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمدى ئۇ كىنودىكىگە ئوپمۇئوخشاش ھەرىكەتنى قوللانماقچى ــ رەقىبىنىڭ بېشىغا تەمتىرىمەستىن، تىترى ـ مەستىن ئۈچ پاي ئوق ئاتماقچى، ئوق چىقىرىشتىن ئاۋۋال رە ـ قىبىنىڭ كاللىسى ئۇيۇشۇپ توك سوقۇپ ھوشىدىن كەتكەندەك بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلان قىلماقچى، ئاندىن كېيىن تاپانچىنى ئۆزىنىڭ چېكىسىگە قا ـ رىتىپ تۇرۇپ تەپكىنى باسماقچى. ئاخىرلىشىدۇ، توگەيدۇ! ئەمدى ئىككىنچى بىر دۇنيادا كۆرۈشۈپ... ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشايلى...

ئارسىن سامانچىنىنىڭ تولىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئالغاچ كەتكۈسى كەلگىنى ــ ئۇ، ئايا، تەڭرى قۇدرىتىنىڭ جازاسىغا چىدىسۇن، قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋىجدان ئازابىغا چىدىسۇن، ئۆزى سېتىۋەتكەن مۇھەببەت ئۈچۈن، ھاقارەتلەنگەن «غايىب بولغان كېلىن» ئۈچۈن دىلى مەڭگۇ پۇشايماندا ئۆرتەنسۇن دې ـ گەن ئۈمىد، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى ئىشەنچ ئىدى.

يەنە، ھايدېلبېرگتىكى مۇھەببەت تارىخى ئايدانانىڭ ئۆمە ـ رىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئېسىدىن كەتمەي ئۇنى غە ـ دىقلاپ تۇرسۇن. بۇ ۋەقەنى ئۇ ئىككىسىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى. يەنە كېلىپ ئۇ، ئۇ ئالەمدە ئۇنىڭ پۇشايمان يەپ ھۆكرەپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ «غايىب بولغان كېلىن» توغرىسىدىكى مەركىزىي ئىدىيەسى دەل ھايدېلبېرگتىكى ئېگىز تاغ قەلئەسىدە، ئۇ يەردىكى ئۇ ئىك ـ كىسىگىلا مەنسۇپ بولغان ئايدىڭ كېچىلەردە، ئوتتۇرا ئەسىر ـ لەردىكى نېمىس شەھىرىنىڭ ئۇستىدىكى رومانتىك باغدا دۇن ـ ياغا كەلگەن. ئۇلار ئۇ يەرگە بىللە بارغانىدى: ئايدانا ھايدېل ـ بېرگ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە كونسېرت

قويۇشقا، ئارسىن بولسا ئۇنىڭغا ھەمراھ مۇخبىر سۇپىتىدە بارغانىدى.

بولدى بەس، نېمىلەرنى ئويلىغىنىڭ بۇ، چاكىنىلىق، پەسكەشلىك، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، جىنايەت بولىدىغانلىقىغۇ ئېنىق، دەپ ئۆزىنى بەزلەشكە ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ، لېكىن ھېچ نەرسە تەسىر قىلمىدى. ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى يانمىدى، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشتەك تەبىئىي تۇيغۇسى ئاجىزلىمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئۇتتەك قىزىتىۋەتتى. بىردىنلا بالىلىق دەۋرىدە ئاڭلىغان بىر سۆز ــ قىرغىزلار ئامالسىز قالغاندا ئېيتىدىغان بىر سۆز ئېسىگە كېلىپ قالدى: «ئىھ، نېمە بولسا بولسۇن، بېشىڭنى تاشقا ئۇرامسەن، يا قامچا بىلەن ئۆزۈڭنى ساۋامسەن، دۈشمەنلەر قول سالغاندا قولغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئېگەردىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، كۆكرىكىگە نەيزە سانجىغىن. يا بولمىسا جېنىڭدىن كەچ، دېمەك، باشقا يول يوق...»

قايسى زاماندا، نېمە ئۈچۈن، قانداق ئۈمىدسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا ئېيتىلغان سۆزدۇ بۇلار، كىم بىلىدۇ... لېكىن، دەرھەقىقەت، ئۇ مۇشۇنداق بىر تاللاشقا ــ يا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش، يا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تاللاشقا دۇچ كەلدى، باشقا يول يوق ئىدى. لېكىن ئۇ دەرھال: نېمىدېگەن ياۋايىلىق! دەپ ئۆزىنى جېمىلەپ كەتتى.

بىچارە مۇشۇ يوسۇندا تولغاندى ـ دە، ئاللىقانداق بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ دېرىزىنىڭ ئالدىدىن ياندى. ئۇنىڭ ئۇنى بوغۇلۇپ، كېكەچلەپ تۇرۇپ: «ئەخمەق! نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ نېمە بىلەن ئاتىسەن؟ بارماقلىرىڭنى شىلتىپ ئاتمايدىغاندۇرسەن! ــ دېدى ـ دە، تامغا ئېسىقلىق تۇرغان ئەينەك ئالدىغا كېلىپ قاراپ، ئۆزىنى تونۇماي، ئۆز سىياقىغا تۇكۇرۇۋېتىشكە تاس قالدى، ــ ئەقەللىيسى، سېنىڭ ئويۇنچۇق تاپانچاڭمۇ يوق

تۇرسا! نېمە بولمىغۇر خىيال بۇ!»

ئۇ ياللىنىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىلىق قورال ـ سايمانلار توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغان، نۇرغۇن كىتابلار يېزىلىۋاتىدۇ، نۇرغۇن تېلېۋىزورلار قويۇلۇۋاتىدۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئاددىي ئىش يوق. ئەلۋەتتە، ئەگەر زۆرۈر بولسا تاپانچا تاپقىلى بولىدۇ، بىرنى سېتىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇنى ئېتىشنى بىلىش كېرەككۇ... راستلا...

«غايىب بولغان كېلىن» نىڭ ئازابى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس...

تاڭغا يېقىن ئۇ بىر چۈش كۆردى: قولىدا بىر يانفون تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە تېلېفون بەرمەكچى ئەمەس، بەلكى بىر يەرنى چەنلەۋاتقۇدەك، لېكىن ئېتىلمىغۇدەك... بۇ چاغدا تېلېفوننىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى.

ئارسىن سامانچىن تېلېفوننىڭ يېنىغا كەلدى ـ يۇ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالمىدى. ئۇ ئاچچىقىدا قولىنى سىلكىدى، سۆزلىشىشكە هالى يوق ئىدى. تېلېفوننىڭ قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى، نەتىجە بايىقىدەكلا.

شۇ، قورال تېپىش كېرەك، ئەلۋەتتە، بىر تاپانچا، يەنە ئوق. بۇ بىر ئاۋارىچىلىق ئىش، ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئىش... كىمدىن ئېلىش كېرەك؟...

تاڭ ئاتتى. هويلىدىن هەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا نېمە قىلارىنى بىلمەي كەتتى. بىردەم ياتاتتى، بىردەم تۇرۇپ كېتەتتى. بۇ بىر قىيىن ئىش بولدى، ئۇ بىرنېمىنى نەدىن، قانداق تاپارمەن؟ هازىرغۇ ئۇ بىرنېمە خۇددى چىش چوتكىسىدەكلا ئومۇملىشىپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە قولغا چۈشۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس. ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، ئەركىن بازاردا ھەممەيلەن تاپانچا ساتىمىش. پۇلنىڭ

كۆزىگە قارىماي بىرنى سېتىۋېلىش كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن پۇلمۇ كېرەك بولمايدۇ. ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ، غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يوسۇندا تاپانچا تاپالايدىغان بولسا، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە، يان يانچۇقىغا سېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، قالغىنىنى ئارسىن سامانچىن تولا ئويلاپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ پىلاننى ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتىدۇ، ئاخىرقى بىر تال ئوقنى ئۆزىنىڭ چېكىسىگە قارىتىپ ئاتىدۇ. ئۇ بۇنداق مۇمكىنچىلىكنىڭ تولۇق مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدۇ، چۈنكى، ئۇ نىشان بەربىر ئۇچرايدۇ — ئۇلارنى بىر گۇرۇھتىكى كىشىلەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنلا تونۇشاتتى. ئەلۋەتتە، يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان كەمدىن ـ كەم كۆرۈشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ سەھنە سەنئىتى جەھەتتە ئەڭ ياخشى ئاپپاراتلار ئىلكىدە بولغان، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان دەللال، ئۇنى ئۆلگارخ، كاتتا باي، چوڭخام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇنچە ناملار بىلەن ئاتىشىدۇ، ئەسلىدە بولسا ئاددىيلا بىر ئارتىس ئىدى. مانا، دېمەك، مۇشۇنىڭ ئىچىدە تىركىشىپ يۈرۈپ، بازارنىڭ ئىپتىدائىي ئورمىنىدىن قانلىق يول ئاچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سودا تۇسىدىكى كونسېرت ـ تىياتىرچىلىق ساھەسىدە ھەممە تەرەپتىن چېچەكلەپ كەتتى، كەڭ تۇردە ھۆجۇمغا ئۆتتى! ئەمدى مانا ھەممىمىز مۇستەسناسىز ھالدا بازاردا تۇرمۇش يولىنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمىزغۇ، لېكىن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى شۇ يەردىكى، بىردىنلا بېيىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى توپا ئىتتىرگۈچ قىلىپ قويىدىغان گەپ ئىكەن، ئەگەر بىر پىكىرنى يوقىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، مەلۇم ئا-

يالـنى ماشـنا ئادەمگـە ئايلانـدۇرۇپ قـويۇشقا تـوغرا كەلـسـە، شۇنداق قىلىشۋېرىدىغان گەپ ئىكەن. تۈگىدى، پۈتتى! تاپانچىلا تاپاي، قالغىنى ئاسان، ئۇنىسى ئىرادە بىلەن باتۇرلۇقنىڭ ئىشى.

ئۇ ئۆزىنى ئەنە شۇ تەرىقىدە قايىل قىلدى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەيران بولغىنى شۇكى، ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ھەققانىيلىقىغا بەكرەك ئىشەندى. بەزىدە ئۇنىڭغا: قىزىققانلىق بىلەن ئىنتىقام ئېلىش ۋەسۋەسىسى ئادەمنى نەلەرگە باشلايدۇ - ھە؟! ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن يامانلىق قىلىش كېرەكمۇ؟ مۇشۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ — دېگەن ئويمۇ كېلىپ قالاتتى. بىراق شۇ ھامان بېشىنى چايقايتتى: قارا مەمەدانلىقىڭنى، ھېلىلا شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ، ئەمدى ئۆكۈنۈۋاتامسەن... قورقتۇڭمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ يېقىنلىشىدىغانلىقىڭنى ئويلا — سۆزلىشىپ باقايلى دېگىن، ئاندىن كېيىن...

توغـرا، ئۇلار يېقـىندىلا ئـۇچراشقان، پاراڭلاشقـان... ھە راست، ئەرتاش ئالاھىدە قىزىقىپمۇ كەتكەن ئەمـەس، مەتبۇئـات كونفېرېنسىيەسىدىن كېيىن بىر ياققا بېرىشقا ئالدىراپ بىردەم - بىردەم سائىتىگە قارىغان. بەلكىم ئىچىدە ئۇنى، — بۇ تەلۋە - ساراڭنى: ئەخمەق، بۇلۇتلارنى ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ! — دەپ زاڭلىق قىلىپ تۇرغاندۇ. ئەلۋەتتە، ئىسلاھات يىللىرى ئۇ تېخى ياش ئىدى، ئارىسىن سامانچىنىڭ ئۆزى شۇ مەزگىلدە خىلمۇخىل ماقالىلەرنى، جۇملىدىن تىياتىرچىلىق توغرىسىدا ئوبزورلارنى يازغان. بىراق، ئۇ چاغلاردا ئەرتاش كۇرچالوف ھېچكىم ئەمەس، ئادەتتىكىلا بىر ئارتىس ئىدى. ئەمدىچۇ!... بولارى بولدى! ئۇ چاغدا، ئىسلاھات يىللىرىدا، تىياترخانا چوققا ھالەتتە ئىدى. يېڭىچە پىكىر قىلىش چىقتى. تىياتىر سەھنىسىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ

نەزەرىدە تىياتىرنىڭ ئورنى ئۆسكەن، تىياتىرخانىدا كىشىنى
ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ كەتكەن، كىشىلەر پەيدىن-
پەي ھاكىم مۇتلەقچىلىك تورىدىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ
چىقىۋاتاتتى. بۇ ئەرتاش كۇرچالوف شەھەرلىك تىياتىرخانىدى-
كى ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوق، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان
ئادەتتىكى بىر ئارتىس ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئادەتتىكى (دۇ-
رۇس، ئۇنىڭ بويى باشقىلاردىن سەل ئېگىز، ئاۋازى تۆۋەن ئى-
دى، شۇڭا كۆپلىگەن ئادەتتىكى ئارتىسلارنىڭ بىرى بولۇپ
قالغان) ئارتىسنىڭ ۋۇجۇدىغا ئويۇن قويۇش بېدىكلىرىنىڭ
قۇدرەتلىك كۈچى يوشۇرۇنغانلىقى، ئۇنىڭ بارلىق سەھنىنىڭ
ھەتتا تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالىدىغانلى-
قى كىملەرنىڭ ئويىغا كەپتۇ؟

كۇتۇلمىگەندە، شۇ كۈنلەردىكى شارائىتتا «ئەرتاش كۇرچا-
لوف» دېگەن بىر سۆز بىرىكمىسى چىقىپ، بىردىنلا چوڭ ئاب-
رۇي قازىنىپ كەتتى، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە بۇ سۆز بىرىك-
مىسى ئاممىۋى پاپسا كونسېرتىنىڭ مەھسۇلات نامىغا ئايلى-
نىپ، شۇ خىلدىكى كونسېرتنىڭ سەھنە ئۇنۇمىگە ئېرىشتى ۋە
ئىتتىك بازار تاپىدىغان زامانىۋى تىياتىرچىلىقنىڭ ئېلانى بو-
لۇپ قالدى. دەبدەبە چىقىرىشقا ئۇستا «ئەرتاش كۇرچالوف»
مۇزىكىلىق ئويۇن قويۇش ئۆمىكى جۇڭگو ۋە موسكۋانى ئۆز
ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن يەرلەرگە بېرىپ سەييارە ئويۇن قويدى.
قىسقىراق قىلىپ ئېيتساق، ئەرتاش كۇرچالوف چاققان، ھوش-
يار بولۇپ، ئويۇن قويۇش ماكانىنى ئىگىلىگەن كۈچكە ئايلان-
دى. ئايدانا ساماروۋا ئەنە شۇ كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى
تەرىپىدىن مۇشۇ ئەجەللىك ئەرتاش كۇرچالوفنىڭ تەسىر دائى-
رىسىگە تارتىپ كىرىلدى.

ئارسىن سامانچىن ئايادا، يەنى ئايدانا ساماروۋادا نېمە
ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى، قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن

ۋە بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەندە كېچىككەنىدى. تىياتىرخانى-
نىڭ باش يالغۇز ناخشىچىسى ئايدانا ساماروۋا بىردىنلا ئەرتاش
سودا كونسېرتىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ، بارلىق سودا تېلېۋىزىيە
قاناللىرىدا كۆرۈنۈشكە باشلىدى، پاپسا سەنئىتىنىڭ بارغاز-
سېرى ۋالىلداپ تۇرغان چولپىنىغا ئايلىنىپ، ھوللىنۋودنىڭ
تەييار سەھنە ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋازى بىلەن
يۈزگە بىردىنلا يېتىپ كەلگەن پاپسا ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ
نۇر چەمبىرىكىنى تاقىۋالغان. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى
ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتكەن. بۇ يەرگە «پويىز كېتىپ قال-
دى» دېگەن مودا سۆز تازا باب كېلىدۇ. دەرۋەقە، نەتىجە مۇشۇ-
نىڭغا ئوخشاش بولدى: ئۇ ئايدانا بىلەن ھايدېلبېرگدىن بىر
پويىزغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى تەقدىر ئۇلارغا
ھايدېلبېرگ قەلئەسىدە بىرنەچچە كۈن تىنىچ تۇرمۇش كەچۈ-
رۈش پۇرسىتى بېرىپ، ئۇلارنى مۇھەببەت دېگەن ئىلتىپاتقا
ئېرىشتۈرگەن، ئۇلاردا «غايىب بولغان كېلىن» نى يارىتىش
پىكرىنى تۇرغۇزغان، لېكىن كېيىنكى بېكەتكە كەلگەندە ئايدا-
نا بىردىنلا قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان پويىزغا چىققان، كەت-
كەن، ئارسىن بولسا گويا پويىز يولىدا كۆزدىن غايىب بولغان
پويىزنى ئۇزاق قوغلىغاندەك، ئىنس ـ جىن يوق بىر چۆلدە،
ساراڭدەك يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: «ئا... يا! ئا...يا! بىزنىڭ ‹غا-
يىب بولغان كېلىن›نى قانداق قىلىمىز؟ توختا، توختا! ئا...يا!
ئا...يا!» دەپ توۋلىغاندەك بولغان، لېكىن، ئۇ كەتكەن... ئۇنى
كىم ئازدۇردى، كىم بانكا كارتىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆز-
زىگە رام قىلىۋالدى ـــ بۇنىسى ئېنىق. پويىز ھەيدىگۈچى بىر
ۋاقىتلاردىكى بەلگىسىز بىرنېمە ئىدى، مانا ئەمدى داڭلىق
ئەرتاش كورچالوف ئەمەسمۇ.

ئەمىسە ماۋۇ غەلىتە ئادەم نېمە ئۈچۈن ئاشۇ كۆرۈنمەي
قالغان پويىزنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ

قايتا ـ قايتا يالۋۇردۇ؟ جاۋاب بولسا ئاسماندىن قايتقان: «ساراڭ! ئەقىلسىز! كالۋا!» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشلا بولىدۇ. بۇلارنى كۆتۈر نېرى، دەپ ئۇزۇل ـ كېسىل ئۈنتۈپ كەتسىلا بولمىدىمۇ؟...

لېكىن، مەيلى ئارسىن سامانچىن زامانىۋى سودا كونسېر ـ تىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇم خاراكتېرىنىڭ نەقەدەر شەپقەتسىزلىـ كىنى شۇنچە ئېنىق چۈشىنىدىغان ساپ ئىدراكچى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ھەسەلدەك تاتلىق خىيالىنى ئۈنتۈپ كېتەل ـ مىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىگە باغلىنىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. بۇرۇنقى قىزغىنلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ـــ «غايىب بولغان كېلىن» دىن باشقىسى ـــ غۇۋالىشىپ، ئەھمىـ يىتىنى يوقىتىپ، تىرىكلىكىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇ ئەزەلدىن يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى مەدەنىيەت دۇنيادا زەپەر قۇچۇپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىدى، بىر دولقۇن يەنە بىر دولقۇننى قوزغىدى، ئۆركەشلىدى، بىرىنىڭ كۈچى يەنە بىرىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئۇ، يەر شارىدا ھەر خىل ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى توختىماي تارقىتىۋاتقان «ئاممىۋى مەدەنىيەت» دېگەن يېڭى بىر ئاتالغۇنى ـــ يەنى توپ سېتىلىدىغان تاۋارلارغا ئوخشاش توپ تارقىتىلىدىغان مەدەنىيەت دېگەن ئاتالغۇنى ئېسىگە ئالدى (خۇدا ساقلىسۇن! ئاممىۋى مەدەنىيەت بۇنىڭغا كۆز سېلىپمۇ قويمايدۇ)!

ئۇ، بۇ ئاتالغۇنىڭ توغرىلىقىنى يېقىندا تەنتەربىيە مەيدا ـ نىدا شەھەر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 250 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇنا ـ سىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر مۇزىكا ـ كونسېرت كېچىـ لىكىدە دەلىللىگەن.

كېچە، بىرنەچچە مىڭ ئادەم تولۇپلانغان مەيدان قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن. مەيداندا چىراغلار ۋاللىدايدۇ، رەڭگارەڭ ئېلانلار ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن نېئون چىراغ ئېلانلىرى كۆز ـ نى چاقنىتىدۇ. بۇ مۇزىكا ـ كونسېرت كېچىلىكىگە قاتناش ـ قانلارنىڭ تولىسى ياشلار بولۇپ، خۇشال، روھلۇق ئىدى، تاغ ـ دىن چۇشۇپ كەلگەن سالقىن شامالنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ بەكرەك ھاياجانغا كېلىشكەنىدى.

ھەممەيلەننىڭ شادلانغۇسى ۋە چەكسىز زوقلانغۇسى كې ـ لەتتى.

ئەھۋالمۇ شۇنداق بولدى. قۇلاقنى يارغۇدەك چېلىنغان مۇزىكا بىلەن ھەر خىل قىياپەتلەردە چىققان ئاۋازلار پۈتۈن تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئاسمىنىنى بىر ئالغان، سەھنىدە ئويى ـ نالغان بالېت ئۇسسۇلىدىن تارتىپ مىللىي ئۇسسۇللارغىچە بولغان ھەر خىل بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى ئۇسسۇللار، كىيىم ـ كېچەك ۋە دېكوراتسىيەلەرمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىپ تۇراتـ ـ تى. لېكىن ھېسسىياتنى كۈچلۈك دەرىجىدە قوزغىغان پۈتكۈل كونسېرتلار ئىچىدە ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى يەنىلا شۇ — ئايدانا سامارووۋا بولدى! كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان مۇزىكا ـ كونسېرت كېچىلىكى ئەنە شۇ چولپاننى چۆ ـ رىدىگەن ھالدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان! ئۇنىڭ ھەقىقىي زىل، تە ـ بىئىي ئاۋازى مىكروفون ئارقىلىق بۇ ئۈستى ئوچۇق تەنتەر ـ بىيە مەيدانىنىڭ ئاسمىنىغا يەتسە، ئۇنىڭ بويلۇق، كېلىشكەن، لىغىرلاپ تۇرغان ھەرىكەتچان بەدىنى، ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇزىكىلىق رىتىمغا كەلتۈرۈپ، ھەم شەھۋانە قىلىقلارنى چې ـ قىرىپ تولغىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ساھىبجامال قىزلار بى ـ لەن سۇمباتلىق يىگىتلەر — كىشىلەر توپى ئىچىدە ھەممىنى يۇتۇپ كېتىدىغان ھېسسىياتنى قوزغىۋەتتى. ھەممىسىنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن — ئايدانا بىلەن بىللە بولغۇسى

كېلىپ كەتتى. پۈتكۈل تەنتەربىيە مەيدانى قاينام ـ تاشقىنغا، بىلەكلەر ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ۋە تەكشى پۇلاڭلىغان دېڭىزغا ئايلاندى. پەقەت ئۇلا: «ئوپېرا ئىلاھەسى پاپسا خانىشىغا ئايلىنىپ كەتتىغۇ!» دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئويى بىلەن كىمنىڭ كارى. ئەكسىچە، ئايدانا ئۆزى بىلەن بىللە قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتىدىغان ئەر ھەمراھى بىلەن «لىموزىن» دېگەن ئەڭ ئاددىي بىر ناخشىنى ئورۇنلاشقا باشلىغاندا كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى يانار تاغ پارتلىغاندەك يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ قوشنىمىز ئۆزبېكلەر ئىچىدە تارالغان ناخشا بولۇپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزبېكچىنى چۈشىنىدىغان بولغاچقا، ناخشا ئۆزبېك تىلىدا ئېيتىلغانىدى. شەرقنىڭ زامانىباب يېڭىچە مۇزىكىسى كۆپچىلىككە تونۇش بولغاچقا، كىشىلەرنى ھاياجانغا سالدى ۋە ئېلېكترونلۇق چالغۇ رىتىمىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن، تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئاسمىنىدا ياڭرىدى: «سېن مەنى سېۋىيەرسەنمى؟ سېن مەنى سېۋىيەرسەنمى؟ لىموزىن بېرارسەنمى؟ لىموزىن بېرارسەنمى؟» («لىموزىن» ماركىلىق كاتتا پىكاپنى تەقدىم قىلارسەنمۇ؟) دەپ ئېيتىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا جاۋابەن ھەمراھى سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇپ: «مېن سەنى سېۋىيەرمەن، مېن سەنى سېۋىيەرمەن، لىموزىن بېرەرمەن، لىموزىن بېرەرمەن» دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى نېمە بولدى! نەچچە مىڭ كىشى بىردەك ھاياجانلانغان ھالدا بىلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چايقاشتى، بۇ ئىشق ـ مۇھەببەت سۆزىنى تەكرارلاشتى: «لى — مو — زىن! لى — مو — زىن! لى — مو — زىن!»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غايەت زور ئېكراندا (جەمئىي تۆت بولۇپ، تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان) ماس قەدەمدە مۇناسىپ مۇزىكىلىق سۈرەت كۆرۈندى: ناھايىتى چىرايلىق، ئۈستى قاتلىما لىموزىن پىكاپىنىڭ قاتـ

لىما ئۈستى ئېچىلدى، بىر - بىرىنى سۆيۈشكەنلەر — ئايدانا بىلەن ئۇنىڭ چىرايلىق يىگىتى پىكاپنى نۆۋەت بىلەن ھەيدە-شىپ ئۈچۈشتى.

ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشتى: بىردەم ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغلاردىن، بىردەم زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ بىلەن تولغان كۆل-لەردىن ئۆتۈشتى. بىردەم ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكلەردىن، بىردەم يېشىللىققا تولغان ئوتلاقلاردىن ئۆتۈشتى، توپ - توپ قۇشلار پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئۇچۇشاتتى. پىكاپ شەھەر باغ-چىسىنىڭ يېنىدا توختىدى، بەختلىك بىر جۈپ ئۇنىڭدىن چۈشۈپ، قولتۇقلاشقان ھالدا رەڭگارەڭ ئېلان تاختىلىرى ئور-نىتىلغان ھەيۋەتلىك بىر مېھمانسارايغا كىرىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن يېڭىباشتىن ئېسىل پىكاپقا چۈشۈپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

مۇزىكا توختىماي چېلىنىپ تۇراتتى، تەنتەربىيە مەيدانىدا توختىماي، بىرىنى بىرىگە ئۇلاپ: «لى — مۇ — زىن! لى — مۇ — زىن! ئاي — دا — نا! ئاي — دا — نا!» دېگەن ئاۋازلار ياڭرايتتى.

ئارسىن سامانچىن ئىزا تارتقىنىدىن كىرەرگە تۆشۈك تا-پالماي كەتتى. لېكىن، خۇشاللىققا چۆمۈپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ سەكرىشىپ كەتكەن كۆرۈرمەنلەر ئالدىدا ئۇ نېمىگە ھېساب؟ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ «لى — مۇ — زىن! لى — مۇ — زىن! ئاي — دا — نا! ئاي — دا — نا!» دەپ توۋلاپ كەتكىنىنى بايقاپ قال-دى. باشقىلارغا قوشۇلۇپ...

ئاخىرلىشىدىغان چاغدا كۈتمىگەن يەردىن كاتتا بايرام ئو-نۇمى ھاسىل بولدى — قاراڭغۇدا ئاسمانغا شۇڭغۇغان ساليۇت يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى يېتىدىغان يەر-نى ئۇپۇققىچە ئاپئاق يورۇتۇپ، ھەممە يەر رەڭگارەڭ ساليۇت

پوتلىسى بىلەن تولدى. (نەقەدەر زور كۆلەم ـ ھە بۇ! يارايسەن شەھەر باشلىقى! بۇ شۇنچىلا قولىدىن كېلىدۇ! كىملەر ياردەم قىلغان؟ يەنە شۇ ـــ ئەرتاش!) ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، سال ـ يوت ئېتىلغان يەر ئادەتتە بايرام ـ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان يەرنىڭ يېنىدا ئەمەس، بەلكى شەھەر سىرتىدا ئىدى. كۆچى نا ـ ھايىتى زور بولغان ساليۇتلار شەھەر ئەتراپىدىكى تاغدىن ئۇ ـ چۇپ چىقىپ، ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىدە ئېگىز ئاسماندا پارتلايتتى. ئۇنىڭ ئۇنۇمى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىلھام تەسەۋۋۇرىنى قوزغايت ـ تى. ئۇ يەنە بىر قېتىم شۇنى ئېسىگە كەلتۈردى: مۇشۇنداق كۆلەمدىكى ھالەتنى كىم تەسەۋۋۇر قىلىپ چىققاندۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇ ـــ ئەرتاش كۇرچال. گەرچە بۇنىڭ ھەممىسى شەھەر بايرى ـ مىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بولسىمۇ، نەتىجە كۆزنى چاقنىتىدى ـ غان ناخشا چولپىنى ئايدانانىڭ شان ـ شەرىپىنى يېيىش بول ـ دى. چۈنكى، مۇزىكا داۋاملىق جاراڭلىماقتا، تولىمۇ ھەيۋەتلىك لىموزىن پىكاپى خۇشاللىقا چۆمگەن قىز ـ يىگىتنى ئېلىپ شەھەرنى ئورىغان چوڭ ئېكراندا ئۇچماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساليۇتلار بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە. كېچىنى يوپيورۇق كۈندۈزگە ئايلاندۇرماقتا. گويا پۈتكۈل ئالەم چولپاننىڭ نۇرىنى نۇرلاندۇرغاندەك...

دەل شۇ پەيتتە دۇنيادا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر ۋەقە يۈز بەردى...

ۋاللىدىغان ساليۇت ئۇچقۇنلىرى شۇنچە ئېگىز ئۆرلىدى ۋە جاھاننى شۇنچە بەك يورۇتۇۋەتتىكى، يورۇقى تاغ چوققىلى ـ رىغىچە يېتىپ باردى. تاغدىكى ئۇچار قاناتلار ئۈركۈگىنىدىن «ۋىچىر ـ ۋىچىر» قىلىشىپ كەتتى، ئوقىيلىپىزمۇ ئەندىكىپ ھوشىغا كەلدى. ئۇ يەنىلا بەلدە قىينالماقتا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقتىكى ساليۇت ئۇچقۇنلىرىغا

كۆز تىكتى. ئۇچقۇن گويا ئىگىز تاغ پۇركۇپ چىقىرىۋاتقانغا ئوخشايتتى. ياق، بۇ ئاقار يۇلتۇزمۇ ئەمەس، باشقا ئادەتتىن تاشقىرى بىرنىمە، ئوقيىلپىز مۆكۈۋېلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئۇ ھەركۇنى بۇ يەرگە كېلىش — بەلدىن ئېشىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەندەك، باشقا بىر تاغ دۇنياسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. تەقدىر ئۇنىڭغا ياردەملەشكۇسى يوق ـ تەك، تەرسالىق بىلەن ئۇنى بۇ يەردە قالدۇردى. تەقدىرنىڭ قو ـ لىدىن كەلمەيدىغىنى يوق ئەمەسمۇ، ياق، نېمىگىدۇر ئۇنىڭغا تاشلىۋېتىلگەن ئوقيىلپىزنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇش كېرەك بولۇپ قاپتۇ. بۇنى نەدىن بىلسۇن؟ تەقدىر دائىم ئۇن ـ تىن ـ سىز... ئاشۇ كۇنى كېچىدە بايراملىق ساليۇتلارنىڭ يىراقتىن قايتقان شولىسى ئوقيىلپىزغا كۆرۈندى، بۇ خۇدا ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئالامەتمىكىن ...

تەنتەربىيە مەيدانى يەنىلا پورۇقلاپ قاينىماقتا، يەنىلا روك مۇزىكىسىنىڭ ئۇدارىغا كەلتۇرۇپ ئىرغاڭلاپ تۇرۇپ تەكرارلاز ـ غان «لى — مۇ — زىن! لى — مۇ — زىن! ئاي — دا — نا! ئاي — دا — نا!» دېگەن چۇقان ئىچىدە تەۋرەنمەكتە.

«ئۇ ئەنە شۇ تەرىقىدە توپ تارقىتىلىدىغان مەدەنىيەتنىڭ لىمۇزىنىغا ئولتۇرۇپ كەتتى! — دەپ ئويلىدى ئارسىن ساماز ـ چىن، — ئەمدى ئاۋۇ ‹غايىب بولغان كېلىن› نى قانداق قىلغۇ ـ لۇق؟»

ئۇ ئىككى كوچىدىن ئۆتۇپ كەچلىك ماشىنا ساقلاش ئور ـ نىغا قويۇپ قويغان، چەت ئەلنىڭ خىلمۇخىل پىكاپلىرى ئى ـ چىدە كۆمۇلۇپ قالغان «نىۋا» ماركىلىق پىكاپىنى ئىزدەپ كې ـ تىۋېتىپ يەنە ئويلاپ كەتتى: توپ تارقىتىلىدىغان مەدەنىيەتكە مەست بولۇپ كەتكەن ھازىرقى تۇرمۇشتا نېمىدېگەن كۇچلۇك پەرق مەۋجۇت ـ ھە! دۆلىتىمىزدە قانچىلىك كەمبەغەل، قانچى ـ لىك ئېغىر ئىشسىزلىق مەۋجۇت! ياشلار قولىغا «بىزگە خىز ـ

مەت بېرىڭلار!» دېگەن تاختىنى كۆتۈرگىنىچە نەچچە كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان كوچا قاسنىقىدا ئولتۇرۇشىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆيلىرى بوش قالغان ئايىل ـ قىشلاقلاردىن كەلگەن. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بولغان چاقىرىق، بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا قادىر بولالمايۋاتقانلىقىنى، هازىرقى دۇنيادا ئۇلارغا: سەنلەر جەمئىيەتكە كېرەك ئەمەس، يوقىلىش! بىزدەك خىزمەتى بارلار ئۆزىمىزنىڭ لىمۇزىنىمىزنى ھەيدەپ ئوينايمىز، دېگەندەك بولماقتا.

ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاپ، «ئۆزىنىڭ سوۋېت دەۋرى» دىكى «نېۋا» ماركىلىق پىكاپىنى ھەيدەپ كېچىدە كوچا ئارىلىدى، ئۇنىڭغا ياخشىراق پىكاپمۇ كېرەك ئەمەس، ئۇ «نېۋا»غا ئۆگىنىپمۇ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشىراق پىكاپ سېتىۋالغۇدەك پۇلىمۇ يوق! ھەممە ئادەم «لىمۇزىن» غا ئولتۇرالمايدۇ ـ دە. ئايالىنىڭ «لىمۇزىن»چى بولۇپ قالغىنىغىمۇ ئامال يوق. ئەمدى ئۇ خەقنىڭ قولى يەتمەيدىغان، مۇھاپىزەتچىلەر تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان، تېلېفونمۇ قوبۇل قىلمايدىغان، تېلېفونمۇ قايتۇرمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئېرى بىلەن قايتىدىن يارىشىۋېلىشىنىمۇ خالىمايدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چولپان بولۇپ كەتتى ـ دە... ئۇنىڭ ئېرىنى كۆپ يىللاردىن بېرى ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كەتكەن بىر هاراقكەش دېيىشىدۇ.

بۇنىمۇ ئەيىبلەپ كېتىشنىڭ هاجىتى يوق. تۇرمۇشتا نېمە ئىش يوق دەيسىز. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئىشى بار... شۇنداق بولسىمۇ، شەيئىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىغا كۆز يۈگۈرتسەك، ئەگەر ئايدانا ساماروۋادەك بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئوپېرا تىياترى بويىچە يالغۇز كىشىلىك ناخشىچىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى ئۆلچەم تەلىپى بىلەن چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇ مىلان① سەھ-

① مىلان ــ ئىتالىيەنىڭ بىر شەھىرى، ــ مۇھەررىردىن.

ـنسگە چىقسا بولاتتى، ئۇنىڭ ئورنى شۇ يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ شۇنچىۋالا تېز لا ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاند-ـدۇرۇۋېتىدىغان چولپان شۆھرىتىگە چۆمۈلۈشىنى، ئـاممىبـاب مودا مەدەنىيەت بۇلۇتـلىرى ئۈسـتىدە پەرۋاز قـىلىشـىنى كـىم ئويلاپتۇ. بۇنىڭدا قانچىلىك پۇل ئۆز رولىنى جارى قىلغاندۇ ـ ھە!

بەس! بۇ دېگەن ئۇنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ ھوقۇقى! ئاتتىن تار-تىپ چۈشۈرۈلگىنىڭگە ئازابلىنىۋاتىسەن، خاپا بـولۇۋاتىسـەن، خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىسەن... ياۋاشلىق بىلـەن ئېتىـراپ قـىل، ـــ دېدى ئارسىن سامانچىن ئۆزىنى تىللاپ، ـــ رىقابەت-چىلىك راستلا كۆپ كۈچلۈك ئەمەسمۇ! ـــ سەن نېمىگە ھېسـاب، مۇخبىرغۇ شۇ، ھەرقانچە مۇستەقىل مۇخبىر بولساڭمۇ، ھەر-قانچە ئاتاقلىق... دەپ ئاتالغان بولـساڭمۇ... ئـۇچۇ، ئۇ قانـداق ئادەم؟! بىرى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ئالـەمىدە، يەنە بىرى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ساھەسىدىكى بىر چـوـ-ـمۇلە بولۇپ، ئىككىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى يولدا. ئـۇ-نىڭدىن باشقا، مۇھەببەت ھامان سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ، بـول-مىسا ئۇنىڭ نـېمە قـىزىقى، نـېمە ئازابى، نـېمە كۆتـۈلمىگـەن ئـۆزگىـرىش... شـۇنداق، مەسـىلەن، بەزىدە تـاغلار گۆمۈرۈلـۈپ چۈشىدۇ، ئۇنى ھېچكىم توسالمايدۇ. ھەربىر مۇھەببەتنىڭ ئۆز تارىخى، ئۆز ئازابى بار. سەن بولساڭ شەخسەن قايغۇ ـ ھـەس-ـرىتىڭنى دۇنياۋىلىشىشقا ئارتىپ قويماقچى بولۇۋاتىسەن، ئام-مىۋى مەدەنىيەتكە ئارتىپ قويماقچى بولۇۋاتىسەن.

سەن باشقا سوئالغا جاۋاب تاپ ۋە بـاشقىلارنـى قايىل قـى-لىشقا ھەرىكەت قىلىپ باققىنا. ئامـمىۋى مەدەنـىيەت «غايىـب بولغان كىلىن» گە قانداق ئۇسۇل بىلەن قارشى چىقتى ۋە ئۇ-نى چەتكە قـاقتى ؟ قاراپ بـاق، سۆزلەپ باق، بـۇ يەردە «غايىـب

بولغان كېلىن» نىڭ نېمە ئىشى، ئۇ قەيەردىن كېلىپ ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ قالدى؛ سەن ئايا بىلەن يالغۇز تۇرغان چېغىڭدا ئۆزۈڭنىڭ ئىشى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مۇھەببەتنىڭ دولقۇنى سىلەرنى يۇتۇپ كەتكەن چاغدا خۇددى ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇڭلارنىڭ ھەممىسى شۇ پەيتنى كۈتۈش ئۈچۈن مەۋجۇت بولغاندەك بولغان ھەمدە ئاخىر مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش پۇرسىتىگە يەنى مۇھەببەت ئىنئام قىلغان بېشارەتنى بىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بەزى ئىشلار كۆلكىلىكتەك بىلىنىدۇ: سىلەر ياش ئەمەس، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر ئىككىڭلاردا تەجرىبە بولغان، لېكىن تەقدىر سىلەرنى ئىلگىرىكى مۇھەببەتنىڭ ئازابىدىن خالاس قىلغان. دۆڭدە بىر قەدىمىي باغ، بىر قەدىمىي قەلئە بار ئىدى، ئاسماندا تولغان ئاي بۇلۇتلار ئارىلىقىدىن ئىغىر ئويغا پاتقان ھالدا سىلەرگە قارايتتى. شۇ كۈنى، شۇ ۋاقىتتا، گەرچە ئۇ ئوتتۇزدىن ئاشقان، سەن قىرىققا بېرىپ قالغان بولساڭمۇ، خۇددى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇچرىشىشى توغرىسىدا چاقچاق قىلىشقاندا ئېيتقىنىڭلاردەك، تەقدىر سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلارنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان. لېكىن، گەپ ياشتا ئەمەس، سىلەرنىڭ رومانتىك مۇھەببىتىڭلاردا ئەمەس، بەلكى شۇ كۈنى غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ئۆزى رېئاللىقتا مۇھەببەت قاينىمىغا چۆككەن ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سىلەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ناخشا بىلەن ئېيتىپ بېرىشنى، ئۆزىنىڭ جۇدالىق قايغۇسىنى سۆزلەپ بېرىشنى، ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن ئايداناغا يېقىملىق ئاۋاز بېرىشنى تىلىگەن. ئايرىلىش ئۇنى غايىب بولغان كېلىنگە ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭغا ئىزدىگەن ئادىمىنى تېپىپ بېرىش كېرەك ئىدى. ئەنە شۇ چاغدا، غايىب

بولغان كېلىن بىلەن بولغان خىيالدىكى ئۇچرىشىشتا، ئوپېرا-نىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى بىلەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەدىئىي توقۇلمىلار توغرىسىدىكى ئىجادىيەت پىكرى مەيدانغا كەلگەن. سەن بىرىپ باشقىلارنى غايىب بولغان كېلىن بىلەن كۆرۈش-كىنىم ئەمەلىيەتتە بولغان ئىش دەپ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ باق. سىلەر ئۇنى قۇتقۇزىمىز، ئوپېرا ئارقىلىق بۇ ئالەمدە ئا-پىرىدە قىلىمىز، تىياتىر سەھنىسىدە، ئايدانا ئويناپ چىققان رولدىكى ناخشا ئاۋازىدا ئۇنى يەنە مەيدانغا چىقىرىمىز دەپ قە-سەم ئىچكەن. ئايدانا هاياتلا بولىدىكەنمەن چوقۇم «غايىب بول-غان كېلىن» توغرىسىدىكى ناخشىنى ياڭرىتىمەن دەپ ئۆز ئاغزى بىلەن پەس ئاۋازدا قەسەم ئىچكەن.

توختا، توختا، سەن بەك هاياجانلىنىپ كەتتىڭ! كىممۇ بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان غەلىتە ئىشقا، بۇ كارامەتكە ئىشەنسۇن؟ ساغلام پىكىر قىلىدىغان هەرقانداق بىر ئادەم: بىمەنىلىك، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، پۇتۇنلەي ئويدۇرما، غەلىتە نەرسە دېمەي قالمايدۇ. باشقىچە ئىنكاس بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەس-لىكى شۈبهىسىز. لېكىن، غايىب بولغان كېلىننىڭ ئويلىمى-غان يەردىن پەيدا بولۇپ قېلىشى ئارسىن سامانچىنىڭ قەلبى-دە بۇ ئوبراز هەققىدە ئىستېتىك ئارىيەلىككە باي بىر چۈشەنچە هاسىل قىلغان (بىر گەپنى ئېيتقاچ كېتەيكى، بۇنداق چۈشەن-چىگە ئاشۇ چاغدا ئايدانامۇ قوشۇلغان، بۇ ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئورتاق تونۇشى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، نېمە ئا-مال، ئايدانا يولدىن ئازدى، ئۆكۈندى — «لىموزىنغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى»، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلار ئازدۇ-رۇپ كەتتى، سودىنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ كەتتى. بىراق هازىر بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمايمىز) بۇ ئوبراز، خۇددى خۇدادىن كەلگەن ۋەھىيدەك، ئۇنىڭ تەنها قەلبىگە يىلتىز تارتىپ، تەنهالىق ئې-تىقادىغا ۋە تېگى - تەكتى يوق هېسداشلىققا ئايلىنىپ كەت-

كەندى. بىلىش كېرەككى، خۇدانى ھېچكىم كۆرمىگەن، لېكىن كىشىلەر خۇداغا ئىشىنىدۇ، خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئېتىقاد بەلكىم روھىي جەھەتتە تەلپۈنگەن ئوبرازغا نىسبەتەن بىۋاستە كۆزىتىش ھەم ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ئارقىلىق مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغاندۇ.

ئۇ چاغدا، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقە ھايدېلبېرگدە ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن. ئايدانا ساماروۋا بىر مەيدان يەككە كونسېرت ئۆتكۈزگەندى، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى. ھايدېلبېرگكە كېلىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىنىشى كۆپىنچە ئۇنىڭ ــــ ئارسىن سامانچىنىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. كەنلىكىنى ئۇمۇ بىلەتتى، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا يېقىن ئادەملىرى ــــ ژۇرنالىستلار، مۇزىكانتلار، دوستلار ياردەملەشكەن.

كىلاسسىك ناخشىلارنى ئورۇنلىغان ئايدانا يەرلىك مۇزىكا خۇمارلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ يېڭى ئىش بولدى. بۇنداق كەم ئۇچرايدىغان كونسېرتنى قويۇشتا، ياۋروپانىڭ ئادىتى بويىچە، كوچا ـ كوچىلارغا ئېلانلار چاپلاندى، خەۋەرلەر بېرىلدى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى، مەتبۇئاتتا ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. ئايدانا ساماروۋا قەدىمىي ھايدېلبېرگ لۇتېر چېركاۋىدا ناخشا ئېيتتى. دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىنىدىغان سورۇندا ئويۇن قويۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى نېمىسلار ئۈچۈن ئۆزگىچە ھۆرمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چېركاۋنىڭ ئېگىز گۈمبەز شەكلىدىكى تورۇسىنىڭ ئاستىدا، يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئېسىل ياڭراتقۇ ئۇنى بىلەن كۈچەيتىلگەچكە، ئۇزاققىچە ياڭراپ تۇراتتى. بۇ ياڭراتقۇلار ئەزەلدىن خۇدانىڭ ئاۋازى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەندى. پىيانىنو بىلەن ئورگاننىڭ جور بولۇشى بىلەن ئايدانا ئىتالىيان، رۇس ۋە نېمىس تىلىدا ناخشا ئېيتتى. بىر ـ

نەچچە ناخشىنى ئۆزىنىڭ قىرغىز تىلى بىلەن ئورۇنلىدى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئالقىشلار ياڭرىدى، چىركاۋ سارىيىغا ۋە ئايرىمخانىلىرىغا ئادەم توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن چىققان شادلىق چاقناپ تۇراتتى.
مۇۋەپپەقىيەت شادلىقى، تولۇپ ـ تاشقان ئىلھام ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ قىزىتتى. ئۇلارنىڭ ئايرىلغۇسى يوق، ھامان بىللە بولۇشنى ئويلىشاتتى. دەل ئۇلارنىڭ شاد ـ خۇراملىقى ئەۋجىگە يەتكەن چاغدا، غايىب بولغان كېلىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. كونسېرت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن چېركاۋغا يېقىن يەردىكى مېھمانسارايدا كىچىك دائىرىدە زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەتتىن كېيىن ئۇ ئىككىسى قەدىمىي ھايدېلبېرگ قەلئەسىنى چۆرىدەپ سېلىنغان تاغ باغچىسىدا ئايلىنىپ يۈردى. شۇ كۈنلەردە، ئۇلار ئۈمىد قىلغان جىمجىتلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە مۇشۇ قەلئەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ روھى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار قەلئەنىڭ ئالدىدىكى رېستوراندا بىردەم ئولتۇرۇپ ئازراق ۋىسكى ئىچتى ۋە چىقىپ دەرەخلىك پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئازراق مېڭىشتى، ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان بۇ قەدىمىي شەھەرنى تاماشا قىلىشتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقان بولسىمۇ، شەھەر خۇددى چۆچەك دۇنياسىدىكىدەك، رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىدا ۋالىلدايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئورۇندىغان ئولتۇرۇپ مۇزىكا ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئايدانا بىردىنلا ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:
— ئارسىن، سەن مېنىڭ ساڭا قانداق ناخشا ئېيتىپ بېرىشىمنى خالايسەن؟
— ھازىرمۇ؟
— ياق، بىرەر كونسېرتتا، سىمفونىيە مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ

جور بولۇشى بىلەن. سەن زالدا ئولتۇرسەن، مەن سەھنىدە تۇرۇپ مەخسۇس ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن. سەن مېنىڭ ساڭا قانداق ناخشا ئېيتىپ بېرىشىمنى خالايسەن؟ ئىتالىيان-چىنىمۇ؟

— ئايا، سېنىڭ كۆپلىگەن ناخشىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمەن. ئىتالىيانچە، ئىسپانچە ناخشىلىرىڭنى دېمىسەممۇ ئۆزۈڭگە ئايان. بىراق بىلەمسەن، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغىنىم نېمە؟ مەن غەلىتە بىر ئادەمغۇ، ئايا، مەن ئاللىبۇرۇنلا، ئىچىدە ئايال خومارى بولۇپ يۈرگەن راھىبلاردەك، سېنىڭ غايىب بولغان كېلىندىن ئارىيە ئېيتىپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىپ يۈرگەن.

— غايىب بولغان كېلىندىن ئارىيە؟ — ئۇ ھەيران بولغان ھالدا سورىدى، — بىلەمسەن، بۇ رىۋايەتنى مەنمۇ ئاڭلىغان، بىراق بەك دىققەت قىلىپ كەتمەپتىكەنمەن. لېكىن، ئوپېرا ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇزىكا بولۇشى، پىيېسە بولۇشى، يەنە نۇرغۇن نەرسە بولۇشى كېرەك... سەن راستىنلا ئايالлар ھەققىدە خىيال قىلىپلا يۈرىدىغان ئىشقىۋاز راھىبقا ئوخشاپ قاپسەن!

79

— خىيال قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچبىر قورققۇچىلىكى يوق، بىراق مەن خىيال قىلغان يولۇمغا كېتىۋاتىمەن.

دەل شۇ پەيتتە، ئۇلار بۇنىڭ «غايىب بولغان كېلىن» پىيېسەسىنى قويۇشنىڭ ھازىرچە خىيال قىلغىنى بويىچە بولسىمۇ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىمىكىن؟ ئارسىن ساماڭچىن كۆڭلىدە كۆپتىن بېرى يېتىلگەن ئىدىيەنى ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئېيتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. تەقدىر ئۇلارنى مۇشۇ مەقسەتتە مۇشۇ دەقىقىدە مۇشۇ يەرگە جەم قىلدىمىكىنە؟

* * *

تەقدىر توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالدى، ئەمما بۇ ئارسىن سامانچىن ئۈچۈن تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان پەيت ئىدى، ئۇ نەدىن بىلسۇن، بۇ ۋەقەدىن بۆلەك، يېقىندا ئۇنىڭ كاللىسىغا قورقۇنچلۇق بىر ئوي ـــ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئويى كەلگەن. بۇ، ئۇ ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئىش ئىدى. ئۇ چوڭقۇر ھاڭنىڭ لېۋىدە كېتىپ باراتتى، چېكىنىشكە يول يوق ئىدى. پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرەر تاپانچا تېپىش كېرەك، بۇ باشقىلار ئۈچۈن ئاددىيلا بىر ئىش بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇنى كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئۇخلىيالمايدىغان قىلىپ قويغان...

* * *

يەنە تەقدىر توغرىسىدا. ئوقۇغۇچىلار بۇ چاغدا يەنىلا ئۇزەڭگىلەش بېلىدە تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى: ئېھتىمال، تەقدىر ئۇنىڭ بەلدىن ئېششىغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى ئاخىرىدا بېشى قايغان تەرەپكە كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويار.



مەيلى ئىنسان ياكى ھايۋان بولسۇن، ئالدىدا ئۇلارنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرلىرى توغرىسىدا باغلاپ تۇرىدىغان ھېچقانداق سەۋەب، ھېچقانداق بىردەكلىك يوق. لېكىن، ۋەقەلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئەسلىدە بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان جانلار ـــ ئادەم بىلەن ھايۋان بىر تەقدىر ئىلاھىنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىدىكى كىرىزىس كۈندىن ـ كۈنگە پىشىپ يېتىلدى. بۇ ئالەمدە نېمىلەر بولمايدۇ دەيسىز.

ئېيتايلۇق، ئاشۇ كېچىسى ھايدېلبېرگ باغچىسىدا سۆ- يۈشكەنلەر ئۇلتۇرۇپ پاراڭلاشقان، بىر - بىرىنى بارغانسېرى بەك سۆيۈشكەن چاغدا، ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى غايىب بولغان كېلىن كۆرۈنگەندەك بولدى، ئۇنىڭغا يېڭىباشتىن جان كىر- گۈزۈشكە بولارمۇ؟ سۆيۈش سېزىملىرى ئېچىلىپ گۈللىگەن چاغدا، ئەپسانىدىكى شەخسنىڭ قايتا تىرىلىپ قالغىنىدەك، مۇھەببەت تىراگېدىيەسىدىكى ئادەمنىڭ ئاخىرىدا مەۋجۇت زاتقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن بولارمۇ؟ شۇنى ئېيتقاچ كې- تىش زۆرۈركى، ئارسىن سامانچىن بۇنداق تىرىلىپ قېلىشنىڭ مۇمكىنلىقىنى چەتكە قاقمايتتى، بىلىش كېرەككى، نۇرغۇن ئىشلار روھىي ھالەتكە، سۆيۈشكەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بەختىنى ئۆچۈرسىدىكىلەر بىلەن بۆلۈشۈشكە تەييار تۇرغان ئىرادىسىگە باغلىققۇ.

ئارسىن ئۆزىنىڭ ئاياسىغا غايىب بولغان كېلىن توغرى- سىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىغان چېغىدا مو- شۇنداق روھىيەتنىڭ ئىلھامىغا ئېرىشكەنىدى.

— مەن بالا ۋاقتىمدىن تارتىپلا بىزنىڭ ئۆزەڭگىلەش تاغ- لىرىمىزدا غايىب بولغان كېلىن ھازىرغىچە كېزىپ يۈرىدۇ دەپ بىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، سەن ئىشىنەمسەن؟

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن! — كۈلۈمسىرەپ ئالىقىنىنى ئۇنىڭ بويىنىغا تەگكۈزۈپ جاۋاب بەردى ئايدانا، — مەن پارد- ڭىڭنى ئاڭلاشقا بەك ئامراق، خۇددى مېنى ئەركىلىتىپ سىلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. قارىغىنا ئارسىن، ئەتراپ نېمىدېگەن گۈزەل. تۈن، ئاي شۇنچىلىك يورۇق، چىراغلار چۆچەكلەردى- كىدەك چاقنايدۇ. پەقەت سەن بىلەن مەنلا، باشقا ئادەم يوق. ئالتۇرسۇن بېغىدىكى قۇشلارمۇ سايرىماي جىمىپ كېتىپتۇ. گېپىڭنى داۋاملاشتۇر.

— ماقۇل، قۇشلارمۇ سايرىماي جىمىپ كەتسۇن، لېكىن

غايىب بولغان كىلىن ھەققىدە گەپ بولغانىدا مەن جىم تۇرال-مايمەن. قانداق ئويلاشسا ئويلاشسۇن — ئەپسانە دەمدۇ ياكى باشقا نىمە دەمدۇ، لېكىن مىنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئايا، بۇ ئەپسانە ئەمەس! ئۇ بەزى چاغلاردا، يىراق بىر يەردە، تاغلار ئى-چىدە، غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ - يۇ، لېكىن شۇ زاماتلا غا-يىب بولىدۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى رىۋايەتكە كەلسەك، بىز تە-رەپتە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا ئۈزۈن بولدى، كۆپچى-لىك ئۇنى تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر يەرلەردە يوقاپ كەتكەن يىگىتنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، تۇتۇپ كېتىمىز دېگۈچىلەر ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ يا-رى، ئۇستا مەرگەن يىگىتى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن، يا رەقىبلىرى ئۇنى ئۆگكۈرگە قاماپ قويۇشقانمۇ، يا ئۇنى تى-لىدىن مەھرۇم قىلىشقانمۇ — كىم بىلسۇن؟ ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا بۇ يەردە، ئىچى تارلىق، قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە ھۆ-كۈمران بولۇشقا ئىنتىلىش ئېھتىمالى بار. ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن.

— بىلەمسەن، بىزنىڭ تاغلىقلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ئا-دەت بار، ياز كۈنىنىڭ ئاي تولغان كېچىسى غايىب بولغان كې-لىننى قاتتىق سېغىنغان كىشىلەر ئېگىز تاغقا يىغىلىپ، غا-يىب بولغان كېلىن يىراقتا تۇرۇپ كۆرسۇن دەپ گۈلخان يې-قىشىدۇ. شامانلار داقا - دۇمباقلىرىنى تاراڭشىتىپ چېلىشى-دۇ، سەكرەپ - تاقلاپ ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، كېلىنىنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغان يىگىتىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ، گۈلخانىنىڭ يېنىغا كېلىڭلار دەپ چاقىرىشىدۇ. ئايالالار گۈلخانىنىڭ يېنىدا ئۇلارنى چاقىرغاچ يىغلىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، غايىب بولغان كېلىن بەزى چاغلاردا ئاللىقانداق بىر يەرلەردىكى كۆ-لەڭگىدە پەيدا بولۇپ تەزىم قىلىپ قويۇپ يەنە غايىب بولۇپ كېتىدىكەن. قانداق، يەنە رېستورانغا بېرىپ ئازراقتىن ۋىسكى

ئىچەيلىمۇ؟
— رېستورانغا باردۇق. سەنمۇ ئازراق قىزىپ قالدىڭ. بولدى، ئارسىن، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، غايىب بولغان كېلىن ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇۋاتىمەن. بىز خۇددى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا مەشەگە كەلگەندەك.
— ئېھتىمال، دەل شۇنداقتۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھېكايىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن. تاغنىڭ جۇڭگو تەرىپىدىكى قىسمىدىمۇ كىشىلەر غايىب بولغان كېلىن ئۈچۈن گۈلخان يېقىشىدىكەن. دۆلەت چېگراسى ئۆزەڭگىلەش تېغىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتىدىكەن، ئۇ تەرەپتە قەدىمدىن تارتىپ بىز بىلەن تۇغقان قىرغىز قەبىلىلىرى ياشايدىكەن، بىراق بىز بەلدىن ئاشىدىغان يولدىن ئۆتۈپ ئۇلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ باقمىغان، ئەگەر يول بولغان تەقدىردىمۇ يازدىلا ماشىغىلى بولىدۇ. بىر يىل ئىلگىرى مۇخبىرلىق ئىشى بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ كەلدىم. ئۇرگەنچ ئارقىلىق ئايروپىلان بىلەن، ئۇنىڭ نېرىسىغا ماشىنا بىلەن باردىم. ھەر خىل ئۇچرىشىشلار بولدى، گېزىت ئۈچۈن قىزىق ماتېرىياللارنى توپلىدىم، لېكىن مېنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىم بۇ ئەمەس. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى جۇڭگو تەرەپتىكى تاغلاردىمۇ يەرلىك قىرغىزلار غايىب بولغان كېلىن توغرىسىدا بىلىشىدىكەن ۋە ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن — ياز كۈنىنىڭ ئاي تولغان كېچىسى گۈلخان يېقىپ، غايىب بولغان كېلىنگە مەدەت بېرىشكە ئەرۋاھلارنى چاقىرىشىدىكەن. بىراق، جۇڭگو تەرەپتىكى قىرغىزلاردا قىزىق بىر پەرق بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، گۈلخاننىڭ يېنىدا، چىرايلىق ئىككى قىز مۇبادا غايىب بولغان كېلىن كېلىپ قالسا مىنسۇن، دەپ ئىككى ئاتنى ئېگەرلەپ تۇتۇپ تۇرىدىكەن!
بۇ چاغدا ئايدانا بىر چاقچاقنى باشلىدى:
— بۇ يەردە ھايدېلىبېرگدىمۇ غايىب بولغان كېلىن ئۈچۈن

بىر گۈلخان ياقساق قانداق؟ قېنى، ئارسىن، گۈلخان ياقايلى!

— نېمىشقا بولمىسۇن؟ — دەپ كۈلدى ئارسىن سامانچىن، — بىراق، بۇرۇنراق ئويلىغان بولساق بولۇپتىكەن - دە. ئوتۇن كېرەك. يەنە شامانلارنى نەدىن تاپىمىز؟ خالامسەن، مەن ئۆزۈم شامان بولاي؟

— ۋاي هازىرقىلاردەك كىيىنگەن شامان! — دەپ هاياجانلىنىپ كۈلدى ئايدانا، — تولىمۇ ياخشى! سەن ئاجايىپ شامان سەن. بىراق، كېيىنكى قېتىم گۈلخان ياقايلى. بولمىسا شەھەر كوچىلىرىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى دۆڭدە گۈلخان ياقساق، خەلقئارالىق چاتاق چىقىشى مۇمكىن.

— توغرا دەيسەن! پۇتۇن ياۋروپاغا داڭقىمىز چىقىدۇ، — ئارسىن سامانچىن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ كەتتى، — بۇ باغ نېمىدېگەن ياخشى! مەن سېنى هارغۇزۇۋەتمىگەندىمەن، ئايا؟

— نەدىكى گەپ، ماڭا دەم ئېلىش، ناهايىتى بەختلىكمەن، چۈنكى، غايىب بولغان كېلىن بىز بىلەن بىللە!

— رەھمەت. ئەمىسە گېپىمگە قۇلاق سال. بىزنىڭ تاغلىرىمىزدا ئاجايىپ كۈچلۈك ھەم زېرەك بىر مەرگەن يىگىت بار ئىكەندۇق. ئۇ قوغلاپ بېرىپ تاغ تېكىسىگە يېتىشۋالىدىكەن. ئۇ بۆرە ۋە ئاق يىلپىز ئوۋلاپ تېرىسىنى سېتىپ جاهاندارچىلىق قىلىدىكەن. قەبىلىسىدىكى نۇرغۇن ئائىلىنى ئوۋ ئوۋلاپ باقىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن ۋە كەلگۈسىدە قەبىلە ئاتامانى بولىدۇ دېيىشىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ تۇغقانلىرى بىلەن قوشنا تاغقا مېهماندارچىلىققا بېرىپ، ناهايىتى چىرايلىق بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ دەسلەپتە ھەركۈنى دېگۈدەك ئېتىغا مىنىپ تاغلارنى كېزىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خىزىر قىزغا: ئاسماندا سىلەرنىڭ

ئالاھىدە بىر مۇھەببەت يۇلتۇزۇڭلار بار، سىلەر تويى قىلغان كۈنى ئۇ كۆزنى قاماشتۇرۇپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، پۈتۈن تاغلارنى يورۇتىدۇ، باشقا يۇلتۇزلاردىنمۇ بەك يورۇق بولىدۇ، ئەگەر قارا بۇلۇت توسۇۋالمىسا، تاڭ ئاتقۇچە ئورنىدىن قوزغالمايدۇ، دەپتۇ. قىز بۇ گەپلەرنى ئۇۋچى يىگىتكە دېگەنىكەن، ئۇۋچى يىگىتمۇ خىزىرنىڭ ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئېيتقان سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ: «مەن بۇ دۇنياغا ساڭا ئۆيلىنىش ئۈچۈنلا يارىلىپتىمەن...» شۇنداق قىلىپ، بولغۇسى كېلىن مەرگەن يىگىت بىلەن مەڭگۈ بىر بولۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، مەرگەن يىگىت ئۆزىنىڭ پۈتۈن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بولغۇسى مەھبۇبىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا ــ قۇدىلىششقا بېرىپتۇ. شۇ كۈنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئايەم بولۇپتۇ. مېھمانلار تاغ باغرىدىكى دەريا بويىدىكى چىمەنلىككە تىكىلگەن يۈزگە يېقىن ئاق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار كېلىننىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قانداق سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كەلدى دېمەمسىلەر! ئۇيۇر - ئۇيۇرى بىلەن نۇرغۇن چارۋا، ئالتۇن ۋە ئېسىل تاشلارنى ئەكەپتۇ، مەرگەن يىگىتنىڭ ئۆزى ھەر خىل تېرە ۋە ھەر خىل بۇلغۇن تېرىسى كەلتۇرۇپتۇ. تېخىمۇ مۇھىمى مەرگەن يىگىتنىڭ ھەر مۇرىسىگە بىردىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئاق يىلپىز تېرىسى ئارتىلغانىكەن. بۇنداق يىلپىز تېرىسىگە ئۇلۇغ مەرگەنلارلا ئېرىشەلەيدىكەن. يىگىت تەزىم قىلغاندىن كېيىن سوۋغاتلىرىنى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا تەقدىم قىلىپتۇ. كىشىلەر شاد - خۇراملىقتا چۆمگەن ھالدا قىز - يىگىتنى دەريانىڭ بويىغا كەلتۇرۇپ، شۇ يەردە چاي ئىچكۈزۈپتۇ. دەريا ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھىنىڭ شاھىتى بولۇپ قاپتۇ. توي مۇراسىمى يەتتە كۈندىن كېيىن تاغ ئارقىسىدىكى بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ ئايىلىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپتۇ.

قۇدىلىشىش ئادەت بويىچە تاڭ ئاتقۇچە ئايەمدەك ئۆتكۈزۈ-لۈپتۇ. بىراق بۇ يەردىمۇ كۆرەلمەس، ئىچى تارلار بار ئىكەن. كۈيۈئوغۇل بولغۇچى يىگىت يىراق - يىقىنغا داڭقى كەتكەن مەرگەن يىگىتلا بولۇپ قالماي، كىشىلەرنىڭ يەنە بۇ يىگىتنىڭ ئەقىللىق ۋە تاغ يۈرەك ئىكەنلىكىگە، كىيىشكەن، كۆچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ، قۇدىلاشقان ئىككى قە-بىلىنىڭ — پۈتۈن ئايماقنىڭ بېگى بولۇپ قالىدىغان ئوخشاي-دۇ، دەپ قىلغان پەرىزى ئۇلارنىڭ زەردىسىنى قايناتتىپ، ئى-چىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار قورقۇنچلۇق بىر سۇ-يىقەستنى پىلانلاشقا كىرىشىپتۇ.

ئۇلار چىقىپ ئاشكارا، يەكمۇيەك، زىمىن ئۇچۇن ئەمەس، مال - مۈلۈك ھەتتا ھوقۇق ئۇچۇنمۇ ئەمەس، پەقەت جان ئۇ-چۇنلا كۈرەشكەن بولسا بولاتتىغۇ. لېكىن، ئىنساننىڭ ساختى-پەزلىكىنىڭ چېكى بارمىدى؟

سۇيىقەست يوشۇرۇن پىشىپ يېتىلىپتۇ، چۇنكى بۇ سۇ-يىقەستتە، دەريا بويىدىكى چاي ئىچكۈزۈش زىياپىتىدە، ئىك-كىنچى بىر خىل تەقدىر ئاستاغىنا كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋېلىپ، سۆيۈشكەنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ئى-چىدە ئېچىپ، كۆپۈپ، زەھىرىنى چاچىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلاپ يەتسۇن — بۇ ئەڭ قەبىھ سۇيىقەستتە. خۇددى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاقىنلار قوشاققا قېتىپ ئېيتقاندەك: «ئەل سۇ-يىقەستنى بىلگەن بولسا، ئۇيىلاتتى، يۈزىن يوشۇراتتى. بۇنى بىلگەن بولسا، ئاسماندىمۇ كۈن تۇتۇلاتتى، بۇلۇتلار شۇنداق بايرامنى بۇ يەردىن يىراققا — پاكىز دالىغا ئېلىپ كېتەي دەپ، يامغۇرنى چېلەكلەپ تۆكەتتى.»

— ئاھ، ئارسىن، نېمىدېگەن گۈزەل!

ئاقىنلار يەنە ئېيتىدۇ: «بۇنىڭ سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا دەريا — چاي ئىچكۈزۈلگەن كۈنى سۆيۈشكەنلەر

دەرياغا قاراپ تەزىم قىلىپ، مۇھەببىتىمىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمىز دەپ قەسەم ئىچىشكەن — دەريامۇ ئارقىغا ئاققان بولاتتى». بىلەمسەن، پەسكەشلەرچە قىلىنغان سۇيىقەستكە سوغۇق تەبىئەتمۇ قارشى چىققان بولاتتى. لېكىن، مەخپىي پىلانلانغان قورقۇنچلۇق سۇيىقەستنى كىممۇ ئالدىنئالا مۆلچەرلىيەلىسۇن، دۇنيا ئىناقلىققا تولغان — قۇياش مېھرىنى تاغلارغا چاچقان، يامغۇر باشقا ياققا كەتكەن، پەقەت يىراقتىنلا بۇ يەرگە سالقىننى ئەۋەتكەن، پايانداز كەبى چىملىق ۋە ئوتلاقلار كىشىلەرگە قاراپ شادلىق بىلەن چايقالغان، گۈلخاندىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار تەملىك غىزا ھىدىنى تاراتقان، باش ئۈستىدىكى ئۇچار قاناتلار توپ - توپ بولۇپ چۇرۇلداشقان... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقىنلارنىڭ قوشاقلىرىدا بايان قىلىنغان! چاي ئىچكۈزۈش زىياپىتى دەريا بويىدىكى جىلغىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تۇرمۇش شاد - خۇراملىققا تولغانىكەن. بولۇپمۇ ياشلار چەۋەندازلىققا چۈشۈپتۇ، شامانلار جىن - شاياتۇن تەردىقىسىدە ياسىنىپ، تەلۋىلەرچە سەكرەپ پىرە ئويناپ يەر يۈزىدىكى ئەرۋاھلارنى چاقىرىپتۇ. بىراق، نىكاھ تويى ئالدىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇن — «قىزقوۋار» سۆيۈشكەنلەرگە قالدۇرۇلۇپتۇ.

— سۆيۈشكەنلەر ياخشى ئاتقا مىنىپ مۇسابىقىلىشىدۇ: بولغۇسى كېلىن ئاتقا مىنىپ بەلگىلەنگەن ئارىلىققا يەتكەندىن كېيىن بولغۇسى كۈيۈئوغۇل ئاتلىق قوغلاپ يېتىپ، كېتىۋېتىپ ئۇنى سۆيۈۋېلىشى شەرت. ئەگەر سۆيۈۋالىسا، ئۇلارنىڭ بەختى ئۆزەڭگىدە، تەقدىرى پارلاق كەڭلىكتە بولىدۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ...

— ئاتقا مىنىپ تۇرغان بولغۇسى كېلىننى كۆرۈش زور خۇشاللىق، چۈنكى ئۇ دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك ھالغا كەلتۈرۈلۈپتۇ: بوي - بەستى، ھۆسن - جامالى، تەق -

تۇرقى ۋە قىزلارغا خاس كىيىم ـ كېچەكلى راسا بارانغا يەت-
كۈزۈلۈپتۇ. بولغۇسى كۈيئوغۇلمۇ شۇنداق ياساندۇرۇلۇپتۇ.
قىزقۇۋارغا چۇشۇشنىڭ ئالدىدا، خۇشاللىقتىن ئۇلارنىڭ نۇر-
لىنىپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە سەل ئىزا تارتقانلىقى چىقىپ تۇر-
غان كۈلۈمسىرىشى شۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى
بەختىيارلىققا تولدۇرۇپتۇ. كىشىلەر تەقەززا بولۇپ بەيگىنىڭ
باشلىنىشىنى كۈتۈپتۇ. بولغۇسى كېلىننىڭ قىز دوستلىرى
ئۇنىڭغا: «پۇتۇن كۈچۈڭ بىلەن چاپ، يەتكۈزمىگىن ئۇنى! يە-
گىتلەرگە تونۇتۇپ قويغىن بىزنى!» دەپ ئىلھام بەرسە، كىش-
لەر بولغۇسى كۈيئوغۇلغىمۇ: «بايقا! يېتىشىۋالالمىساڭ، ئۇيات-
قا قالىسەن!» دەپ ئىلھام بېرىپتۇ. شامانلارمۇ داقا ـ دۇمباق-
لىرىنى تاراڭشىتىپ، ئوتتۇرىغا چۇشۇپ سەكرەپ پىرە ئويناپ
قىز ـ يىگىت بىلەن ئۇلار مىنگەن ئاتنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت
قوشۇپتۇ...

ــ ئاقساقاللار بەلگە بېرىشىپتۇ. قىزقۇۋار باشلىنىپتۇ.
بولغۇسى كېلىن ئېتىغا مىنىپ خېلى چاپقاندىن كېيىن يىگىت
ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنى شىددەت بىلەن قوغلاپتۇ. ئۇلار دەريا
تەرەپنى كۆزلەپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ، چاي ئىچكۇزۇش
مۇراسىمى مانا مۇشۇ دەريا بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ساي
ئاخىرقى نۇقتا قىلىپ بەلگىلەنگەنىكەن. ئەگەر يىگىت بولغۇ-
سى كېلىنگە يېتىشىۋالالمىسا، بولغۇسى كېلىن كۆتۈرۈلگەن
كۈلكە ـ چۇقان ئىچىدە كەينىگە قايتىپ يىگىتنى كۈتۈۋالىدۇ ـ
دە، غالىب كەلگۈچى سۆيىتىدە ئۇنى سۆيىدۇ.

بىراق، بولغۇسى كۈيئوغۇللار ئومۇمەن هامان يېتىشىۋا-
لىدۇ...

بولغۇسى كېلىن كېيىنكى هاياتىدا شۇ قېتىمقى ئات چې-
پىشنى ــ ئۆمۈر بويى ئايرىلماسلىقنى نىيەت قىلغان قەدىر-
لىك ياردىن «قاچقان» لىقىنى ئۆمۈرۋايەت ئېسىدە ساقلايدۇ.

يىگىتمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۆتۈرگەن سۇرەن ـ چۇقانلار ئىچىدە ئۇنى قانداق قوغلىغانلىقىنى... مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

شۇ قېتىممۇ شۇنداق بولۇپتۇ: كېلىن يىگىتتىن ئايرىلىپ قۇشقا ئوخشاش ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. يىگىت بولسا شىددەت بىلەن قوغلاپتۇ. شامال ئۇلارنى باغرىغا بېسىپتۇ، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ سۆيۈپتۇ، پەس ئاۋازدا: ئۆمرۈڭلاردا بۇنداق قوغلاشتىنمۇ زور بەخت بولمىغان ۋە بولمايدۇ، دەپ پىچىرلاپتۇ.

ئاھ، قانداق كۆڭۈللۈك، قانداق تاماشا، قانداق قىزىقارلىق! دەريانىڭ قىرغىقى كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، ئۇلار يەنىلا چېپىپ مېڭىپتۇ، ئاتلارمۇ مۇسابىقىلەشكەنلىكىدىن قىزىپ كېتىشكەنىكەن. قىز يىگىتنى تەقەززا بولۇپ كۈتۈپتۇ. مېنى قاچان قوغلاپ يېتەر دەپ كۈتىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى ئۇ يىگىت بىلەن مەڭگۈ باغلىۋېتىشنى، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىنى مەڭگۈ تەقدىم قىلىشنى ئويلايدىكەن! ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئېتىنى دېۋىتىدىكەن، تىزگىنىنى تارتىپ ـ تارتىپ قويىدىكەن، ئۆتۈكىنى ئۈزەڭگىگە قاتتىقراق تىرەيدىكەن. يىگىتىم، تېزرەك يېتىشىۋال، دەريا بويىغا كېلىپ قالدۇق، دەپ ئويلايدىكەن... ئات تۇۋىقىنىڭ ئاۋازى ۋە ئاتنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ مۈرىسى مۈرىگە، ئۈزەڭگىسى ئۈزەڭگىگە تېگىپتۇ. كۆز ئالدىدا ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان دۇنيا پەيدا بولۇپتۇ. ئەپسۇس، بۇنداق پەيتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. يىگىت ئۇچقاندەك كېتىۋېتىپ قىزنى قۇچاقلاپتۇ، قىز بولسا ئۇنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت قىزنى بىر سۆيۈپتۇ، ئاندىن ئۇلار توختىماي سۆيۈشۈپتۇ. ئات توختىماي چېپىپتۇ، ئات مىنىپ چېپىپ كېتىۋاتقانلار ئۇلارنىڭ مەڭگۈ بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ھېس قىلىپتۇ. «سېنى سۆيىمەن! سەن مېنىڭكى!» دەپ توۋلاپتۇ يىگىت. «مەن مەڭگۈ سېنىڭ بىلەن بىللە بولىـ

مەن!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بولغۇسى كېلىن.

كىشىلەر شادلىققا چۆمۈپتۇ، يىگىتنى ھەممە بىر ئېغىز - دىن ماختاپ كېتىپتۇ: «ئەزىمەت! ھەقىقىي چەۋەنداز! يول! يول! چەتكە قاچ! ئۇ كېلىۋاتىدۇ! ئۇ ئەمدى بىزنىڭ بولدى، ئۇ بىز بىلەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن!»

قۇدىلىشىش مۇراسىمى تۇشمۇتۇشتىن كۆتۈرۈلگەن ئەنە شۇنداق چۇقانلار ئىچىدە ئاخىرلىشىپتۇ.

ۋاھالەنكى، سۈيىقەست تۈگىمەپتۇ، بىكار قىلىنماپتۇ، سۈيىقەستچىلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك چىشلىرىنى غۇچۇر - لىتىشىپتۇ. سۈيىقەست هامان ئۆزىگە يول تاپىدۇ...

بۇ چاغدا قۇدا چۈشكەن مېھمانلار خوشلىشىپ، توي تەي - يارلىقىغا چۈشۈش ئۈچۈن ئۆز يەرلىرىگە قايتىشىپتۇ. توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. ھەممە ئىش ناھايىتى جايىدا بولۇپتۇ. ئەنئەنە ۋە ئادەت بويىچە ھەممىنى ئەتراپلىق ئويلىشىپتۇ، ھەممىدىن ئاۋۋال باشقا ئاق ئۆيلەردىن سەل يىراقراق ئۇچۇق بىر يەرگە يېڭى توي قىلغانلارنىڭ بىرىنچى كېچىنى ئۆتكۈزۈ - شى ئۈچۈن يېڭى بىر ئاق ئۆي تىكىشىپتۇ. قۇدىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۈچۈنمۇ مېھمانلىق ئۆي تىكىشىپتۇ. ئاخىرىدا سوۋ - غا - سالام ۋە يېمەك - ئىچمەك تەييارلىنىپتۇ. ئاقىنلارنىڭ داستان - چۆچەكلىرى، ياشلارنىڭ جىر - ئۇسسۇللىرىمۇ ھېسابقا ئېلىنىپ، ھەممىنى ئوبدان تەييار قىلىشىپتۇ. ئۇ چاغدىكى ئادەت ئاشۇنداق ئىكەن — توي پۈتكۈل قەبىلىنىڭ ئورتاق ئۇلۇغ ئىشى ئىكەن.

مېھمانلارنىڭ يېتىپ كېلىشىگە، يەنى توي مۇراسىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە بىر كۈن قالغان چاغ. يىگىت ئېسىل مېھ - مانلارغا يېڭى ئوۋلاپ كەلگەن مالنىڭ گۆشىنى تارتىش ۋە سوۋغاتقا يىرتقۇچلارنىڭ تېرىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردە ئىككى ئىنىسىنى ئېلىپ ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ. ئوۋ

ناھايىتى ئوخشۇشلۇق بولۇپتۇ. لېكىن، چۈش ۋاقتىدا يىراقتىن بىر دىنلا چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ — بۇ يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلىر - دىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلار ئۆڭى ئۆچكەن ناھا - يىتى كۆپ ئادەم ئىكەن. «چاتاق! چاتاق چىقتى! توختا! ئارقاڭغا قايت!» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۆكرىكىنى مۇشتلاپ توۋلىشىپ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈشۈپتۇ: تۈنۈگۈن كېچىدە، سەن توي قىلماقچى بولغان قىز ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئاشنىسى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئا - ھالىسى ناھايىتى كۆپ بولغان سودا شەھىرىگە ئېلىپ كېتىل - دى، دەپ قارايدىكەن.

راستتىنلا شۇملۇق باشلىنىپتۇ! ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ - تۇ، ياز بولۇشىغا قارىماي، بوران چىقىپ، خۇددى قىشتىكىدەك شىۋىرغان بولۇپ كېتىپتۇ. «ئۇيات! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈ - شۇپتۇ تۇغقانلار ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇ - رۇپ تەڭرىگە نالە قىلىشىپتۇ، — نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بىز بۇنداق شەرمەندىلىككە قالدۇق! ئۇنى ئۆلتۈرەيلى، بۇ يۈز - سىز بەتبەختنى تېپىپ، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!»

ئۇلار دەرھال بېرىپ ئۇنى ئىزدىمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن مەرگەن يىگىت مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپتۇ. ھېچ نەرسى - نى چۈشەنمەي، ئۆڭى بۇزۇلۇپ، بىر ئورۇندا قېتىپ، تىلىدىن قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! — دەپ شىۋىرلىدى ئايدانا چىن دىلىدىن قايغۇرۇپ.

— شۇڭا مەن ئاشۇنداق دەۋاتىمەن! — دېدى ئارسىن سا - مانچىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇيېرا سەھنىسىدە ئىپادىلىسەك قانداق؟ قانداق ساز، قانداق ھېسسى - يات، قانداق شاۋقۇن، قانداق سەھنە تەڭشىكى بولۇشى مۇم - كىن؟ يەنە بار، ئايا، تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ۋەقە بار تېخى.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قوغلاشقا ئالدىراپ، مەرگەننى سۆيلەپ، ئىتنىڭنى چاپتۇرساڭچۇ دەپ تۇرتۇپ تۇرغاندا، ئاخىر ئۇ ئىغىز ئىچىپتۇ: «توختاڭلار، تىنچلانساڭلارچۇ! مەن ھېچ ياققا بارمايمەن! ئەگەر بۇ مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن قارغىش بولسا، مەنمۇ ئۇنى، بۇ پەسكەش خوتۇننى قارغايمەن! ئادەمزات تۇخۇمىنى قارغايمەن. ئادەم بولغاندىن يىرتقۇچ بولغان تۈزۈك! ئەمدى ھەممىڭلار يوقىلىڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىرمۇ ئادەم بالىسىنى كۆرمەيمەن ۋە مېنىمۇ كۆرگۈچى بولمىسۇن. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ كۆزۈمگە كۆرۈنمەي يوقىلىڭلار! مېنى ئىزدىمەڭلار!» ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىپ، ئىتىدىن ئىرغىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، پىيادە تاغنى ئارىلاپ كېتىپ قاپتۇ. بۇنداق ئىشنى كۈتمىگەن تۇغقانلىرى دەسلەپتە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن كېيىن قوغلاپ يېتىشۋالايلى دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈرسە، ھېچ يەردىن ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىمۇ ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تىياتىر ئۇچۇن دىراماتىك كۆرۈنۈش بار: ئوۋچى يىگىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا بولغۇسى كېلىننىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، كېلىن پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ چېپىپ يۈرۈپ يىگىتىنى ئىزدىگۈدەك، چاقىرغۇدەك. بايا ئۇنىڭ ھېچ ياققا قاچمىغانلىقىنى، بۇنىڭ قارا يۈز ئىغۋاچىلار قۇرغان ئەجەللىك تۇزاق ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەي قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ كۈنى كېچىسى سۆيىقەستچىلەر قىزنى يوشۇرۇنچە كېلىپ تۇتۇپ، قولىنى باغلاپ ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ قاچقان. دەريا بويىغا كەلگەندە، يەنى مەرگەن يىگىت بىلەن چاي ئىچكۈزۈلگەن يەرگە كەلگەندە، ئوغرىلار ئۇنىڭ قولىنى يېشىپ، ئىككى ئادەم ئىككى تەرەپتىن قاماپ ئارىغا ئېلىپ دەريادىن ئۆتكۈزمەكچى بولغان. بۇ ھال ئۇنى قۇتقازغان. ئۇ يۇلقۇنۇپ ئاجراپ چىققاندىن

كېيىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتقان. ئوغرىلارمۇ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىشقان، لېكىن جىددىي سۇ ئېقىنىدا قىز غايىب بولغان. دەريا ئۇنى قۇتقازغانۇ، لېكىن ئوغرىلارنى ئېقىتىپ، تاشتىن تاشقا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. كارامەت بىلەن قۇتۇلۇپ قالغان كېلىن ئۇچقۇر قۇشلاردەك ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بايا مەرگەن يىگىت بىلەن ئايرىلغان يەرگە كېلىپ قالغان. ئەمدى ئۇلار قىزنى ئېلىپ قالماقچى بولۇپ قاماپ، ئۇنىڭدىن نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سوراشقانىكەن، لېكىن قىزمۇ ئۇلارنىڭ نەسىھەتىگە كۆنمەپتۇ. ئۇمۇ غايىب بولۇپتۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ غايىب بولغان كېلىن بىر سىر بولۇپ قاپتۇ، تاغدىن غايىبانە يىغا ئاۋازى كېلىپ تۇرىدىغان، يىغا ئاۋازىنى يىراقتىنلا ئاڭلىغىلى بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن چامامنىڭ يېتىشىچە ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئايا، ئۇ مۇنداق توۋلايدىكەن:

قايدىسەن ئەي مەرگىنىم،
سۆيۈملۈكۈم جان - تېنىم.
تەقدىرىمىز قوشۇلغان
ۋاپادارىڭ مەن سېنىڭ.

ئۆچتى قاراڭ كۆزۈمدىن،
قايدىسەن ئەي ۋاپادار.
قانات قېقىپ ئۇن سېلىپ
ئىزدەپ يۈردۈم مەن دىدار.

ۋاپادارىم، تاغلاردىن
سەن قونالغۇ تاپتىڭمۇ؟
مۇھەببەتنى، ھاياتنى

تاغ ـ داۋانغا قاتتىغمۇ؟

پايلاقچى بار كەينىمدە،
توسۇۋالار ئۇنى كىم؟
تاشتەك قېتىپ قالدىمۇ
زەرداپ بولغان يۈرىكىڭ؟

ئىچى تارلار قەست قىلىپ
بىزنى خار ـ زار ئەتتىمۇ؟
بىز توي قىلار كۈنىمىز
كەلمەس بولۇپ كەتتىمۇ؟

مېنى بۇلاپ ئەپقاچتى
بوغقۇچلاپ پۇت ـ قولۇمنى.
مەن دەريادىن ئۆتەردە
سۇغا ئاتتىم ئۆزۈمنى.

ۋەدىلەشكەن ئىككىمىز،
بىللە ماڭغان بويىدا
دەريا بىزنى تىنچ ـ ئامان
ساقلاپ قالدى قويىندا.

جېنىم قۇشقا ئايلاندى،
سېنىڭمەن دەپ تەلمۈرۈپ.
كۈتتۈم سېنى ئەزىز يار.
قىز ئاتىقىم ئۆچمىگەن
جۈپتىڭ ھەتتا مەڭگۈلۈك،
مەڭگۈ ساڭا ۋاپادار.

بولغاي ۋەدە يادىڭدا،

بىللە ئىچكەن ئىككىمىز
ئەركە دەريا سۈيىنى
ئاي گۇۋاھ بوپ ئايدىڭدا.
مەن يادىڭغا يەتكەندە
قايغۇرۇپ ئاھ ئۇرمىغىن،
ئاۋازىمغا جور بولغىن.
كۆكتە قۇشلار سايرىغان،
ئاقىنلار زەپ يايرىغان،
توي - تاماشا قايىنىغان
شۇنداق تاڭدا ئىككىمىز
ۋەدىلەشكەن ئىدۇق بىز،
بىر ئېقىندا ئاققان بىز
ئاشۇ كۈنى ئىككىمىز.
تاغلار بىزگە يول بەرگەي،
غار - ئۆڭكۈرلەر يورۇغاي
بۇلۇت تارقاپ، كۈن پارلاپ.
خىزىر كېلىپ ئالدىڭغا
يول كۆرسەتكەي يورغىلاپ.
ساڭا قاراپ تەلمۈرۈپ
بولدۇم شۇنچە ئىنتىزار.
قايسى تاغدا، قىيادا
يۈرسەن ئەي ۋاپادار؟
بىز ئەمەسمۇ ئات ئۈستىدە ئۆپۈشكەن،
بىز ئەمەسمۇ ئەجەب تاتلىق سۆيۈشكەن،
بىز ئەمەسمۇ ئوتتا بىللە كۆيۈشكەن،
بىز ئەمەسمۇ خۇشاللىقنى بۆلۈشكەن.
خۇدا بىزنى كۆرسۇن دەپ،
چىققان ئەرشكە بىللە بىز.

ئادەملەرمۇ كۆرسۇن دەپ
بىغىشلىغان ئۇلارغا
ئوتلۇق سۆيگۈ ئىككىمىز.
ئىدىڭ تازا ئامەتلىك،
ئوۋلىرىڭ بەك بەرىكەتلىك.
ئۇچرىغاندەك ئەجەل يەتكەن
ئوق ئوۋچىغا ئامەتلىك.
ئەۋلىيانى تارتۇقلاپ،
بىرىپ تاغچە كارامەت،
قۇدىلارغا يىلپىزنىڭ
تىرىسىنى ياپقانمۇ؟
بىز ئىككىمىز بىر بولماي
ئاسمان قانداق يورۇغاي؟
ئىككىمىزگە تەگكەندۇ
زادى كىمنىڭ قارغىشى؟
بىز ئىككىمىز بولمىساق
بەرھەق قىش ـ ياز تاغلارنى
ئىرىمەس مۇز قاپلىشى.
ئىككىمىزگە تەگكەندۇ
زادى كىمنىڭ قارغىشى؟
سەنسىز ئۆچەر كۆكتە ئاي،
سەنسىز قانداقمۇ ياشاي؟!
بىللە ماڭغان يولدا بىز
كەتتى يىراقلاپ نامىڭ،
مەرد، ئامەتلىك مەرگىنىم،
سۆيۈملۈكۈم جان ـ تىنىم،
نىمە سىنىڭ گۇناھىڭ؟
سەن بەختىمگە يارلىپ،

بولغاندىم بەختىيار،
نەدىن كەلدى بۇ بالا؟
ئەمدى ئۈينىيالماسمىزمۇ
گۈلخان يېقىپ بىز ئۇسسۇل؟
ئىككىمىز تاغ ئىچىدە
ئازغاشتۇقمۇ ئىزىپ يول؟
ئىزدىشىپ كۆپ، تېپىشتۇرماس
تەقدىر بەرگەن جازامۇ
ياكى بىزگە سېلىپ قول؟
بىرىمىزنى تاغدا قويۇپ،
بىرىمىز باغدا،
ئايرىۋېتىپ بىزنى تەقدىر
قويارمۇ داغدا؟
پايلاقچى بار كەينىمدە،
تۇسۇۋالغىن، سەن بارمۇ؟
نەدىسەن، ئېيت، نەدىسەن؟
شىددەت بىلەن ئۇچتۇم مەن.
دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ
كۆرەرمەنمۇ مەن دىدار؟
دەرد ئېيتىمەن غايىبقا،
ئېيتىمەن
تاغۇتاشلارغا مۇڭ ـ زار.
جاھان كېزىپ كېلىمەن،
ئۆزۈمنى ئىزدەپ كېلىمەن.
نەدىسەن، ئېيت، مەرگىنىم؟
سۆيۈملۈكۈم جان ـ تېنىم؟
ـــ ئۇھ، دەم ئېلىۋالايچۇ! ـــ دېدى ئارسىن سامانچىن

ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ، ــ دەم ئېلىشۋالاي، ئۇنۇم يەتمەي كەتتى.
ئۇلىنىپ داۋاملىشىدىغان بۇ داستاننى ئۇزاق ئېيتقىلى بولى-
دۇ، تەكرارلىنىۋېرىدۇ، كۆچەيتىلىۋېرىدۇ، چۈنكى بۇ شىكايەت-
تىن سەن ھېس قىلدىڭمۇ؟ قەلبتىكى ئازاب بارلىق زامان،
بارلىق ماكانغا قارىتىلغان. ئۇنىڭ يادروسى قەدىمىدىن تارتىپ
ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئازابلىق بولغانلىقىدا.
ئۇلار ھامان مەجبۇر قىلىنغان ئايرىلىشقا دۇچ كېلىدۇ، قايتا
ئۇچراشمىغۇچە ئۇلارنىڭ ئازابى ئاخىرلاشمايدۇ. سەن قىياس
قىلىپ باق، ھېچكىم كارى بولماي تۇرالمايدۇ، ھەممەيلەن
ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئادەمنىڭ قەلبى ئەنە شۇنداق تو-
زۇلگەن. بۇ تىياتىرخانىدا قويۇلسا، ئادەمنىڭ قەلبىنى قانداق
ھاياجانغا سالىدۇ ـ ھە! ئوپېرادا ھەتتا سەھنىنى يانداپ ئاقى-
دىغان دەريامۇ ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ ئوپېرا تىياتىرچىلىقىدا
مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش بولىدۇ ــ دەريا، دەريا بويىدا غايىب
بولغان كېلىننى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق ناخشا ئېي-
تىدۇ:

مەن دەريا، ئاقىمەن شارقىراپ تاغدىن پەسكە
ئۆزۈمنىڭ ئېقىنىدا قۇتقۇزىمەن سېنى.
مەن سېنى ئەكېتىمەن قەبىھ دۈشمەندىن،
سەن مېنىڭ ئىلاھەم، قۇتقۇزىمەن سېنى.
سەكرىگىن ئېگىز ياردىن قورقمىغىن سەكرە
بول، تېزرەك سەكرىگىن، كەلگىن قوينۇمغا،
ئاھ، ئۆزۈمنىڭ ئېقىنىدا قۇتقۇزىمەن سېنى.

ــ دەريانىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاۋازى ئىچىدە، سەھ-
نىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تەبىئەتنىڭ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى
كۈتۈۋاتقىنىغا سىمۋول قىلىپ خور ئېيتىلىدۇ. بۇلارنىڭ

ھەممىسىگە كۈچلۈك دۇخوۋوي مۇزىكا ماسلاشتۇرۇلىدۇ، مۇ-شۇنداق دېكىراتسىيە كۆرۈنۈشىدە ئايالنىڭ ئاۋازى —— سىنىڭ ئاۋازىڭ، پەقەت سىنىڭلا ئاۋازىڭ جاراڭلايدۇ — ئالەم غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلايدۇ، ئاي ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىشىپ بېرىدۇ... ئويلاپ باقە، بۇ قانداق كۆرۈنۈش، بىلەمسەن؟!

— شۇنداق، مەن قاتتىق تەسىرلەندىم، پۈتۈن ئالەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇنداق يىغىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىم، — دېدى ئايدانا، — دەريا ناخشا ئېيتىدۇ! قالتىس. ناخشا ئېيتالايدىغان دەريا! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىڭدە تۇتالامسەن، ئارسىن، بىر سۆزىنىمۇ قالدۇرماي؟

— بالىلىقىمدىن باشلاپ كۆپ قېتىم غايىب بولغان كېلىنگە ئاتاپ يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىدا ئاقىنلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا توقۇغان قوشاقلىرىنى ئاڭلىدىم. ئاھ، بۇنداق كېچىلەردە ئۇلار پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن قوشاق ئېيتىدۇ، ئۆز ھېكايىلىرىنى يارىتىدۇ! ھەربىر ئاقىن ئۆز ئالدىغا غايىب بولغان كېلىن ئۈچۈن ئازاب چېكىپ، جان دۇنياسىنى تاغلارغا چاچىدۇ — غايىب بولغان كېلىننى چاقىرىدۇ! ئۇلار ئۈچۈن بۇ سەن سەھنىدە ناخشا ئېيتقىنىڭنىڭ ئۆزى. ئۇلارنى بىكاردىن-بىكار تۆكمە ئاقىن دەپ ئاتاشمايدۇ-دە. مېنىڭدىن بىر قېتىم «تۆكمە ئاقىن» رۇسچىغا قانداق تەرجىمە قىلىنىدۇ دەپ سوراشقان. ئۇنى — «изливаущия барт» يەنى كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ تۇرىدىغان شائىر دەپلا تەرجىمە قىلىش كېرەك، باشقىچە تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ! ئاقىنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن قايغۇغا ئورتاقلاشقانلىقىدا، شۇڭا ئاقىنلار بىردەم ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر پىكىر-خىيالىنىڭ قۇدۇقىغا چۈشۈپ، بىردەم شامال بولۇپ كەڭ

يايلاقتا ئۇچىدۇ...

— چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن، — دېدى ئايدانا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — شۇنداق بولسىمۇ خەلق ئارىسىدا نېمە گەپ بار، مەرگەن كۆيۈئوغۇل نەگە كېتىپتۇ؟ ھاياتمىكەن، نېمە ئۈچۈن ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ؟ — بىلسەك بولاتتىغۇ!

— بۇمۇ مەڭگۈلۈك سوئال. ئۇنىڭ قەيەردە، قانداق بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھەممەيلەن ئۇنى كۈتۈشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېتىپ بارماق تەس بولغان بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتارمىش. پۈتۈن دۇنياغا لەنەت ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە لەنەت ئوقۇپ، بۇ ئالەمدىكىلەر بىلەن بولغان پۈتۈن ئالاقىنى ئۈزگەنمىش. كىشىلەر ئۇنى زاھىت بولۇپ كېتىپتۇ، تىبەتتىكى مەلۇم بىر غار ئىبادەتخانىسىدا يېتىپ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىكەن، دېيىشىدۇ. ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. بىراق كىم بىلسۇن، قىزىقفانلىق بىلەن قەيەرلەرگە كەتتىكىن؟ ئۇنىڭ نۇقتىسىدىن بۇ پۈتۈنلەي يارىتىلىشقا بولغان قارشىلىق، باشقىلار كۆپ ھاللاردا باش ئەگكەن يامانلىقنى شۇ پېتىچە قوبۇل قىلغۇسى كەلمىگەندەك، قاتتىق كۆڭلى يانغانلىق. تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، ھەتتا پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىمپېراتورمۇ مۇنچىلىك قايغۇرغان ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن — كۆيۈئوغۇل ئۈچۈن مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى نىشانى بولغانىكەن. قىسقىسى، بۇ ھېكايىدە دېيىلگىنى مۇشۇ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق داستانىنىڭ پەلسەپىۋى ئۇقۇمى ئاشۇنىڭدا. بىراق، بۇ ھېكايىدىكى ئاساسلىق قەھرىمان ئاشۇ غايىب بولغان كېلىن، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا ئۆلىسىمۇ قايتمايدىغان پىداكارلىقى. مۇھەببەت يولىدا تۆلەيدىغان بەدەل دائىم مۇشۇنداق بولامدۇ؟ كۆيۈئوغۇل بۇ دۇنيادىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى، ئادەمزاتنىڭ قارانىيەتلىك قىلمىشلىرى ۋە گۇناھلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆزىنى

ئۆزى چەتلەشتۈرۈۋەتتى، ئەمدى كېلىن بولسا ئادەمزات ئۈچۈن مەڭگۈلۈك كەچۈرۈم سوراپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كۈچىنىڭ تېرەنلىكى مەشەدە. مەن شۇنىمۇ ئېيتايكى، ئۇ بۇ ئالەمدىكى جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ۋە ئاھۇزارنىڭ سىمۋولى. نېمە ئۈچۈن مۇھەببەتتە يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان قايغۇلۇق ئىشلار گۈللىنىپ تۇرغان بەختكە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ؟

ــ شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، غايىب بولغان كېلىننىڭ ئۈچۈپ كېتىۋاتقان ئوبرازىغا، بۇ پەند ـ نەسىھەت داستانىغا جۇدالىق نەپرىتى، بۇ ئالەمدە ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇر ـ غان، يامانلىق پەيدا قىلغان قۇربان بېرىش جازاسىغا بولغان ئېچىنىش يوشۇرۇنغان. ياخشىلىق ئاخىر يامانلىق ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. غايىب بولغان كېلىن نەپرەت ۋە ھەسەتخورلۇق ئېلىپ كەلگەن يامانلىققا باش ئەگمەيدۇ، ئۇ كۆيۈئوغۇلنى زاھىتلىق ـ تىن ئەسلىدىكى تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ قۇتقۇزماقچى بولىدۇ. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بولغان بۇنداق مۇھەببەتنىڭ، ھەقىقەتكە بولغان بۇنداق ئىنتىلىشنىڭ، ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىدىن ئېيتقاندا، زامان، ماكان چېكى بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئارز ـ ۇسىدا بۇرۇن شۇنداق بولغان، كېلەچەكتىمۇ مەڭگۈ شۇنداق بو ـ لىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، دەريا قۇتقۇزۇپ قالغان غايىب بولغان كېلىن مەڭگۈلۈك سىمۋوللۇق ئوبراز بولۇپ قالغان. ھازىرقى مۇشۇ پەيتتە، ئۇ مۇشۇ يەردە، باغچىدا، بىز بىلەن بىللە تۇرماقتا. چۈنكى بىز پىكىر يۈرگۈزۈۋاتىمىز، ئۇ ـ نىڭ توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتىمىز، ئۇ بۇنى تۇيۇۋاتىدۇ. بۇ فولكلورلۇق تېما قىستۇرمىسىدا سەن مۇھەببەتتىكى ئالەم ـ شۇمۇل سېغىنىش تېمىسىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە! بۇ جەھەتتە سەن ماڭا تولۇق بىر دەرس ئۆتـ ـ تۈڭ ـ دە، يەنە كېلىپ ئالەمشۇمۇل، ــ دېدى ئايدانا سەل تە ـ ئەددى قىلىپ، ــ سېنىڭ توختىماي ئۆلىنىپ تۇرىدىغان

پىكرىڭدىن ھەيرانمەن! ــ دېدى ئۇ يەنە ئوچۇق تۇرغانلىقتىن بىرئاز توڭغان مۇرىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ ھاياجانلانغان ھالدا، ــ بىر مۇخبىر ئايىمىنىڭ سېنى «ئالەمشۇمۇل دۇنيا-ۋىزمچى» دېگىنى ئېسىڭدىمۇ؟ بەك قىزىق، دۇنياۋىزمچى، يەنە كېلىپ ئالەمشۇمۇل!

ــ مەيلى، شۇنداقمۇ بولاي دەي، بىراق سېنىڭ ئالدىڭدا يۇتۇنلەي باشقىچە بىر ۋەزىپە ــ ئۇپېرا سەھنىسىدە غايىب بولغان كېلىنگە ئايلىنىش ھەمدە ئاجايىپ ئاۋازىڭنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئالەمگە كۆتۈرۈلۈش ۋەزىپىسى تۇرۇپتۇ!

ــ ۋاي قويساڭچۇ! مانا مۇشۇ ئورۇندۇقتىن تۇپتوغرا ئا-لەمگە! دېمەك، مەن ئالەملىك يالغۇز ناخشىچى، ناخشىچى ئالەم ئۇچقۇچىسى بولىدىكەنمەن - دە! سېنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئادەم مەڭگۈ زېرىكمەيدىكەن!

ــ بىراق، مېنى كەچۈر! مەن راستىمنى ئېيتىۋاتىمەن! غايىب بولغان كېلىننىڭ ئۆزى بۇ يەردە بىز بىلەن بىللە، مۇ-شۇ باغدا، ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئارقىسىدا، ئاۋۇ كوچا چىرىغىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلى-قىنى بىلەمسەن؟

ــ نېمە دەۋاتىدۇ؟

ــ قۇلاق سال! ھە، سىلەرگە، سۆيۈشكەنلەرگە تەزىم قىلاي دەپ، مېنىڭ توغرامدا ئەسلىشەرمىكىن دەپ مۇشۇ كۈننى قاد-چىلىك كۈتتۇم بىلەمسىلەر، ئۇزاق كۈتتۇم. يىللار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆتۈپ كەتتى، بىرنەچچە ئەسىر ئۆتۈپ كەت-تى. مەن تېخىچىلا غايىب بولغان كېلىن سۈپىتىدە تۇرۇۋاتى-مەن، شۇڭا، ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ خاتىرىسىدە مەن بىر غايىب بولغان كېلىن، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر كېچىلىرى تاغلاردا قايغۇ - ئەلەم بىلەن يۇرگەن مېنى كۆرسە كېلىپ قالار دەپ گۇلخان يېقىپ، گۇلخان يېنىدا كۆرۈشۈشنى ئارزۇ

قىلىشىدۇ، شامانلارنى ئەرۋاھلارنى چاقىرىشقا سېلىپ، ئۇلار-
دىن غايىب بولغان كېلىنىنىڭ يەنە قانچىلىك ئۇزاق ۋاقىت
سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى، تاغلاردا ئۆزىنىڭ مەرگەن
يىگىتىنى قاچانغىچە چاقىرىپ يۈرىدىغانلىقىنى، كېلىنىنىڭ
قاچانغىچە دەرد تۆكۈپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئارقىسىغا قوغلاشقا
چۈشكەنلەرنىڭ كېلىنىنى قاچانغىچە قوغلاپ يۈرۈشىدىغانلىقى-
نى سورىشىدۇ، ئەرۋاھلارنىڭ جاۋابى ھامان ئۆزگەرمەيدۇ.
ئاڭلا، ئايدانا، بۇ ئىككىمىزگە مۇناسىۋەتلىك. ئەرۋاھلار ئۇلارغا
دۇنيا غايىب بولغان كېلىن ئارقىلىق خالايىقنىڭ ئالدىدا ئۇزۇ-
لۇك ئېيتىلغان ناخشىلاردىن ئۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر ئاڭلايدۇ، بۇ
ناخشىلاردا غايىب بولغان كېلىن ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەق-
دىرىنى بايان قىلىدۇ ھەمدە پۈتۈن دۇنيادىكى چېيىلا ئىچكۈزۈپ
قويۇلغان پۈتۈن كېلىنلەرگە مېنىڭ ناخشىلىرىمنى ساپ مۇ-
ھەببەتنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۆزۈڭلەرنىڭ يىگىتىڭلارغا
ئېيتىپ بېرىڭلار! دەيدۇ. مۇشۇ پەيتتە ئەرۋاھلارمۇ بىز سې-
لىۋاتقان پاراڭنى ئاڭلىغاي، ئايدانا! ئۇلار خالايىقنىڭ ئالدىدا،
يەنى كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالدىدا سېنىڭ غايىب بولغان كېلىن
رولىنى ئېلىپ راسا ناخشا ئېيتىشىڭنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئەرۋاھلار
خۇدا سېنى غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ئەلچىسى قىلدى! دېيىش-
تى. ئاسماندىكى خۇدامۇ، ئەرۋاھلارمۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەممە-
سى ساڭا رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىدۇ، ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ،
ناخشاڭغا مەدھىيە ئوقۇشىدۇ. سېنىڭ ناخشا ئاۋازىڭ ئالەمدە
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدۇ...

— ۋاي - ۋۇي، نەلەرگە كەتتىڭ! — دېدى ئايدانا مەسخى-
رە قىلغاندەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئالەم بوشلۇقىدا ئۇ-
چۇپ يۈرمەي، ئەقىل بىلەن پىكىر قىلىش كېرەك.

— ئالدىرىما، — دېدى ئارسىن سامانچىن يەنىلا تەن بەر-
مەي، — ئەقىل بىلەن پىكىر قىلىشقا ۋاقىت يېتىشىدۇ. ماڭا

ئىشەنمىسەڭ، ھازىر سەن ئاۋۇ ياققا قارا. كوچا چىرىغى يېنىـ-
دىكى دەرەخ تۈۋىگە قارا، سايىسىنى كۆردۈڭمۇ؟ قارا، ئـۇ رازد-
مەنلىك ۋە ئۈمىد بىلەن تىزلىنىپ تەزىم قىلىۋاتىدۇ. مەڭگـۈ
ئاشۇنداق ياش. ئاھ، نېمىدېگەن گـۈزەل، نېپىز يىپەك كـۆڭ-
لەكچان، قاناتقا ئوخشاش يەلپۈنگەن جىلىتكىسى بىلەن.

ئايدانا مـاقـۇل بولغاندەك باش لىڭشىتتى ـ دە، سۆزلـەپ
كەتتى:

ـــ سەن، ئارسىن، راستلا قاپلان يۈرەك خىيالپەرەس ئىـ-
كەنسەن. بىراق، خىيال سۈرگەندىمۇ چىنلىققا يېقىن بولـۇش
كېرەكقۇ. غايىب بولغان كېلىنىنى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچـۈن
مۇزىكا بولۇشى، نوتا بولـۇشى، پارتىـتۇرا، ئوركېستىر، سىـ-
نوگرافىيە، كىيىم ـ كېچەك، يۈز كىشىلىك خـور ئۆمىكى
كېرەك... مانا سەن ئېيتتىڭغۇ دەريا ناخشا ئېيتىدۇ دەپ، ئـۇ-
نىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەھنە جابدۇقلىرى نەدە؟ ئاخىرىدا،
كومپوزىتور، ئىجرائىي رېژىسسور، يەنە ھازىر ھەممىدىن زۆ-
رۈر بولغان نەرسىلەرنى ـــ بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچـۈن
زۆرۈر بولـغان مەبلـەغنى قانـداق تاپقۇلـۇق؟ ئوپېرا تىياتىرى
بىزدىلا ئەمەس، ھەممىلا يەردە ناچارلاشتى. دۆلىتىمىزنىڭ ھا-
زىرچە ئوپېرا بىلەن ئىشى يوق.

ئارسىن سامانچىن ئۇنىڭ پىكرىنى مـاقۇللىغاندەك قىلـ-
سىمۇ، يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى:

ـــ شۇنداق، بىلىمەن، ھازىر ئوپېرا تىياتىرى تاشلىنىپ
قالغان مۇقەددەس خانىقا. ئوپېرا تىياتىرى سەھنىلىرىدە ھۆ-
كۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈۋالغىنى چۈكۈنەم ئويۇن، مەسخىرىۋاز-
لىق ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بولۇپ قـالدى. بىلىـ-
مەن، مۇنەۋۋەر ناخشىچىلارنىڭ ھەممىسى بازارغا ئۇۋا ئىـزدەپ
كېتىپ قېلىشتى. راست شۇنداق. زامانىباب كومپـوزىتورلارنىڭ
ھېچقايسىسى ئوپېرا تىياتىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغـۇللانمايدۇ.

لېكىن، ئالىيجاناب سەنئەت خاراب بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىز بۇنىڭغا قانداقمۇ بىغەم ھالدا قاراپ تۇرىمىز؟

— سەن نېمە قىلاي دەيسەن؟

— ئەگەر سەن، ئايا، غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشنى خالىساڭ، مەن خۇددى توپا ئىتتىرگۈچتەك ئالغا قاراپ يول ئاچىمەن. مەقسەتكە چوقۇم يېتىمەن. كومپوزىتور ئابلايېف بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇم. ئۇ بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. پېيېسەسىنى يېزىۋاتىمەن. ئۇ بىز بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ. بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىمەن...

— ماقۇل ئەمسە، ئويلىشىپ بېقىپ ئاندىن بىر نېمە دەيلى... سەن ئالدى بىلەن پېيېسەسىنى يېزىپ چىققىن قەدىرلىك پېيېسە يازغۇچىم!

كېچە ھايدېلبېرگ قەدىمىي باغچىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. پىيادىلەر يولى چىراغلىرىنىڭ ئاستىدىكى سايە مىدىر - سىدىر قىلماي تاڭ ئاتقۇچە تۇردى. ئارسىن سامانچىن ئايدانا ساماروۋانىڭ بىلىكىدىن ئېلىپ قەلئەگە قاراپ ماڭدى، يول بويى يەنە شۇ تېما ئۈستىدە پاراڭلاشتى. كارىۋاتقا چىققاندىن كېيىنمۇ شۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە موسكۋاغا، ئۇ يەردىن ئۆز يېرىگە ئۇچماقچى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردا مۇنداق ئۇچرىشىش بولۇپ باقمىدى. لېكىن، «غايىب بولغان كېلىن» ئىدىيەسى ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىنى تېخىمۇ كۆپ ئىلھامغا ئىگە قىلىش، ھەتتا ئۇلارنى ئۇنتۇلماس قىلىۋېتىش ئۈچۈن تەڭرى تەرىپىدىن ئىنئام قىلىپ بېرىلگەندەك بولۇپ كەتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئاڭ - سېزىمىنى شۇنچىلىك جەلپ قىلىۋالدىكى، بەزىدە — ئۇلار دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىگە، نېمىس رومانتىزمىنىڭ مەركىزىگە، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىگە بۆلىنىش، پانىي

ئالەم تۇرمۇشىنىڭ ئۈستىدە قاناتلىنىش ئۇچۇنلا بىرىپ قال-
غاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى، ئاشۇ رومانتىك ۋە ئالىيجاناب
مۇھىتتا، كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى — ئىلگىرى باش-
تىن كەچۈرگەن تۇرمۇش، ئۇنىڭدىكى مۇشكۇلاتلار، توقۇ-
نۇشلار، ماجىرالار، ئەرز - شىكايەتلەر، غەزەپ - نەپرەتلەرنىڭ
ھەممىسى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، قويماي نىرىغا چۆرۈۋېتىلدى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا، ھەم ئۇنىڭ تۇر-
مۇشىغا قارىتىلغان — ئايدانا بىشىدىن مەغلۇبىيەتلىك بىر
توينى كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭدىن
ئايرىلىپ كەتكەن، خۇددى ئارتىسلار ئارىسىدا پات - پات بولۇپ
تۇرىدىغىنىغا ئوخشاش، يەنە كېلىپ بۇ ئىشلار ناھايىتى تېزلا
ۋاقتىنچە ئەستىن كۆتۈرۈلگەن. بۇ يەردە، ھايدېلبېرگ قەدىمي
باغچىسىدا، تەقدىر ئۇلارنى باشلاپ كەلدى، ئۇلار ھەممىدىن پاك
جان، ئارسىز ئىلاھ، ئايدانا ئىلاھە، غايىب بولغان كېلىن ئۆ-
زىنىڭ ئەبەدىي ئۇنتۇلماس قايغۇ - ئازابىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ
ئالدىدا پەيدا بولدى...

لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەممىسى ئۇزۇل - كېسىل
ئۆزگىرىپ كەتتى...

ئېھتىمال، تەقدىرگە پۈتۈلگىنى شۇدۇ. گەرچە ئەڭ دەس-
لەپكى باسقۇچتا ئۇلار ئۇچرىشىپ، «غايىب بولغان كېلىن»نىڭ
قۇرۇلمىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكەندەك قىلىپ سۆز-
لەشكەن، بىرنەچچە قېتىم تېلېفونلاشقان بولسىمۇ، كېيىن
بىرىپ ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان — ئايدانا «لىمۇزىن»غا ئولتۇ-
رۇپ، تېلېۋىزوردا پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆرۈرمەنلەرگە ئۆزد-
نى كۆرستىپ قويۇپلا كېتىپ قالغان. بۇ «لىمۇزىن»نىڭ ئار-
قا ساندۇقىغا قانچىلىك پۇل قاچىلاندىكىن؟ لېكىن، بۇنى سە-
ۋەب قىلىپ ئايدانانى ئەيىبلىگىلى بولاتتىمۇ؟ كىمنىڭ كۆپرەك
ئىگە بولغۇسى، كۆپرەك تاپقۇسى كەلمەيدۇ؟! يەنە تېخى داڭقى

چىقىدۇ — قىسقىسى، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسە-تىنى قايسى ئارتىس قولدىن بېرەتتى! ئايدانا ھازىر ئۇنىڭ بىلەن — ئەرتاش كۇرچال بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولسا كې-رەك. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ھازىر دېگەن كېلىشىم ئەسىرى - دە! ئۇنىڭ شۇنداق ھوقۇقى بار. ئەمدى سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ، بايلارغا قارشى كۈرەش قىلغۇچى نەس باسقان با-تۇر؟! يازغان ئاشۇ بىر نېمىلىرىڭدىن بۆلەك يەنە نېمەڭ بار؟ ھازىر ھەتتا مەتبۇئاتمۇ شۇ يەردىكى بايلارنىڭ قولىدا تۇرسا.

ئارسىن سامانچىن چۈشكۈنلىشىپ مۇشۇ ھالغا — ھە-سەتخورلۇققا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن تەربىيە كۆرمىگەن دەپ ئۆزىنى تىللىدى، ئۆزىگە لەنەت ئوقۇدى... ئۇ ھالاكەت گىردا-بىغا بېرىپ قالغانىدى. بۇ ھالغا خاتىمە بېرىش كېرەك ئىدى. كۈچلۈكنى كۈچ بىلەن يېڭەلىگۈچىلا كۈچلۈك، دەپ ياخشى ئېيتىدۇ بەزىلەر. ئاممىۋى مەدەنىيەت بۇ غايىچىنى ئىلگىرد-كىن قوپالماس قىلىپ چەيلىۋەتتى... ئەرتاش كۇرچال خۇدا ئېتىراپ قىلغان كۈچتۈڭگۈرگە ئايلاندى. ئۇنىڭ قانچىلىك مېھمانساراي — رېستورانى، قانچىلىك تىياتىر ئۆمىكى، قانچىلىك تەنھەرىكەت مەيدانى بار دېمەمسىز، قانچىلىك ئېلان شىركىتى ۋە تېلېۋىزىيە قانىلى بار دېمەمسىز! بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق - ئاشكارا، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي قانۇنىي رەۋىشتە ئىگىلەپ تۇرماقتا. ئۇ ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ غايەت كۈچلۈك دولقۇنىنى قوزغاپ، ئارسىن سامانچىننى غەرق قىلىپ تاشلىدى، «غايىب بولغان كېلىن»نىمۇ ئىشقا ئاشۇرغى-لى بولمايدىغان ئىنتىلىش سۈپىتىدە ئارقا ھويلىغا چۆرۈپ تاشلىدى...

كېيىنرەك ئادەمنىڭ ئەقلىگىمۇ كەلمەيدىغان، ئادەمنى قىينايدىغان بىر ئېغىر يۈك — بۇ ئۆلگۈر ئەرتاش كۇرچالنى ئۆلتۈرۈش خىيالى ئۇنىڭ يۈرىكىنى باستى. ئۆچ ئېلىشتىن ئىبارەت ئوت ئاستا - ئاستا يالقۇنلاپ، يۈرىكىنى قاتتىق ئې-

چىشتۇرۇپ كەتتىكى، ئۇ ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك
دېگەن نىيەتكە كەلدى. پۈتۈن ئوي - پىكرىنىڭ ھەممىسى مۇ-
شۇنىڭغا كېلىپ مۇجەسسەملەشتى. سوغۇققان بولماسلىقتىن
ئۇنىڭدا مۇشۇنداق خاپىلىق كېلىپ چىقمىغاندۇ؟ خاپىلىق ئۇ-
نىڭ گېلىنى بوغدى، نەپەس ئالالماس قىلىپ قويدى — بىر
ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنى خالتا كوچىغا باشلى-
دى. بۇ تەقدىرنىڭ ئوينىتىشىمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ شادلىقىدا تۇ-
غۇلغان ئاشۇنداق ئالىيجاناب رومانتىزملىق ئىدىيەنىڭ ئورنى-
نى مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ئۇسۇل — كاللىدىن چىقىرىۋې-
تىشكە بولمىغان ئادەم ئۆلتۈرۈش ئارزۇسى ئالىدىغانلىقىنى
كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن. بىراق، بىردىنلا ھۇجۇم قىلىپ
كېلىپ قالغان ئاشۇ ئۆلگۈر كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ سەگەك ۋاقىت-
لىرى بولدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا مېھىر - شەپقەت يېغىپ تۇر-
غان پىكىر كېلىپ، ئايدانا ساماروۋانى ئۆزى بىلەن بىرگە غا-
يىب بولغان كېلىن ئالدىدا توۋا قىلىشقا كۆندۈرۈپ، تاغلارغا
چىقىپ گۈلخان يېقىپ، ھايدېلبېرگتىكى خام خىيالنى ئە-
مەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىغا ئەپۇ سوراپ ئۈن سېلىپ قاتتىق
يىغلىۋېلىش ئويىدىمۇ بولغانىدى... 108
لېكىن، ئايداناغا تېلېفون بېرەلمىدى. بەلكىم شۇنداق
بولغىنى ياخشى بولغاندۇ — ئايدانانىڭ ئۇنى قانداق مەسخىرە
قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. بۇ بىرنېمە ئۇزۇل -
كېسىل ساراڭ بولۇپتۇ! — دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى ئۇ-
نىڭ. لېكىن ئۆزى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت تاغلارغا كېلىپ
غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ئەرۋاھى ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ
توۋا قىلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئاسماننى مۇھەببەتنىڭ
ئىنئامىنى رەت قىلىدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق ۋە بولۇشى-
مۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە گۇۋاھ بولۇشقا ئۆتۈنۈشىنى ئۈمىد
قىلاتتى (يەنە سەپسەتە ساتقىلى چۈشتىغۇ)، چۈنكى مۇھەببەت
سۆيۈشكەنلەرنىڭ مەڭگۈلۈككە قاراپ ماڭغان ئورتاق يولى، مۇ-

ھەببەتنىڭ ئاساسىنى قەستەن بۇزۇش مەڭگۈلۈكنى ئۆلتۈ-رۈشتۇر. شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇھەببەت دېگەن ئۆلمەس-لىككە ئىنتىلىش ئەمەسمۇ، خۇدا بۇيرۇغان بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈش ھەربىر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن... (كىم قانداق قەدەم باسىدۇ — گەپ مەشەدە.)

بىراق، يەنىلا بېشىغا قانچىلىك مەسخىرە ياغدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى! بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ كىمگە كېرىكى بار! ئايدانا شۇنداق قىلارمۇ؟ «ھوللىۋۇدقا يۇرۇش قىلىش» خىيالىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ چولپان (ھېلىقى ئەرتاش كۆرچال ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىنو فىلىمى ئىشلىمەكچى بولۇپ يۈرگەنمىش) ئۆزىنىڭ سودا كونسېرتى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ تاغلارغا بېرىپ ئەرۋاھنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىنى، غايىب بولغان كېلىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتەرمۇ؟ قىزىق گەپ - تە بۇ!

ئەنە شۇ تەرىقىدە، ئالدىدا ھېچقانداق يورۇقلۇق كۆرۈنمىدى.

تەقدىر بۇنى ئۇنىڭغا «ياۋرو - ئاسىيا» مېھمانسارىيىدا بەكمۇ ئېنىق ۋە توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىسى خاتىمە... جاۋاب تەرىقىسىدە بىر ئەر تەدبىر كۆرۈش زۆرۈر ئەمەس، پەقەت بىر تال تاپانچا بولسىلا كۇپايە... لېكىن ئۇنى نەدىن، قانداق تاپ-قۇلۇق؟ ئەجەب بىر ئەخمىقانە مەسىلە بولدىغۇ! نېمە ئۈچۈن تۇرمۇش ئۇنى ھېچقانداق رەھىم - شەپقەت قىلماي مۇشۇنداق ھالاكەت يولىغا باشلايدۇ؟ شۇنداق ئىكەن، يەنە تۇرمۇشنى ئاياپ تۇرماي كەلسە - كەلمەس ۋەيران قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ نېمە پايدا؟ ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندا ئاخىرقى سۆزنى ئېيتىشلا قالدى!

ئارسىن سامانچىن مانا مۇشۇنداق باش - ئايىغى يوق ئوي - خىياللارغا پېتىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈرەش قىلىپ بىر كې-چىنى ئۆتكۈزدى، تەنھا ھالدا بىردىنبىر چىرىغى يېنىپ تۇرغان دېرىزە ئالدىدا ھويلىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن

بەش قەۋەتلىك بىناغا قاراپ ئويلىناتتى، قايغۇراتتى، ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزىنى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈشتەك دۇنيا بويىچە ئەڭ ۋەھشىي جىنايەتتىن ۋاز كېچىشكە كۆندۈرمەكچى بولاتتى. لېكىن، قەلبىدە كۆچىيىپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئېلىش نىيىتى ئۇستىدىن غالىب كېلەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا قاتتىق ئازاب چەكتى...

شۇ كېچىسى ئۇقىيلىپىزمۇ تاغدىكى بەل ئاستىدا قاتتىق ئازاب چەكتى. بۇ يەككە ـ يېگانە يىرتقۇچ ھايۋانمۇ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يالغۇزلۇقىدىن ئويلىنىپ، قايغۇرۇپ، ئۇزۇل ـ كېسىل تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ يۇلتۇزلارغا قارايتتى، غەزەپتىن پەس ئاۋازدا خىرىلداپمۇ قوياتتى. پۈتۈن ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزلار يەكدىللىك بىلەن نۇرىنى چاچاتتى. ئۇ يەرگە بارالىسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە، يۇلتۇزلار بىر ـ بىرىنى يەكلەپ قوغلاشمايدۇ، ئۇلار ياز ـ قىش دائىم بىللە...

بۇ چاغدا ئارىسىن سامانچىنىمۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇرغان. ئۇنىڭمۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىغا كەتكۇسى ۋە ھېچ نەرسە ئۇستىدە ئويلانغۇسى كەلمىگەن...

لېكىن، ئويلانغۇسى كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان — قەيەردىندۇر بىر چوڭقۇرلۇقتىن بېشىغا بىر ئوي كەلگەن: ئاكام ئارداق سامانچىنىدىن ياردەم سورىسام قانداق؟ ئارداقنىڭ سودا ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە تونۇشلىرى تېخىمۇ جىق، ئالاقىسى تېخىمۇ كەڭ. ئۇ ئەسلىدە ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىدى، ھازىر بولسا ئىت ـ ئاپشاركا بېقىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاپشاركىلىرىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنى ياۋروپاغا، كۆپرەكىنى گېرمانىد-

يەگە ئاپىرىپ ساتىدۇ. بۇنداق ئاپشاركىلارغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى زور ئىكەن، تەلەپنى قاندۇرغىلى بولمايۋېتىپتۇ. ئاپ-شاركىلارنى ئېلىپ چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئارداق ماھىرلىق بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەييارلىيالايدىكەن. قىسقىسى، شۇنىڭ بىلەن ئوقەت قىلىدۇ. ئۆيدە ئوقۇۋاتقان ئۈچ بالىسى — بىر قىز، ئىككى ئوغلى بار. خوتۇنى گۈلنارە ئەسلىدە سانىتاركا ئىدى. ئۇلار بازارغا ماسلاشقان ماھىرلاردىن بولۇپ چىقتى. «ئىتلار-نىڭ ياردىمى بىلەن ماسلىشىپ كېتىۋاتىمەن!» دەيتتى ئارداق سامانچىن چاقچاق ياكى راستلىقىنى بىلدۈرمەي. ئۇلارنىڭ شەھەرگە يېقىن يەردە ئۆي، ھويلا - ئارامى، ئاپشاركا كاتەكلى-رى ۋە يەنە بىر «ژىگۇلى» ماركىلىق پىكاپى بار ئىدى.

ئارداق تەربىيە كۆرگەن، ئىشچان، كۆپ ئوقۇغان ئادەم ئىدى. بىرلا يېرى تۇيۇقجاردىكى تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئاپشاركى-چىلىقىنى ياراتمايتتى، ئۇنىڭغا نارازى ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىزا تارتىمىز دېيىشەتتى. ئوقۇدى - ئوقۇدى، دوختۇرلۇق گۇۋاھ-نامىسىغا ئېرىشتى، لېكىن پۈتۈن دۇنيانى ئارىلاپ ئىت سې-تىپ يۈرىدۇ، بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ، دېيىشەتتى. بولۇپ-مۇ ئۇلارنىڭ ھەدىسى، ھازىر يەنىلا ئائىلىدا تۇرۇۋاتقان قادىچا ئۇنىڭ ئاپشاركا سودىسىنى تىلغا ئالسىلا ئىزا تارتقىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ئىت سودىسىدىن ئى-بارەت بۇ پاكىتنىڭ ئۆزى ئائىلىدىكى نۇرغۇن كىشىنى ھەيران قالدۇردى: بۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ قاراڭلارچۇ، قانچى-لىك ئىت - كۈچۈك ئارقا ھويلىدا، كۆكتاتلىقتا قاتراپ يۈرۈ-شىدۇ، قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىكىنى تۇتىدۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، يەنە تېخى مۈشۈك سېتىشى، ھەتتا چاشقان سودىسى قىلىشىمۇ مۇمكىن!

لېكىن ئارداق سودىسىنى توختاتمىدى، بىراق ئائىلىغا كەلمىدى — تىل - ئاھانەتكە قېلىپ نېمە بوپتۇ؟

لېكىن، ئاكا بولۇش سۆيىتى بىلەن ئۇ مۆرىتى كەلسە ئارىسىنى تەتقىدلەپمۇ قويالىتى. سەن قاچانغىچە دۇنيانى بويتاق كېزىپ يۈرىسەن؟ قاچانغىچە سوزىسەن؟ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئايال دېگەن شەھەردىمۇ، ئايىلدىمۇ قۇمدەك. ھىم، نېمىسى بار ئىكەن، شۇنداق بولغان، تۇرمۇش قۇرغان، ئۇڭ كەلمەي ئاجرىشىپ كەتكەن، شۇغۇ! لېكىن، ئۆمۈرۋايەت خوتۇن ئالماي ئۆتىدىغان ئىش يوق ـ تە. دۇرۇس، سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇڭ بار، بىرنەچچە خىل تىل بىلىسەن، مەشھۇر مۇخبىر ـ ژۇرنالىست، بۇ زاماندا راسا مودا بولىۋاتقان ئىش، ھەممىسى سېنى مەتبۇئات كونفېرېنسىيەلىرىگە چاقىرىشىدۇ... قىسقىسى، ئۆزۈڭگە يېتىپ ئاشىدۇ. لېكىن بويتاقلىق — يالغۇزلۇقنىڭ ئورنىنى ھېچ نەرسە تولدۇرالمايدۇ، ئەگەر سەن راھىب بولمىساڭ.

ياق، ئارداق ئارقىلىق تاپانچا تاپقىلى بولمايدۇ ـ دە، سۆزسىز نېمىگە، نېمە ئۈچۈن بىردىنلا تاپانچا كېرەك بولۇپ قالدى، دەپ سورىغىلى باشلايدۇ. ئۇ بەك ئەستايىدىل، دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بەك ئەستايىدىل كېلىدۇ، گەرچە بەزى ـ بەزىدە ئاز ـ پاز ھاراق ئىچىۋالسىمۇ... لېكىن، بۇنداق ئىنچىكە ئىشقا بىر تۇغقان ئاكىنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ناۋادا ئۇ بىلىپ قالسا... ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۇنىمايدۇ...

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن مەھەلدە دېرىزىدىن يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئۇ ئاشۇنداق ئويلاپ كەتتى. ياز كۈنلىرىدە يۇلتۇزلار دائىم مۇشۇنداق ئالامەت كۆپ بولىدۇ. ئەمىسە مۇشۇنداق ياشاۋەرسۇن: «نۇرىنى چېچىۋەرسۇن، باشقىسى توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.»[1]

[1] ماياكوۋسكىينىڭ «ماياكوۋسكىينىڭ يازدا داچىدا باشتىن كەچۈرگەن سىر ـ گۈزەشتىلىرى» دېگەن شېئىرىدىن.

# 5

ئەتىگىنى تېلېفون قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىشقا مېڭىۋېتىپ، ئۇ تېلېفون قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالسىكەن دەپ ئويلىدى — ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق تۇرۇپ تېلېفون ئالغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، كىمدۇر بىرى تېلېفوننى توختىماي جىرىڭلىتاتتى. بىراق، بۇمۇ بىرخىل ئارام — ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان پەرۋاز ۋە خىيالىي چۈشلەردىن كېيىن دەرھال رېئال كۈندىلىك تۇرمۇشقا ياناتتى، ھە دېگەندىلا تېلېفون كېلىپ قالدى. بايا ئۇ ئۆز ئادىمى — بەكتۇر ئاغا — رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئىكەن. ئۇنىڭدىن پات - پات تېلېفون كېلىپ تۇراتتى، مەيلى قانداق بولمىسۇن، ھامان تۇغقىنى - دە. ئەمما، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى (بۇنداق ئادەملەر تېخىمۇ كۆپ بولغاي)، يۇرتى تۇيۇقجار ئايىلىدا بارلىق كولخوزلار بىردەك تارقىتىۋېتىلگۈچە كولخوز رەئىسى بولۇپ تۇرغانىدى. بۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. كېيىن ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەنمۇ ئەمەس. ئۇ تۇنجى تۇركۇمدە سودا خاراكتېرىدىكى ئوۋچىلىق بىلەن پۇل تېپىشنى خىيالىغا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزەڭگىلەش تاغ تىزمىسى رايونىدا ئاتاقلىق ئوۋچى كارخانىچى بولۇپ قالغان ۋە «مەرگەن» شىركىتىنى قۇرغان. كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولغان، يېقىندا تېخى كۆپلىگەن چەت ئەللىك خېرىدارلارنى جەلپ قىلغان، نۇرغۇن چەت ئەللىك «مەرگەن» شىركىتىدىن ئىبارەت بۇ لىنىيەنى ياقىلاپ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئارسىن

سامانچىن تاغىسىنىڭ چەت ئەللىك ئۇۋچىلارنى تەكلىپ قىلىشقا ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى تەييارلىشقا ياردەملەشكەن.

مۇبادا تېلېفون جىرىڭلىمىغان بولسا، مەنىۋى ۋە ئىرادە جەھەتتە يېڭىشكە بولمايدىغان ۋە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ ئازابلارنى، مەنىۋىيەت جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بېرىشىنى كىممۇ بىلسۇن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئارسىن ھەرقانداق كىشى بىلەن پاراڭلىششىنى ھەرگىز خالىمايتتى، تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن بەكتۇرغان سامانچىنىنىڭ تونۇش ئاۋازى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ كۆرۈشكەندىن كېيىن نېمە توغرۇلۇق پاراڭ بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ھە دېگەندە، ئالدى بىلەن تىرىشىپ ئۆزىنى سەگىتىپ، ئەسلىي ھالىغا كەلتۈرۈۋېلىش، روھىيەت جەھەتتىكى يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان سەنتۈرۈلۈشنى توختىتىش ئۈچۈن كۆرۈشۈش ۋاقتىنى چۈشتىن كېيىنگە قالدۇرۇشنى ئويلىدى. لېكىن، رەسمىي گەپكە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى ئامان - ئېسەنلىك سوراشتەك گەپلەردىن كېيىن ئارسىن بىردىنلا قانداق قىلىپ ئاسانراق تاپانچىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى قىنىغان مەسىلىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشنى يادىغا كەلتۈرۈپ قالدى - دە، خېلىلا يېنىكلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ۋاقتىنى ئارقىغا سوزماي پاراڭلىششقا ماقۇل بولدى ھەمدە تاغىسىدىن ئالدىراشلىقى سەۋەبىدىن تېلېفون بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈندى.

ئۇلارنىڭ پارىڭى ئارسىنىنىڭ خېلىدىن بېرى ئويلاپ كەلگەن ھېلىقى زور ئىشىغا زادىلا تاقالمىدى. مەقسىتى گەرچە يامان ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بەربىر قورقۇنچلۇق بولغان بىر قەستلەش ئىدى. ئىككىسى خۇددى تۇغقانلار ئادەتتە پاراڭلىشىدىغاندەك، ئىنچىك پاراڭلىشىپ كېلىشۋاتقان گەپ — بەك-

تۇرغان سامانچىنىنىڭ ئۇۋچىلىق سودا ئىشىنى قوللاش ئۇس-تىدە پاراڭلىشىپ كەتتى.

— ئاخىر سىزنى تاپتىم، بىلەمسەن، مەن ساڭا بىر كۈن تېلېفون بەردىم، ھامان ئالغىلى بولمايدۇ، — دېدى بەكتۇرغان ئاغا — كۆپچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بەكتۇرغان سامانچىنىنى ئاشۇنداق دەپ ئاتايتتى، — ئالدى بىلەن ئاغرىنىپ گەپ باشلاپ، — نەگە كەتتىڭ، ئارسىن؟ يانفونۇڭ تېخىچە ئېتىك.

— بەكتۇرغان ئاغا، سەن شەھەردىمىدىڭ؟

— نەدە بولاتتىم شەھەردە بولماي، سىزنىڭ بىلەن مەسلە-ھەتلىشىدىغان ئىش بولغاچقا يۈگۈرۈپ كېلىشىم. نېمە، سەن ئەرەب مېھمانلارنىڭ ئاق يىلپىز ئۇۋلاشقا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ ھەممىنى سەن ئورۇنلاشتۇرغانتىڭغۇ. ئۇلارغا بىر تەرجىمان كېرەك ئىكەن، يەنە كېلىپ يۈزدەيۈز ساڭا ئوخشاش تەرجىمان. لېكىن سىزنىڭ ئارقىغا سوزغىنىڭ سوزغان، نېمىش ئۇ سىزنى ئارقىغا تارتىۋاتقان؟ سەن ھەممىدىن بەك مۇستە-قىل، ھەممىدىن بەك ئەركىن بولغان ئەركىن كەسىپتىكىلەر-دىن ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ قانداق بولغىنى؟... ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايسەن...

— ياق، بەكتۇرغان ئاغا، ھەرگىز ئۇنتۇمىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا ئارقىغا سۆرەيسەن؟ مەن ساڭا ئىشىد-نىپ يۈرۈۋاتىمەن جۇمۇ. ۋاقىت ئاز قالدى — ئەرەب مېھ-مانلارنىڭ كېلىشىگە يەتتە كۈنلا قالدى، سەن بولساڭ ئۇن چى-قارماي يۈرىسەن...

— ئەنسىرىمە بەكتۇر ئاغا، مەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىس-غا بىۋاسىتە ئاڭلىتىدىغان بىر چوڭ نومۇر تەييارلاۋاتىمەن. تۇرغۇن چەت ئەللىك مۇخبىر كەلدى. لېكىن سەن ئالدىرىما، مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئەرەب مېھمانلارغا مەن ئۆزۈم ھەمراھ بولىمەن، ھەم تەرجىمان بولىمەن، ھەم ھازىرقى

كىشىلەر دائىم دەيدىغان ۋاستىچى بولىمەن. ئۇلارغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولىمەن.
ــ ئۇنداق بولسا خۇداغا شۈكرى! ئاتاڭنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى بىلەن ئىش قىلغاندا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا قانداق بولىدۇ! كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان باشقا ئوۋچىلار جىق، بىراق بۇنداق ئەرەب مېھمانلارنىڭ بىزنىڭ تاغلىرىمىزغا كېلىشى بىرىنچى قېتىم، ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىدەك كېلىشىدۇ. يەتتە كۈنلا ۋاقىت قال ـ دى. يەنە قانچىلىك نەرسىلەرنى تاغلاردا، جىلغايۇ ئېدىرلاردا تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ! ئەڭ مۇھىمى، ھازىر دەل ئاق يىل ـ پىزلارنىڭ بەلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇۋىلىرىدىن بىزنىڭ ئۇ ـ زەڭگىلەشكە قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى، قىمىرلاش كېرەك.
ــ چۈشىنىپ تۇرىمەن، بەكتۇر ئاغا. مەن تەييارمەن دې ـ دىمغۇ.
ــ ئەمىسە بىز كۆرۈشىلى، ئارسىن، ئەتراپلىق كېڭە ـ شەيلى. يەنە ئېيتقاچ كېتىدىغان بىر ئىش بار. بىز سېنىڭدىن خاۋاتىرلىنىۋاتىمىز...
ــ كۆرۈشىمىز، بەكتۇر ئاغا. ھازىر سائەت توققۇز بول ـ دى. ئۇن بىردە بولسۇن. قەيەردە كۆرۈشىمىز؟
ــ سېنىڭ ئۆيۈڭدە كۆرۈشەيلىمۇ؟
ــ بولىدۇ، مەن چاي تەييارلاپ قويىمەن.
ــ مەيلى، ئارسىن. بىراق چاي تەييارلاشنىڭ نېمە ھاجە ـ تى؟ مەن يىراقتىن كەلگەن مېھمانمىدىم؟ ئەگەر خوتۇنۇڭ بولغان بولسا، ئۇ باشقا گەپ ئىدى. تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى غېمىڭنى يەپ تۇرىدۇ، سەن بولساڭ... بوپتۇ ئەمىسە. ئۇن بىر ـ دە بارىمەن.
ــ كۈتىمەن، بەكتۇر ئاغا، كۈتىمەن.
تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويغاندىن كېيىن ئارسىن ساماـ

چىن يىنىكلەپ ئۇھ دېدى. ئەتراپىغا قارىدى. بەكتۇر سامان-چىنىنىڭ شوپۇرىغا تېلېفون بەردى. شوپۇر ياخشى يىگىت ئى-دى، تاغىسىنىڭ ياخشى بىر جىپ ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى، ئىسمى ئىتتباي ئىدى. ئارسىن بەزىدە چاقچاق قىلىپ: ئىتتى-باي دېگەن «ئىتتى باي كىشى» دېگەن بولىدۇ، دەپ قوياتتى. باققان ئىتتى باي بولسا، دېمەك، باققۇچىمۇ تەبىئىي ھالدا قۇ-رۇق قالمايدۇ ـ دە! ئاھ بايلىق توغرىسىدىكى مەڭگۈلۈك خى-يال. ئادەم دېگەن قانداق چىرايلىق سۆزلەرنى ئويلاپ تاپماي-دۇ... ئۇ ئىتتباي بىلەن مېڭىشتىن ئىلگىرى تېلېفون بېرىپ قويغىن، دەپ كېلىشىۋالدى.

بۇ چاغدا ئارسىن سامانچىن بىرئاز تىنچلاندى ۋە قايتىدىن چوڭقۇر ئويغا پاتتى. شۇ، شۇبھىسىز، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئا-دىمى بولغان بەكتۇر سامانچىننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى، بۇ ئەزىز مېھمان ۋە ئوۋچىلارنى ــ ئەرەب نېفىت ماگناتى ھە-سەن بىلەن مىسىرنى كۈتۈۋېلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئۇ ئىككىسى بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكا ئىكەن. بەيگىگە، ئوۋ ئىتلى-رىنى بېقىش ۋە خەتەرلىك ئوۋ ئىشلىرىغا ئامراقمىش. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئىككىيلەن بىلەن بىللە ئاق يىلپىز ئوۋلىغىلى (بىلىش كېرەككى، ئاق يىلپىزغا ئوخشاش مۇنداق قىممەتلىك ھايۋان دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە يوق، يېقىن شەرقتە تېخىمۇ يوق، بۇنداق ھايۋانلار ئۇ يەرنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىرىغا چىداي-مايدۇ، ئۇلارنىڭ ماكانى چوققىلىرى ئاسمانغا تاقىشىدىغان ئې-گىز تاغلاردا، ئۇ يەرلەردە يازدا سالقىن، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان چىراي-لىق تېرە يوق، ئۇنىڭ ھەربىر مويى ئالتۇندەك قىممەت...) كېلىدىغانلار ئىچىدە زور بىر تۈركۈم خىزمەتچىلەر، نۆكەرلەر، يول باشلىغۇچىلار بولىدۇ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم ئوۋ قوراللىرى بىلەن، ھەم باشقا قوراللار بىلەن قوراللانغان بولى-

دۇ. دېمەك، ئۇ پۈتۈن سەپەردىكى تەرجىمان ھەم ھەمراھ بول-
غۇچى سۈپىتىدە، ئۇلارغا ئوخشاش قوراللىنىدۇ، بەلكىم كارا-
بىن مىلتىقى ئالار، تاپانچىدىغۇ گەپ يوق. بۇ تاپانچىنى ئۇ ئې-
لىپ قالىدۇ، بۇنىڭغا سەۋەبنى ھامان تاپقىلى بولىدۇ. مۇبادا
ئوۋ پائالىيىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقسا، مېھمانلار ئۇ-
نىڭغا تاپانچىنى تەقدىم قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئوۋ ئىشى ئا-
خىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ تاپانچىنى ئېلىپ، ئادەملەر مىغىلداپ
تۇرغان بۇ شەھەرگە كىرىدۇ ـ دە، قىلغۇسى كەلگەن ئىشنى
قىلىدۇ.

تاغىسىدىن كەلگەن تېلېفون بەكمۇ ۋاقتىدا بولدى، چۈن-
كى ئۇ بىر كېچە ئويلاپ چىققان ھەتتا چۈشىدىمۇ تىنچلىنال-
مىغان، ئۇ تېلېفون ئۇنى سەگىتىپ قويدى، نورمال تۇرمۇشقا
قايتۇردى. ئارسىن سامانچىن سالماقلىققا ئۆتتى، ئۆزىنى قايت-
تىدىن كونترول قىلىشقا باشلىدى. گويا ئۆزىنىڭ پىلانىنى
ئىجرا قىلىشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، ئۆ-
زى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۆزىنىڭ
قەبىھ پىلانىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلماقچى بولغاندەك بول-
دى. ئەمدى ئىشقا كىرىشىش كېرەك. «بولدى بەس، بىردەم
تىنچىغىن ئارس ئەمدى!» ــ دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە. «ھازىر
بۇ توغرۇلۇق ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، سەن تېخى پۈتۈنلەي
ئالجىپ كەتمىدىڭغۇ ئارس!» ئايدانا مۇلايىم بولۇپ قالغان چاغ-
لىرىدا ئۇنى «ئارس» دەپ ئەركىلەتكەن، ئارسىن بولسا ئۇنى
«ئايا» دەپ ئەركىلەتكەن. ئۇ ئاشۇ ۋاقىتلارنى ئويلىغىنىدا ئاغ-
زىغا ئاچچىق سۇ يىغىلغاندەك بولدى. بۇ چاغدا ئارسىن ئۆزىنى
يوپۇرماقلىرى شامالدا تۆكۈلۈۋاتقان بىر تۈپ دەرەختەك ھېس
قىلدى. مۇداپىئەدىن قالغان قەلب سىرتتا ئېچىلىپ قالدى...

شۇ، ئەمدى دەرھال ئىشقا كىرىشىش كېرەك. بەللى،
ئۇزاقچە ئۆزىنى قىيناپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ نابۇت قىلىشى

كىرەكمىدى؟ ئىش دېگەن چاچتىن تولا. كومپيۇتېرنىڭ ئىد-چىدە يېزىشقا باشلىغان ۋە ئالدىراشچىلىقتا تېخى يېزىپ تو-گىتەلمىگەن ماقالىلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، ھەر خىل تەھ-رىراتلار تېزرەك پۈتتۈرۈلۈشىنى كۈتمەكتە. ئۆزى تاپقان جاپا-غۇ: ئۇ ھەرخىل تېمىدا ماقالە يازاتتى، ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئوبزور يېزىشتىن تارتىپ سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغىچە بولغان تېمىلاردا يازاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ كالللىسىدا باشقا تېما ئۈستىدە ئويلىنىش بولۇۋاتاتتى. نەتىجىچۇ؟ پۈتمىگەن ماقالىلىرى دۆۋە - دۆۋە بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش ئىدى. بۇ مۇستە-قىل مۇخبىرنىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋېلىپ يۈرگەنلىكىنىڭ كاساپىتىغۇ. ئەركىنلىك! ئۇ ھېچقانداق ئادەمگە خىزمىتىدىن ھېساب بەرمەيدۇ، ئۇنى نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەممۇ يوق. ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدۇ... بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟

ئارسىن سامانچىن خاراب بولغان مۇھەببەت ۋە دەپسەندە قىلىنغان ئىدىيە ئۈچۈن جېنىنى بىكار قىيناۋەرمەسلىك مەقسىتىدە ئۆزىنى ئۆزى جېمىلەپ، روھىي ھالىتىنى تەڭشىدى. قارغىش تەگكەن كاپىتالىزم تەڭداشسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ! ھەممىدە غالىب — ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسە توسالغۇ بولالمايۋاتىدۇ، ھەممىنىڭ كۆچى يەتمەيۋاتىدۇ! ئومۇمەن، بۇنىڭ كاپىتالىزم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ بار، چۈنكى ئىدىيەنى تاۋارغا ئوخشاش سېتىۋالغىلىمۇ، ساتقىلىمۇ بولىدىكەن، ئىدىيەگە چەك قويسا بولىدىكەن — پۇل بولسىلا ھەممە قولدىن كېلىدىكەن. بىراق سەن مۇنداق ۋەزىيەتتە باشقا تۈرگە كىرد-سەن، سېتىۋېلىنمايسەن، سېتىلمايسەن. سەن ئەركىن يايلاۋات-قان ماللار ئىچىدىن ئادىشىپ قالغان، ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈۋەر. يالغۇز ئۆزۈڭ ھەممىگە قارشى تۇرۇپ كۆر. ئېغىز - بۇرنۇڭ قانغا بويىلىدۇ، ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلەيسەن، ئۇلار

ھېچ زىيان تارتمايدۇ، كىمدىن بولمىسۇن پۇل بېرىپ قۇتۇلۇپ كېتىشىدۇ. بەرىبىر ئۇرۇشقان بولغاندىن كېيىن ئۇرۇشۇپ كۆر، باشقا ئامال يوق. بىراق، ھازىر ئەمەس. ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئۆزۈڭنىڭ مەيلى قانچە ئەرزىمەس ئىشىڭ بولسىمۇ ئۇنىڭ يولى، تەدبىر ـ ئامالى بولسۇن. ھازىر بولسا ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەت! — ئۇ بەكتۇر ئاغىنىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلىدى ـ دە، ئۆزىگە مۇ ـ شۇنداق نەسىھەت قىلدى — بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشقىچە تۈستە بولسۇن. كۈنتەرتىپكە قويۇلىدىغىنى باشقا مەسىلىلەر بولسۇن، تۇرمۇشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى ئا ـ ساسىي ئورۇننى ئىگىلىسۇن. سۆھبەت ھەقىقەتەن سورۇلۇك بو ـ لىدۇ، مۇھاكىمە قىلىنىدىغان نۇرغۇن ئىش بار.

ئارسىن سامانچىن ئۆزىگە مۇشۇنداق تەسەللى بېرىش بى ـ لەن بىر ۋاقىتتا يەنە غايىب بولغان كېلىن ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندەك بولدى. خۇددى ئۇ ـ نىڭ ئۆزى ئەمەس، باشقا بىر ئۇ قەلبىدە ئۇنىڭ بىلەن پىچىر ـ لىشىۋاتقاندەك، ئۇ ھېلىلا خىرۇشىېفچە يەتتە قەۋەتلىك بىنانىڭ غىچىرلاپ تۇرغان كونا لىفتىدىن چىقىپ، ئىشىك ئارقىسى ـ دىكى قانداقتۇر بىر يەردە تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئۈن چىقارماستىن كەچۈرۈم سورىغاندەك پىچىرلىدى: بىرئاز چىداپ كۈتۈپ تۇر. خۇدا بۇيرۇسا، بىر نەرسىگە يېتەرمىز. شۇ چاغدا مەن سىلەرنى — سېنى، ئايدانا ـ نى ۋە ئۇلۇغ، مول نەتىجىلىك كومپوزىتورنى جەم قىلىمەن! ئايدانا سەھنىدە، سەن سەھنە ئارقىسىدا، يېنىدا ھەممىنى قۇ ـ لىقىڭ بىلەن ئاڭلايسەن، كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن. يەنە بىرئاز چىداپ تۇرساڭلا بولدى. ئاندىن كېيىن يەنە ئايدانا باش تارتتى ـ مۇ دەپ ئويلاپ باقتىن. بىلىپ قالسەڭكى، ئايدانانىڭ كېتىپ قېلىشى ئۇنىڭ بەڭباشلىقىدىن ۋە بىشەملىكىدىن ئەمەس، ئۇ ـ

مۇ بىر چاغلاردا سىنى ئوغرىلار كېلىپ تۇتۇپ كېتىشكەنىدەك تۇتۇپ كېتىلدى، بىرلا پەرقى ئالاھىدە ئۇسۇل، زامانىۋى ئۇ-سۇل قوللىنىپ ئۇنى خالتا كوچىغا باشلىدى، ئازدۇرۇشتى، قىزىقتۇرۇشتى، سېتىۋېلىشتى. ئەگەر ئىلگىرىكى زاماندا چىرايلىق قىزنى ئاتقا ئېلىپلا قېچىشسا، ھازىر ئۇنى بىر تاغار دوللارنىڭ ئۈستىگە تاشلىشىدۇ، ئاندىن ئۇ تاغارغا مىنىپ دوللارلىق ئۇيۇرلەرگە قاراپ ئۇچقاندەك چاپىدۇ، ئۇ يەردىكى يىلقىچىلار مىليونېرلار بولۇپ، ھەربىر مىليونېر ئۆزىنىڭ دوللارلىق ئۇيۇرلىرىنى ھەيدەپ، بېقىپ يۈرىدۇ. بىز مۇشۇنداق ياشاۋاتىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ماڭغۇدەك يول يوق، ھەممە ئادەم بازاردا قىستالماقتا. ھېچكىمدىن گۇناھ سادىر بولغىنى يوق، ھەممە ئادەم بازار ئىگىلىكىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، گۇناھىمىزمۇ يوق ئەمەس. گۇناھ دېسەك، گۇناھىمىز ئىتائەتمەنلىك بىلەن ياشىغانلىقىمىزدا، قانداق قىل دېسە شۇنداق قىلغانلىقىمىزدا، ھەممىمىز شۇنداق بولدۇق. ئاھ، مېنى يەنىلا جەمئىيەتشۇناس-لىقمۇ، سىياسىيشۇناسلىقمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدى-غان قىيىن بىر مەسىلىگە تارتىپ كېتىپتۇغۇ. كۆڭلۈڭگە ئال-مىغىن، بۇ ئىشلارنىڭ سېنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مەنمۇ ئاغزى قىچىشقان ئادەمدەك سۆزلەپ كېتىپتىمەن. مېنى كە-چۈرگىن، ماڭا ئىشەنگىن، كۈتۈپ تۇرغىن، خۇدا بۇيرۇسا، بىز كۆرۈشىمىز. ياق، توختاپ تۇر، بىر مىنۇتلا. يۈرىكىمنى تاتىلاپ تۇرغان بىر ئىش بار. مەن ئىختىيارسىز ھالدا: ئۇ ئۇ يەردە قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ، راستلا بەختلىكمىدۇ؟ ئېلانلاردا ھەممە يەرگە بېرىپ ئېيتىپ يۈرگىنىدەك، سەھنىلەردە كۆرستى-لىۋاتقىنىدەك شان ـ شەرەپ قۇچۇپ يۈرەمدىغاندۇ ياكى ئىچكى دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ قارا ئۆڭكۈرى بولۇپ، ئۇ شۇ يەردە يېتىپ يىغلاۋاتامدىغاندۇ، ئۆكۈنۈۋاتامدىغاندۇ، نېمە قىلىشنى بىلمەي

يۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ ــ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بەك ئەپسۇس، ئۇ-نىڭغىمۇ ئاسان ئەمەستۇ، مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ھالەتـ-تىمۇ لېكىن ھايدېلبېرگ باغچىسىدىكى سەيلىمىزنى ئۇنتۇ-ماس. بىز ئۇ يەردە ئۇچراتقان دۇنيا پۈتۈنلەي باشقا بىر ھالەتتە بولغان. سەن ئۆزۈڭ ئۇنى كۆرگەن ئىدىڭغۇ، غايىب بولغان كېلىن، سەن بىزنىڭ بىرلەشكەنلىكىمىزنى كۆرگەن، لېكىن بىز ئىككىمىز مانا مۇشۇنداق ئىككى ياققا كەتتۇق...

ئۇ ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇن ـ تىنسىز سۆزلەپ، ئوخشاش ئۇن ـ تىنسىز ياتقان ئاسمانغا قاراپ تۇرغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ يەنە ئۆزىگە نەسىھەت قىلىشقا ئۇرۇندى: «ئويغان، ئويغان، جىم ياتمايدىغان مىجەزىڭ سېنى يەنە نەگە ئەكېتىپ بارىدۇ؟ سەن بىكاردىن ـ بىكار نېمىگە ئاۋارە بولۇپ يۈرىسەن؟ سەن كىم بىلەن ئېلىشىۋاتىسەن؟ سەن بىر ئادەم ئالدىرايسەن ـ تېنەي-سەن، بىر نېمىلەرنى يازىسەن، ھەر ـ ھەر گەپلەرنى قىلىسەن، ماگنات ـ بايلارغا كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىسەن، لېكىن ھازىرقى زاماننىڭ دوللارچى خوجاملىرى بولسا، ئاكاڭ ئارداق بىر قېتىم چاقچاق قىلىپ: «كۆڭۈل ئې-چىپ يۇرۇشىدۇ ــ خىيانەت قىلىپ خەقنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىشىدۇ» دېگىنىدەك، ئوخشاشلا دۇنيا بازارلىرىدا كۆڭۈل ئېچىپ يۇرۇشىدۇ، ھەتتا سەنمۇ قەيەردىدۇر بىر يەردە بۇ گەپنى ئىشلەتكەنىدىڭ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. چۈنكى سەن ئۇلار ئۈچۈن ھېچكىم ئەمەسسەن، بازاردىكى ھېچ-قانداق سالماققا ئىگە بولمىغان بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش، ساناقتا يوق، ئېزىپ قالغان پوچى سەرگەردانسەن، خالاس. شۇنداق، بەزىدە ھازىر خۇدامۇ ئاشۇ دوللارچى خوجاملار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقاندەك، كۆزىنى ئۇزمەي ئۇلارغا قاراپ تۇ-رۇۋاتقاندەك، ئۇلارنى قوغداپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ كى-شى. ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەسلىدە ھازىرقى خۇدا ئالەم-

لىك بانكىر ئىكەن. توختا، نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىمەن. ئاھ خۇدا، كەچۈرگىن مەندەك گۇناھكار بىر بەندەڭنى!

... ئۇ ئۆينى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈشكە كىرىشتى. بەكتۇر ئاغا چېچەن ئادەم، بىرەر نەرسە توغرا بولماي قالسا يۈزىگىلا ئېيتىدىغان گېپى ئوچۇق خوجايىن. شۇنداق بولغاچقا كولخوز ـ نى رەتلىك باشقۇرغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھېچقانداق ئا ـ دەمنىڭ بىپەرۋالىق قىلىشىغا يول قويمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق — نېمە ئۇچۇن قىغنى يول بو ـ يىغا تۆكۈپ قويۇشىسەن؟ ئەكىتىش! دۆۋىلەپ قويغان ئوتۇڭ نېمىشقا ئۆزۈڭگە ئوخشاش قىڭغىر تۇرىدۇ، مەستمۇسەن؟ كۆكتاتلىقىڭدىكى ئېرىق ـ چۆنەكلەر سېسىق پۇراپ تۇرغان چوشقا قوتىنىغا ئوخشاپ قاپتۇ، ئېرىغدىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئايىلدىكىلەردىن رەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ ناھايىتى توغرا قىلىدىكەن.

بۇلارنى ئېسىدە تۇتقان ئارسىن ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچنى ئېلىپ ئۆي ۋە زالنى تازىلىدى. ئۆيدە دۆۋىلىنىپ ياتقان ھەر خىل گېزىت ۋە ژۇرنال ـ تىراپ تۇرغان ژۇرناللارنى ئوقۇغان ياكى ئوقۇپ بولالمىغانلىـ ـ قىغا قارىماي رەتلەپ قاتار قىلىپ تىزىپ قويدى. ئاندىن چاڭ باسقان ئەينەكنى بولۇپمۇ پىيانىنونىڭ جىگەررەڭ سىردا سىرلانغان يۈزىنى پاكىز سۈرتتى. بۇ چىرايلىق پىيانىنو ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ ئېسىل بويۇم ئىدى، ئۇ بۇنى ئۇنۇۋېرسال چالغۇ ئىكەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئايدانانىڭ چالغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئېسىل چالغۇ دەپ قارايتتى. ئايدانا ئۇنى ئىككى قېتىم چال ـ غان. بىركېچە تۈن يېرىمغىچە چالغان.

ئۇنىڭ ئۆزى بىر ھەۋەسكار ئىدى، بىلگىنىنى چېلىپ قو ـ ياتتى، ئايدانا بولسا ئۇستا پىيانىنوچى ئىدى. ئۇنىڭ چالغان پىيانىنوسىنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزى بىر ھوزۇرلىنىش بولۇپ، ئۇ ـ

123

نىڭدىن يىراق ياۋروپانىڭ ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئارسىن ئۇنىڭ مۇزىكا چېلىشقا يارىتىلغان قولى بار، مېلودىيەنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن ئېقىپ چىققاندەك، كۆزدىن نۇر چاقنىغاندەك بولىدۇ، دەپ ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى. ئارسىن سامانچىن چىدىيالماي كەتتى، سىغىنىش كەيپىياتى ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، ئۇ شۇ چاغدا چالغان ناخشىنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەيتتى، پىيانىنونىڭ ئالدىدا ئولتۇرمايتتى... ئۇنىڭ تار ھۇجرىسىدا پىيانىنودىن كارىۋاتقىچە پەقەت ئۈچ قەدەملا كېلەتتى، ئۇ يەردە ئۆزىگە تەئەللۇق مۇزىكا بار ئىدى.. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى ناپاك خوتۇن دېگۈسى يوق ئىدى، گەرچە ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن شۇنداق بولسىمۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۇ ئايدانا سامارووۋانى باشباشتاقلىقنىڭ قۇربانى دەپ قاراشنى خالايتتى.

تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇ بەكتۇر ئاغانىڭ شوپۇرى ئىتتىبايدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى. ئۇ ئۇنىڭغا مانا يولغا چىقتۇق دەپ بەرگەن تېلېفون ئىكەن...

ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئارسىن سامانچىن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، گالىستۇكىنى تاقاپ، جەمەتىدىكى ئاقساقالنى ئۇيدىكىدەك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىئالا ئوتتۇرا ھويلىغا چىقتى. ئىلگىرى، مۇنداق مېھمانلار كېلىدىغان بولسا، كىشىلەر ئۇنى داغدۇغىلىق قارشى ئالاتتى، مىنگەن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، قولتۇقىدىن ئېلىپ ئۈزەڭگىدىن چۈشۈرۈپ، ئېتىنى ئاپىرىپ باغلاپ، ئېيىلىنى بوشىتىپ قوياتتى. ئاندىن خۇددى ھازىر مېھمانلارنىڭ پىكاپىغا ماي لىقلاپ بېرىدىغانغا ئوخشاش ئاتقا يەم دەپ ئارپا بېرەتتى...

بەش مىنۇتتىن كېيىن، قىياسىدا ئات ئوقۇرىدا ئارپا يې-

يىشكە باشلىغان ۋاقتىدا، قەدىرلىك تۇغقىنى بەكتۇر ئاغىنىڭ پىكاپى دەرۋازىدىن كىرىپ بىنا ئىشىكى ئالدىغا قاراپ كېلىشـ كە باشلىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرغىنى ياپونىيەنىڭ قارا رەڭلىك جىپ ماشىنىسى بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى، چىرىدـ غىنىڭ ئەينىكى ۋالىلدايتتى، پىكاپ ماتورىنىڭ كۈچى ئالتە يۈز ئات كۈچىگە تەڭ كېلەتتى. ئاھ مۇنداق دالا جىپى تاغلىق رايونلاردا كۆپرەك بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە. بىراق ھازىرچە بەكتۇرنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىدىن سېتىۋالغان جىپى پۈتكۈل تۇيۇقجار رايونى بويىچە پەقەت بىرلا ئىدى، ئادەتتىكى پىكاپلار — «ژىدـ گۇلى» بىلەن «موسكۋىچ»لارمۇ يېزىلاردا بارماق بىلەن سانىغۇـ دەكلا ئىدى، شۇنداق بولماي نېمە چارە: خەلق كەمبەغەل، ھەتتا ئىلگىرىكى كولخوزنىڭ كىچىككىنە بايلىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشتى. گەرچە كىرىپوستنويلۇق تۈزۈمگە ئوخشايدۇ دېيـ يىشسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن يەنىلا... ئەمدىچۇ، ئەمدى كىشىلەر قولىدىن كېلىشىچە ئوقەت قىلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ دېسىمۇ بولىدۇ، بەزىلىرى ياللىنىپ ئىشلەپمۇ، ئوغرىلىق قىلىپمۇ ئۆتـ ۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئىستىقبالدىن ئازراقمۇ ئۈمىد يوق. بەزىلەر ئوقەت قىل دېيىشىدۇ، لېكىن بۇ ئوقەت نەدە؟ بېرىپ بەرەڭگە قېزىشتىن، ئوت ـ چۆپ يىغىشتىن باشقا يەنە نېمە بار؟ لېكىن ئەركىنلىك بار. بىراق باياشاتچىلىق بولمىغان ئەركىنلىك، ۋاي ـ ۋۇي، تايىنى يوق بىرنېمە ئىكەنغۇ، قۇرۇق گەپ. كىشىلەر ۋاقتىنچە يېزىلاردىكى نامراتچىلىقنى ئۆتكۈنچى دەۋرگە ئارتىـ شىدۇ: بىز بازارغا كىرسەك ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ! تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار! دېيىشىدۇ. بىر ئەخمەق قاراپ تۇرۇپ تېخى: باللار بازارلىق بولۇپ تۆرۈلۈشى كېرەك! — دەپ بىلـ جىرلاپتۇ. نېمىدېگەن بىمەنىلىك! يېزا ـ ئايىللىقلارنىڭ پىكاپ توغرۇلۇق گەپ قىلىشى نەدىكى گەپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرلەرـ

دىكىگە ئوخشاش ئىشەك بىلەن يۈك توشۇشقا ئۆتتى. ھېلىمۇ ياخشى كىرا ماشىنىلىرىنىڭ يۈك توشۇيدىغان بولۇپ قالغىنى. ياشلار بولسا توپ ـ توپى بىلەن شەھەرلەرگە بېرىپ، سىگانلار ـ دەك ئىشسىزلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرمەكتە...

بىراق، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مەردىمەردانە سودا دەۋ ـ رىدىن ئاز ـ تولا نەپمۇ ئالدى. ھەتتا بەزىلەر تاغلاردىكى جىل ـ غىلاردىن ياۋا ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ھەسىلىنى يىغىپ سېتىش ـ قا باشلىدى، بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. ھەسەل دېگەن ئا ـ دەمنى خۇشال قىلىدىغان نېمە، ئۆيلەردە قېرىلار ۋە بالىلار ئۇچۇن شېرىن يېمەكلىك، ئۇنى قانداقمۇ سېتىشقا بولسۇن. بىراق بۇ مۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ، چوڭ ئىش ئەمەس...

بەكتۇر ئاغا جىپ بىلەن يېتىپ كەلدى. مانا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى دەپ ئادەتتىكى كىشىلەرنى ئەمەس، مۇشۇنداق كىشىنى ئېيتسا بولىدۇ، مۇشۇ بەكتۇر سامانچىن سودا خاراك ـ تېرلىك بولغان، يىل بويى ئىش ئېقىپ تۇرىدىغان ئوۋچىلىق شىركىتىنى پىلانلاپ ئۇيۇشتۇردى. پەسىلگە قاراپ ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار ئوۋ قىلىناتتى، «ماركوپولو» دەپ ئاتالغان تاغ ئارقارلىرىمۇ، چوڭ مۈڭگۈزلۈك تېكە ـ ئۆچكىلەرمۇ، ئېي ـ يىقلارمۇ، ئوۋغا سېلىنىدىغان قۇشلارمۇ ئوۋ قىلىناتتى، ئەمدى ئاق يىلپىز بولسا، ئالاھىدە كېلىشىم بويىچە مۇھىم بىر تۇر بولۇپ قالدى. ئەزىمەت بەكتۇر ئاغا، گەپ كىرمەيدۇ، ئېپىنى تاپتى، ئەقىللىق ئادەم...

ماشىنا توختىدى، ئارسىن سامانچىن كېلىپ جىپنىڭ ئېغىر ئىشىكىنى ئاچتى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بەكتۇر ئاغى ـ نىڭ قولىنى تۇتۇپ يەرگە چۈشۈردى، ئاندىن كېيىن ئاغا ـ ئىنىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھەئە، ئۇ مەيلى چىرايدا بول ـ سۇن، تەق ـ تۇرقتا بولسۇن، ئاجايىپ كېلىشكەن بىر ئادەم ئىدى، بولۇپمۇ ئۆزگىچە چوڭ بۇرۇت ـ ساقىلى. ئۇنىڭ قەبى ـ

لىسىدىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قاملاشقان ئادەملەر ئىدى، ئارىسىنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا، لېكىن سامانچىن قاملىلىك نا- ھايىتى كۆپ ئەركەكلەردىن پەرقلەنگەن ھالدا ئارسىن ساقال- بۇرۇت قويمىغانىدى.

يېقىن تۇغقانلار قاتارى ئۇلار يەنە بىر مەرتەم قوش قوللاپ كۆرۈشتى، ئاندىن بىرىگە بىرى قول سۇنۇپ، قول قىسىشىپ، كۇلۇمسىرەپ باش ئېگىشتى. بەكتۇر ئاغا ئالدى بىلەن ئۇرۇق قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— خۇداغا شۇكرى، ئامان - ئېسەن تۇرۇۋېتىمىز! بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزاق — ئىككى ئاي بولۇپ قالدىغۇ دەي- مەن ئارسىن، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق بولدىمۇ - يا؟

— شۇنداق، ئاغا، مېنىڭچە ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى جۇمۇ.

— مانا كۆردۈڭمۇ! — قويۇق قاشلىرىنى ھەرىكەتكە كەل- تۈردى بەكتۇر ئاغا، — مەنغۇ شەھەرگە كېلىپ تۇردۇم، بىراق سېنى تاپقىلى بولمايدۇ. مەيلى، ئەمدى بىز بىلەن ئۇزاقراق بىللە بولىسەن. ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن.

— شۇنداق ئاغا، ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن. ھەر خىل ئىشلار- غا باغلىنىپ، قول ئۈزۈپ چىقالمىغاچقا كۆرۈشەلمەي كەتتۇق. ئەمدى سۆزلىشىمىز تېخى. مۇھىمى بىز يۈز كۆرۈشتۇق...

ئۇ ئەلۋەتتە ئايدانا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشنى، ئاندىن كېيىن يەنە قانداق كىشى بىلەن ئېغىر توقۇ- نۇش يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى قانداق چەتكە قاققانلى- قىنى، ئۆزىنى قەدىردانى يېنىدىن قانداق قوغلىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سەھنىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرماقچى ئەمەس. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرماقچى بولغانلىقىنى تې- خىمۇ ئېيتىپ ئولتۇرماقچى ئەمەس. بۇلار ئۇستىدە ھەرگىز ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي باشقا خاراكتېردىكى بىر

گەپ، خىزمەت ئۈستىدىكى گەپ. بەكتۇر ئاغا بۇ ئىش ۋەجىدىن ئۇلۇشكۇن تۇيۇقجاردىن كەلگەن.

تۇغقانلارنىڭ مۇنداق خۇشال كۆرۈشۈشى ئۆتۈشۈپ تۇرغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈردى. ھويلىدا يۈگۈ- رۈشۈپ خۇشال ئوينىۋاتقان، كونا قىسقا ئىشتان ۋە مايكا كىي- گەن ئىككى زىرەك بالا (ئۇنىڭ بىرى تېخى ئىت يېتىلىۋالغان) بەكتۇرنىڭ ماشىنىسىغا قىزىقىپ تاماشا قىلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ھويلىدا يەنە بىرمۇنچە باشقا خىلدىكى ماشىنىلار تۇرسىمۇ، ئۇلارغا مۇشۇ جىپ يېقىپ قالغانىدى. ئۇلار مورە قېقىشىپ پىچىرلىشاتتى: ئۇلارنىڭ ئات كۈچى ناھايىتى زور بۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كوچىنى ئارىلاپ بىر ماختىنىۋالغۇسى باردەك قىلاتتى.

ئارسىن ئارقىسىغا قاراپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچىدە ئالامەت خۇشال بولۇپ يايراپ كەتتى.

بۇنداق يېقىملىق سىرىملەر ئەتراپىمىزدىكى تۇرمۇشتا خۇشاللىق ۋە سەمىمىيلىكنى كۆرگەن چاغلاردا پەيدا بولىدۇ. سىلەرگە ياخشى بولسا، ھەممىمىزگە ياخشى بولىدۇ، دەپ ئېيتقىڭىز كېلىدۇ. ھەتتا شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى ھاۋامۇ شۇن- چە خۇشاللىنارلىق ۋە يېقىملىق ئىدى. كۈن قىزدۇرغۇدەك ھالغا يەتمىگەن، بەلكى ئۆزىنىڭ نۇرىنى يېقىن - يىراقتىكى بوشلۇققا چېچىپ، پۈتۈن كائىناتقا ئورتاق بەخت ئاتا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ خۇشاللىققا ئور- تاقلاشقاندەك ئىدى.

مۇبادا ئادەملەر دۇنيادا مەڭگۈ مۇشۇنداق تىنچ - ئىناق ياشىسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! لېكىن، ھامان سوغۇق بىر كۆز بۇلۇتنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىزگە قاراپ تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. مەيلى، قاراۋەرمەمدۇ...

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى رەسمىي مەسىلىگە كۆچكەندە، ئار-

سىن سامانچىن ئاۋۋالقىدەكلا ھەۋەس قىلغان ۋە ئىشەنگەن
روھىي ھالەتتە بولدى. بەكتۇر ئاغانىڭ ئېيتقانلىرى بەكمۇ قا-
يىل قىلارلىق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە
ئاجايىپ تىجارەت ماھارىتى بار ئىدى، ئۇ ئېيتقان دەلىل ۋە
پىكىرلەرگە ماقۇل بولماي مۇمكىن بولمايتتى. ئۇ ھۆكۈمەت
تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئوۋچىلىق گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىش-
تىن باشلاپلا ھەممىنى ئوبدان ئويلىدى، دەلىللىدى، پىلانلاپ
ئورۇنلاشتۇردى. گۇۋاھنامىدە مەخسۇس ئاق يىلپىز ئوۋلاش
توغرۇلۇق مادداا بولۇپ، ئاق يىلپىز ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى
ھەتتا ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجى توغرۇلۇقمۇ بەلگىلىمىلەر
يېزىلغان. ئالاقىدار ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب مېھمانلارغا
ئۇقتۇرۇلغان. بۇ شەرتلەر ئىزاھلانغان ئىنگلىزچە توختامنى
ئارسىن سامانچىن بۇلتۇر ئەتىيازدا بېجىرىشىپ بەرگەن. ئۇ
بۇ ئىشلارنى سەل ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئەمدى بولسا ئۇنى ئىشقا ئا-
شۇرىدۇ. بەكتۇر سامانچىندا ئىنگلىز تىلىنى «تولۇق بىلمەس-
لىك مەسىلىسى» بولغانلىقتىن — بۇ رايوندا ئىنگلىز تىلىنى
ئۆگىنىش كىمنىڭ ئېسىگە كەپتۇ — ئەرەب ئوۋ-شىكارچى-
لىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسى ئارسىنغا يۈكلەنگەن.
مەيلى ئەدەپ-ئەخلاق نۇقتىسىنەزەرىدىن ئېيتقاندا بول-
سۇن ۋە ياكى بەكتۇر سامانچىننىڭ ساپ سۇيىئىستېمالچىلى-
قىدىن ئويلىغاندا بولسۇن، ئۆزى بىلەن ئەرەب مېھمانلار ئوت-
تۇرىسىدا مۇنداق مۇشكۈل ۋە نازۇك بولغان ۋاستىچىلىك —
ئارىلىقتىكى شەخسلىك ئىشنى ئورۇنلاشقا، شۈبھىسىز، ئار-
سىنلا ئەڭ مۇۋاپىق، باشقىلارنىڭ ھېچقاندىقى يارىمايدۇ. چۈن-
كى، ئۇلاردەك مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە كېرىكى تەرجىمانلا ئە-
مەس، ئۇلارغا كېرىكى ئەستايىدىل، بىلىملىك، قىزىقچى،
سۆزمەن ئادەم.
— ئەمىسە، قەدىرلىك ئارسىن (ياتقان يېرى جەننەتتە

بولغۇر رەھمەتلىك ئاكامنىڭ ئوغلى)، ساڭا ئاتا ـ بوۋىلىرد-
ىمىزنىڭ دۇئاسى تەگسۇن، بۇ ئىشنى دەل سەن ئۆزۈڭ چۈشە-
نىسەن، بىزگە ياردەملەشكۈچى تەرجىمان، ئابرۇيلۇق ئادەم ئۆ-
زۈڭ، — دېدى بەكتۇر ئاغا، — بىز بىلەن بىر ئىككى ھەپتە
بىللە بولۇش سېنىڭ ئۈچۈن نېمىدى؟ سەن ھېچكىمگە تاياند-
مايدىغان مۇستەقىل مۇخبىر بولغاچقا، نەگە بارغۇڭ كەلسە،
شۇ يەرگە بېرىۋېرىسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئېسىڭدە بولسۇن،
ئەرەب مېھمانلارنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى خىزمەتچىلىرى
بەش كۈندىن كېيىن كېلىدۇ، ئۈچ ئادەمدىن تەركىب تاپقان
تەييارلىق قىلغۇچىلار. مېھمانلارنىڭ خۇسۇسىي ئايروپىلانلىرى
ئەۋلىيائاتا ئايرودۇرۇمىغا كېلىپ چۈشىدۇ.

— ئايرودۇرۇم ئەمەس، ئايروپورت، تاغا، — دەپ تۈزەتتى
ئارسىن، لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا خىجىلمۇ بولمىدى.

— بۇ يەردىكىلەر شۇنداق دېيىشىدۇ. بىزگە ئەڭ يېقىن
ئايرودۇرۇم شۇ ئەۋلىيائاتا ئايرودۇرۇمى. ھەممىنى بىلىسەن،
سەن ماڭا ياردەملىشىپ سۆھبەت ئۆتكۈزىسەن ئەمەسمۇ. ئەمدى
ۋاقتى كەلدى، ئىشقا كىرىشىشىڭ كېرەك. بىز بىللە بېرىپ
ئەرەب مېھمانلارنى كۈتۈۋالىمىز، تاغقا بىللە بارىمىز. ئۇ يەردە
ھەممە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ قويدۇق، سەن بۇنىڭدىن خاتىر-
جەم بولغىن. مەن كولخوزنىڭ چوڭ بىر باشقارمىسىنى سې-
تىۋالدىم، ئۇنىڭ ئىچىدە مېھمانلار ئۈچۈن ئىككى بۆلمە تەي-
يارلىدىم، شەھەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ... ئوۋ
ئوۋلاش ئۈچۈن ئۇلارنى دەل ئۇزەڭگىلەش تاغ تىزمىسىنىڭ بې-
لىگە قەدەر يەتكۈزىمىز، زۆرۈر بولسا بەلدىن ئاشىمىز، يەنە
ئىلگىرىلىسەك جۇڭگو. بارلىق چېغىر يوللارنى بىلىمىز. ئۇ-
ياققا، ئەلۋەتتە، ئالپىنىست①لارلا بارغان، بىراق بۇ خانزادە ـ

① ئالپىنىست — تاغقا چىقىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەنھەرىكەت-
چى، — مۇھەررىردىن.

ھېرىسمەنلەرمۇ كۆرۈشسۇن، بىزنىڭ ئاق يىلپىزلىرىمىزنى ئۇۋلاپ باقسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىسى بىكارغا ئەمەس. بىلىسەنغۇ، ئاق يىلپىزلار ئۇچۇن جىق پۇل چىقىرىشىدۇ، خۇدا بۇيرۇسا. ھەممىسى ئۆز ئۈلۈشلىرىنى ئېلىشىدۇ.

ئۇلار يەنە ئۇرغۇن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشتى. بەكتۇر سامانچىن راستلا ھەممە ئىشنى ئويلاپتۇ، دەل جايىدا — كىشىلەر ياتىدىغان چېدىر، مىنىدىغان ئاتتىن تارتىپ ئاتلارنى باقىدىغانلارنىڭ ئىسىملىرىغىچە قويماي تەپ-سىلىي ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئېسىل مېھمانلارنىڭ ئېتىغا قاراش ئۆزى چۈشىنىدىغان، ئەدەپ - ئەخلاقتا سىناقتىن ئۆتكەن ئى-شەنچلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇلۇپتۇ. قورال - ياراغقا كەلسەك، يورۇتۇش ئەسۋابلىرى ۋە كۆزىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر، خۇددى مەجلىس خاتىرىسى يېزىلغاندەك تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ يېزىلىپتۇ. ئارسىن سامانچىن ئىچىدە مۇشۇنداق بىر تۇغقىنىنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىۋالدى ۋە سودا ئۇچۇن غايەت زور تەشكىلىي كۈچىنىڭ بولۇشى كېرەكلى-كىگە، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئەقىل بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندى. سودا ئىشى باشقا كەسىپلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.



تۇيۇقجارنىڭ ئوۋچىلىق لايىھەسى مانا مۇشۇنداق پىلانلان-دى. ئەگەر قارلىق تاغدىكى ئاق يىلپىزلار بۇلارنى بىلسە... مۇ-بادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن بەك ھالسىزى بولغان، يە-نىلا جىن تەگكەندەك ئۆزگەرگىلەش تېغىنىڭ تۆۋىنىدە تەمتىرەپ يۈرگەن تاشلىۋېتىلگەن ئوقيىلپىز بۇلارنى بىلسە...

ئارسىن سامانچىن بولسا، ئەلۋەتتە، بۇ ئوۋچىلىق پائالى-يىتىنى پىلانلاشنىڭ پۈتكۈل ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلدى، بو-لۇپمۇ بەكتۇر سامانچىن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن. لېكىن،

بۇ يولدا ئۇنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۆزى بىلـ-
مەيتتى، ئەلۋەتتە. ھازىر كېيىنچە ئادەملەر دانىشمەنلەرچە ئىش
دەپ قالىدىغان بىر ئەھۋال بار، ئۇ بولسىمۇ ۋەقە يۈز بېرىشـ-
تىن سەل ئىلگىرى ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر «كۆرۈنمەس ئىشىكلەر
ياكى تەقدىرنىڭ فورمۇلاسى» دېگەن تېمىدا بىر خاتىرە يازغان.
ئالدىن ئېيتىش خاراكتېرىدىكى بۇ خاتىرىدە ئۇ: «تەقدىرنىڭ
كەلگۈسىدىكى ھەربىر ھەرىكىتى كۆرۈنمەس ئىشىكتۇر، ئۇ
ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان، ئالدىن ئېچىپ قويۇلغان، بۇ ئىـ-
شىكنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاش كىمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن
بولسا، ئۇ ئۇنى پەقەت ئىشىكنىڭ ئىچىدە گۆرۈگە ئېلىنغاندىن
كېيىنلا بىلىدۇ. خۇددى تۇغۇلغان ئادەمنىڭ يەنە ئانىسىنىڭ
قورسىقىغا قايتىپ كېتىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ئەجەللىك
بۇ بىر قەدەم بېسىلىپ كەتتىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ كەينىگە داجىـ-
شى مۇمكىن بولمايدۇ. تەقدىرنىڭ ھۆكمى مانا مۇشۇنداق بولىـ-
دۇ. مانا بۇ تەقدىرنىڭ فورمۇلاسى. كىرىشلا بار، چىقىش
يوق...»

بۇ خاتىرە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئارسىن سامانچىنىنىڭ قەلىـ-
مى ئاستىدا پاجىئەلىك خاتىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، بىراق
بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىچە ئۇسۇلدا يۈز بەرگەندىلا شۇنداق
بولىدۇ...

بۇ چاغدا ئەتىگەنلىك سالقىن ئاستا ـ ئاستا چۈش ۋاقتىـ-
دىكى ئىسسىققا ئورۇن بەرمەكتە ئىدى. بۇنى ئۆيدىمۇ ھېس
قىلغىلى بولاتتى. ئارسىن سامانچىن ۋاقتىنچە پاراڭنى توخـ-
تاتتى ـ دە، ئاخشام ئېچىپ قويغان دېرىزىنى ئېتىپ، كىيىم
ئىشكاپىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چاقىقان ھاۋا تەڭشىـ-
گۈچنى ئېچىپ قويدى. كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئىسسىققا
چىداش قىيىنراق، شۇڭا ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىشلىتىلىدۇ. لېـ-
كىن، بەكتۇر ئاغا دېرىزىنى ئېچىپ قوي، دېدى. تاغلارنىڭ تازا

ھاۋاسىغا كۆنۈپ كەتكەن ـ دە. مېھمانىنىڭ سۆزىگە كىرمەي بولمايدۇ... شۇڭا دېرىزىنى يەنە ئېچىۋەتتى، بۇ ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇنى كىم بىلىپتۇ...

تۇغقانلار يېڭىباشتىن ئىككى سائەتچە داۋام قىلغان پاردىڭغا كەلدى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاق كۆڭۈل، چېۋەر شوپۇر ئىنتىباي چېيىنى ئىچىپ بولغان، تېخىمۇ مۇھىمى ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماي پونكىتىغا، ماشىنا يۇيۇش ئورنىغا بارغاندىن بۆلەك بازارغا بېرىپ مېۋە ـ چېۋە سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى. بىراق تۇغقان ئىككىيلەن تېخىچە ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان سودا ئىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان چوڭ ئۇۋۇچىلىق ئىشى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى. يەنە سودا ئۈستىدە ئازراق توختالغۇم بار. تاغلىقلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرگەن سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ھېچ چۈشەنمەيدۇ، بايا ئۇلارنى ھەممىدىن بەك ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغىنى گۈللەرنى سېتىشقىمۇ، سېتىۋېلىشقىمۇ بولىدىغان تۇرمامدۇ! كىمنىڭ ئەقلىگە كەپتۇ، بىلىش كېرەككى، گۈل دېگەن ئۆزى ئۆسۈپ، ئۆزى توزۇيدىغان نەرسىغۇ، ئاتلىق ئۇياق ـ بۇ ياققا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قاراپ ھۇزۇرلىنىشقا بولىدۇ، ئۇزۇپ باللارغا بېرىشكە بولىدۇ، بىراق گۈل سودىسى قىلىش راسا كۈلكىلىك بىر ئىش ـ تە. سامانچىلار مۇزاكىرە قىلىشىۋاتقان ئىش بولسا، ئۆز ئالدىغا ياشايدىغان تاغ يىرتقۇچلىرى — ئاق يىلپىزلارغا بېرىپ تاقىلىۋاتىدۇ، دېمەك، بازارنىڭ قولى ئۇلارغىمۇ يەتكەن ئىكەن ـ دە.

قەغەزگە ئوۋچىلىقنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى سىزىپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرغان مويسىپىت تۇغقىنىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چۈشىنىپ يەتكەن ئارسىن سامانچىنىغا ئۇنىڭ ئويلاپ چىققانلىرى بەزىدە خۇددى تىياتىرلاردىكىدەك بىلىندى، ئۇنىڭ رېژىسسورى سابىق كولخوز رەئىسى، خالاس. بىراق، ئۇ راستلا

ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ قوللانماقچى بولغان تەدبىرلەر راستلا تىياتىرلاردىكى ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن، بەكتۇر سا-مانچىن ئاق يىلپىزلارنى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئوۋلاش دائىرىسى-گە كىرگۈزۈشنىڭ ئەپچىل بىر چارىسىنى ئويلاپ قويۇپتۇ، ئۇ-نىڭدا چەت ئەللىك ئوۋچىلارنى خۇددى مەرگەنلەردەك بۆكتۈر-مىدە يېتىپ تۇرۇپ، ھەممىدىن بەك پۇلغا يارايدىغانلىرىنى نىشانلاپ تۇرۇپ ئېتىۋالالايدىغان قىلغىلى بولىدىكەن. ئۇ زەن قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆزىنى بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن تاغ ئوۋچىلىقى-نىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىقراق چۈشىنىشكە زورلىدى، چۈنكى پات ئارىدا ئەرەب مېھمانلارغا بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ - دە. ئۆزلىرىنىڭ — تەڭرىتاغدا يۈرگەن ئاق يىلپىزلارنىڭ يېقىن ئارىدا يۈز بېرىد-دىغان پاجىئەدىن تېخىچە بىخەۋەر يۈرگەنلىرىنى ئويلاپ ئار-سىن سامانچىن ئىختىيارسىز ھالدا ئاق يىلپىزلارغا ھېسداش-لىق قىلىپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئاق يىلپىزلار مۇشۇ تاپتا ئاھا-لىسى ئىنتايىن كۆپ بولغان بىر شەھەردىكى تولىمۇ ئاددىي بولغان خىرۇششېفچە بىنانىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە ئىككى بىر نېمە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئالدىنئالا كۈنىگىچە، سائىتىگىچە توغرا ھېسابلاپ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى بىلگەن بولسا، ھەرگىز ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي جېنىنى ئېب-لىپ ھىمالايا تېغىنىڭ قەيىرىگىدۇر بىر يەرلىرىگە قېچىپ كەتكەن بولاتتى، دەپ ئويلاپ كەتتى.

ئوي — ئەركىن قۇش، بىردەم ئۇۋىسىغا، بىردەم ئالەمگە ئۇچىدۇ. مانا قاراڭلار، قەيەردىندۇر ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇ ئىش-نى قانداق قىلىپ ئۇلارغا — تاغلاردىكى ئاق يىلپىزلارغا ئۇق-تۇرۇپ قويغىلى بولار، دېگەن بىمەنە لېكىن ماھىيەتتە تولىمۇ ئالىيجاناب بىر ئوي كېلىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداق ئوي كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق بىمەنە ئويغا ھەرگىز

رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇنداق ئەھۋالدا ئىش ـ ئوقەتنى قانداق قىلىسەن؟ مەيلى ئۆزۈڭنىڭ خىيالىڭدا بولسىمۇ نەدىكى بىر يىرتقۇچنى قوغداپ قالىمەن دەپ تېخى ئىش ـ ئوقەتنى ۋەيران قىلماقچىمۇ؟ بۇنداق ئىشنى ئەمەلىيەتتە راستىلا يۈز بەردىمۇ دەيلى، بۇنىڭلىق بىلەن دۇنيانى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالغىلى بولامتى؟ ھەممىسى دوزاخقا چۈشىدۇ، ئىنسانلار ئۆزىنى ئۆزى ئۇزۇل ـ كېسىل يوق قىلىشىدۇ. شۇڭا، بولمايدۇ، بولمايدۇ، پەقەت ئىش ـ ئوقەتنىلا بىرىنچى ئورۇنغا، باشقىلىرىنى كەينىگە ۋە «كەينىدىكىسىنىڭ كەينىگە» قويۇش كېرەك. ئۇنداق قىلماي ئاشۇ ئويۇڭنى ئازغىنا بولسىمۇ ئاشكارىلاپ باققىنا قېنى، بۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سىرتماقىا ئاسقىنىڭ!...

ئارسىن سامانچىن ئاشۇلارنى ئويلىدى دېگەندىن كۆرە ئۇنىڭ ئېڭىدا ئاشۇنداق بىر تۇيغۇ غىل ـ پال قىلىپ پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى دېسەك توزۇك بولار. بۇ ئۇنى جازالاش ئۈچۈندۇر بەلكىم، ئۇ ئاڭلاپ ئۇلتۇرغاچ مەرگەن شىركىتىنىڭ باشلىقىنىڭ مۇھىم مېھمانلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى قويۇن دەپتىرىگە ئىنگلىز تىلىدا يېزىپ ئولتۇردى، بەكتۇر ئاغىنىنىڭ سۆزلىرى بارغانسېرى نەسىھەت تۈسىنى ئالماقتا ئىدى.



بەكتۇر سامانچىن بولسا بۇ چاغدا ئارسىن سامانچىننىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا قانداقلارچە ئۇنداق بىر تۇيغۇ غىل ـ پال قىلىپ پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

ئادەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە نورمال مۇزاكىرىلىشىپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەينى ۋاقىتتا يەنە چۈشەندۈرمىگەن، چۈشەندۈرۈشىمۇ مۇمكىن بولمىغان ئەمەلىيەتتىن ناھايىتى يىراق مەلۇم بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ تاغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە شامال چىقسا تاغىنىڭ بۇ

تەرىپىدىكى دەرەخلەرنىڭ لىڭشىشى ناتايىن ـ دە.
بەكتۇر سامانچىن ئۆزىنىڭ لايىھەسىنى ئۆزىگە بەكمۇ ئىشەنگەن، راسا كۆڭۈل قويغان ھالدا ۋە تۇغقانلارچە ئىخلاسمەنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈۋەردى. قەغەزگە پىلان ۋە ئىسكىزلارنى سىزىپ، تاغدا ۋە جىلغىلاردا يىرتقۇچلارغا بۆكتۈرمە قويۇشقا بولىدىغان يەرلەرگە بەلگىلەرنى قويدى. يىرتقۇچلارنى بۆكتۈرمە دائىرىسىگە ھەيدەپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇ يەرلەرنى نەچچە تەرەپتىن ئەڭ ياخشىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ـ تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھاي ـ ھاي ۋە سۈرەن سېلىپ يىرتقۇچلارنى بىزگە زۆرۈر تەرەپكە قاچىدىغان قىلىش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئويلىغاندەك بولماي قېلىشى مۇمكىن. بىراق قانداقلا بولمىسۇن، بەرىبىر، يوق دېگەندىمۇ بەش ـ ئالتە چېۋەر ئادەم ئات بىلەن قوغلاپ، تازا ۋاقتىدا بۆكتۈرمە دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. تەكلىپكە بىنائەن ئوۋ ئوۋلاشقا كەلگەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قانچە زور بولسا، خوجايىنىنىڭ تاپاۋىتى شۇنچە زور بولىدۇ: ئۇلۇش بويىچە تارقىتىلىدىغان پۇلمۇ شۇنداق كۆپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ راسا تىرىشىدىغانلىقى ناھايىتى چۈشىنىشلىك...
بەكتۇر سامانچىن مۇنداق مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى ئۆزى بىۋاسىتە تاپشۇرغان ئايىلداشلىرىدىن بىرنەچچەيلەننىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار تەييارلىققا كىرىشىپ كەتكەن، بۇ ئات ئۇستى قورشىما ئوۋ چېۋەرلىرى ئاتلارنى مەشقلەندۈرۈپ، قورال ـ ياراغلارنى ۋە داراڭلىتىدىغان دۇمباقلارنى تەييارلاشقان...
ئۇلار ئەنە شۇ تەرزدە ئالدىرىماي چاي ئىچىپ، ئوۋچىلىق توغرىسىدىلا ئەمەس، باشقا تىرىكچىلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ سۆزلەشتى ـــ يۇرتىدا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك

ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پىكىرلىشىپ ئولتۇرۇشقان ۋاقىتتا، كۈلكىلىك ۋە ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى.

ياز كۈنلىرى ھويلىدا ۋە بىنانىڭ ئەتراپلىرىدا نۇرغۇن كەپتەر ۋە قارلىغاچلار ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇ، لەمپە ئاستىدا ۋە قەۋەتلەر ئارىلىقلىرىدا ئۇۋىلايدۇ ئەمەسمۇ. ئۇلارغا كىم دىققەت قىلىپتۇ، كەپتەرگۇ ئاز - تولا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، قارلىغاچ بىلەن كىمنىڭ كارى، ئۇلار ئۆز ئەركى بويىچە ئەركىن ئۇچۇپ ياشايدۇ. ئۇلار يا توپ بولۇشۇپ، يا ئۆز ئالدىغا بىردەم ئېگىز، بىردەم پەس ئۇچىدۇ، يېتىلگەن، قانىتى قاتقان بالىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇچۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇچسا ئۇچۇشمامدۇ، يەنە كېلىپ قارلىغاچ دېگەن بارغۇ، ھېلىقى ئۇياتسىز قۇشقاچقا ئوخشىمايدۇ، بەك ئاق كۆڭۈل، بەك چىرايلىق، بەك مەدەنىي... بىراق، ياق. دەل شۇلار بىلەن قىزىق ۋە ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە بولۇپ قالدى...

تاغا - جىيەن سامانچىلار شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا، ئىككى قارلىغاچ (ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر جۈپتەك قىلىدۇ) ئۇشتۇمتۇت ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىپ كەلدى. ئەگەر ئۇلار مۇنداقلا كىرىپ قالغان بولسا، دەرھال يەنە شۇ دېرىزىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن، قاتتىق ۋىچىرلاشقان بۇ ئىككىسىنىڭ زادىلا چىقىپ كەتكۈسى يوق. ئەكسىچە ئۇلار قاناتلىرىنى قېقىپ، تورۇستا ئايلانغىلى تۇردى، تەرسالىق بىلەن توختىماي ۋىچىرلىشىدۇ دېسە تېخى.

— ۋوي، قارىغىنا، نەدىن كېلىپ قالدى ماۋۇ قارلىغاچلار؟ — دېدى بەكتۇر ئاغا تېڭىرقىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، — دائىم كىرىپ تۇرامدۇ؟

— ياق، بۇنىسى بىرىنچى قېتىملىقى. زادىلا بۇنداق بولۇپ

باقمىغان. هويلىدا قارلىغاچ كۆپ، دېرىزىلىرىمىز يېنىدا ئۇ-چۇشۇپ يۈرىدۇ. لەمپە ئاستىدا ئۇۋىسىمۇ بار، — دەپ چۈشەن-دۈردى ئارسىن سامانچىن.

— بىرنېمىدىن ئۈركۈپ كېتىشتىمىكىن؟ دېرىزىنى چوڭراق ئېچىپ قويغىن، چىقىپ كېتىشسۇن.

ئارسىن دېرىزىنى چوڭ ئېچىۋەتتى، لېكىن قارلىغاچلار توختىماي ۋىچىرلىشىپ، كىچىك كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىـ-شىپ ئىككىسىنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىناتتى. نېمىدىندۇر ئۈركۈگەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئادەملەر بىلەن يېقىنلىشىـ-شىدا مەلۇم سەۋەب بار، بىرەر ئىشتىن ئۇچۇر بەرمەكچىمىكىن ياكى بىرەر ئىش توغرىسىدا بىركىمگە نەسىھەت قىلماقچى-مۇ... ئارسىن شۇنداق ھېس قىلدى، ئۇنىڭغا كۈلكىلىك بىـ-لىنىدى. قېرى سامانچىن بولسا ئورۇنىدۇققا ئارتىپ قويغان لۆڭگىنى ئېلىپ، قارلىغاچلارنى دېرىزە تەرەپكە ھەيدەشكە باش-لىدى. قارلىغاچلار دېرىزىدىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى...

— مانا قىزىق ئىش، — دەپ بېشىنى چايقىدى بەكتۇر ئاغا، — ئۇلار بۇ يەردە نېمە قىلماقچى؟ مەيلى ئۇچۇشۇۋەر-سۇن. يەنە بىردەم ئىشلەيلى، ۋاقىت ئاز قالدى. بىز شۇنىڭغا كېلىشىۋالايلى، سەن قاچان كېلىسەن، يىرتقۇچلارنى قورشاشقا مەسئۇل قىلىنغان يۇرتداشلار بىلەن قاچان كۆرۈشىسەن؟ ھە، ئىككىمىز يەنە توختام تۈزۈشىمىز كېرەك!

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختام تۈزۈپ نېمە بوپ-تۇ؟ زادىلا كېرىكى يوق.

— ياق، ياق، كۆز ئالدىمىزدىكى قائىدە بويىچە، شۇنداق قىلىش كېرەك. ئوقەتچىلىكتە تايىنىدىغىنىمىز مۇشۇ توخ-تام.

ئارسىن سامانچىن باش تارتىپ، — نېمە كېرىكى بار، ئا-غا، مەن ساڭا ئۆز ئاتامغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن دەپ ئېيـ-

تاي، ــ دېدى، بىراق ئىغىز ئېچىشقىمۇ ئۇلگۇرمەي تۇرۇپ، قارلىغاچلار يېڭىباشتىن ئۇچۇپ كىرىپ كېلىشتى ـ دە، تو-رۇسنى تېز ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ــ ئاھا، ــ دېدى ھەيران قالغان بەكتۇر ئاغا، ــ قايتىپ كېلىشتى! بۇ نېمىسى؟

ھەئە، ئۇلار قايتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ تېخى دەپ بولال-مىغان ئاللىقانداق گېپى ياكى چالا ئاڭلاپ قالغان گېپى بارمۇ نېمە ۋە ياكى ئۇلار ئۇركۇگەن ئىشنى تىڭتىڭلاپ بىقىشقا كەل-گەندەك قىلامدۇ نېمە دەپ ئويلىغان ئارسىن ئەنسىزچىلىكتە قالغان بۇ ئىككى قارلىغاچنى كۆزىتىپ باقايچۇ، ئۇلارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاپ باقايچۇ، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى، لېكىن، بەكتۇر ئاغا ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ دېرىزىنى ئېتىۋەتكىن، دېدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ لۆڭگىنى پۇلاڭلىتىپ، قارلىغاچلارنى ھەيدەپ چىقاردى ـ دە، دېرىزىنى مەھكەم ئېتىۋەتتى ھەم بەك-تۇر ئاغام ئىسسىقتا قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ ھاۋا تەڭشە-گۈچنى چوڭ ئېچىۋەتتى.

لېكىن، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قارلىغاچلار دې-رىزىنىڭ سىرتىدا پەيدا بولۇپ، دېرىزىنىڭ ئەينىكىگە چاپلاش-قۇدەك يېقىن بوشلۇقتا قاناتلىرىنى قېقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئە-قىلگە سىغمايدىغان ھەرىكىتى ئارقىلىق ئادەملەرگە بىر نەر-سىنى يەتكۈزۈشكە ياكى ئاللىقانداق بىرنېمە توغرىسىدا ئا-گاھلاندۇرۇش بېرىپ، بىلىپ قىلىڭلار دەپ تىرىشىۋاتقاندەك توختىماي قاتتىق ۋىچىرلاشقىلى تۇردى.

بەكتۇر ئاغا ھەتتا مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ھەيرانلىق-تا:

ــ بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى؟ ياخشىلىقنىڭمۇ ياكى يامانلىق-نىڭمۇ؟ ھىم، دىققىتىمىزنى بۆلمەيلى. دېرىزە پەردىسىنى تار-تىپ قويغىنا، بەلكىم تىنچىشىپ قالار، ــ دېدى.

ئامالسىز، دېرىزىنى پەردە بىلەن ھەم قىلىپ ئېتىۋې-
تىشكە توغرا كەلدى.
ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەن بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە
مۇھىم ۋە ئانچە مۇھىم بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكى-
رىگە چۈشۈپ كەتتى، لېكىن ئارسىن: ئەجەب بولدى ـ يا، بۇ
غەلىتە قارلىغاچلار بىلەن ئارىنى ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك ئى-
دى، دەپ باشتىن ـ ئاخىر ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇردى. ئىلگىرى
ئۇ ئۇچار ـ قاناتلاردا بۇنداق قىلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى زادىلا
ئاڭلاپ باقمىغان...
بەكتۇر سامانچىن ئىش ـ ئوقەت توغرىسىدىكى بۇ سۆھ-
بەتتىن ئالامەت مەمنۇن بولۇپ، تاغىلىق سۈپىتىدە قىلىدىغان
گەپلىرىنى جۈملىدىن جىيەنىنىڭ بويتاقلىق تۇرمۇشى توغرى-
سىدىكى گەپلىرىنى سىلىق ۋە ناھايىتى يوللۇق قىلىپ دېدى.
ئارسىن بولسا بۇ چاغدا يەنىلا ھېلىقى ئىككى قارلىغاچ توغرى-
سىدا ئويغا پاتقانىدى.
— بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى جايىدا ئىكەن،
ئارسىن، — دېدى ئۇ ئارسىنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، —
رەھمەت. چېيىڭ بويتاقنىڭ چېيى ئىكەن، رەنجىمىگىن. گەپ
چايدا ئەمەس، ئەلۋەتتە، سەن قاچانغىچە سوزىسەن؟ ۋاقتى بول-
دى، ۋاقتى بولدى، بەزىلەر بەش ـ ئالتە قېتىم توي قىلىپ
بولدى ۋە ھەتتا تېلېۋىزوردا بۇنىڭ بىلەن ماختىنىپمۇ ئالدى
تېخى. لېكىن سەن، بىر پۈتلىشىپ كېتىپ قوپالمايلا قالدىڭ.
ياق، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، ئارسىن. سەن تېخى ياش، ئە-
قىللىق، بەكمۇ ئەقىللىق. مەرھۇم ئاتاڭ سېنىڭدىن ئىپتىخار-
لىنىشى كېرەك. ھىم، باي ئەمەسسەن، مۇنداقلا دەيلى، نامرات-
مۇ ئەمەسسەن. بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ تويۇڭغا قاتنى-
شىشنى كۈتۈۋاتىدۇ. مەن تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم، بىر ئۇيۇر
ئېتىم بار، ئۇنى قۇدىلارغا تويلۇقۇڭغا بېرىمەن، ئەگەر سەن

خالىساك ئۇنى شەھەرگە ھەيدەپ كېلىمەن. كۆلمە. ياخشى ئايال شەھەردىمۇ، ئايىلدىمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. تاللىغىن، ۋاقىت دېگەن ئادەمنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ... سەن ئۆزۈڭ ھەممىنى بىلىپ تۇ-رىسەنغۇ.

ئارسىن كۆلدى، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشى-تىپ، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىمەكچى بولۇۋېدى، بەكتۇر ئاغا بىر دىنلا:

— ئاڭلا، ئارسىن، بۇ قارلىغاچلار بىكاردىن-بىكار دې-رىزەڭدىن كىرىپ-چىقىپ يۈرمىگەندۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئايالىڭنى كۆرگۈسى كەلگەن چېغى، لېكىن ئۇ ئۆيدە يوق-تە! — دەپ چاقچاق قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ چاقچىقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەت-تى. لېكىن ئارسىن پۈتۈنلەي ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:

— شۇنداق بولسا ئىدى.

كېيىن ھويلىدا بەكتۇرنى ئۇزىتىۋاتقان چاغدىمۇ ئۇ ئى-چىدە: «شۇنداق بولسا ئىدى» دەپ تەكرارلىدى. بەكتۇر سامان-چىن بولسا باشقا، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە ئويلىماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ پاكىز يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەن جىپ ماشى-نىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئارسىنىڭ چاڭ-توزان باسقان «نىۋا»سىنى كۆرۈپ گەپ قىستۇردى:

— ھەي، ئارسىن، ئەگەر ھەممە ئىش جايىدا، پىلانلىغى-نىمىزدەك ۋە ئۈمىد قىلغىنىمىزدەك بولىدىغان بولسا، ئۆزۈڭ-گە مۇشۇنداق بىر جىپ سېتىۋالغىن. قوي بۇ «نىۋا»نى. بۇ پە-كاپقۇ يامان ئەمەس، سوۋېت زامانىدىن قالغان مىراس، لېكىن ھازىرقى زاماندا ساڭا ئوخشاش ئادەمگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدى-غىنى يەنىلا جىپ.

ئارسىن تاغىسى بەكتۇرغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى:

— رەھمەت تاغا، رەھمەت. قېنى، نەتىجىسىگە قارىماي-دۇق. تاغلىق رايوندا جىپ ھەيدەش قولايلىق. قاراپ باقايلى، —

ئۇ ئىچىدە: «مۇشۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى» دەپ يەنە بىر
قېتىم تەكرارلىدى ۋە گېپىنى يۈتكىدى، ـــ هەي، ئىتتىباي،
ئوبدان دەم ئالدىڭمۇ؟ يارايسەن، هامان مۇشۇنداق روهلۇق تۇ-
رىسەن ـ دە. تاغلىق رايونىمىزنىڭ يوللىرىدا هەركىم مېڭەلمەي-
رەلمەيدۇ.

ـــ شۇنى دېسەڭچۇ، بىز ئىتتىباي بىلەن مۇنداق يولدا
قانچە كىلومېتىر يول باستۇق بىلەمسەن؟ 300 مىڭ كىلومې-
تىر!

ـــ 340 مىڭغا يەتتى! ـــ دەپ تۈزەتتى ئىتتىباي ئىپتى-
خارلىق بىلەن.

ئاندىن كېيىن ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئارسىن
جىپنىڭ ئارقىسىدىن قولىنى پۇلاڭلىتىپ قالدى، لېكىن ئۇ
ئىچىدە يەنىلا: «شۇنداق بولسا ئىدى» دەپ ئويلايتتى.

ئاشۇ سىرلىق قارلىغاچلارنى ئەسلەپ كەتكەن ئارسىن
سامانچىنىنىڭ قانداق قىلىپ بولسىمۇ تىنچىيالماي كەتكىنىدە
يەنە بىر قايغۇلۇق سەۋەب بار ئىدى. قارلىغاچلار توغرىسىدىكى
ئىشنى ئۇ هېچكىمگە ئېيتماقچى ئەمەس، ئۇنداق قىلسا كۈلكە
پەيدا قىلىدۇ، پەقەت ئايدانالا ئۇنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئۇنى
رومانتىزم ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ چوقۇم بۇ ۋە-
قەلىكنى قوبۇل قىلىشىمنى، بىر پىيېسە ياكى بىر ناخشا يې-
زىشىمنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق كۈتمىگەن نەرسىلەرنى
پاراڭلاشقان ۋاقىتلىرىدا ئۇچرىتىپ قېلىشقا ئامراق. بۇهال سۆ-
يۈشكەنلەرنىڭ كۆڭلىنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇلاردا مۇنداق سىر-
دىششلار تالاي قېتىم بولغان! لېكىن، ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئۇ-
نىنى تېلېفوندىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئاشۇ چاكىنا «لىمۇ-
زىن»غا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالغان... ئەپسۇس، بولمىسا ئۇنىڭغا
بۇ سىرلىق خەۋەرچى قارلىغاچلار توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەرگەن
بولاتتى. قىزىق، ئۇلار نېمىدىن خەۋەر بەرگىلى كەلدىكىنە؟

ئەلۋەتتە، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇنىڭ بارى ئۇنتۇل-دى. تۇيۇقجار تاغلىرىدا شىكار - ئوۋچىلىققا تەييارلىق كۆرۈش ئوڭاي ئەمەس، كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى جىق. كېيىن، ئۇ يەردە — يۇرتىدا ئۆزىنىڭ قويۇن دەپتىرىگە «كۆرۈنمەس ئىشكىلەر ياكى تەقدىرنىڭ فورمۇلاسى» دېگەن ماۋزۇدا بىر خاتىرە يېزىپ قالدۇردى.

پاك قارلىغاچلار دەل شۇ توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشقا دالالەت قىلىپ كېلىشتىمىكىنە؟ بىراق ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ كۈلكىلىك. ئەخمەقلىق. يوق يەردىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان. ئاشۇنداق تۇيۇلغان. ھازىرچە شۇنداق بولۇپ تۇرسۇن. ھازىر-چە... لېكىن مۇشۇنداق خاتىرىنىڭ ئارسىن سامانچىنىنىڭ قە-لىمى بىلەن يارىتىلىشى كەلگۈسىنىڭ بىر بايرىقى. ھازىرچە ئۇيۇق پاكىز، ھېچقانداق خاۋاتىرلىنىش يوق، چۈنكى ھەممە ئىش سودا زۆرۈرىيىتى بىلەن تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا.

لېكىن ئۇ تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش قى-لىپ قويغانلىقىنى زادىلا بىلمەيدۇ، چۈنكى ئايدانا بىلەن كۆ-رۇشۇپ، قىزىق قارلىغاچلار توغرىسىدا ئېيتىپ بېرەلمىگىنى-گە ئۆكۈنۈپ ئازابلاندى ۋە بالىلارچە تەمتىرىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە، — ئوھۇ، قېنى ئۇ غەلىتە قۇش — قارلىغاچلار، نەدە؟! — دەپ چۇرقىراپ كەتكەن بولاتتى. نېرۋىسى جايىدىمىدۇ بۇ تاشلىنىۋې-تىلگەن بىچارىنىڭ؟

بۇ چاغدا ئىككىنچى بىر تاشلىنىۋېتىلگۈچى — يىرتقۇچ ئوقيىلپىز خۇددى جىن تەگكەندەك تېخىچە ئۆزەڭگىلەش بې-لىنىڭ ئاستىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ نېمىلەرنى كۈتۈۋاتقان-دۇ؟ نېمىلەر ئۇنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟

# 6

ئىككى كۈندىن كېيىن ئارسىن سامانچىن ئۆزىنىڭ «نىۋا»سىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. ئىبسىل مېھمان — ھەسەن بىلەن مىسىرنىڭ كېلىشىگە بارماق بىلەن سانىغۇدەك بىر نەچچە كۈنلا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى تولۇق ئاتاش زۆرۈر كەلسە، مۇرەككەپ، ئۇزۇن بولغاچقا، ئەلۋەتتە، ئەستە تۇتۇشقا، يادلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق ھازىرچە ھەسەن، مىسىر دەپ ئاتاپ تۇرساق بولىدۇ...

ئۇلارنىڭ ئوۋ ـ شىكارغا بولغان قىزىقىشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئارسىن سامانچىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۇرتىغا — تەڭرىتاغنىڭ بىر تارمىقى بولغان يىراقتىكى تۇيۇقجار تاغلىق رايونىغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

يول ئۇزاق — بەش سائەتلىك. گەرچە يول تونۇشلۇق، بولۇپمۇ ئۆزى ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن بۇ يولدا كۆپ قېتىم ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم ئۇنىڭغا بىر سىناق بولۇپ قالاتتى، يېرىمى ئاسفالت يول، يېرىمى يانتۇ يول ۋە ئېگىزلىكتىكى يارنى بويلاپ ماڭىدىغان ئېگىز ـ پەس تاشلىق يول ئىدى، يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە يېزا ـ قىشلاقلارغا تولۇپ كەتكەن زامانىباب چەت ئەل ماشىنىلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇرۇنقى زاماندىن قالغاندەك كۆرۈنىدىغىنى بىلەن، «نىۋا» ھېلىمۇ يارايتتى.

ھازىر ئۇ دەل كۈنچىقىش تەرەپتە كېتىپ بارماقتا. ئۇ شەھەر چېتىدىكى بۇلۇڭلاردىن ۋە تېخى پۈتمىگەن بىنالارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، چەت ياقىدىكى باغلارنى ۋە ئايىللارنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن يول كولخوز، سوۋخوزلارنىڭ دالاسىغا چىق-

تى. ئۇنىڭ نېرىسى تاكى تاغنىڭ ئالدىدىكى ئېدىرغىچىلىك تۇپتۇز يايلاق ئىدى. يېقىنراق كۆرۈنگەن ئېدىرنىڭ نېرىسىدا تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك چوققىلىرى كۆزگە چۈشەتتى. قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ۋەھ-شىي ئاق يىلپىز — يولۋاس بىلەن قاپلانلارنىڭ نامىغا مۇنا-سىپ بۇرادىرى — ئاشۇ تاغنىڭ جىلغىلىرىدا تىنچ ياشاپ ئا-ۋۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئۇلار بىردىنلا خەلقئارا ئوۋ - شى-كار پائالىيىتىنىڭ ئاجايىپ جەلپكار نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئارسىن سامانچىن «نىۋا»سىنى ھەيدەپ ئۆزىنىڭ يۇرتى-غا — كۆكنى تىرەپ تۇرغان ئېگىز تاغقا قاراپ ماڭماقتا. ئۇ تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان ھەر خىل ئىشلار — مىيىت ئۇزى-تىشقا، توي - تۆكۈنلەرگە قاتنىشىش، يېقىن ئۇرۇق - تۇغ-قانلارنىڭ كۆچكەن ئۆيىنى قۇتلۇقلاشقا ئوخشاش ئىشلار چىقىپ تۇرسا كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ھەدى-سىنىڭ ئۆيىدە تۇرماقچى بولدى، ھەدىسىنىڭ ئېرى تۆمۈرچى بولۇپ، ھازىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا تايىنىپ كۆپ پۇل تاپال-مايتتى، ئوغلى ئۆسكەن ئۆيلەنمەكچى، ئۆيگە ياندىشى قىلىپ ئۆي سالايلى، دەپ كۆپتىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ھەممىسى ئويىدىكىدەك بولسا، مەسىلەن، پەرەز قىلغىنىمىز-دەك بولسا، ئوۋ - شىكار مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆي سېلىشىغا پۇل بېرىش كېرەك. شۇنداق، سۆزسىز بېرىش كېرەك.

بۇ قېتىم ئارسىن سامانچىننى يۇرتىغا ئۆزگىچە سەۋەب بىلەن كېتىپ بارىدۇ دېيىشمۇ بولىدۇ. ئىلگىرى بۇنداق بولغان ئەمەس. ئۇ تاغىسىنىڭ — شۇ يەردىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغان كارخانىچى بەكتۇر سامانچىننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى، بۇ ئارسىننىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ قارىشىچە تەبىئىي

ئىش: ئۆزىنىڭ تاغىسى ـ دە، يەنە كېلىپ كىممۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئامېرىكا دوللىرىدىن ئۆزىنىڭ بىر ئۈلۈشىنى ئېلىشنى ئويلىمايدىكەن؟ قانداق ئەخمەق ئىكەن ئۇ رەت قىلىدىغان؟ بۇ غايەت كۆپ پۇل ئەرەب ئوۋ ـ شىكارچىلىرىدىن كېلىدۇ، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ئاق يىلپىزدىن كېلىدۇ، چۈنكى — بۇمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش — هازىر ياۋايى هايۋانلارمۇ بازار سودىسىغا كىردى: ئەگەر بۇ يەردە ئاق يىلپىز بولمىغان بولسا، ئۇ مېهمانلار نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا پۇلنى سىرتقا چاچىدىكەن؟!

بۇنداق، پۇل توغرۇلۇق گەپ بولۇۋاتقاندا كىمنىڭ ئويىدا نېمە بار ئىكەنلىكى هېچكىمنى قىزىقتۇرمايدۇ. هەركىمنىڭ ئۆز ئويى بار. كونىلاردا: «خەقنىڭ كۆكتاتلىقىدا بىر تۇتام ئوت ئۈنمىسىمۇ كىمنىڭ كارى» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئارسىن سامانچىنىنىڭ تەرجىمان بولۇپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىنىڭ هەقىقىي سەۋەبىگە هېچكىم قىزىققان ئەمەس.

رولدا ئولتۇرۇپ، تېزلىككە ۋە قارشى تەرەپتىن چىققان ماشىنىلارغا دىققەت قىلىپ — ئۆزگىچە كەسكىن بۇرۇلۇشلاردا، جۇڭگونىڭ دەپ ئاتالغان چوڭ، ئاسمان ـ پەلەك يۇك بېسىلغان يۇك ماشىنىلىرى ئىرغاڭلاپ ئاران مېڭىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەلكىسىدىن ئېغىر تاش چۈشۈپ كەتكەندەك ئۇھ دەپ قالىدىغان ئارسىن سامانچىن يەنىلا: بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشاش كېرەك؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇنداقلا بولسا مەيلى ئىدىغۇ! — دەپ ئويلايتتى. هېلىقى تەرسا، ئۈزلۈكسىز قىيناپ كېلىۋاتقان خىيالى بىردەم ـ بىردەم كاللىسىغا كېلىۋالاتتى، هەر قېتىم تىنچلىق بەرمەيتتى. ئارسىن سامانچىن رولدا ئەنە شۇ تەرزدە ئولتۇرۇپ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرالماي كەتتى. ئىچىدىكى «ئاخىرقى جاۋاب بەلگىسى» (ئۇ ئىچىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ تۇتەپ، ئۆچمەي تۇرغان

ئۈچ ئېلىش يالقۇنىنى شۇنداق ئاتىۋالغان) ئۇنى تولىمۇ قىي-
نىدى. ئەسلىدە مۇشۇنچىلىك ئەقىلسىزلىقىمدىن، ئۆزۈم
ئۇستىدىن غالىب كېلەلمەسلىكىمدىن، مەدەنىيەت سەۋىيەمنىڭ
تۆۋەنلىكىدىن بۇنداق مۇشكۇلاتقا مەنىۋى جەھەتتىن توغرا
ھۆكۈم چىقىرالماپتىمەن ـ دە، دەپ ھەيران بولدى. «بىر
چاغلاردا ئاق كۆڭۈل ئىدىڭغۇ، ــ ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، ــ
ئەسلىدە مۇشۇنچىلىكلا نېمە ئىكەنسەنغۇ. دەسلەپكى دەۋرلىك
تەبىئىي سېزىم سېنى غاجىلاۋېتىپتىكەن ـ دە، بازار ئېڭى
ساڭا توغرا كەلمىگەچكە ئۇنى يىراققا تاشلاپتىكەن ـ دە...
بىزنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن خوشلاشقىنىمىز بىلەن بازار
زوراۋانلىقىغا پېتىپ قالغانلىقىمىزنى بىلىدىغانلار ناھايىتى
ئاز. ئەگەر كىمدىكىم بازارغا ماسلىشالمىسا، بازار ئۇنى ئۆلتۈ-
رۈۋېتىدۇ. خەق سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا
سەنمۇ خەقنى ئۆلتۈر. مانا بۇ ئۇنىڭ، بازارنىڭ ‹ئاخىرقى جاۋا-
بى›. سەن ئاغزىڭدا ئۆزۈڭنى ئەيىبلىگىنىڭ، سۆككىنىڭ،
مەسخىرە قىلغىنىڭ بىلەن، يۈرىكىڭدىن ئەيىبىڭنى بوينۇڭغا
ئېلىشنى ياكى كەچۈرۈم سوراشنى خالىمايسەن. سەن مەنىۋى
جەھەتتە ‹ئاخىرقى جاۋاب›نى تېپىشقا ھەقىقىي بار دەپ قاراي-
سەن».

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان قورقۇنچ
ۋە ئالاقزادىلىكنى، قايغۇ ۋە ھەسرەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ،
ئۆزىگە ئوخشاش ــ ئەگەر خۇدانىڭ بار ئىكەنلىكى راست بول-
سا، خۇدا ئۇلارنى ئۇنۇتقان، ياكى قەلبىدە خۇدا بار بولسا، ئۇلار
خۇدانى ئۇنۇتقان، شەھەرلەشكەن ئاشۇ كىشىلەر توپىدىن بار-
غانسېرى يىراقلىشىپ، بۇ شەھەر كۆزۈمدىن نېرى بولسۇن، ئۇ
ئايدانانى مېنىڭدىن ئايرىۋەتكەن، ئازدۇرۇپ ئامىمىۋى مەدەنى-
يەتنىڭ قوينىغا تاشلىغان، دەپ «نىۋا»سىنى ھەيدەپ تاغ ئېتى-
كىدىكى تۈزلەڭلىككە ئىچكىرىلەپ كىرىپ باردى.

لېكىن، شەھەرنىڭ ئارسىن سامانچىنىنى قويۇپ بەرگۈسى يوق. شەھەر ئۇنى قوغلاپلا يۈرىدۇ، يولدا كېتىۋاتقاندىمۇ تېلې-فون قۇڭغۇرىقى ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇ ئامالسىز تېلېفوننى ئالاتتى، يا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ سۆزلىشەتتى، يا بىرەر ۋەقە چىقمىسۇن دەپ يول بويىدا توختىتىپ سۆزلىشەت-تى. تېلېفونلار ئاساسەن ھەرقايسى تەھرىراتلاردىن كېلەتتى، ئۇلار ئۇ ۋەدە قىلغان ماقالىلەرنى ياكى سۆھبەت ماقالىلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتاتتى. ئۇ ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلى-نىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى دېيىشەت-تى. ئالاھىدە سەھىپە تەھرىرلىرىگە ۋە بىۋاسىتە كۆرسىتىلى-دىغان تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى رىياسەتچىلىرىگە بولسا ئۆزىنىڭ ھازىر دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيت-قاندا ئۆزىگە ئۆزى دەم ئېلىش بەرگەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىشقا پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىدى، كەلگۈسى ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ۋاقتىنىڭ سەپەردە ئۆتىدىغانلىقىنى، ھازىر بول-سا شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. قىسقى-سى، بۇ مەسىلىلەرنى ۋاقتىنچە كەينىگە قالدۇرۇپ ماقۇللاش-تى، بىراق جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەن ئىككى مەسى-لىنى تېلېفوندا چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ۋە مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. چۈنكى ئۇ بەزى جىددىي ئىجتىمائىي مەسى-لىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ تەنقى-دىنى قوزغىغان، شۇڭا مەتبۇئاتتا ياكى تېلېۋىزىيە ئوبزورلى-رىدا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس، ئۇ تولا چاغلاردا تالاش - تارتىش قى-لىپ، تۈرلۈك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارىشىنى دەلىللەيت-تى. بىراق شۇ يەردە، تەھرىراتتا تەھلىل قىلىش بىر ئىش بولسا، تېلېفوندا يىراقتا تۇرۇپ مۇنازىرىلىشىش باشقا بىر ئىش ئىدى. بەربىر ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بولمايتتى. ئەمدى

ماشىنىنى توختىتىپ سۆھبەتنى باشلاشقا تـوغرا كەلدى. ھېـ.
لىمۇ ياخشى تېلېفونىنىڭ ئۇ بېشىدىكىسى ئۆز ئادىمى ــ «يېڭى
يول» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى قـۇماش بايسـالوف ئىكـەن.
ئاخباراتچىلىق كەسپى ئۇلارنى ئاللىبۇرۇنلا بىر ـ بىرى بىلەن
باغلىنىپ تۇرىدىغان قىلىۋەتكەن.

ــ قۇلاق سالغىنا، قۇماش، ــ دېدى ئارسىن سـامانچىـن
تىتىلداپ، ــ بۇنچىلا جىددىيلىشىپ نېمە بولۇپ كەتتى؟ مـەن
يولدا، مەن ساڭا ئېيتقان، قايـتىپ كېـلىمەن، ئـەنە شۇ چاغـدا
سۆزلىشىمىز...

ــ چۈشىنىمەن، ئارسىن، بىراق سېنى بىلسىكەن دېدىـم
ــ سېنىڭ مەتبۇئاتچىـلار قۇرۇلتـيـيدا قىـلغان سۆزۈڭ، ئېـ.
سىڭدىمۇ؟...

ــ ئەلۋەتتە ئېسىمدە.

ــ ... مۇنداق ئىش، بىزدىكى بىر تۇركۇم يەرلىك دىنىـي
زاتلار ــ مۇسۇلمانلارمۇ، خىرىستىيانلارمۇ ھەتتا لىبېرال باپ.
تىسـتلارمۇ بىـر ئوچۇق خەت يېزىپتـۇ. مەن ساڭا ئـېيتقـان،
دائىم ۋىنتىنى بەك چىڭىتىۋېتىسەن دەپ.

ــ بۇ ئۆلىمالارنى ھاياجانغا سېلىۋەتكەن نېمـىش ئىكـەن
ئۆزى؟ ئۇلارنى بىر تۇغقاندەك بولۇپ قىلىشقا نېمە تۇرتكە بو.
لۇپتۇ؟ باشقا ۋاقىتلاردا بىرىگە بىرى قول بېرىشمەيتتىغۇ...

ــ سېنىڭ ئاشكارىدىن ـ ئاشكارا تـوۋلاپ خۇدانىڭ مـەۋ.
جۇتلىقىغا شەك كەلتۇرگەنلىكىڭ، مۇقەددەس ياراتقۇچى، خـەت.
تە ئېيتىلغاندەك، ئۆز سۆزىگە باغلىق دەپ ئېيتقىنىڭ.

ــ قانداقچە؟ بۇ نېمە دېگىنى؟ ئەگـەر ياراتقۇچـى مېنىـڭ
سۆزۈمگە باغلىق بولسا، ئۇنىڭ مۇقەددەس يـاراتقۇچىـلىقى نې.
مىگە ھېساب. بىلجىرلاۋېرىشىدىكەنغۇ.

ــ خۇپسەنلىك قىلما، ئارسىن، نېمە قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە
مەلۇم. ئەمدى ئۇلار سېنىڭدىن توۋا قىلىشنى ھەمدە كۆز قـا.

رىشىڭنىڭ ئاددىيلا سەۋەنلىك ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى قەس-تەن بۇرمىلاش ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشىڭنى تە-لەپ قىلىشۋاتىدۇ.

— توختا، توختا، قايسى كۆز قاراشنى؟

— ھە، سېنىڭ ئالمائاتادىكى مەتبۇئاتچىلار قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزۈڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— ئەگەر، ئويلاپ باقاي... ئۇ بەشىنچى ئايغۇ دەيمەن

— توغرا يىگىرمە بەشىنچى كۈندىن يىگىرمە يەتتىنچى كۈنگىچە.

— شۇنداقمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— مانا ئاڭلاپ تۇر، ساڭا ئۇلارنىڭ تەلىپىنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بېرەي.

— قېنى باشلا.

تېلېفونۇڭ ئۆچۈپ قالماس؟

— خاۋاتىرلەنمە، مېنىڭدە ئارتۇق باتارىيە بار.

— ئەمىسە ئوقۇدۇم: «شۇنداق قىلىپ، بىرلىشىپ مۇھا-كىمە قىلىش نەتىجىسىدە بىردەك پىكىرگە كەلدۇق، بىز دۇن-ياۋى دىنىي ئىشلار ئايمىقى مەركىزىنىڭ ۋەكىللىرى دىن ئۇستىدىكى كۆپۈرلۈقتا بولغان غەزىپىمىزنى ۋە ئۇنى ئەيىب-لەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. بۇنداق كۆپۈرلۈق مەشھۇر مۇخبىر ئارسىن سامانچىنىنىڭ ياۋرو - ئاسىيا مەتبۇئاتچىلار قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە سادىر بولدى، بۇ، مەزمۇن جە-ھەتتىن ئاتېئىزمدىنمۇ قورقۇنچلۇق، بىز ئۇنىڭ تارىختا بولۇپ ئۆتكەن كۆچمەنلىك دەۋرىدىكى مەدەنىيەتسىز، پەلسەپە تونىنى ئالغان «سۆز»لەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ خۇداغا شەك كەلتۈرگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرىمىز ۋە قارشى چىقىمىز» ھە، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ھەئە، ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم.

— ياخشى، ئەمسە تۆۋەندە ئوقۇغىنىم سىنىڭ ماقالەڭ-دىن. شۇنى ئېيتىپ ئۆتەي، يىغىندا قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئاڭلىتىلغانلىقى ئېسىڭدىدۇ؟ مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەي، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلا، بۇ سېنىڭ قىلغان گەپلىرىڭ، ئۇلار خېتىدە بۇنى نەقىل قىلىپ ئاپتۇ: «ھازىرقى زامان ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ ھەقىقىي دۇنياۋى مە-نىسى بويىچە ئۆز چۈشەنچەم، ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشىم پەيدا بولغان. شۇنداقلىقتىن ئۆزۈمنىڭ قېلىپلىشىپ كېتىۋاتقان دەۋرنىڭ ئۇچۇر بوشلۇقىنىڭ ئاساسلىق يەنە كېلىپ ھەممە يەردە مەۋجۇت مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە زور مەسئۇلىيىتىنى كۆرستىپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن پەيلاسوپلاردىن مىراس قالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىباب رولىنى چۈشىنىش، تۈپ ئەھمىيىتىگە يېتىش مەقسىتىدە قەدىمكى مىتافورالارغا بۇرالغۇم كېلىدۇ. مەن نەقىل كەلتۈرىدىغان كۆچمەنلىك دەۋرىدىكى قازاق، قىر-غىز پوئىزىيەسىدە مەزمۇنى ئىنتايىن مول بىر بۆلەك بار، ئۇ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەن دىنىي كۆز قاراش مەيدانغا كې-لىشتىن ناھايىتى كۆپ ئىلگىرى ئېيتىلغان. تەرجىمە قىلساق مۇنداق بولىدۇ: «سۆز ئاسماندا خۇدانى قايتۇرىدۇ، سۆز ئالەم-نىڭ سۈتىنى ساغىدۇ ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، ئەسىردىن ـ ئەسىرگە بىزنى ئاشۇ سۈت بىلەن باقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سۆز-نىڭ سىرتىدا، سۆزنىڭ چېكىنىڭ نېرىسىدا خۇدامۇ، ئالەممۇ يوق ۋە دۇنيادا سۆزنىڭ كۈچىدىن ئاشىدىغان كۈچ يوق، دۇنيادا سۆزنىڭ ئوتىنىڭ تاۋىدىن ۋە قۇۋۋىتىدىن ئاشىدىغان يالقۇن يوق.» يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان پەند ـ نەسىھەت شۇ زاماندىكى ئۇزەڭگىدە تۇرۇپ يەر يۈزىگە نەزەر سالغان كۆچمەن پەيلاسوپلار، شۇ زاماندىكى ئاقىنلار تەرىپىدىن يەكۈنلەپ چىقىرىلغان.

— بۇنىڭ نەرى بىزنىڭ موللىلىرىمىز بىلەن پوپلىرىمىزغا ياقماي قاپتۇ؟

— مانا شۇ، ئۇلار بىردەك: قانداقمۇ خۇدانى ئىنكار قىلىدىغان نەرسىنى جامائەت ئالدىغا ئېلىپ چىقىشقا، تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىشقا بولسۇن؟! دەپ قارايدىكەن. چۈشەندىڭمۇ؟

— شۇنداق، راستىنى ئېيتسام ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ئويلىماپتىمەن. مەن ئۇلار كەڭرەك پىكىر يۈرگۈزىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. شۇنداقتىمۇ بۇ مېنىڭ ماھىيەتلىك مەسىلە ئۈستىدىكى ئېتىقادىمنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ.

— بوپتۇ، بىزنى نېمە قىلسۇن دەيسەن؟

— قانداق قىلساڭلار ئۆز ئەركىڭلار.

— چۈشىنىشلىك، ئۇنداقتا ئېسىڭدە بولسۇن، ئارسىن، — سېنىڭ يولدا ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ تېلېفون بېرىشىمدىكى سەۋەب — بىز كىچىكتۇرمەستىن بىزنىڭ دىنىي جامائىتىمىزنى قوللايمىز ۋە بۇ خەتنى بىرىنچى بەتكە باسىمىز. بىز ئىككىمىز ئىسلاھات باشلىنىش بىلەنلا قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن، ئەگەر بىز بۇنداق قىلمىساق، گېزىتىمىز مالىيە جەھەتتىكى «روھلاندۇرغۇچ»تىن قۇرۇق قالىدۇ، بۇنى چۈشەنگىن. بىزگە بۇنى دارىتىپ ئەمەس، ئاشكارا ئېيتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمدى بىزنىڭ «مال بىلەن تەمىن ئەتكۈچىمىز»نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن.

— ئۇنى بىلمەمدىغان. ئۇ سىلەرنىڭلا «مال بىلەن تەمىن ئەتكۈچۈڭلار» ئەمەس، پۈتكۈل مەدەنىيەت ساھەسىمۇ تېزلا ئۇنىڭ مالىيە جەھەتتىكى روھلاندۇرغۇچلىرىغا تايىنىدۇ. ھەممە — ئۇنۇمۇ، بۇيرۇقمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

— دېمەك، سەن بىزنى ئەيىبلەپ ئولتۇرمايدىكەنسەن — دە؟

— كىچىككىنىمۇ ئەمەس. ھەرىكەتكە ئۆت. مەن ئۆز كۆز-

قارشىمدا تۇرۇۋېرىمەن. ھەقىقەت يولىدا ھامان ئۆز ئورنۇمنى تاپالايمەن.

— OK! بىراق سەن چۈشەن، ئارسىن، مەنمۇ ئامالسىز- لىقتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن... ئىلگىرىمۇ سېنىڭ بىر ما- قالەڭ «مال بىلەن تەمىن ئەتكۈچى» گە بەكمۇ ياقماي قالغان ئەمەسمىدى.

— قايسى ماقالىنى دەيسەن؟

— رۇسىيە گېزىتلىرىگە بېسىلغان ماقالەڭ.

— ھە، بىلدىم.

— ماۋزۇسىلا جېنىغا تەگكەن — «بايلىق ۋە ھوقۇققا سەۋدايىلارچە ئىنتىلىش»! چىڭ يېزىلغان ماقالە. تاش قورال دەۋرىدىن بىزنىڭ كۈنلىرىمىزگىچە...

— ھە، شۇنداق بولغان، — دېدى ئارسىن سامانچىن قىس- قىچىلا جاۋاب بېرىپ، ئۇ ماقالىنىڭمۇ ئۆز رولىنى ئوينىغانلى- قىنى، نارازىلىق قوزغىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن دىنىي ئۆلى- مالار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن رەد- دىيە بېرىشكە ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەپ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋاتقىنى يەنىلا بايىقى ئەرتاش كۈرچال ئىكەنلى- كىدىن ئارسىن قىلچە گۇمانلانمايتتى، — بوپتۇ، قۇماش، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ يانفونىنى ئىگىلىكىگە قىسىپ، — دىق- قەت قىلىمەن. ئەمدى مېڭىشىم كېرەك. خوش، قۇماش!

— OK! ئارسىن، ساڭا ئەقىل كۆرسىتىۋاتقان مەن ئە- مەسمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئەتراپىڭدا بولۇۋاتقانلارنى بايقاپ يۈر. خەتنى ئېلان قىلمىز، باشقا چىقىش يولى يوق. دىنىي ئۆلىمالار بىزگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— نەدىكى ئۆلىمالار؟ ساختىپەزلەر!

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. قىسقىسى، سەن تاغلىق ئە- مەسمۇ، قەيەرنىڭ ئېگىز، قەيەرنىڭ پەس، قەيەرنىڭ ھاڭ ئى-

كەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك. ئاق يول بولسۇن...

— رەھمەت. مەن ئاتلاندىم، — دېدى ئارسىن سامانچىن يولدا دىققەت قىل دەپ ئەسكەرتكىنىمۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ-قۇرراق مەنە بارمۇ، دەپ ئويلىنىپ.

ئۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە ئىككى تەھرىر بۆلۈمىدىن تېلېفون كەلدى، بىراق ئاۋارىچىلىق يوق، يېنىك...

ئارسىن سامانچىن ماي پونكىتىدىلا ئازراق توختىدى، ئۇ تاغدىكى قارا يولنىڭ ئەگرى - بۈگرى يەرلىرىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. تاغ بويىدىكى يولدا بىردەم يۇقىرىغا، بىردەم پەسكە قاراپ مېڭىشنىڭ ئۆزىگە خاس رومانتىك يەرلىرى بار. ئەتراپ-تىكى مەنزىرە گويا سىزغان سۈرەتتەك، بىراق ماشىنىنى ئېھ-تىيات بىلەن ھەيدەشكە توغرا كېلىدۇ، ماشىنىنىڭ ئۆزىگە قو-يۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى. ئارسىن سامانچىن دىققىتىنى ما-شىنا ھەيدەشكە يىغقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ مەت-بۇئاتچىلار قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىنىڭ ئاخبارات ساھەسى-دىكىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ كەتكىنىگە خاپا بولۇپ ئويلاپ كەتتى: ئۇنىڭ ھەر خىل يىغىنلاردا چىقىپ قىلغان سۆزى كۆپ تالاش - تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، لېكىن مۇنداق تەشكىللىك قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىشى تېخى مۇشۇ بىرىنچى قېتىملىقى ئىدى. بۇنداق قىلىش ھەيۋە كۆرسىتىش خاراكتېرىدە ئىدى — ئارسىن سامانچىن ئىچىدە ساقلاپ كەل-گەن ۋە دۇنيادا ھېچكىم بىلمەيدىغان قورقۇنچلۇق نەرسىنى ئارقىغا تاشلاپ مېڭىپ كەتتى؛ ئۆزىنىڭ سان - ساناقسىز باي-لىققا تايىنىپ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكنى قىلىپ كېلىۋاتقان، باشقىلارنىڭ بەختسىز تەقدىرىنى نېرى - بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەم بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىزىغا سايە بولۇپ چۈشۈپ قوغلاپ كەلمەكتە. ئۇنداق بولغان-دىن كېيىن ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تەييار، ئەرەب مېھمانلارنىڭ

ئۇ – شىكار ئىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاخىرقى ئىشنى قىلىش كېرەك...

بۇ تۈۋى يوق ئوي – خىياللاردىن ئايرىلىش ناھايىتى قىيىن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭغىنىغا تۆت سائەتتىن ئاشتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەلگىنى بالىلىق چاغلىرىدىلا تونۇشلۇق بولغان يەرلەر، يەنە بىرەر سائەت يول ماڭسا قەدىرلىك تۇيۇقجارغا — ئايماق بويىچە ئەڭ چوڭ ئايىل ۋە ئەينى يىللىرىدىكى ئەڭ چوڭ كولخوزغا يېتىپ بارىدۇ. لېكىن ئارسىنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغىنى يەنىلا ئاشۇ خىياللار. مەيلى ئارىلىق قانچە يىراق بولسۇن، ئەگەر مۇمكىن بولسا، دەرھال، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئايدانا بىلەن كۆرۈشكەن، پاراڭلاشقان بولسام، بىرلىكتە ئايىلغا قايتقان بولساق، رولدا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا نەگە، نېمە ئىشقا بارىدىغانلىقىم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى – ھە، دېگەن بالىلارچە غەم يېگەن ھېسسىياتتىكى خىيال يەنىلا مەلۇم غەلىتە شەكىلدە ئۇنىڭدىن بىر چامداممۇ نېرى بولماي كېلىۋاتاتتى. ھالبۇكى، بۇنداق خىيال پىشقان ئادەمدە بولماسلىقى، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئادەمدە تېخىمۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئۇنىڭغا ئۇلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ھەرھالدا بىر تېلېفون بېرىپ باقايمىكىن دەپ تېلېفون بەرگەن، لېكىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئۇنىڭ «ئاللو!» دېگەن ئۇنىنىمۇ ئاڭلىيالمىغان، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپمۇ قىلالمىغان — ئايدانانىڭ ھازىرقى دەرىجىدىن تاشقىرى تەقدىرى رۇخسەت قىلمىغان، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا دەرىجىدىن تاشقىرى سودىگەرگە باش ئەگكەن تەقدىرى رۇخسەت قىلمىغان... مۇشۇنداق باش – ئاخىرى يوق ئوي – خىياللارنىڭ قۇچىقىدا ئايدانا بۇ يەردە ۋە ئۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ دەپ خىيال قىلىشلا قالدى.

بۇ چاغدا ئايدانا ئىشىكنى تىرىگەن هالدا يېنىدا ئولتۇر-غانىدەك بولدى. ئۇ ئىنتايىن زېھىن قويۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ بەكمۇ چىرايلىق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ شۇنداق چىرايلىق بولۇشى كېرەك، ھەربىر ئايال ئۈچۈن چىرايلىق بولۇش — ياشاشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى، ئىنسانلارنىڭ قائىدىسى شۇنداق. كەمتەر-لىك قىلىپ تۇرۇت قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئايدانا ھەقىقە-تەن چىرايلىق ئىدى — بويىمۇ، تۇرقىمۇ، يۈزىمۇ، قارا كىر-پىكلىرىنىڭ ئاستىدا دائىم نۇرلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى، بەزىدە ئارقىغا تارالغان، بەزىدە نۇر-لىنىپ تۇرىدىغان يۈزىنى سەھنىنىڭ پەردىسى يېپىپ تۇرغاز-دەك بولۇپ تۇيۇلىدىغان چاچلىرىمۇ شۇنداق گۈزەل ئىدى. يەنە ئۇنىڭ ئاۋازىنى دېمەمدىغان! بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا — يېقىملىق ئاۋاز بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك. شۇنداقمۇ، ئايا؟ ئاھ، كەچۈرگىن. بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرماسلىق كېرەك ئىدى. چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن، قەلبىمدە قايغۇ، مەن پەسكەشمەن، قاتتىق توۋا قىلىپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن. سەن ئەپچىلەملەرنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتىڭ - دە. مەن قاپاقباش-نى تاشلىدىڭ - دە. بۇ ئىش توغرۇلۇق كېيىنچە...

— توختا! ساڭا نېمە بولدى؟ — بىردىنلا ئويغاندى ئار-سىن. بىراق ئۇ يېنىدا يوق ئىدى...

ئايلىدا ئۇنى ناھايىتى كۆپ تۇغقانلار كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ! بىر تۇغقان ھەدىسى، تۆمۈرچى يېزنىسى، جىيەنلىرى، قېيىنئاغا - قېيىنئىنىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرى، ئاساسلىقى بەك-تۇر ئاغىسى ئۇنىڭ كېلىشىنى سائەت - مىنۇتلارنى ساناپ كۈ-تۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ۋاقىت ئاز قالدى، ئەرەب مېھمانلار بەش كۈندىن كېيىن، ئون يەتتىنچى ئىيۇلدا، سائەت ئون يەتتىدىن نۆل ئۆتكەندە ئەۋلىيائاتا ئايروپورتىغا ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئايروپىلانى بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ قونۇشىدۇ. ئايروپورتتىكى

ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتېرنېت ئارقىلىق ماسلاش-تۇرۇپ قويۇلغان، مەزكۇر ئايروپىلاننىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋە تەخمىنەن چېگرادىن چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتى ئۈستىدە توپمۇ - توغرا بىر خالتا ھۆججەت شەكىللەنگەن. بۇ ئارىلىقتا ئايرو-پىلان ۋە ئايروپىلان خادىملىرى ئايروپورتتا ياكى بەكتۇر سا-مانچىن ئېيتقاندەك «ئايرودۇرۇم»دا بولماقچى (ئۇلار يەنى ئە-رەبلەر ئۇچۇن خۇسۇسىي ئايروپىلان سېنىڭ «نىۋا»يىڭغا ئوخ-شاش). قىسقىسى، ھەممىسى كەسپىي پىلان بويىچە تەييارلان-غان. ئۇ ئۆزىنىڭ «نىۋا»سىنى ھەيدەپ كېتىپ بارماقتا، راستىمۇ ياكى خىيالدىمۇ... ئايدانا بىردىنلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى...

— نەگە بارىسەن، ئارس؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھوي، كەچۈرگىن، ئايا، — تۇيۇقسىزلا چىقىپ كەلگەن ماشىنىغا قاراپ رولنى بۇراپ سۆزلەپ كەتتى ئارس، — مەن ساڭا تېلېفون بېرىپ زادى ئالالمىدىم، سېنىڭ بۇگۈن كىيگە-نىڭ ھايدېلبېرگ باغچىسىدىكى كۈنى كىيگەن ئاشۇ كۆڭلەك ئىكەن، ئېسىڭدىمۇ؟ ساڭا بەكمۇ ياراشقان.

— مەن ئۇنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، سېنى دەپ مۇشۇنداق كىيدىم، ئارس.

بۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتتى:

— قاياققا بېرىش كېرەك بولسا شۇ ياققا كېتىپ بارىمىز، بىراق، كەل. بىز ئەستايىدىل گەپلىشەيلى. بىر يولىنى تېپىش كېرەك، ئايا، — دېدى ئۇ.

— كەل، سۆزلىشەيلى، خالىساڭ.

— سەن ئۇچۇن كۆڭلۈڭگە ياقمايدىغان، كۈتۈلمىگەن ۋەقە بولمىسۇن، بىراق دىققەت قىل: ئىش تىراگېدىيە بىلەن ئا-خىرلىشىشى مۇمكىن. بۇ سېنىڭ ھاياتىڭغا خەۋپ يەتكۈزمى-سىمۇ، لېكىن...

— ھە، نېمە، نېمە بولدى؟ بۇ سېنىڭ ھاياتىڭغا خەۋپ يەتكۈزەمدۇ؟
— مېنىڭكىگىلا ئەمەس.
— نېمە بولدى، ئارس؟
— چۈشىنىسەن، سەن ئەقىللىق، كۈچلۈك، چىرايلىق ئايالسەن. خۇدا ساڭا ئاجايىپ مۇزىكىنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ناخشا ئېيتىدىغانغا ئاجايىپ ئۈن بەرگەن. لېكىن، سەن خۇدانىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ كېلىۋاتامسەن؟ سېنىڭ ئەمدى باشقا خۇدايىڭ — سودىگەر خۇدايىڭ بار ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەرتاش كۇرچال — كۇرچال — بۇرچال — قاغىش تەگكۈر! ئۇ بىردىنلا بېيىپ كەتكەن باي ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا مەيلى ئىدىغۇ، ئەرتاش كۇرچال سودىگەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان شەيتان. ئۇ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان ھەممە نەرسىنى يامان كۆرىدۇ. ئۇ دەرھال تەمىنى تېتىپ، ھىدىنى سەزگەن.
— يولغا قارىغىنا، ئارس!
— ئەنسىرىمە، ئايا، چاتاق چىقمايدۇ.
— توغرا، بىر چاغلاردا ماشىنا ھەيدەشكە ناھايىتى چېۋەرمەن دەپ ماختانغان ئەمەسمىدىڭ.
— بەلكىم شۇنداقتۇ. ئاڭلا، گېپىمنى تۈگىتىۋالاي. بۇ يىرتقۇچ ھايۋان مېنىڭ موسكۋادىكى گېزىتلەردە «بايلىق ۋە ھوقۇقتا سەۋدايىلارچە ئىنتىلىش» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان ماقالەمدە كىمنى كۆزدە تۇتقانلىقىمنى بىلىۋاپتۇ.
— مەن تېخى ئوقۇمىدىم، ئارس. ئۇنىڭدا كونكرېت ئادەمنىڭ ئىسمى ئاتالمىغان دېيىشىدىغۇ.
— مەن ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتمەي دېگەن. ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىلەمسەن، ماقالىدا تىلغا ئېلىنغىنى بايلىق ۋە ھوقۇقتا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئارقىغا قايتۇرغىلى

بولمايدىغان ئومۇمىي ۋەزىيەت. گەپ ھوقۇققا بىۋاسىتە ئېرىـ
شىشمۇ ياكى ئۇنىڭ قۇدرىتىنى سېتىۋېلىشتىمۇ دېگەن مەسىـ
لىدە ئىدى، بۇ ئانچە مۇھىممۇ ئەمەس، ئۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق
بولسىمۇ بەرىبىر. دېمەكچى بولغىنىم ھوقۇق بايلىققا موھتاج،
خۇددى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ھاۋا كېرەك بولغاندەك؛ بايلىق
بولسا ھوقۇققا موھتاج، بۇمۇ خۇددى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن
ھاۋا كېرەك بولغىنىدەك. تۇرمۇشتا مانا مۇشۇنداق ئورۇنلاشـ
تۇرۇلغان. بايلىق بىلەن ھوقۇق بىر ـ بىرىسىز ياشىيالمايدۇ،
ئۇزلۇكسىز تۈردە بايلىق ئارقىلىق ھوقۇققا ئىنتىلىش بولىـ
دۇ، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇلارنىڭ خەتەرلىكلىكى دەل شۇ
يەردىكى، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ،
قانداق قىلىپ بولمىسۇن مەقسەت ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە
ھەركىم ماڭلىيىغا يېزىلغىنىنى كۆرىدۇ، بەزىلەر خۇشاللىققا
ئېرىشسە، بەزىلەر ئېچىنىشلىق تۈردە گۆرگە كىرىدۇ. ھېلىقى
بىرنېمە بولسا ماقالىدا ئۆزىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت ـ بەشىـ
رىسىنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ...

— ھوي، ئارس، سەن دەرس ئۆتۈش بىلەنلا بولۇپ كەتـ
تىڭ، ئۇنىڭدىن كۆرە يولغا ئوبدان قاراپ، رولنى مەھكەم تۇتۇپ
ئولتۇرغىن!

— خاۋاتىرلەنمە. بايلىق بىلەن ھوقۇقنىڭ ئانىسىنىڭ
قورسىقىدىكى چاغدىلا بىرىكىپ قالغان سىئام قوشكېزەكلىرى[1]
ئىكەنلىكىگە تېزلا ئىشىنىسەن.

— نېمە بولدى، يەنىلا سوتسىيالىزم قۇراي دەمسەن؟ باشـ
تىن كەچۈرمىگەن بولساق كاشكى؟

— گەپ بۇ توغرىدا ئەمەس.

— ئەمىسە نېمە توغرىسىدا؟

[1] سىئام قوشكېزەكلىرى — سىئام تايلاندنىڭ قەدىمكى نامى بولۇپ، سىئام قوشكېزەكلىرى تۇتاش تەنلىك تۇغۇلغان ئاكا ـ ئۇكا خانگې بىلەن ئانگې (1811 ـ 1874)نى كۆرسىتىدۇ.

— سىنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بازار خۇدالىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغانلىقىمىز توغرىسىدا. سەن بۇ توغرۇلۇق قانداق ئويلايسەن؟

— ئۆزۈڭ بىلىسەن! مېنى مەجبۇرلىما، ئارسىن...

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ ئارامسىزلىنىپ كېتىۋاتامسەن؟

— قۇلاق سالغىنا، ماشىنىنى توختات! بولمىسا مەن سەكرەيمەن. بەس! مېنى ئۆز مەيلىچە مۇشۇنداق قارارغا كەلدى دەپ بىلەمسەن؟ سەن ھەممىنى مېنىڭدىنمۇ ياخشىراق چۈشىنىسەن. مەسىلە مۇنداق: ياكى مەن چولپان ئۈزەڭگىسىگە دەسسەپ پاپسا سودا كونسېرتلىرىدىن ئىبارەت داغدام يولدا چاپىمەن، ياكى رومانتىزم ئۈچۈن قوشاق ئېيتىپ، سەدىقە تىلەپ يۈرىمەن! مېنىڭ يۈرىكىمنى ئەزمىگىنە، بىلىسەنغۇ، قىزىم ھەتتا پېنسىيە پۇلىنىمۇ ئالالماي يۈرگەن قېرى ئاتا - ئانامنىڭ قولىدا. مېنىڭ ئۇنى يوچۇن كىشىلەرگە ئىشىنىپ بەرگىم كەلمەيدۇ، ئۆزۈمنىڭ بولسا ۋاقتىم يوق. سېنىڭ مېنى سېغىنىپ يۈرگەنلىكىڭنى، ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. سېنىڭ ئىزچىل تۈردە غايىب بولغان كېلىن ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن. بىراق، سەن چوقۇم تەنھا بىر غايىچى بولىمەن دېسەڭ، مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ سەن ئىككىمىزدىكى يوق...

— نېمە يوق؟ نېمە توغرۇلۇق ئېيتىۋاتىسەن؟

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشمەيمىز، مۇشۇ توغرۇلۇق.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئاڭلا. ئېھتىمال مەن ساڭا ئۇياتسىز كۆرۈنەرمەن، شۇنداقتىمۇ ئاخىرىدا ساڭا شۇنى ئېيتاي. سۆز — بىر، ئەمەلىيەت — باشقا. سەن تەنھا ئۆزۈڭلا نامۇۋاپىق دۇنيا ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرىسەن، ساڭا ئوخشاش غوتۇلداپ يۈرۈۋاتقانلار ئاز

ئەمەس. ئۇنىڭ بولسا سودا ئوردىسى بار، خوتۇنلىرى سامان-
دەك، ماڭا ئوخشاشلىرى ئاز ئەمەس. پۇل ئۈچۈن ھەممەيلەن
ئالدى - كەينىگە قارىماي بەس - بەس بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا
چېپىشىدۇ، قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا كېرەك بولۇپ قالارمىز
دەپ كۈتۈشىدۇ. دۇرۇس، ساڭا ئويۇنچى خوجايىنلار ۋە ئالىي
پىكاپ — لىمۇزىنغا ئېرىشكۈچىلەر ياقمايدۇ، ئۇنى كۆرىدىغان
كۆزۈڭ يوق، ئۇنداق قىلىپ نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ ھېچنېمىسى
يوق ئىدى، ھازىر دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى! بۇنىڭدا تاياد-
غىنى ئۆزىنىڭ ئوقىتى. كۈچ ئۇ تەرەپتە. پۇتتى!

— ھەئە، ئايدانا، پۇتتى! سەن توغرا دەيسەن. قوشۇمچە
قىلىدىغان ھېچنېمە يوق. بارى مۇشۇنداق. بىراق مەن ئۇنىڭغا
تەسلىم بولمايمەن. سەن تېز ئارىدا كۆرىسەن، مەن مۇشۇ نى-
شانغا قاراپ تىرىشىۋاتىمەن. ساڭا نېمە بولدى؟ مەيۇسلەنمە.
سېنىڭدە ئەيىب يوق، ئەيىب سېنى قويىنىغا ئالغان بازار دەۋرى-
دە. ئۇنىڭ خۇداسى — پۇل. بۇ خۇدا ھەممىلا يەردە مەۋجۇت.
مەيۇسلەنمە. توختا، نەگە بارىسەن؟ توختاپ تۇر! نەدىسەن؟ نە-
دىسەن؟



بىراق، ئۇ كۆزدىن غايىب بولدى. ئارسىن سامانچىن ما-
شىنىنىڭ سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئايدانا ساماروۋا راستىلا
ئىتتىك كېتىۋاتقان ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كۆز ئالدى-
دىلا غايىب بولۇپ كەتكەندەك تېڭىرقاپ ئارقىغا قارىدى. ئې-
سىنى يىغقاندىن كېيىن پېشانىسىگە بىر شاپىلاق سېلىپ،
كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ، ئادەتتىكىدەك خىيالپەرەسلىكى ئۈچۈن
ئۆزىنى كايىپ، خىيالىغا كەلگەنلىرىگە بىر ئىشنىپ بىر ئى-
شەنمەي ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. شۇنداق قىلسىمۇ، ئۇنىڭ
ئاڭ - سېزىمىدە بولۇپ ئۆتكەن بۆلۈنۈش رېئاللىقتا قىلىشقان
پاراڭدەكلا ئىدى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى مۆھەببەت بى-
لەن ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغان بېسىم ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئال-

ىدا بولۇپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى قانچىلىك مەنىسىز ۋە كۈلكىلىك كۆرۈنمىسۇن، ئۇ رېئال تۇرمۇشتا پىلانلاۋاتقان ھې-لىقى ئىشنى دۇنيادا بىرمۇ ئادەمنىڭ بىلمىگەنلىكى بىلەن ئۇ-نىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ھېچكىم... كىشىلەر بىلگەندە بول-سا... ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، كىشىلەر دەپ يۈرىدىغاندەك، ئۇ باشقا بىر مەسىلە. ئۇ ئالەمدە رەقىپلەرمۇ بىر - بىرىنىڭ قولىرىنى قىسىشىپ، قۇچاقلىشىپ يۈرەرمىش...

بۇ چاغدا ئارسىن سامانچىن تاغدىكى كىنىدىك قېنى تۆ-كۈلگەن ئايىلغا يېقىنلاپ قالدى. ماشىنا تۇيۇقچار رايوننى بويلاپ كەتكەن يانتۇ يولدا ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ تاشپاختا كاھىش بىلەن يېپىلغان ئۆيلەرنى، ئايىلدىكى ھويلا - ئارام ۋە قاشالارنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ باياتىن خىيالىدا زاھىر بولغان كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇدى. بۇ يەرگە كەلمىگىلى يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى، مانا ئەمدى قانچىلىك نامرات بولسىمۇ بەرىبىر ئۆ-زىنىڭ كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن ئايىلغا ئامان - ئېسەن يې-قىنلاپ كەلدى. ئاڭغىچە يولدا كېتىۋاتقان قوشنا ئايىلدىن ماشىنىسىغا ماي قاچىلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىدى، بۇ تەرەپلەردە ماشىنىغا تولدۇرۇپ ماي قاچىلىۋېلىش بەكمۇ زۆرۈر.

ئەلۋەتتە، ئۇنى كىشىلەر كۈتۈپ تۇراتتى. ھويلىغا كىرد-شى بىلەنلا ھەدىسى قادىچا بىلەن يېزنىسى ئورمان ئۆيدىن چى-قىپ كېلىپ، ئۇنى ئۇزاق قۇچاقلىدى (تۆمۈرچىنىڭ تېنىدىن قىزارغان تۆمۈرنىڭ ئاچچىق ھىدى كېلىپ تۇراتتى)، ھەدىسى ھەتتا ئازراق كۆز يېشىمۇ قىلىۋالدى. ئىت سودىسى قىلىپ خاپا قىلىپ قويغىنىنى ئۇنتۇپ ئارداق ئائىلىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. ئۇچرىشىش راسا خۇشاللىق ئې-لىپ كەلدى. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەرەب بايلىرىغا تەرجىمان بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىشىدىكەن. بەكتۇر ئاغا بەش مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ كەلدى، ئەھۋالدىن

قارىغاندا ئۇنى ئۇمۇ زارىقىپ كۈتۈپ تۇرغانىكەن، بۇمۇ چۈشىنىشلىك، ئارسىنسىز بەكتۇر سامانچىنىنىڭ ئىشى ئاقمايدۇ ـ دە. بەكتۇر ئاغا ئۈستىگە چاپان، ئات مىنىشكە ئەپلىك دەپ پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ ۋە بېشىغا ئۇچلۇق ئاق قالپاق كىيىپ ئات مىنىپ كەلگەنىدى. ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ھە دېگەندىلا گەپ باشلىدى:

ــ ئارسىن، سېنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم، راسا زارىقىپ. ۋاقتىدا كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى. ئىشلار پىلان بويىچە كېتىۋاتىدۇ، ھەممىسى تەييار. مەن ساڭا كۆپتىن بېرى كۈتۈپ تۇرغان مېھمانلاردىن كەلگەن فاكسنى ئالغاچ كەلدىم، ئوقۇپ باق، تەرجىمە قىلىۋەت، بىراق بۇنىسى ئەتە قىلىدىغان ئىش. بۈگۈن خاتىرجەم يېتىپ دەم ئېلىپ ھاردۇقۇڭنى چىقىرىۋال. ئىش دېگەن چاچتىن تولا...

ئۇلار يەنە بىر ئاز سۆزلەشتى، چاي ئىچىشتى، ھەدىسى ھەممىنى تەييارلاپ ئولتۇرغانىكەن، بۇ ئارىلىقتا كۆرۈشۈپ چىقايلى دەپ قوشنىلار كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇشتى. كوچىدىن بالىلار چۇرقىرىشىپ كىرىپ «نىۋا»نى ئورۇۋېلىشتى. كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشمۇ بولۇپ قالدى، خىيالىغىمۇ كەلمىگەن يەردىن ساۋاقدىشى تاشتانئافغان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى تاشتانبېك ئىدى، بىراق ئافغان ئۇرۇشىدا ئۇچ يىل خىزمەت ئۆتىگەندىن كېيىن ــ ھېلىمۇ ياخشى يېنىك يارىدار بولۇپ، كۆكرىكىگە ئوردىن تاقاپ قايتىپ كەلدى ــ ئايىلدا ئۇنى «تاشتانئافغان»، ئۆيدىكىلەر تېخىمۇ قىسقارتىپ «تاشئافغان» دەپ ئاتاپ قېلىشتى... بۇ ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئۆتكەنلىكىگە قارىتىلغان ھۆرمەت نامى ئىدى. ئۇ ئارسىن سامانچىنىنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى، باللىق ۋاقتىدىكى دوستى، ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىر قەبىلىدىن ئىدى. ئارسىن ئالىي مەك-

تەپتىكى دەۋرىنى موسكۋا بىلەن لېنىنگرادتا ئۆتكۈزۈپ شە-
ھەرلىك بولۇپ قالغان. تاشئافغان ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك
تېخنىكومىنى پۈتتۈرەي دەپ قالغان ۋاقىتتا ھەربىي سەپكە
چاقىرىلىپ، پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى بىلەن ئافغانىستانغا
كەتكەن. خۇداغا شۈكرى، يۇرتىغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىن ئۆز كولخوزىدا قالدى، بۇ چاغدا مەملىكەت بو-
يىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتقا ئەگىشىپ دېموكراتىك
ئىسلاھاتمۇ باشلىنىپ كەتتى، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا يەرگە
بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق باشلاندى. تاشتانئافغانمۇ بۇ
يەردىكىلەرگە ئوخشاش كىچىككىنە بىر يېزا ئىگىلىك كارخا-
نىسىغا ئىلىنىپ قالدى، دۇرۇسراق قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپچىد-
لىككە ئوخشاش ئەپلەپ - سەپلەپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باش-
لىدى. ھەممە يەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھالەت ھۆكۈم سۈرەت-
تى، خىلۋەت تاغلىق رايوندا ئەھۋال تېخىمۇ بەتتەر ئىدى.

ئىنىسى كېلىشى بىلەنلا ھەدىسى ئايىلداشلارنىڭ ئۇنى
كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا، ئارسىن سامانچىن
بولارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىگە ئالدى:

— ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى سېنى كۈتۈپ تۇ-
رۇۋاتىدۇ، تاشتانئافغان ئۈچ مەرتەم كېلىپ سېنى سوراپ كەت-
تى.

ئارسىن ھەممىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، پىكىرلىشىشكە
ئاران ئۈلگۈردى. قوشنىلىرى بىلەن باشلىق بەكتۇردىن باش-
قىسى — ئايىلداشلار ئۇنى ئادەتتىكىچە «باي ئاكا» دېيىشمەس-
تىن، زامانغا يارىشا «باشلىق» دەپ ئاتاپ قويۇشاتتى — تاش-
تانئافغانمۇ كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇلارمۇ مەھكەم قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى. ئىككىسى بىر - بىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى.
كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسلەشتى. بۇ
ھەقتە تاشتانئافغان مۇنداق دېدى:

— سىلەردە، شەھەردە ھەركىمنىڭ ئۆز تېلېفونى بار، كىم بىلەن سۆزلىشىشنى خالىسا، قاچان خالىسا تېلېفون بېرەلەيدۇ. بىزدە بولسا تېلېفون يوق، كەلگۈسىدە بولۇشىمۇ ناتايىن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئارسىن، ھېلىمۇ ياخشى ئايىلدا توك بار، سوۋېت دەۋرىدە قويۇلۇپ قالغان. يانفوننى دېسەك، باشلىقتا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى — بورىي بىلەن جاناربېكتىلا بار، ئۇلار ئېسىڭدىدۇ، مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانمىز.

— ھەئە، ئەلۋەتتە، بىلىمەن، — دەپ كۈلۈمسىرىدى ئارسىن ۋە ئاغىنىسىنى رىغبەتلەندۇرۇپ، — يانفونلار توغرۇلۇق مەن ئويلايمەنكى، ئەرەب خانزادىلىرى بىلەن بىرلىكتە يىلپىزلارنى كۆپرەك يىقىتساق، سەن چوقۇم خېلى پۇللۇق بولۇپ قالىسەن. باشلىق بەكتۇر ئاغا شەھەرگە كەلگەندە ئېيتقان، يىلپىزلارنى قورشاپ بېرىدىغانلارنىڭ ئىچىدە سەن باشلىقىي ئىكەنسەنغۇ، تىك ھاڭ، داۋانلاردىن ئۆتۈش، ئۇنىڭ پۇتۇپ كەتكۈچە توۋلاپ سۈرەن سېلىش — بۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، بەكتۇر ئاغا سېنى بەك ماختىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ ئافغاندىكى تەجرىبەڭ بار - دە. ساڭا ياخشى ھەق بېرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن. يانفون ۋە يەنە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋالالايسەن. ئەمدىكى يىلپىزلار تېزاقتا چۈشۈپ بەرسىلا بولدى.

تاشتانئافغان مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى:

— قانداق بولاركىن، كۆرىمىزدە. بىز يەنە سۆزلىشىمىز. سەن كۈلمە، ئارسىن، بىراق ئاق يىلپىزلار بىزنىڭ تاغدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان يىرتقۇچ، كىچىك چېغىمىزدا ئۇ توغرۇلۇق ناھايىتى جىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىشەتتىغۇ، ئەمدى يانفونلارغا كەلسەك ئۇ شەھەردە تاغارغا قاچىلانغان بەرەڭگىدەك. ھەركىمنىڭكى ئۆزىگە.

— بۇ دېگىنىڭغۇ راست، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ئارسىن سامانچىن، — بىراق پويىز ئۆز يولى بىلەن ماڭىدۇ.

ئەمدى بۇ چۆچەك ئەمەس، ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، ئەرەب مەرگەن-لەرنىڭ ئالدىغا يىلپىزلارنى ئۆزۈڭ ھەيدەپ كېلىسەن. ئەمدى بۇ چوڭ سودا.
— ھەئە، ئەلۋەتتە، چوڭ سودا. گەپ يوق.
— باشلىق بەكتۇر ئاغا، يىلپىزلارنى قورشاپ بېرىدىغانلار بەش كىشى دېگەنىدى، سەن ئۇلارنىڭ باشلىقىغا ئوخشاش ئىكەنسەن، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئېتىنى مىنىپ چىقىدىكەنسىلەر، ئاتلارغىمۇ لايىق ھەق تۆلىنىدۇ.
— ئۇنىسى راست، — تەستىقلىدى تاشتانئافغان، — بىز بەشەيلەن. يەنە ئاتلىرىمىزمۇ كۈچلۈك. شۇغىنىسى ئاياغ تەگمىگەن تاغلار ۋە قار كېچىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇزەڭگە ئۇچۇنمۇ ھەق بەرسە بولىدۇ — سودا دېگەن سودا - دە. ھە، ئەتە كۆرۈشەيلى.
— مەيلى، ئەتىگىچە.
بىراق، قورۇدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ تاشتانئافغان خىيالچان بولۇپ بىر نەرسىنى ئېيتالماي قالغاندەك توختاپ قالدى. راستلا شۇنداق بولۇپ چىقتى. ئۇ يەنە قايتىپ كەلدى:
— توختاپ تۇرە، ئارسىن، يەنە بىر مىنۇت ۋاقتىڭنى ئالاي.
— ماقۇل، بىر نەرسە دېگۈڭ بارمۇ؟ ئۇقۇپ تۇرۇۋاتىمەن.
— بىز بىرەر يەرگە بېرىپ سۆزلىشەيلى. بىلەمسەن، بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا سەن ئۆز كىشىمىز، ھەممىمىز مۇشۇ يەرلىكمىز، تۇيۇقجارلىقمىز، ئەرەبلەر نېمىتى، بىزنىڭ تاغلىرىمىزدا ئوۋ - شىكار قىلىپ كېتىدۇ شۇ، لېكىن بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ — بۇنى ئۆزىمىزدىن ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك. شۇڭا يىلپىزلارنى قورشاپ بېرىدىغان بەشىمىز سېنىڭ بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ ئىچ - قارنىمىزنى تۆكۈپ سۆزلىشىپ باقساق دېگەن يەرگە كەلدۇق. بۇنداق پۇرسەت قا-

چان يەنە بىر قېتىم كېلىدۇ، ئۇنى كىم بىلىدۇ؟ يەنە باشلىق-نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ساقىمۇ بىر ئات تەييارلاپ قويدۇق، سىز-مۇ ئەرەب مېھمانلار بىلەن بىرگە چاپىسەن - دە. سېنىڭ ئې-تىڭ ناھايىتى ياخشى ئات، ئۇنى سەن پاتلا كۆرسەن، ئېگەر - جابدۇقلىرىنىمۇ تاللاپ قويدۇق. ئەلۋەتتە، باشلىق بۇيرۇغاننى سۆزسىز بەجا كەلتۈرىمىز - دە! ئاتنى كۆرسىتەيلى، مىنىپ كۆرۈپ باق، ئاندىن ئازراق چاي ئىچىشىپ پاراڭلاشساق...

— بولىدۇ، تاشئافغان، كەل ئولتۇرايلى، سۆزلىشەيلى. بىراق قاچان؟ ۋاقىتنى توغرىلايلى. بىزنىڭ سودا پىلانىمىز ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇڭا باشلىق بىلەن سۆزلى-شىپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك.

— مانا، مانا، ئەتە ۋاقتىڭ بارمۇ؟ ئەرەبلەر ئاينىڭ ئون يەتتىسى كېلىدۇ، بۇگۈن ئون ئىككىسى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئەتە ئۇچرىشىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلگۈرەلمەي قالىمىز. تاغقا كېتىپ قالىمىز. ئىش چاچتىن كۆپ، ئىھ، بارى - يوقى ئىككى ئەرەب كېلىدىكەن، بىز بولساق ئايلىمىز بو-يىچە ھەرىكەتكە كېلىپ تەييارلىق كۆرىمىز... مەيلى، بەشىمىز كۈتىمىز، قويغىنا، يىگىتلەرنىڭ سېنىڭ بىلەن مېنىڭدىنمۇ بەكرەك كۆرۈشكۈسى كېلىپ تۇرىدۇ.

— ماقۇل، مەن باشلىق بىلەن سۆزلىشەي.

— سۆزلەش، بىراق پەقەت سىنىپداشلىرىم بىلەنلا كۆ-رۈشمەن دېگىن. يەنە ئېسىڭدە بولسۇن، بىرئاز يېمەي - ئىچ-مەي ئولتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇنى كېيىنكى نۆ-ۋەتكە قالدۇرايلى، بىز بەشىمىز مۇشۇنداق قارارغا كەلدۇق، ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلار بار.

— خاۋاتىرلەنمە، تاشئافغان، مېنىڭمۇ ئانچە ئىچكۈم يوق (تېخى يېقىندىلا «ياۋرو - ئاسىيا» مېھمانسارىيىدا ئۆزىنىڭ بىر ئىستاكان ۋوتكىنى بىراقلا ئىچىۋەتكىنىنى ئېيتىپ بىر

ماختىنىشۋالغۇسىمۇ كەلگەنىدى، لېكىن بۇ ۋەقەنىڭ ئارقىسىدىكى ھېلىقى ئادەمنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، غەزەپلىنىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى). ئەلۋەتتە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشىمىز كېرەك، تەڭتۇشلارمىزغۇ بىز، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان.

— راست، ئارسىن، بىز بەشىمىزنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۇنى سەنمۇ تونۇيسەن، ئىسمى سەكسەن. ئېسىڭدىمۇ، بىز ئۇنىڭغا «ساقساغاي» — «قامغاقباش» دەپ چاقچاق قىلاتتۇق. كېيىن ئۇ دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇپ تەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

— توغرا، ئېسىمدە، ئەلۋەتتە ئېسىمدە.

— شۇ، سەكسەن — قامغاقباش ھازىر ئات باقىدىغان ئادەم بولۇپ قالدى، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن جان باققىلى بولامتى.

ئارسىن ئۈنچىقمىدى، ئېيتقۇدەك سۆزى يوق ئىدى. تاشتانئافغان بولسا ھاياجانلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەكسەن بەك ياخشى ئادەم، بىراق تەقدىر ئۇنى راسا قىينىدى. سودىگەرچىلىك قىلىپ ئىككى يىل تەرەپ ـ تەرەپكە چاپتى. ئەلۋەتتە ئاز جاپا تارتمىدى. كەلگىنە، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئازراق پاراڭلىشايلى، سەكسەننىڭ ئىشىنى دەپ بېرەي. چىداپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قويغىنا.

— مەن تەييار، كەل، ئولتۇرايلى.

— سەكسەن بىر ئىشنى بىلىدىكەن، ھېكايە دېسەڭ ھېكايە ئەمەس، زادى... بىراق ئېيتىپ كەلسەڭ خۇددى سوتتا قەسەم بېرىپ پاكىت سۆزلىگەندەك.

— قانداق ھېكايە ئىكەن ئۇ؟

تاشئافغان بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قارا، تۇرمۇش سودىگەرلەرنى نەلەرگە ئاپارمايدۇ،

سەكسەن ئېھتىمال ھەر خىل رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى ئۇ ئۆزى بىلىدىغاندەك ئېيتىپ يۈرىدۇ. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ نېفىت چىقىدىغان ئەرەب دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن قىتىغىرلىق قىلىدىكەن، جەننەتتە ياشايدىغان ئاشۇ ئەمىرلەر- نىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى ئۆچ ئىكەن. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار نېفىتقا تايىنىپ پارازىتلاردەك تۇرمۇش كەچۈ- رەرمىش، نېفىتنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھەم- مىسى ساراڭ بولۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار يەرشارىنىڭ قېنىنى شوراپ، يەردىنلا قاتتىق بېيىپ كېتىشىپتۇ.

— ھىم، بۇنداق ئەھۋالنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ، — دېدى ئارسىن سامانچىن، — نېفىت دوللار- لىرى مارش توۋلاپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، غەلىبى- سىگە تەنتەنە قىلماقتا. دەل شۇنداق. ئەرەب بايلىرىنىڭ خىيا- لىغا كەلگىنىچە ئىش قىلىدىغانلىقى بىزدەكلەرنىڭ چۈشىگى- مۇ كىرمەيدۇ. بىلەمسەن، ئۇلار ئەڭ قىممەت ماشىنا بىلەن بەيگە ئۆتكۈزىدىكەن — قەيەردە دېمەمسەن — سەھرايى كەبىر- دە.

169

— سەھرايى كەبىردە؟! — ئارسىن ھەيران بولدى، — ئۆلگۈرلەر، بۇنداق ئىشنى ئاڭلىماپتىمەن! ئەلۋەتتە، تاغلاردا ماشىنا بەيگىسى ئۆتكۈزۈش ھەۋەسكارلىرى بار ئەمەسمۇ، سەھرايى كەبىردە ماشىنا بەيگىسى ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ تەسىر- لىك بولسا كېرەك.

— شۇنچىلىك بولسىغۇ مەيلىغۇ! ئويلاپ باققىنا ئارسىن، بۇ توغرۇلۇق قامغاقباش بىزگە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بەردى، تېلېۋىزورلاردىمۇ كۆرسەتتى — بىز ھەممىمىز ھاڭۋېقىپ قارىشىپلا قالدۇق! بەيگىگە چۈشكەنلەر ھەيدىگەن جىپ، ئاھ بۇ قانداق جىپ دېمەمسىلەر، بۇنداق جىپ توغرۇلۇق بىز ۋاقتىنچە ھېچنىمىنى ئاڭلىمىدۇق، ھەتتا بىز-

نىڭ باشلىقىنىڭ ماشىنىسىمۇ ئاشۇ ياقتىن ئېلىنغانىكەن. ئېھتىمال، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن ياكى كۇۋەيت-تىن... بۇ بەيگىگە چۈشكەنلەر ئادەتتىكىچە ئوينىغىلى چىق-قانلار ئەمەسكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى جىپ-لىرىنى ھەيدەپ ئۇلەر - تىرىلىشكە قارىماي چاپىدىكەن، قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە قوغلىشىدىكەن، بىردەم چوققۇر ئازگاللغا چۈشۈپ كەتسە، بىردەم ئېتىلىپ يانتۇلۇقتا چىقىپ قالىدى-كەن، خۇددى تاختايغا دەسسەپ تۇرۇپ ئوكياندىكى دولقۇندا يۇگۇرگەندەك، نېمە دەيتتى ئاۋۇ سارالڭ تاختاينى؟

— دولقۇن يېرىش تاختىيى دەمدىكىن ئۇنى. ئۇنىڭدىن كېيىن؟

— ھە، بەلگىلەنگەن يەرگە ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن جىپ يارىماس جىپ دەپ قارىلىپ جازالىنىدىكەن، ئۇلار شۇنداق قى-لىدىكەن. ئويلاپ باققىنا نېمىش قىلىشىدىكىن، ئويۇن - تا-ماشا ئۈچۈن، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ، يارىماس جىپنى بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن - دە، ئۆزلىرى چۆقان كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىدىكەن، ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە خۇشال سەكرىشىپ، بىر - بىرىگە شامپان چېچىپ ئوي-نىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەڭ يامان ئالۋاستىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. يەنە ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، ئەتىسى ئۆزگە يەنە يېڭى بىر جىپ سېتىۋالىدىكەن. ئۇلار ئۈچۈن بۇ ئەرزىمەس نەرسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭۈل ئې-چىشىمۇ ئېلىشىدۇ. ئۇلار ھازىر بىر زامانلاردىكى مۇشۇ قۇم-لۇقتا بىچارە تۆگىلىرىنى مىنىپ ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرگەن، قۇمغا كۆمۈلۈپ قالمايلى دەپ ئەنسىرەپ، تۆگىلىرد-مىز يىقىلىپ قالمىسىكەن دەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان بە-دەۋىلەردىن ئەمەس. چۈنكى، ئارسىن، ئۇلارنىڭ نېفىت قۇدۇق-لىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مىليون - مىليون دوللارنىڭ

ھېسابى يوق. يەر يۈزىدە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇ-نىڭغا ھېچكىمنىڭ جاۋاب بەرگۈسى يوق — بەزىلەر پىكاپلىرىنى كۆيدۈرۈپ خۇشاللانسا، بەزىلەر، ئېيتايلۇق، بىزلەر بالىلىرىمىزغا مەكتەپكە كىيىپ بارغۇدەك ئاياغ ئېلىپ بېرەلمەيۋاتىمىز.

— چۈشىنىمەن، — دېدى ئارسىن پەس ئاۋازدا.

تاشئافغاننىڭ ئاخىرقى بىر سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى ۋە ئۇنى بىئەپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ مۇنداق گەپنى كۈتمىگەن، پەقەت ئادەتتىكىدەكلا پاراڭلىشارمىز دەپ ئويلىغان. ئاخىر ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن تاشئافغانغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

— خاتىرجەم بول، دوستۇم، ئالدىرىما. مەن چۈشىنىمەن، مۇنداق قىلىش كەتمەيدۇ... بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇلار بەدەل تۆلەيدۇ، ياشاشنىڭ ساۋاقلىرى كۆپ.

— ماڭا نېمىتى! مەن ئۆزۈمنى باشقۇرالايمەن. ئەمدى سەن قامغاقباشنى بىر كۆرسەڭ، ئۇ بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا ھاۋاغا مۇشت ئېتىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ناھەقچىلىككە شۇنچىلىك ئۆچكى، ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ. سېنىڭدىن يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بىز بەزىدە ئۇنىڭغا ئىككى سەر ئىچكۈزۈپ قويىمىز.

— ھەئە، ئەلۋەتتە. بىراق بىزمۇ بەك مۇبالىغە قىلىۋەتمەيلى، — دېدى ئارسىن ئۇنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ، — مەن ئۇ ئەللەردىكى كىشىلەرنى ئاساسەن نورمال، بايلىقىدىن ماشىنا كۆيدۈرۈپ ئوينىغۇچىلارنى بولسا مۇنداقلا يىغىلىپ قالغان ئادەملەر دەپ ئويلايمەن. ئۇلارغا خۇدا تارازا. بىراق، قارىغىنا، بىزمۇ ئۇلاردىن بىرئاز نەپكە ئېرىشىمىز: يىلپىز ئوۋ - شىكارى ئوبدان بولسىلا، بىز ھەممىمىزمۇ خېلى بىر نېمىگە ئىگە بولۇپ قالىمىز.

— ھەئە، ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئەمدى بىزنىڭ باشلىد-قىمىزنىڭ مۇشۇنداق قابىلىلىقىدىن، ھەممىمىزگە مۇشۇنداق سودا ئاپپاراتى تەشكىل قىلىپ بەرگەنلىكىدىن بولغان بولىدۇ. كۆرىمىز. ئۇۋچىنىڭ بەختى شامالغا ئوخشاش، تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ.

ئۇنى قوللاش مەقسىتىدە ئارسىن سامانچىن چاقچاق قىد-لىپ قوشۇمچىلىدى:

— بىز يىلپىزلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتساق ۋە چوڭقۇر تەزىم قىلساق بولىدۇ. ئۇ تاغدا بولمىسا ئوۋ - شىكار دېگەن نەدە. بەكتۇر ئاغىنىنىڭ توختاممۇ بولمايتتى - دە!

— بۇنىسى راست، — دېدى تاشئافغان ناھايىتى ئەستايىد-دىللىق بىلەن، — نەتىجە شۇ بولدىكى، بىز يىلپىزلارغا سات-قۇنلۇق قىلىمىز... نېمە ئامال؟ ئۇلار بىلەن توختام تۈزەلمەيد-سەن.

— قارا گېپىڭنى! — دېدى ئارسىن سامانچىن قاقاھلاپ كۈلۈپ، — يىلپىزلار بىلەن توختام تۈزۈش دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. قالتىس! ياخشى، رەھمەت ساڭا. ئەمدى ئارام ئالايلى، OK؟



— OK! سېنىڭ ۋاقتىڭغا ئازراق دەخلى يەتكۈزۈپ قويد-دۇم. كۈنمۇ كەچ كىرىپ قالدى. دەم ئال،بىراق ئۇنتۇما، ئۆتۈ-نۈپ قالاي، ئەتە كۆرۈشەيلى. بىز ئېتىڭنى يېتىلەپ كېلىمىز.

— ماقۇل، تاشتانئافغان، شەھەردە بۇنداق ئىشنى ئات كۆرۈش مۇراسىمى دەپ ئاتىشىدۇ.

— مانا، مانا، ئات كۆرۈش مۇراسىمى... باشلىققا مۇ-شۇنداق دەپ مەلۇم قىلىمىز: ئات كۆرۈش بولىدۇ دەپ، — ئاند-دىن كېيىن ئۇ خوشلىشىپ تۇرۇپ سورىدى، — سېنىڭ ئات مىنگەندە كىيىدىغان ئۆتۈكۈڭ بارمۇ؟ بولمىسا بىز تاپىمىز.

— خاتىرجەم بول. مەن نېمىگە كېلىۋاتقىنىمنى بىلگەچ-

كه قايسى ۋاقىتلاردىدۇر كىيگەن بىر كونا ئۆتۈكۈمنى ئالغاچ كەلدىم. يىللار بويى تاشلىنىپ تۇرغان ئۆتۈك ئىدى.

*　　*　　*

كۈن ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەن چاغدا، كۈندۈزى چارچىغان ئارسىن سامانچىن تۇغقانلىرى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا سېلىپ قويغان تۆشەككە چىقىپ ياتاي دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. ئۇنىڭغا بەكتۇر ئاغىدىن تېلېفون كەلگەنىدى. ئۇ، مەن ئەرەب مېھمانلار بىرىنچى كۈنى قونىدىغان تاغ ئارىسىدىكى داستۇرخان ئويمانلىقىدىن تېلېفون بېرىۋاتىمەن دېدى. دالا قونالغۇسى ئۇيۇشتۇرۇش بولۇپمۇ مۇنداق دەرىجىدىكى مېھمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئەتىسى چۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە كېلىشىۋالغاندىن كېيىن ئادەتتىكى خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەۋلىيائاتا ئايروپورتىغا بېرىپ ئوۋ ـ شىكارچى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن باشلاپ ئارسىن كېچە ـ كۈندۈز ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك. بۇمۇ ئوخشاشلا ئاسان ئىش ئەمەس؛ ئوۋ ـ شىكار ئىشىنى دېمەيلا قويايلى، يەنە ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، خۇلق ـ مىجەزىنى، قىزىقىشىنى بىلىشى كېرەك.

قىسقىسى، ئارسىن سامانچىن ئۆز ۋەزىپىسىنى چىن دىلىدىن ئوبدان ئورۇنلاشقا تەييار. ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاشقا ياتتى ۋە بىردىنلا تاشئافغان بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى ئەسلەپ كەتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتتى؟ قىزىق...

تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە، ياز كۈنلىرىنىڭ مۇشۇ ۋاقتىدا قار

بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرى بىلەن تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇ-
رىسىدىكى جىلغىلاردا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن ۋە قىش كۈن-
لىرىدىكىگە ئوخشاش سوغۇق ۋىژىلداپ تۇراتتى. بۇ يەردە تۇ-
رۇۋاتقان جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى تىرىكچىلىكىنى ئە-
تىگىچە توختاتقانىدى. تىنچلىنىش كېرەك ـ تە. بۇ يەردە تەبى-
ئەتتىكى ھەممە نەرسە بۇ تىنچلىققا ماسلىشىشقا كېلىشكەن
ـــ تاغ چوققىلىرىغا ئارتىلىپ، يېقىنلا يەردە تۇرغاندەك تۇيغۇ
بېرىدىغان يورۇق يۇلتۇزلار ئاسماندا ۋالىلداپ كەتتى، بۇلۇتلار
توپلىشىۋالماي، يامغۇرنىڭ بىرەر شەپىسىنى بىلدۈرمەي تاغ
ئېتەكلىرىگە يېيىلىشتى، شارقىرىغان دەريالار تىنچلىنىپ
قالدى. ئەمدى ئۆزەڭگىلەش تاغ تىزمىسىنىڭ بەللىرىدە شامال
غۇيۇلداشقا باشلىدى. تاشلىۋېتىلگەن ئوقيىلىپىزمۇ ئۆزىنى
دالدىغا ئېلىش، دەم ئېلىشقا مۇۋاپىقراق بىر جاي تاللاش ئۇ-
چۈن قورام تاشلار ئارىسىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈردى. بى-
چارە بۇ بەلدىن ئاشالمىدى. ياز ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ بولسا بۇ
يەرگە كېلىدۇ، بىردەم ئايلىنىدۇ، غايىب بولىدۇ، ئاندىن يەنە
پەيدا بولىدۇ. بۇ دورەممۇ مۇشۇ يەردە تۈنىمەك بولدى. توقاي-
لىقتا ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ جىم بولۇشماي ئۆزئارا ھەر خىل
ۋىچىرلىشىپ كېتىشلىرى ئۇنىڭغا ياقمىدى. كېچە مۇئەككىلى
دەپ نام ئالغان مۇشۇكياپىلاق ئۇلارغا ئاچچىقلىنىپ قانىتىنى
قېقىپ قويدى، ئۇلار بولسا بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي قويمى-
دى... ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئوقيىلىپىزنى پۇشايمان قىلدۇرغىنى
يىراقتا ئادەمنىڭ تووۋلىغان ئاۋازى بولدى. بۇ ئاۋاز نەلەردىن
كېلىۋاتىدۇ؟ بۇ ئەتراپتىكى تاغلاردا كېزىپ يۈرگىنى دەل شۇ،
غايىب بولغان كېلىنىنىڭ پەيدا بولغىنىنى ئوقيىلىپىز بىلسى-
چۇ. «نەدىسەن؟ نەدىسەن؟ جاۋاب بەرگىنە! بۇ ـــ مەن، غايىب
بولغان كېلىن، مەن سېنى چاقىرىۋاتىمەن، مەن سېنى ئىزدەپ
يۈرۈۋاتىمەن، نەدىسەن؟ قەيەردىسەن؟» بۇ قېتىم غايىب بولغان

كېلىن يىغلىدى، توۋلىغاچ يىغلىدى: «ئوهوي، ئوهوي، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ قانداق قىلىمىز؟ ئوهوي، ئوهوي، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ قانداق قىلغۇلۇق؟» غايىب بولغان كېلىن نېمىدىن بۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتى؟ غايىب بولغان كېلىن گويا بىر نېمىنى بىلگەندەك قىلاتتى.

ئوقيىلپىز غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا ۋە بىر نېمىدىن قورقۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي كەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ چىغىر يول بىلەن باشقا تەرەپكە كەتتى... غايىب بولغان كېلىنىنىڭ ئازابى بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئىشى؟ بىرلا خۇداغا مەلۇم...

# 7

ئەسلىدە بۇ بىرلا خۇداغا ئەمەس، مەيلى بىۋاستە بولسۇن ياكى ۋاستىلىك بولسۇن، يەنە باشقىلارغىمۇ مەلۇم ئىكەن. بەزىلەر يىراق ـ يىراقلاردا، غايىب بولغان كېلىن تۇرغان يەرلەردە — تۇيۇقجار تاغلىرىدا تۇرۇپ ئوقيىلپىزنى ئوۋلاشنى پىلانلاپ يۈرگەنىكەن.

بۇگۇن ئارسىن سامانچىن ئەتىگەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ سانقىلىنى ئېلىپ، يۇز يىلدىن ئاشقان قول يۇغۇچنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۇز ـ كۆزىنى، بويۇنلىرىنى يۇدى. پاكىز لۆڭگە بىلەن هۆزۆرلىنىپ تۇرۇپ يۇز ـ كۆز ۋە بويۇنلىرىنى سۇرتكەندىن كېيىن هويلىغا چىقىپ بىردەم ئاپتاپسىنىپ كىرەي دەپ دېرىزىدىن قارىغىنىدا هاۋانىڭ تولىمۇ ياخشىلىقىنى، يىراقتىكى تاغ چوققىلىرى ۋە يېقىنىراقتىكى تاغ باغرىنىڭ خۇددى رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان سۇرەتتەك تولىمۇ هەيۋەتلىك، چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرغىنىدا يانفونى جىر-

رىغلاپ كەتتى. بۇ چوقۇم بەكتۇر ئاغا تۇنۇگۇنكى پاراڭنى داۋاملاشتۇرايلى دەپ قىلغان تېلېفون دەپ پەرەز قىلىۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن تېلېفوندىن ساپ ئىنگلىزچە سۆزلىگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ يەرلەردە، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە بۇنداق ئىنىڭ بولۇشىنى ئارسىن ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئاۋاز ئېتىك، روھلۇق بولۇپ، سۆزلىشىشكە قىزىقتۇرۇپ تۇراتتى:

— خەيرلىك سەھەر! سىلەر تەرەپتە ھازىر سەھەرغۇ دەيمەن؟ كەچۈرۈڭ، سىز ئارسىن سامانچىن ئەپەندى بولامسىز؟

— ھەئە، ھەئە، مەن شۇ. سىز كىم بولىسىز؟

— سىزنىڭ كەسىپدىشىڭىز دېسەممۇ بولىدۇ — مەن ھەسەن ئەپەندىنىڭ خەلقئارالىق ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل كاتىپىمەن، ئىسمىم روبېرت، تولۇقراق ئېيتسام بوب لوكاس. تونۇشۇپ قويايلى. ئىنگلىز تىلىغا، بايقىشىمچە، خېلىلا ئۇستا ئىكەنسىز، سىز بىزنىڭ شۇ يەردىكى ئاھالە بىلەن ئالاقە قىلىشىمىزدا ۋاستىچى بولۇپ بېرىسىز - دە. بىز سىلەر تەرەپكە ئوۋ - شىكار قىلىشقا بارىمىز دەپ ئايروپىلانغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز. گېپىمنى ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ناھايىتى ئېنىق. دۇرۇس، مەن ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا ياخشى تەرجىمان بولۇشقا تىرىشىمەن. سىز ھازىر قەيەردىن تېلېفون بېرىۋاتىسىز، ھۆرمەتلىك بوب؟

— قەيەردىن دېگىنىڭىز نېمىسى، ھۆرمەتلىك ئارسىن! ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن، سىز بىلىسىز - دە — مېھمانلار دوختۇرلىرى بىلەن ئاشپەزلىرىگىچە، ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان چوڭ بىر توپ ئادەملىرى بىلەن بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.

— ناھايىتى ياخشى. بىزمۇ تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. سىزنىڭ بۇ تاغلىق رايونىمىزغا تېلېفون بېرىشىڭىز بىز ئۈچۈن

كۆتۈلمىگەن چوڭ سوۋغات. بىزنىڭ بۇ يەردىنمۇ سىلەر تېلېـ-
فون بېرەلەمسىلەر؟ سىلەر، كەچۈرۈڭ، قانداق قىلىپ بېرە-
لەيسىلەر، بوب؟

— بەكمۇ ئاددىي ئىش، ھۆرمەتلىك ئارسىن! بۇ سۇنئىي ھەمراھلىق ئالاقە. بىز ئالەم ئوربىتىسىدىكى ئۆزىمىزنىڭ سۇنئىي ھەمراھلىق ئالاقىمىز ئارقىلىق خالىغان يەردىن دۇن-يانىڭ ھەرقانداق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تېلېفون بېرەلەيمىز. ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ۋە ھەر يەردىن بولسىمۇ. مانا ھازىر مەن سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، سىز يىراق ئاسىيانىڭ تاغلىق رايوندىن جاۋاب بېرىۋاتىسىز، ئەمدى سىلەرنىڭ ئاق يىلپىـ-زىڭلارنىڭ سۇنئىي ھەمراھلىق ئالاقىنىڭ ئۇلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلالايدىغانلىقىدىن — ئوۋ جەريانىدا بىزنى ئۇلار بىـ-لەن يۈز كۆرۈشتۈرەلەيدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق. ھە مەن بۇ-نى چاقچاق قىلىپ دەۋاتىمەن، كەچۈرۈڭ.

— ھېچقىسى يوق، ھۆرمەتلىك بوب، چاقچاقنىڭ زىيىنى يوق. ئاق يىلپىزلار بىلەن ئۈچرىشىش ھامان ئەمەلگە ئاشىدۇ.

— ئەلۋەتتە. ئوۋ - شىكاردا ئەڭ مۇھىمى كۆپرەك ئول-جىغا ئېرىشىش. ئاق يىلپىزلار بولسا يولۋاسلارغا ئوخشاش بىرلەپ سانىلىدىغان تاۋار. سانى قانچە كۆپ بولسا پايدا شۇنچە زور بولىدۇ. ئەرەب مېھمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوۋ - شىكار قىلىش بىر خىل ھەرىكەت، بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىز بىلەن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار بۇنى چۈشىنىمىز، بۇنىڭ ھەممىسى ئوۋچىلىقتىن قىلىنىدىغان كىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاق يىلپىزلارنىڭ تېرىلىرى كۆپرەك بولسۇن! بۇنداق بولسا بىز-گىمۇ، سىلەرنىڭ «مەرگەن» ئوۋچىلىق شىركىتىڭلار ئۈچۈنمۇ ياخشى. ئۇنىڭ شۇ زاماتلا ئاتىقى چىقىدۇ.

— ھەئە، بوب، ئەلۋەتتە.

ئەمما ئۇ ئىچىدە ئويلاپ كەتتى: قارىغىنا، ئۈچۈر تېخنىـ-

كىسى ھازىر ھەتتا ياۋايى يىرتقۇچلارغىچە يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۇۋۇلىرىنى ئالەمدىن رازۋېد قىلىپ تېپىۋالالايدىغان بولۇپتۇ. چوڭ تاغ ئىچىدىكى يىرتقۇچلار سۈنئىي ھەمراھلىق ئالاقىنىڭمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولمىغان تەرەپتىن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى نەدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقسۇن...

ئاخبارات كاتىپى روبېرت لوكاس بەك سۆزمەن ئادەم ئىكەن، كۆرۈشمەي تۇرۇپلا ئادەمدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدى. ھەر خىل مۇلازىمەت ۋە ئوۋ ـ شىكارچىلارنىڭ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ يېتىپ بارىدىغان ئىشلىرىغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدىمۇ گەپ بولدى. مېھمانلار چۈشۈپ كېلىدىغان ئايروپىلانمۇ ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە يارىشا «بوئىن 737» ئىكەن ۋە ئايروپىلان خادىملىرىمۇ ئەڭ سەرخىللىرى ئىكەن.

ئارسىن سامانچىن ئېلىنغان ئۈچۈرلارنىڭ بەزىلىرىنى باشلىق بەكتۇرغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەپتىرىگە يېزىۋالدى، ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى باشلىق داستۇرخان قونالغۇسىدىن قايتىپ كېلىدىغان كۈنگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باشلىق قايتىپ كەلگەندىلا ئۇقتۇرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.



بۇ ئارىلىقتا تاشئافغان قاتارلىق بەش كىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە بولاتتى، ئۇلار سەن مىنىدىغان ئاتنى ئەكېلىمىز، دوستانە ئۇچرىشىمىز دېيىشكەنىدى، ئارسىن سامانچىن ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئۇچرىشىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساۋاقداش بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس: ئۆزى، تاشئافغان، قامغاقباش ئۇچەيلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغانىدى، باشقىلىرى بەلكىم ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىكتۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئادەملەر ئىدى. ئەينى يىللىرى بىر مەكتەپ پارتىسىدا ئولتۇرغانلاردىن ئىدى. دۇرۇس، مەكتەپ

ئۆگزىسىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىپتۇ، بەزى يەرلىرى ئۇلتۇ-رۇشۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۇلۇشكۈن يېنىدىن ئۆتكەندە دىققەت قىلىپ ئۆتكەنىدى. بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن ئانا مەكتەپ دېگەن ئانا مەكتەپ ـ تە! ئەمما بۇ باشقا مەسىلە...

شۇ كۈنى ئەتىگىنى تاشئافغان بىلەن قامغاقباش سەكسەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن چاغدا ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلىغان. لېكىن، تاشئافغان ئىككىسىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىشىدە ساۋاقداشلىق مېھرىلا ئەمەس، يەنە باشقا مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئارسىن سامانچىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. يولدا كېتىۋېتىپ تاشئافغان چاقچاق قىلىپ دېدى:

ــ ئارسىن، دوستۇم، ئېسىڭدە بولسۇن، بىزنىڭ بارىمىز ــ سېنىڭ سىنىپداشلىرىڭ، هازىر بويتاقمىز.

ئارسىن راستىلا هەيران بولدى:

ــ قانداقچە، بويتاقمىز دېگىنىڭ نېمىسى؟ نېمە بولۇپ كەتتى؟

ــ توختىما، ماڭ، قورققىچىلىكى يوق، هازىرلا ئېيتىپ بېرىمەن.

قامغاقباش سەكسەن چۈشەنگەندەك قىلىپ كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى چايقىدى.

ــ بىزنىڭ هازىر بويتاق ئىكەنلىكىمىزنى پۈتكۈل ئايىل بىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا بىز مەكتەپكە ئەمەس، ئۆيگە تەكلىپ قىلاتتۇق، ــ دېدى ئۇ.

ــ قويۇڭلارچۇ چاقچىقىڭلارنى!

ــ نەدىكىنى، ئارسىن. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا سەن دېگەن كاتتا ئادەم، نەدىكى چاقچاق بولسۇن؟ ــ دېدى تاشئافغان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ مەكتەپتە بىرمۇ ئادەم يوق، هازىر كانىكول ۋاقتى. بىزگە كاشىلا قىلماسلىق ئۈچۈن كۆزەتچىگە ئازراق هاراق پۇلى بەردۇق. ئۇ ئۆيىگە كەتتى. بىز بۇنىڭدىن

پايدىلىنىپ، مەكتەپكە يىغىلغىنىمىز ئوڭ دەپ قارىدۇق. ئاتـ-لىرىمىز مۇشۇ يەردە، قورۇدا. خوش، بىزنىڭ بويتاق ئىكەنلـ-كىمىزنىڭ سەۋەبى: بىزنىڭ ئۆيۋاقىمىز، ئاياللىرىمىز، بالا -چاقىمىز ھازىر تاغدا، ئېگىز يايلاۋغا كۆچۈپ كەتكەنمىز. بەلـ-كىم ئېسىڭىزدىدۇر، ئاقساي دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى يايلاۋلار، شۇ تەرەپلەردە يايلايمىز. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرلەرگە كۆچۈپ بېرىپ، ياز كۈنلىرى ئېگىز تاغلاردا مال باقاتتى ئەمەسمۇ. ئەمدى بىز كونا ئادىتىمىز بو-يىچە يايلاۋغا چىقايلى دەپ ئۆيلىرىمىزنى كۆچۈرۈپ شۇ يەرلەر-دە ئۆي تىكىپ ئولتۇردۇق.

— بۇنداق قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى قامغاق-باش قوشۇمچە قىلىپ، — تېخىمۇ ئەركىن! نەگە بارغۇڭ كەلـ-سە شۇ يەرگە بارىسەن. بىز ئەمدى كولخوزنىڭ ئادىمى ئە-مەس - تە.

— بۇمۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق. بوپتۇ ئەمدى، بۇ توغرۇلۇق كېيىن يەنە سۆزلىشەرمىز، — دېدى تاشئافغان، — باشلىق بەكتۇر ئاغا بىزنى بۇ يەرگە ئوۋ - شىكار ئىشى ئۈچۈن چاقىرتىپتىكەن. بىز ئوۋ - شىكاردا قورشاپ بېرىدىكەنمىز، ئىتلىرىمىز بار. ساڭا مەلۇم ئارسىن، ئاق يىلپىزلارنى مۆكۈپ تۇرغان ئوۋ - شىكارچىلار ئېتىۋالالايدىغان يەرلەرگە ھەيدەپ بېرىمىزكەن، ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇلارنى ئېتىۋالغىلى بولمايدۇ، جىلغىلارغا مۆكۈۋالىدۇ، گاھىدا ئادەملەرگە ئېتىلىپ ئۆز-لىرىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. قورشاپ بەرگۈچىلەر سۇپىتىدە تەلىيىمىز كېلىپ قالسا بىزمۇ ئاز - تولا بىر نې-مىگە ئېرىشىپمۇ قالىمىز. شۇڭا بىز كەلدۇق.

— شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈڭلارنى ۋاقىتلىق بويتاق دەپ جا-كارلاۋېتىپسىلەر - دە! — دېدى ئارسىن سامانچىن بۇنداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۈلۈمسىرەپ.

— بىز بويتاق بولۇشنى توختاتقاندا، — دېدى قامغاقباش سەكسەن، — يەنە يايلاۋغا قايتىپ بېرىپ ماللىرىمىزنى باقىمىز، ئازراق پايدىسىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ھېچبىر يەر مالغا موھتاج ئەمەس. تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىمىز، كىم بىلىدۇ تېخى...

ئارسىن بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي تۈرۈپلا تاشئافغان ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ھىم، بولدى، سەكسەن، بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەرمىز. يەنە ئوبدان سۆزلىشىمىز. ھازىر باشقا بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ باقساق... — ئۇ گېپىنى يېرىم يولدىلا توختاتتى. قامغاقباشمۇ ئۈندىمەي جىم بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئارسىن ئۇلارغا بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئەرەب خەلىپىلىكىدىن ھەسەن ئەپەندىنىڭ ئاخبارات كاتىپى روبېرت لوكاسنىڭ تېلېفون بەرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ، بۇ تېما ساۋاقداشلىرىنى ئۇنچىۋالا قىزىقتۇرۇپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدى، مەكتەپكە ئون نەچچە چامدام قالغاندا ساۋاقداشلىرى قەدىمىنى توختىتىپ، سۈنئىي ھەمراھلىق ئالاقىنى يېپىدىن يىغىنىسىگچە سورىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر يېڭىلىق ئىدى.

— مانا شۇملۇق، — دېدى تاشئافغان، — دېمەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۈنئىي ھەمراھلىق ئالاقىسى ئارقىلىق خالىغان جاغدا قەيەردە بولمىسۇن ئالاقىلىشۋېرىدىكەن - دە؟ بىزنىڭ تاغلىرىمىزدا، جىلغىلاردا ياكى ئۆڭكۈرلەردە، قار كۆچكۈنلىرى ئاستىدا تۇرۇپمۇ ئەرەب خەلىپىلىكىگە، ياۋروپا، ئامېرىكىغا تېلېفون بېرىۋېرىدىكەن - دە؟ بۇ نېمىدېگەن ياخشى!

ئەرەب مېھمانلارنىڭ ئايروپىلانىنىڭ ئۇلار تاغدا ئوۋ - شىكار قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئايروپورتتا نۆۋەتچىلىك قىلىپ تۇرىدىغانلىقىمۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن قانداقتۇ بىر

ئالاقىسى باردەك ئالامەت قىزىقتۇرۇپ كەتتى، ئىچىنى كۆيدۇ-رۇپ تۇرغاندەك.

— قاراڭلار! — دېدى قاپقارا چېچى دولىسىغىچە چۇشۇپ تۇرغان قامغاقباش سەكسەن، — قاراڭلار! «بوئىن» ئايروپىلانى ھەممە ئۇچقۇچىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى كۈتۈپ تۇ-رىدىكەن. مەن سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا بىر مىنۇتمۇ كېچىكىشكە بولمايتتى، ئۇنداق بولمىغاندا ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاسماندا كېتىۋېتىپ كې-چىكىپ قالغۇچىغا تۈكۈرۈپمۇ قويماتتى. مانا بايلىقنىڭ كۈچى دېگەن!

تاشئافغان تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتتى:

— ھە، ئايروپىلاننىڭ تەييار تۇرۇشى، دېمەك، مېھمانلار-نىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئۇچۇپ كېتىشى ئۇچۇن ئىكەن - دە؟ مېنىڭ بىرلا ئېتىم بار — قاراڭلار، ھويلىدا: باغلاپ قويغۇم كەلسە باغلاپ قويىمەن، چۇلۋۇرىنى يېشىپ قويغۇم كەلسە يې-شىپ قويىمەن، مىنگىم كەلسە مىنىپلا چاپىمەن.

— دېمەك، — ئارسىن سامانچىن چۇشەندۇرۇشكە ئۇرۇن-دى، — ئۇلارمۇ ئاشۇنداق. قاچان كېرەك دەپ ھېسابلىسا ئاي-روپىلانغا چىقىدۇ. ئايروپىلان تەييار. ئۇچقۇچىلار ئۆز ئورنىدا!

ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. ئەينى يىللىرى ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئەمدى-لىكتە تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاق يىلپىز ئوۋلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۇچۇن يەنە بىرلىشىپ قالدى ۋە بىر-لىكتە بۇ يەرگە كەلدى. يىراقتىكى مەملىكەتتىن كېلىدىغان مېھمانلارمۇ بۇ يەردىكى ۋەقەلەرگە ئىختىيارسىز ئارىلىشىپ قالدى. ئۇلار بۇنداق بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ باققان ئە-مەس.

ئارسىن سامانچىن ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىنىڭ ئانا مەكتە-

پىگە كېلىپ باقمىغانىدى. مەكتەپ ئايلىنىڭ يېنىدا بولۇپ،
يېنىدىن ئۆتكىنىدە بىرەر قۇر كۆز تاشلاپ ئۆتكەن، لېكىن
كىشىلەر ئېيتىپ يۈرىدىغاندەك، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ،
كۆرۈپ كېتىشكە كېلىپ باققان ئەمەس ئىدى.

ئىللىق سېزىم يۈرىكىنى ئارىلىدى — مانا ئانا مەكتەپ
دېگەن. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك تۇرۇپتۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆتكەن،
ئۆڭۈپ كەتكەن ئۆگزىسى ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدەك
ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئىشىكلىرىمۇ قىڭغىيىپ قالغان، رام -
كېشەكلىرى يېرىلىپ دەز كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن
مەكتەپ يەنىلا شۇ مەكتەپ ئىدى. مانا هويلا، ئۇلار ئەينى يىل-
لىرى بۇ يەردە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىغان. ماۋۇ كارد-
دور، ماۋۇلىرى سىنىپلار... تاشئافغان مەكتەپتە ئۇچرىشىشنى
تەكلىپ قىلغاندا ۋە مەكتەپ مۇدىرى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى
دېگەندە، ئارسىن دەسلەپتە ئادەتتە چاي ئىچىپ بولسىمۇ ئۆيدە
ئولتۇرۇشاتتۇققۇ، دەپ هېس قىلغان، كېيىن تاشئافغان هازىر
بالا - چاقىلىرىمىز يايلاۋدا، مەكتەپ بولسا بوش تۇرۇپتۇ دې-
گىنىدە، ئۇ خاتىرجەم بولغان هەتتا بىرئاز مەمنۇنمۇ بولغانى-
دى. هاۋا نېمىدېگەن ياخشى، ئەتراپتىكى تاغلار بۇرۇنقىدەكلا
كۆركەم، يىراقتا يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان تاغ چوققىسى، ئۇ
يەرلەردە ئاق يىلپىزلار ياشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار توغرىسىدا
مۇشۇنداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - دە. تۇرلۇك قۇشلار ئۇچۇشۇپ
يۈرىدۇ، ئۇلار ناهايىتى كۆپ، بۇ يەردە ئۇلارغا زىيان - زەخمەت
يەتكۈزىدىغان هېچكىم يوق، شۇ سەۋەبتىن راهەتلىنىپ ئۇچۇ-
شۇپ يۈرىدۇ - دە.

تاشئافغانىنىڭ قورشاپ بەرگۈچىلىرىدىن ياشراق ئۇچەيلەن
بۇ يەردە ئارسىن سامانچىننى قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى، ئۇلاردا
تەرتىپ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تاشئافغان ئۇلارغا هەربىي
قىسىمدىكىدەك بۇيرۇق بېرىپ تۇرىدۇ: ئاۋۇ ياققا بار، بېرى

كەل، ئاۋۇ يەردە تۇر، ئېلىپ كەل، ئېلىپ كەت، ئېچىۋەت، يې-پىۋەت. ئۇلار بولسا دەرھال بەجا كەلتۈرىدۇ. ئارسىن بۇنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ئادەتتە ئائىلىدىكى يىگىتلەر مۇشۇنداق يىغى-لىشقانلىرىدا ئېچىۋېلىشىدۇ ئەمەسمۇ، ئەمما ئۇلار ساپساق ئى-دى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ساغلام دوستلۇقنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئارسىن سامانچىن ئۆزىگە تەييارلانغان ئات-نى مىنىپ، مەكتەپ ئەتراپىنى بىرنەچچە مەرتەم ئايلاندى. ئاق بوز ئات كۈچلۈك ۋە ناھايىتى پۇختا ئېگەرلەنگەنىدى. تاشئاف-غانىنىڭ ئۆزى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئاتنى يېتىلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئارسىن، مانا بىز ساڭا تونۇگۇن ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ئېتىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىمىز، ئۈتۈكۈڭنى كىيىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغىنىڭ ياخشى بولۇپتۇ. تىزگىننى تۇت، مىن، بۇ ئاتنى مىنىپ ئەرەبلەر بىللەن بىللە ماڭىسەن، بىز سىلەرگە قانچە يىلىپىز كېرەك بولسا شۇنچىلىكىنى ھەيدەپ كېلىمىز.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— رەھمەت، — دېدى ئارسىن يۇرتداشلىرىغا رازىمەنلى-كىنى بىلدۈرۈپ، — شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ رازى بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىمەن. بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگىمۇ كېرەك.

— ئەمدى يۈر، سىنىپىمىزنى كۆرەيلى. ئۇ قانداق يىللار ئىدى ـ ھە، قانداق مۇئەللىملەر! ئەمدىچۇ؟ مۇئەللىملەر تارقاپ كەتتى. بىز بولساق يىلپىزلار قاپقانغا ئىلىنىسكەن دەپ خۇدا-دىن تىلەيمىز... باشقىلار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ نە ـ نەلەرگە بېرىشىدۇ، بىزمۇ خىزمەت قىلغىنىمىزغا خۇشال.

ھەممەيلەن باش لىڭشىتتى. ئارسىن ئەتراپقا قارىدى. ھويلا جىمجىت. مەكتەپتە باشقا بىرمۇ ئادەم يوق، ئېگەرلەنگەن ئاتلار باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، قۇشقاچلار ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈشى-

دۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىدە تىنچلىق يوق. ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ يوق: بايا تاشئافغان تونۇگۇن دەپ كەتكەن بايىقى گەپلەرنى بىرنەچچەيلەن تېخىمۇ كەسكىنرەك، تېخىمۇ مەردانىلىك بىلەن دېدى، دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى توغرا، ئەمەلىيەتتە دەل ئاشۇنداق... قەيەرگىلا بارما، مەسىلە دېگەن ساماندەك.

كارىدوردا ئىشىكلىرى ئوچۇق سىنىپلارنىڭ ئالدىدىن ئۇلار كۆز يۇگۇرتۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئارسىن ئۇزاقتىن بىرى سىنىپلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ياساپ ـ ئوڭلاپ قويۇلمىغانلىقىنى بايقىدى، مەكتەپكە تۇزۇك قارالماي قالغانىكەن، يېڭىراق بىرلا نەرسە — پارتا، كونىراپ كەتكەن، ئەپسىز، تاختايدىن ياسالغان ساندۇقلۇق پارتىلارنىڭ ئورنىغا ئەمدى كىچىك ئۇستەللىك، يۆلەنچۈكى بار ئورۇندۇقلۇق پارتىلار ئالماشقاندى، سىنىپلاردىكى دوسكىلارمۇ يېڭىدەك كۆرۈندى...

تاشئافغان سائىتىگە قارىدى:

— قېنى، تۇغقانلار، سائەت ئون بىر بولۇپ قاپتۇ. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە. ئارسىن، يۈرە، بۇرۇنقى سىنىپىمىزغا كىرىپ بىردەم پاراڭلىشايلى.

— نېمىشقا؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ھەدەمنىڭكىگە بارايلى، ئۇ يەردە تىنچقىنا بىردەم ئولتۇرايلى، ئورۇن دېگەن يېتىپ ئاشىدۇ.

— ياق، ياق، ئارسىن ھازىر بىز بۇرۇنقى سىنىپىمىزغا بارايلى، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

— ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن، مەن دېگەن مېھمان.

— كىرىڭلار. مۇشۇ ئىككى پارتىدا بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرايلى.

ئۇلار دېرىزىدىن تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئوچۇق دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈ-

رەتتى. ئارسىن سامانچىن ھازىرچە ئايىلداشلىرىنىڭ ئۇنى مۇنداق غەلىتە ئۇسۇلدا قوپقۇرۇق سىنىپقا باشلاپ كىرىپ زادى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ چاغدا تاشئافغان كۆپچە- لىككە دىققەت نەزەرى بىلەن قاراپ چىقىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ تامىقىنى قىرىۋېلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن كېيىن قىلماقچى بولغان گېپىنى باشلىدى:

— ئارسىن، ساڭا بۇ گېپىمىزنى ئېيتايلى دېيىشكەن، ئاڭلىغىن.

— قۇلىقىم سىلەردە. نېمە ئۇچۇن مۇنچىۋالا جىددىيلە- شىسىلەر؟ ھەممىمىز ئۆز ئادەم، بىر قەبىلىدىنمىزغۇ. نېمىش بولدى؟ قايسى دوستىمىز ۋاپات بولدى؟ ئۇقۇشۇمچە ھەممىمىز بارمىزغۇ، يەنە كېلىپ ھەممىمىز مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان...

— ياق، ئارسىن! مۇبادا بۇ پەقەت قەيەردە ئوقۇغىنىمىزغا، قەيەردە ياشىغىنىمىزغىلا چېتىلىدىغان ئىش بولسا كاشكى... ياق، يالغۇز ئۇنداقلا ئەمەس. سەن بىزنىڭ بىرتۇغقىنىمىزسەن، سەن بىزنىڭ مېھمىنىمىزسەن، بىراق بۈگۈن سەن بىزنىڭ قولىمىزدا سەن، يەنە بىز سېنى بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە ئېلىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتىمىز. ئۇنىڭ نېرىسىغا نېمىلەرنىڭ بو- لىدىغانلىقىنى ئېيتىمىز...

— توختا، توختا! «سەن بىزنىڭ قولىمىزدا» دېگىنىڭ نې- مىسى؟ ئاتنى ئېلىپ كەلدىڭلار، رەھمەت. بىراق مەن شەھەرگە كېتىمەن، ئات بولسا قالىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىمەن - دە.

— كىم بىلىدۇ كېتەلەمسەن ياكى كېتەلمەمسەن.

— ھە، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ئوچۇقىنى ئېيت...

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ يەرگە يىغىلدۇق. سۆز كېكىر- دەككە تىرەلگەن پولات خەنجەردەك.

— تېخى مۇنداق دە! يوقىلىش، سىلەر مېنى ئەخمەق كۆ-

رۇۋاتامسىلەر ياكى تاشئافغان سەن ئۆزۈڭ ساراڭ بولۇپ قال-دىڭمۇ؟

— ئاچچىقلانما، مەن توغرا قىلمىدىم، گەپ بۇنداق باشلانماسلىقى كېرەك ئىدى، — تاشئافغان قىزارغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، هەمراهلىرىمۇ بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا هويلىدىكى ئىت بىردىنلا قاۋاپ كەتتى: هويلىنى باقىدىغان بۇ ئىت ئادەتتە هېچنېمىنى يوچۇن ئالماي شۇك ياتاتتى، بۇ چاغدا نېمە بولدىكىن، ئالاقزادە بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— هەي، چىقىپ قاراپ باققىنا! — دەپ بۇيرۇدى تاشئاف-غان چەتتە ئولتۇرغان بىرسىگە، — هېچقانداق ئادەمنى كىر-گۈزمە، يېقىن يەردە بىرمۇ ئادەم بولمىسۇن. ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم بولمىسۇن. ئىتنى نېرىغا قوغلىۋەت. ئۇقتۇڭمۇ؟ هېچكىم يېقىن كەلمىسۇن.

گاڭگىراپ قالغان ئارسىن سامانچىن ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتىپ قېلىشنى ئويلىدى، لېكىن تاشئافغان ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. ئارسىن جىمىدى، قولىنى قېقىپ تاشلاپ كېتىۋېرەيمىكىن دەپ ئويلىدى، لېكىن دەل شۇ چاغدا، هويلىدا قاتتىق قاۋاپ توخ-تىمىغان ئىتنىڭ ئاۋازىغا پەرۋا قىلمىغاندەك، ئىككى قارلى-غاچ ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىشتى، ئەنى-سىزلىك ئىچىدە ۋىچىرلىشىپ، خۇددى بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆيدە گويا بىرنېمىنى ئۇقتۇرماقچى ياكى بە-رەر ئىش توغرۇلۇق ئاگاهلاندۇرماقچى بولغان قارلىغاچلارنىڭ قىلغىنىدەك تورۇسنىڭ ئاستىدا ئايلانغىلى باشلىدى. ئارسىن هەيران بولدى ۋە كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئوي كەلدى

— بۇ تەقدىرنىڭ بىر خىل ئاگاهلاندۇرۇشىمۇ؟ ئىككى قارلى-غاچ توختىماي ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇشى ئارقىلىق بىرەر نەرسى-

نى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ ـ يا؟ ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بو ـ لۇشقا باشلىدى. قارلىغاچلار توختىماي ۋىچىرلىشىپ، باش ئۈستىدە ئىتتىك ئۇچۇشۇپ گەپنى گەپكە قوشمىدى. ھە دې ـ گەندە كىشلەر قارلىغاچلارنى ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن بولسى ـ مۇ، بىراق ئاۋۇ كۇنىدىكىدەك، يەنە قايتىپ كېلىشتى. كىشى ـ لەر ئۇلارنى يەنە قوغلاپ چىقىرىپ دېرىزىنى ئېتىپ قويدى. لېكىن، كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، قارلى ـ غاچلار داۋاملىق دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، توختى ـ ماي ۋىچىرلىشىشقا باشلىدى. ئىتمۇ قوشۇلۇپ، نېمە ئۇچۇن ـ دۇر توختىماي قاۋاپ كەتتى، قانداق قوغلاشسىمۇ يەنە چوقۇم ھويلىغا كېلىۋالاتتى. شۇڭا قامغاقباش سەكسەن:

— بىز ئاۋۇ سىنىپقا چىقايلىچۇ، ئۇ سىنىپ سەل كى ـ چىك، ئەمما تىنچ. بولمىسا بۇ ساراڭ قارلىغاچلار بەربىر بىزگە ئارام بېرىشمەيدۇ. ئۇلار بىر يەردە چاڭگا تىزىۋاتقان چېغى، شۇڭا قورقۇپ كېتىشكەندەك قىلىدۇ. يۈرۈڭلار، — دې ـ دى.

ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. بىراق، ئارسىن سامانچىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ھەم جىددىي، ھەم سالماق بىر ئادەم ئۆزىچە ئويغا پېتىپ قالدى. يىلپىز قورشاپ بەرگۈچىلەرگىمۇ، تاشئافغاننىڭ ئۆزىگىمۇ قارشى گەپ قىلمىدى. راستىنى ئېيت ـ قاندا، ئۇلار بىلەن ھېچبىر ئىشى يوق. ئۇنىڭ پۈتۈن قەلب ـ ۋۇجۇدى ئاللىقانداق بىرنېمىنى سەزدى: ھاياتىمدا مۇتلەق ئا ـ دەتتىكى ئىشقا ئوخشىمايدىغان ئالامەت بىر ۋەقە، تەقدىرىمنى ھەل قىلىدىغان بىر ۋەقە، ئېھتىمال بىر بالا ـ قازا يۈز بېرى ـ دىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، قانداق ۋەقە بولۇشى مۇمكىن؟ بۇنداق ئالدىنئالا سېزىلگەن سېزىمنى يېشىپ بېرىشكە ئەقلى يېتىدىغان بىرەر كىشى بارمىدۇ؟



ئۇلار باشقا بىر سىنىپقا يۆتكىلىپ قارلىغاچلارنىڭ ۋى ـ

چىرلاشلىرىدىن قۇتۇلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا تاشئافغان ئارسىن بىلەن ئۆزى يالغۇز گەپلەشمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىلپىز قورشاپ بەرگۇچىلىرىگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى:

— ھەي، مۇنداق قىلايلى، ئارسىن ئىككىمىز بۇ يەردە گېپىمىزنى قىلىشىۋېرەيلى، سىلەر ھەربىرىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا بولۇڭلار ۋە بىزنىڭ گېپىمىزگە ھېچكىمنىڭ كاشىلا قىلماسلىقى ئۈچۈن ھېچكىمنى يېقىن يولاتماڭلار. سەن، قولتاي، ئاتلارنى نۆۋەت بىلەن سۇغىرىپ كەل، يېقىنلا يەردە ئېرىق بار، چوڭ تاشنىڭ يېنىدا، بىلىسەنغۇ.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى ھەربىي سەپتىكىدەك دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئافغانلىق روھى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئەمدى، ئارسىن، بۇ يەردە بىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى مەشەگە باشلاپ كەلگەنمىز، بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن نېمە مەقسەت بىلەن بۇنداق ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرەي، — ئۇ ئارسىن سوئال قويارمىكىن دەپ بىردەم جىم تۇردى، لېكىن ئارسىن ئۈنچىقماي بېشىنى چايقاپ جىم تۇردى. تاشئافغان گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — نېمىنىڭ دۇنياۋىلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى ۋە ئامان قېلىش ئۈچۈن ھەر قايسىمىز ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ياشىشىمىز كېرەكلىكىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

— سەن بەك يىراقلاپ كەتتىڭمۇ قانداق؟ — دېدى ئارسىن سامانچىن، — دۇنياۋىلاشتۇرۇش — دۇنياۋى جەريان. يەنىلا كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشنى ئېيتقىنا.

— مەن ئەقلىمنىڭ يېتىشىچە چۈشىنىمەن. دۇنيادا بايلار بار، ئۇلار ھازىر «ئۇلىگارخ» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىسى سىر ئەمەس، مەن دېمىسەممۇ بىلىسەن. ئۇلار ئاسماندىن چۈشكەندەك. ئۇلار نېمە بولسا بولسۇن، بىراق قانداق چۈشىنىش كېرەك، ئەگەر خۇدا تىجارەت خۇداسى بولۇپ قالسا، ئەگەر ئۆپچۆرىدىكى

مىليونلىغان جانلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپمۇ بىر كىشى ئې-
گە بولغاننىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىغىمۇ ئىگە بولالمىسا، بۇ-
نىڭغا قانداقمۇ ماقۇل بولغۇلۇق؟ راستىلا ئادەمنىڭ ئوغىسى
قاينايدۇ - دە.

— چىقىش يولى رىقابەتتە، دەپ مۆلچەرلىشىدۇ، — دېدى
جاۋابەن ئارسىن سامانچىن.

— رىقابەتنىڭ ئىچىدە رىقابەت بار. ئەگەر بىراۋ چەكسىز
قۇدرەتلىك، باي بولسا، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ قول
قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىمىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كې-
لىۋاتقان ئەرەب ئوۋ - شىكارچىلىرى ئۆزى بىلگىنىچە ئىش
كۆرۈپ، ئازغىنا پۇلغا بىز ھەممىمىزنى سېتىۋالىدىكەن، بىز
تېخى خۇشال بولۇپ، جاننى تىكىپ قوغدىغان يىلپىزلارنى قورشاپ
بېرىدىكەنمىز؟

— سېنىڭ ئوي - پىكرىڭ توغرا ئەمەس، تاشئافغان، رى-
قابەت دېگەن ئىشلەپچىقىرىشتىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە
مۇھىمى تېخنولوگىيە ۋە ئەمگەك كۈچى. ئۇلارنىڭ تەرەققىيات-
قا، ئارقىدا قالماسلىققا كاپالەت قىلالايدىغان - قىلالمايدىغان-
لىقىدا.

لېكىن، تاشئافغان ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ئوي - پىكرىڭ توغرا ئەمەس دېگىنىڭ نېمىسى؟ مەن
قايسى يولغا ماڭسام سەنمۇ بىزگە ئەگىشىپ شۇ يولغا ماڭى-
سەن. گەپ شۇ! بۈگۈندىن باشلاپ ئەگەر ياشىغىڭ كەلسە، بىز
بىلەن بولىسەن، بىز بولساق ھېچنىمىگە قارىماستىن ئەرەب-
لەرنى بارىمتا① غا ئېلىش قارارىغا كەلدۇق. نېمىگە تىكىلىسەن!
قۇرۇق گەپ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ جېنى ئۈچۈن پۇل تۆلىشى شەرت، بىز قانچە پۇل

① بارىمتا — پۇل - مال ئۇندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىۋې-
لىش، مال - مۈلۈكنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش. — مۇھەررىردىن.

دېسەك شۇنچە پۇل تۆلىشى كېرەك...
— توختا - توختا، مېڭەڭ جايىدىمۇ؟ نېمىدەپ بىلجىرلاپ...
— ھە، سەن ئۆزۈڭچە ئۆزۈڭنىلا ئەقىللىق دەپ ھېسابلامسەن؟ ئەقىللىقلارمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بىز ھەممىنى ئويلاندۇق، توغرا ھېسابلاپ قويدۇق. سەنمۇ، ئارسىن، ئېسىڭدە تۇتقىن، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە، قانچە بولسىمۇ، بىز بىلەن قالىسەن، سېنىڭ باشقا يولۇڭ قالمىدى. سەن رىياسەتچى بولسەن، تېلېۋىزىيەدىكىگە ئوخشاش، بىز بىلەن بارىمتادىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولىسەن، بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىسەن.
— نېمە - نېمە؟ ياق، سەن راستىلا ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن. سەن نېمە ئۈچۈن مېنى مۇشۇنداق كولدۇرلىتىمەن دەپ ئويلايسەن؟ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئەكەلدىڭمۇ بۇ يەرگە؟
— خاتىرجەم بول، بىزنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ قوياي، سەن رىياسەتچى بولىسەن، ۋاستىچى بولىسەن. بىز سېنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت پەخىرلىنىمىز.

— قارا تېخى سېنى! يوقال كۆزۈمدىن! قىلمىۋاتقان گەپلىرىنى قارا تېخى بۇنىڭ. ئەگەر سەن ئافغانىستاندا مۇشۇنداق بىلجىرلاشنى ئۆگىنىپ كەلگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. يۇم ئاغزىڭنى، ھازىر تېخى كېچىكمىگەن پەيتتە بۇ جۆيلۈشلەرنى ئۇنۇتقىن. كاللاڭغا قانداق قىلىپ بۇ بىرنېمىلەر كېلىپ قالغاندۇ؟ سىلەر خەلقئارا جېدەل - ماجىرا چىقارماقچىمۇ؟ بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنىڭ كوچىلىرىدا ئەركىنلىك - دېموكراتىيە دەپ نامايىش قىلغىنىڭلار تېخى يەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىمۇ ئويلاڭلار — سىلەرنىڭ «مەرگەن» شىركىتىنى يارغا ئىتتىرىۋەتكۈڭلەر كېلىۋاتامدۇ؟ بارىمتاغا ئېلىش بىزنىڭ ئەنئەنىمىز ئەمەس. ئويلىنىشىڭلار كېرەكقۇ!

— توغرا، ئـويلىنىـش كېرەك — ھـەرگىز خەلـقئارالـىق
جېدەل - ماجىرا چىقىرىشقا بولمايدىكەن، «مەرگەن» شىركە-
تىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە بولمايـدىكەن، خەنجەرنى خەلـقئارالـىق
مىلياردېرلارنىڭ كېكىردىكىگە تاقاشقىمۇ بولمايدىكەن، ئەمما
بىزنى نامراتلىق پاتقىقىغا چۆكتۈرۈۋېتىشكە بولامدىكەن؟ بالى-
لىرىمىزنى تەربىيەسىز قالدۇرۇشقا بولامدىكەن؟ بىزنى داۋالى-
ماي تاشلاپ قويۇشقا بولامـدىكەن؟ ھازىـر تۇرمۇش مـۇنداق:
بايلارنىڭ بايلىقى دېڭىزغا پاتمايدۇ، نامراتلارنىڭ نامراتلىقىنى
دېڭىز كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەنئەنىگە كەلسـەك، سەن خاتالىـشىۋاتى-
سەن، ئارسـىن. قەدىمـىي ئەنئەنىدە بارىمـتالاردىن قانچىلىـك
ئىقتىسادىي تۆلەم ئېلىنغانلىـقى ئېـسىڭدىـن كۆتۈرۈلۈپ كې-
تىپتۇ. ئۆيـۈر - ئۆيـۈر يىلقـا، قورۇ - قورۇ قوي - ئـۆچكىلـەر
ھەيدەپ كېلىشكەن، جېدەل - مـاجىرالار مانـا مۇشۇنداق ھـەل
قىلىنغان، بايلىق بۆلۈشكەن.
— بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشقا
بولىدۇ، تاشئافغان، تـۇنۇگـۇن سېـنىڭ ئويلىرىڭ مـاڭا خېلى
يوللۇق بولۇپ تۇيۇلغان، بىراق پىلانلاۋاتقان ئىشلىـرىڭغا قـو-
شۇلالمايمەن.
— قانداق ئويلىساڭ ئۆز ئىشىڭ، ئارسىن، ئۇنىڭ بىلـەن
مېنى ھەيران قالدۇرالمايسەن. بىراق، بارىمتاغا ئالغان بىرىـنـ-
چى مىنۇتتىن باشلاپ ئۇلار بىلەن سەن ئالاقىدە بولىسەن، بـە-
شىمىزدىن ھېچبىرىمىز بىر ئېغىزمۇ ئىنگلىزچە بىلمەيدىغان-
لىقىمىز سەۋەبىدىن مېنىـڭ يوليورۇقلىرىمـنى سەن ئۇلارغـا
يەتكۈزىسەن. بىلمەسلىـكىمـىزگە بـىز گۇناھكـار ئەمەس. بىـز
قوراللانغان ھالدا ئەتراپتا تۇرىمىز، قالغان ئىشلارنى سەن قى-
لىسەن، ئارسىن. بىز بۇ ئوۋ - شىكار ھەۋەسكارلـىرىنى ئـۆڭ-
كۈرگە قاماپ قويىمىز، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىزنىڭ تەلىيىمىـز.
بىـزنىڭ تەلـىپىمـىز بارىمـتا بىرەيلەن ئۈچۈن ئـون مىليـون

دوللاردىن جەمئىي يىگىرمە مىليون دوللار ئىكەنلىكىنى سەن ئۇلارغا ئۇقتۇرىسەن. چۈنكى بىز بەش كىشى، سېنىڭ بىلەن ئالتە كىشى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىرەيلەنگە ئۈچ مىليون ئۈچ يۈز مىڭ دوللاردىن توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇل بىزنىڭ ئۈچ ئەۋلادىمىزغىچە يېتىدۇ. سېنىڭچە قانداق، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۆيلىنىشىڭ، ئادەتتىكى ئەركەكلەردەك ئۆز خوتۇنۇڭ بىلەن ياشىشىڭ مۇمكىن، خۇداغا ئامانەت، ئۆز ئەۋلادىڭ بولغاي.

— بولدى، ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرمە. ھوشۇڭغا كەل، تاشئافغان، ياخشىلىقچە ئويلان. سەن تېخى مېنى ماقۇل دەپ، بۇيرۇقلىرىڭنى بەجا كەلتۇرۇشكە تەييار تۇرغاندەك سۆز قىلىسىنا - دە. ھېچقاچان، ھېچقانداق پۇل ئۈچۈن بۇنداق ئىشقا ماڭمايمەن. مەن تېررورچى ئەمەسمەن.

— بىزمۇ تېررورچى ئەمەسمىز. يىگىرمە مىليون دوللار قولىمىزغا تېگىشى بىلەنلا — ئۇلار ئۈچۈن بۇ ئىككى تىيىنچىلىك — ئەرەبلەرنى قويۇپ بېرىمىز. سەنمۇ ئەركىن بولىسەن. پەقەت سەن نەگە بارىسەن؟ ئۇ ھەقتە كېيىن...

— مەن ھازىرمۇ ئەركىنمەن. مەن سىلەرنىڭ گۇرۇھىڭلاردىكى ئالتىنچى كىشى بولمايمەن. پۈتتى، سۆز تۈگىدى. ئېغىزنى ئۈپرىتىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى...

— يېڭىلىشىۋاتىسەن، سەن تېخى ئەركىن ئەمەس. مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئالتىنچى كىشىسەن.

— خالىمىسامچۇ؟

— خالىمىساڭ — بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن دەپ ئويلىما. گۆرۈڭ مۇشۇ قورۇدا، بۇلۇڭدا، ئوپچى ھاجەتخانىنىڭ يېنىدا بولىدۇ. لوم ۋە گۈرجەكلەر تەييار قىلىپ قويۇلغان. بەش مىنۇتقا قالدۇرماي كۆمۈپ تاشلايمىز. قورالىمىزمۇ تەييار. ئافغانىستاندا ئۆمرۈم بىكاردىن - بىكار نابۇت بولغىنى يوق،

مەنمۇ تالاي ئادەمنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانمەن. بىزدە ھەتتا ئاۋازسىز تاپانچىمۇ بار. شېرىكلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەر خىل قورال ـ ياراغلارنى ھەتتا گراناتاميوتنى ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەن. ماختىنىپ ئولتۇرغىنىم ئەمەس، بۇ ئىشتا مەن ناھايىتى چېۋەر. قىسقىسى، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بۇ يەردىن قانداق كەلگەن بولساڭ شۇنداق چىقىپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ساڭا ئۆچلىكىمىزدىن ئەمەس: ئۆزۈڭگە ئايان، بىزگە باشقا يول يوق، سەن بىزگە باغلىنىپ قالدىڭ. بىز تېرروروچى ئەمەس، بىز پەقەت دۇنيا كاپىتالىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ بىر ئۈلۈشىنىلا ئالماقچى، شۇلا.

— بەس، زېرىكتىم، مەن كەتتىم.

— توختا! مېنى بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىمنىڭ كاللىسىنى ئالدىغان جاللات بولۇشقا مەجبۇرلىما.

— توغرا، باياتىن ئويلىغىنىممۇ شۇ. ئىلگىرى بىز مەشەدە ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇغاندا، تەنەپپۇس ۋاقتىدا چۇرقۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىمىزنى قوغلىشىپ ئوينىغان ۋاقىتلىرىمىزدا، قانچىلىغان يىللاردىن كېيىن مۇشۇنداق ئىش بولىدۇ دېگەن پەرەز ئويىمىزغا كېلەمتى؟ — ئارسىن سامانچىن ئورنىدىن تۇردى، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىلگەكلىرىنى ئاچتى.

— نېمە، ئىسسىپ كەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى تاشئافغان.

— ھەئە، ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئارسىن. بىراق، دېرىزىنى ساپ ھاۋا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، قارلىغاچلار يەنە ئۇچۇپ كىرىشەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە، ئۇلارنى ئۆزىنى قوتقۇزغۇچىدەك سېزىپ ئاچتى. بىراق، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار قايتىدىن پەيدا بولۇشمىدى. ئېھتىمال، تەقدىرنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى باردۇر...

تاشئافغان بولسا بارغانسېرى جاھىللىشىپ كېتىۋاتاتتى،

بۇنى ئۇنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئالدى ـ ئارقىغا باقماي سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي، سەن بىزنى ئۇنداق قاپاقباش چاغلىما، بىز سېنىڭ قوشۇلالمايدىغانلىقىڭنى، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلىمىز. سېنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ دېگەن بىر جىنايەت.

— دەل شۇنداق! — دېدى ئارسىن سامانچىن كەسكىن تۇردە، — ئويلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ جىنايەت!

— مەيلى شۇنداقمۇ دەيلى. قانداق ئويلىغۇڭ كەلسە ئويلاۋەر. لېكىن بىز بەربىر بۇنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. سەن چوقۇم بىز بىلەن بىللە ماڭىسەن — يا بىر قاتاردا، يا جازالانغۇچى سۈپىتىدە باغلىنىسەن. ئۆزۈڭ تاللىغىن!

ئارسىن سامانچىن ئۇستەلنى بىر مۇشتلاپ، مەكتەپتە دېيىلىدىغان: «تامبىلىڭ بېشىڭغا كىيىلىپ قالسۇن!» دېگەن سۆزنى ۋارقىراپ ئېيتىۋەتكىلى تاس قالدى ـ يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.



— مەيلى قانداق قىلساڭمۇ ماقۇل دېمىسەمچۇ؟

— ئۇستەلنى مۇشتلىما. ھەرقانچە دانا بولساڭمۇ بىزنى كۆندۈرەلمەيسەن. ھازىر خۇدايىمنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ بىز چېكىنمەيمىز. بۇ يەردە تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ئىشمۇ يوق! ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان نېسىۋىسىنى قاچۇرۇۋېتىدىغان ئەخمەق بولسا كاشكى. يىگىرمە مىليون دوللار يولدا قالامتى!

— يولدا قالمايدۇ. بىراق سەن، تاشتانبېك — سەن ياخشى يىگىت ۋاقتىڭدا ئىسمىڭ مۇشۇنداق ئىدى — سەن نەدىنمۇ بۇنىڭ سېنىڭ نېسىۋەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ؟ بۇ دېگەن سېپى ئۆزىدىن بۇلاڭچىلىق ۋە باندىتلىق! مۇشۇنداق پۇل تاپىدىغان ئىش بارمۇ، ئوبدان ئويلان!

— ھەممىڭلار يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق-لىرى، سىلەرمۇ مۇشۇنداق پۇل تاپىسىلەرغۇ، يەنە كېلىپ ئا-شۇنداق كىشىلەر ئىچىدىكى بىرىنچىسى سەن. مۇشۇنداق دۇن-ياۋىلاشتۇرۇشتا ھەربىر كىشى پۈتۈن دۇنيا بايلىقىدىن ئۆزى-نىڭ ئاشۇ بىر ئۈلۈشىنى ئېلىشى كېرەك.

— ئالجىپسەن، بۇنىڭ دۇنياۋىلاشتۇرۇش بىلەن نېمە ئالا-قىسى؟ ئۇ دېگەن پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش. بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن، ۋاقتى ئەمەس. لېكىن سېنىڭ «دۇنياۋىلاشتۇ-رۇش» دېگىنىڭ بىر ياۋايىلىق!

— بىزنىڭ ئۆز چۈشەنچىمىز بار، خاتىرجەم بول.

— بۇ قانداق چۈشەنچە؟ ئۆز مەيلىڭچە بىر بانكىرنىڭ يا-قىسىدىن ئېلىپ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ پايپىقىمغا يىرتىق دەپ سىلكىشلەشمۇ؟

— پاھ، قارا بۇنىڭ گېپىنى! بانكىرلارنى قوغدىماقچىمى-دىڭ؟

— سېنى بانكىرلار بىلەن قوشۇپ بىر قېپىققا سېلىپ، ئاندىن ئۇنى سىلەر شۇنچە ئۆچ كۆرىدىغان دۇنياۋىلاشتۇرۇش-نىڭ دولقۇنلىرىغا ئىتتىرىۋەتكۈم كەلدى دېسە.

— كۆتۈر قاسقىنىڭنى! ئۇ مېنىڭ بىلەن بىر قېپىققا چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭغا بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى — ئۇنىڭ ئىككى مىڭ كىشىلىك پاراخوتى بار. بايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا-ۋىلاشتۇرۇشى بار — ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دېمەستىن ھەممە بايلىقنى ئۆزىنىڭ قوينىغا سېلىش. بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ دۇنياۋىلاشتۇرۇشىمىز بار: تەقسىماتقا قاتنىشىش، مۆرىتى كەلگەندە ئۆز ئۈلۈشىمىزنى تارتىۋېلىش. تاغقا كەلگەن ئەرەب-لەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك تۆلەمنى تەلەپ قى-لىش — بىزنىڭ ھوقۇقىمىز.

— قۇلاق سالغىنا، تاشتانبېك — ئافغان، بىلىمەن، سەن

ئەخمەق ئەمەس، لېكىن قانداقچە بۇ گەپنى قىلىسەن؟ ھوقۇق! نېمە ھوقۇق؟ بۇلاڭچىلىق ھوقۇقىمۇ؟ ئازراقمۇ چۈشەنگەن بولسام.

— چۈشەنمىسەڭ قوي! — تاشئافغان يەنىلا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغان ئارسىن سامانچىنىنىڭ ئارقىسىدىن تۇۋ-لىدى. ئارسىن بولسا بېشىنى بۇراپ غۇدۇرىدى:

— چۈشەندۈرۈشلىرىڭ كۆپايە. بۇنىڭدىن ئۇشۇقىنى ئاڭ-لىغۇم يوق.

— چۈشىنەلەمسەن، چۈشىنەلمەمسەن، نېمە بولسىمۇ توختا، ئارسىن، سېنىڭ بۇنداق قىلماسلىقىقا ئامالىڭ يوق. سەن قاپقانغا چۈشتۈڭ. بىراق سەن يالغۇز ئەمەس، بىز ھەممىمىز قاپقاندىمىز. ئەمدى ئارقىغا مېڭىشقا يول يوق. سەن بىزنى باز-دىت - قاراقچى دەمسەن؟ ئەسلەپ كۆرگىن: بىزنىڭ ئاتا - بو-ۋىلىرىمىز ئەگەر قوشنىلىرى ئۇلارغا يايلاۋلار ئۈچۈن، دەر-يالاردىكى سۇ ئۈچۈن ھەق تۆلىمىسە، بارىمتا ئالاتتى — ئۇلار-نىڭ ئادەملىرىنى بارىمتاغا ئېلىپ، ئۆيۈر - ئۆيۈر يىلقا، مۈڭ-گۈزلۈك مال، قورۇ - قورۇ قوي - ئۆچكە ئالاتتى. ھازىر مۇئا-مىلە باشقىچە. بىزنى خالىغىنىڭچە ئاتاۋەر — باندىتلار، قاراق-چىلار، ئوغرىلار دەۋەرگىن، خۇددى شەھەرلىكلەر دەيدىغاندەك، بەرىبىر. بىز ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەمدۇق ياكى ھۆرمەتلىمەمدۇق، چىدىيالامدۇق ياكى چىدىيالمامدۇق، بۇمۇ بەرىبىر. سەندىن بىرلا نەرسە تەلەپ قىلىنىدۇ — پۇلنى نەگە تاشلاشنى بىلمەي يۈرگەن مىليونېرچى بايلار بۇ يەرگە پەيدا بولغان بىرىنچى مىنۇتتىن باشلاپ سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇمدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمايسەن. مېنى باشلىق بەكتۇرنىڭ ئېيت-قانلىرىنى بېجىرىپ يۈگۈرۈپ يۈرىدىكەن دەپ ئويلىما. ئەمدى بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئوۋ - شىكارچىلىقىمىز بار — چاتقال-لىقلاردا، يارلاردا ئىزدەپ يۈرىمىز، يىلپىزلارنى ئېتىۋېلىشقا

ھەيدەپ چىقمىز، ئەرەب ئوۋ - شىكارچىلىرى قارىغا ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ بىز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆتكۈرگە قامايمىز - دە، بارىمىتا تەلەپ قىلىمىز. ھەركىمنىڭ ئۆز ئىنتىلىشى بولىدۇ دېگەندەك. چۈشىنىۋاتامسەن، ئارسىن؟ مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى بىكارغا ئەمەس، سېنى بىلىۋالسۇن دەپ ئېيتىۋاتىمەن. بۇنداق تەلەي چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدۇ، بۇ يەردىن خۇدانىڭ ئۆزى يۇلۇۋال دەۋاتىدۇ... چۈشەنگىن، بىزگە ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغىن. يەنە ئۆزۈڭنىڭ تەرجىمانلىق خىزمىتىڭنىمۇ مېھمانلار ساقا تولۇق ئىشىنىپ تۇرغاندەك قىلىپ ئۆتىگىن. مۇشۇ تەرزدە ئۇلارغا ياردەملىشىپ تۇرۇپ بىزگە خىزمەت قىلىسەن، بىز ئۇلارنى ئۆتكۈرگە كىرگۈزگەندىن كېيىن بارلىق ئۈمىد سەندە قالىدۇ، چۈشىنىۋاتامسەن، ئارسىن، ئېيتىۋاتقانلىرىم قۇلىقىڭغا كىرىۋاتامدۇ؟

ئارسىن جاۋاب بەرمەي، بېشىنى سىلىپ دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

— سەن گەپ قىلماي شۇك بولۇۋالما، ئاڭلا. بەشىمىزگە سېنىڭ ئۆز ئادىمىمىز، بىر ئائىللىق بولغانلىقىمىز ئوبدان بولدى. سەن بىزنى چۈشىنىسەن، بىز — سېنى. يەنە بىر ياخشى يېرى مېھمانلارنىڭ ئاشۇنداق سۈنئىي ھەمراھلىق تېلېفونلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئۆتكۈردىن ئۆيلىرىگە تېلېفون بەرگەندە — ئۇ دېگەن ئافرىقىنىڭ يېنىدا دېگۈدەك يەر — ئۇلارنىڭ تېلېفوندا سۆزلەشكەن سۆزلىرىنى سەن ئارقىلىق بىز ئۇقالايمىز - دە، ئۆز ھەرىكىتىمىزنى شۇنىڭغا يارىشا ئۆزگەرتىمىز. سەنسىز بىز ھېچ نەرسە قىلالمايمىز، چۈشەندىڭمۇ؟ نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن، ئارسىن؟

— مېنىڭ گېپىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. ئىككىيلەن جىم بولۇپ قالدى.

«دۇنيا ئورنىدىمۇ؟» بالىلىق چېغىدىن تارتىپ ئائىلداش-

لـەرىدىن كـۆپ قېتـىـم ئاڭلـىغان بۇ سۆز هـەر خـىل تۇرمـۇش ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان سۆز ئىدى، ھازىر ئىختىيارسىز ئېـ-سىگە چۈشتى. شۇنداق، تـاشقى دۇنيـا يەنىلا ئـاۋۋالقىدەك ئـۆز ئورنىدا، جۈملىدىن ئۆزى ئاشۇنداق ھەيران قالارلىق يول بىلەن كېلىپ قالغان مەكتەپمۇ. ھـەئە، ئەتراپـتىكى مـۇھىت قانـداق بولسا شۇنداق قېلىپىدا ئەسىرلەر بويى قېلىۋېرىشى مۇمكىـن. بىراق ئىچكى دۇنيا، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسـى بۇ چاغدا، ئـۆز بېشىـدىن ئۆتـكۈزگەندەك، ئـۇزۇل ـ كېسـىـل ۋەيران بولۇشـى مۇمكىن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىـراۋلار قايتا ـ قـايتا «دۇنيـا ئورنىدىمۇ؟» دەپ سوئال قويىدىكەن.

بىردىنلا، مۇشۇنداق يامان شارائىتتا، ئۇنـىڭ كاللـىسىغا غەلىتە ئويلار كەلدى. ئۇ ئىختـىيارسـىز ھالدا ئـويلاپ كەتتـى: مۇشۇ تاپتا غايىب بولغان كېلىن نەدىدۇ، ئۇ «دۇنيانىڭ ئورنىدا ئەمەس»لىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئايدانـا سامارۇۋا بۇنـى بىلەمـدى-غاندۇ؟ ئۇ ئەندىشە قىلامدىغاندۇ؟ ناتايىن، ئۇنىڭ بۇنـىڭغا چـو-لىسى يوق. «دۇنيانىڭ ئورنىدا ئەمەس» لىكىنى قىلچە سەزمـە-گەن تاغ جانىۋارلىرى ئۆزلىرىنـى بىرنەچچە كۈنـدىـن كېيـىـن نېمە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەمدىغـاندۇ؟ مۇشۇنـداق يالتـىراپ تۇرغان نۇرلۇق كۈنلەردە ئاق يىلپىزلار ئىنسانىنىڭ ئاياغ ئىزى تەگمىگەن قار دۆۋىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنـىڭ توقايلىـقلاردىكـى قورۇقلىرىدا ئۆزلـىرى نۆۋەتتە زۆرۈر بـولۇۋاتقان ئـولجىلارنـى ئىزدەپ نېرى ـ بېرى مېڭىپ يۈرۈۋاتقاندۇ، چىشلىرى بولسا «دۇنيانىڭ ئورنىدا ئەمەس» ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز كۈچـۈك-لىرىنى ئېلىپ ئاپتاپسىنىپ ياتقاندۇ...

ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن جۈپ ـ جۈپ بولۇپ، ئۇن ـ تىنسىز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تاغ شۇڭقارلىـرى ئېگىـز تاغدا نېمىلەرنـى كۆزىتىۋاتقاندۇ، نېمىلەرنى كۈتۈۋاتقاندۇ، نېمىلـەردىن ئالدىـ-ئالا خەۋەر بېرىۋاتقاندۇ؟

«دۇنيانىڭ ئورنىدا ئەمەس» بولۇپ قالغانلىقىدىن، بۇگۇن-گە قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان بالايىئاپەتنىڭ پات ئارىدا يۈز بې-رىدىغانلىقىدىن، بۇ بالايىئاپەتنى ئىنسانلار پەيدا قىلىۋاتقانلى-قىدىن...

يەنە بىر ئوي ئۇنى غىدىقلاشقا باشلىدى: ئۇڭ تەرەپتە ئىككى چامدام نېرىدا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ساۋاقدىشى تاشتانبېك — تاشئافغان تۇراتتى. «دۇنيانىڭ ئورنىدا ئەمەس» لىكى ئۇنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن رەھىمسىز ئۇ-سۇلدا ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشى كېرەك ئىدى، بىراق نېمىگىدۇر ئارسىن سامانچىن تېخىمۇ بەكرەك ئەپسۇسلاندى، چۈنكى تاش-ئافغان ئۆزىگە ھەققانىيمەن دەپ ئىشىنەتتى، شۇنچە ئېغىر جىنايى قىلمىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرماقچى بولاتتى. ئۇ باش-قا ئىش قىلسا بولاتتىغۇ. لېكىن كېچىكتى، ھەر تەرەپتىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا پۇرسەت قولدىن كەتكەنىدى. يىگىرمە مىليون دوللارنىڭ سېھرىي كۈچى نەچچە مىڭ شامان - باخ-شىنىڭ سېھرىگەرلىكىدىن كۆپ كۈچلۈك - تە.

ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى ئۇقۇپ قالغاندەك، تاشئافغان جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ھەي، ئارسىن، چېچىڭغا ئاق كىرىپ كەتكۈچە ئويلى-ساڭمۇ بولىدۇ. بىراق قانچىلىك ئويلانما، سېنىڭ ھالىڭنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. سەن بوسۇغىنى ئاتلىدىڭ، ئەمدى ئۇ-زۇڭنىڭ ئامانلىقىنى ساقلا.

— سەن نېمەڭگە تايىنىپ كىم ياشايدۇ، كىم ياشىمايدۇ دېيەلەيسەن؟ كىم ساڭا بۇنداق ھوقۇق بېرىپتۇ؟

— چۈنكى سەن مۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىسەن، ئالدىڭدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ: يا سەن بىز بىلەن بىللە بولىسەن، بىز ھەممىمىز سېنى قوشۇپ ئۆز ئۇلۇشىمىزنى ئالىمىز، يا سەن بىزدىن ئايرىلىپ كېتىسەن ۋە بىزنى ساتىسەن. شۇڭا ئۇچۇ-

قىنى ئېيتىپ قوياي: سېنى قىساس ۋە ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. سېنىڭ تىرىك قېلىشىڭنى بىز ئوبدان خالايمىز، بىراق بۇ ئۆزۈڭگە باغلىق.

— سەن دائىم ئاشۇ بىر ئۆلۈش - ئاشۇ بىر ئۆلۈش دەيسەن، يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ھېچقانداق ئۆلۈش يوق! بۇ دېگەن بۇلاڭچىلىق، جىنايەت.

— پۈتتى، بەس! ئۇرۇشتا ھەرىكەت قوللانغان ئادەملا غەلىبە قازىنىدۇ. مەن ئافغانىستاندا بولدۇم، ئۇ يەردىمۇ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. بىزنىڭ ھەرىكەت پىلانىمىزنى قولىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ تۇر. ئايروپىلاننىڭ كېلىشى، كۈتۈۋېلىش، ئاتاقلىق مېھمانلار — ئوۋ - شىكارچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشلار بىز بەشىمىز بىلەن ئالاقىسىز. بىز تېزەك تەرگەن خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش، ئوت ياقتۇق — ئۇنىڭ نېرىسىغا كېتىپ قالدۇق. بىراق، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بىز ئات ئۈستىدىكىلەرمىز ۋە ئات ئۈستىدە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجايىنىمىز. سەن، ئارسىن، مېھمانلار بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە بولىسەن. ئوبدان ئىشلە، بىزنى ئويلىما، بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شۇنداق كۆرسىتىپ قويىمىزكى، چېچەكلار تىك تۇرۇپ كېتىدىغان بولىدۇ. ئامال يوق، مۇشۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ. بىراق، ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى بېرىش ۋاقتى كەلگەندە، سىگنال بەرگۈچى مانا مەن بولىمەن، سەن ئوبدان تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك، بىز بىر قاتاردىمىز. ئەزىز مېھمانلار كەلگەندىن كېيىن سېنىڭ باي ئاكاڭ بەكتۇرنىڭكىدە بىرئاز دەم ئېلىشىدۇ، ئەتىسى كولومتودا قونۇشقا كېلىشىدۇ، بۇ بولسا ئېگىز تاغ. يولنىڭ يېرىمىنى بەكتۇرنىڭ جىپىدا ۋە باشقا ماشىنىلاردا ئۆتكۈزۈشىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئات مىنىشىدۇ. ھەممىسى ئويلاپ قويۇلغان، ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ قويۇلغان، ئاتلار ئېگەرلەنگەنلىك، قاچان

مىنسە بولۇۋېرىدۇ. بىلىپ قوي، ئارسىن، مەن بۇلارنى ئومۇ-
مىي ۋەزىيەت ھەققىدە ئورتاق چۈشەنچە بولسۇن دەپ ئېيتىپ
قويۇۋاتىمەن. سېنىڭ تەرجىمانلىقىڭسىز بىز ھېچنېمە قىلال-
مايمىز، بىراق بىزسىزمۇ ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. قانداق قىلىپ،
قەيەردە، قايسى چاغدا قولغا چۈشۈرىمىز؟ قانداق يول بىلەن با-
رىمىز ھەققى سورايمىز؟ بۇلارنىمۇ بىلگۈڭ كېلەر؟ شۇنداقمۇ؟
نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— بىلمەيمەن، بۇنى كېيىن ئېيتىمەن.

— ھە، ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن مەن ساڭا بىزنىڭ قو-
لىمىزدا نېمە بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەي. قورالىرىمىز ئەڭ
ياخشى، يېڭى قوراللار، ئەلۋەتتە. ھېچكىم يولۋاسنىڭ ئالدىغا
قۇرۇق قول بارمايدۇ، تاغدىكى ئاق يىلپىزلار يولۋاس، شىرلار-
دىن بەكرەك قورقۇنچلۇق. قارا، سېرىك ئۆمەكلىرىنىڭ ھەم-
مىسىدە يولۋاس، شىر، بۆرە ۋە باشقا يىرتقۇچلار بار، ئۇلار
چېلىنغان پۇشتەككە قاراپ سەكرىشىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ.
لېكىن ئاق يىلپىزنى ئۆگىتەلىگەن بىرمۇ سېرىك ئۆمىكى
يوق. لېكىن ئاق يىلپىزلارنىڭ تېرىسى ھەممىدىن بەك پۇل-
لۇق، ئۆزۈڭ بىلىسەن، گېزىتلەردە يېزىلغاندەك «ئېگىز تاغ-
نىڭ سەرخىل سودىسى» بولغاچقا بۇ ئىشنى باشلىدۇق. ئاق
يىلپىز بولغانلىقىغا رەھمەت! ئېھ، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟
مەيلى گەپ قىلما، مېنى بەك جىق سۆزلەپ كەتتى دەپ ئويلاپ
تۇرغاندۇرسەن. بوپتۇ، بىردەم جىم تۇرۇۋال، ئويلان. ئەلۋەتتە،
مەن جىقراق سۆزلىۋەتتىم. ئېھتىمال، تېپىلىپ دوم چۈش-
مەسلىك ئۈچۈن ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بولغىنىڭ تۈزۈك. گاھىدا
چۈمۈلىگە پۈتلىشىپ كېتىدىغانلار بولىدۇ، پىل بولسا قېچىپ
كېتىدۇ. سېنىڭ كۆلگۈڭ كەلمىدىمۇ، ئارسىن؟

— ھازىرچە كۆلگۈم كەلمىدى.

— ھازىر يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، قانداق، قەيەردە ۋە قا-

چان قولغا چۈشۈرۈشكە قول سالىدىغانلىقىمىز ھەققىدە يەنە بىر ئىش بار، شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنىكى، ئېگىز تاغلاردا ئوۋ - شىكار قىلىشتا يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆز - لىشىش ئۈچۈن كۈۋەيتتىن ياڭراتقۇ ئەكەلدۇرگەن، بۇ يەردە تېلېفون ماڭمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چارىسى تېپىلدى: تاغدىن - تاغقا چۇقان سېلىپ تۇرىمىز — مەيداندا نامايىش ئۆتكۈزگەن چاغدىكىدەك، بۇنى تېلېۋىزورلاردا كۆرسەتكەنغۇ. بۇ ياڭراتقۇلارنى يەنە بىر خىل ئاتايتتىغۇ. ئېيتقىنا، نېمە دەيتتى؟

— رۇپور.

— ياق، يەنە باشقىچە.

— مېگافون.

— توغرا. سېنىڭ رۇپور - مېگافونۇڭ بولىدۇ. بىزنىڭ ھەر بىرىمىزدە بار، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ رۇپورغا قاراپ توۋلايمىز. ئوۋ - شىكار ۋاقتىدىكى ھەربىر سۆز ۋە بۇيرۇقلار - نى سەن دەرھال ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىسەن ياكى ئىنگلىز - چىدىن تەرجىمە قىلىپ تۇرىسەن. ئاق يىلپىزلار كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ. گاس بولۇپ قېلىشىدىغۇ. دېمەكچى بولغىنىم ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدا. نېمە دەيتتى، مۇشۇنداق بىر سۆز بار ئىدىغۇ — مۇناپىق، ئۇنى - بۇنى قىلمايدىغان بولساڭ كانىيىڭدىن بوغۇپ تاشلايمەن دەيدىغان... — تاشئافغان قاپىقىنى تۈردى. ئارسىن ئۇنىڭ ئۇلتىماتۇم ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - يۇ، لېكىن ئېيتقۇسى كەلمىدى. بىراق ئېيتىشقا توغرا كەلدى:

— ئۇلتىماتۇمنى؟

— ئەلۋەتتە. تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇراتتى، ئەسلىيەلمەي كەتكىنىمنى. ھازىر چاقچاق قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، لېكىن بىزنىڭ بىر ياش ئاقىنىمىز: «مېنىڭ ئېتىم ئۇلتىماتۇم، ئۇنى

مىنىپ چاپمەن. ئالدىمدىن چىققانلارنى چوقۇم باش ئەگدۈرد-
مەن» دەپ قوشاق ئېيتقان. بولمىغان گەپ ئەلۋەتتە، بىراق،
«مېنىڭ ئېتىم ئۆلتىماتۇم» دېگىنى ماڭا ياقتى. ئەمما بۇ
مۇنداقلا ئېيتىلغان، سۆزگە توغرا كېلىپ قالغان گەپ. دې-
مەك، ئاساسلىقى — ئۆلتىماتۇم، بارىمتادىكىلەرنى شۇ ھامان
ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان گەپ. بىز ئۇلارنى ئۆڭكۈرگە ئە-
كىرىپ، قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېتىمىز
— ئەر بولساڭ يالاڭئاياغ يۈگۈرۈپ باققىنا، سىناپ باققىنا...
يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، ئارسىن، چۈشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلى-
مەن، يا بىز ئۆزىمىزنىڭ يېگىرمە مىليوننى قولغا چۈشۈرد-
مىز، يا ئۆڭكۈرگە ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان پىيادە
ئەسكەرلەردىن مۇداپىئەلىنىش مىناسىنى پارتلىتىمەن.
— سەن ئۆڭكۈرگە مىنا قويدۇڭمۇ؟ — ھەيران قېلىپ
ۋارقىرىۋەتتى ئارسىن سامانچىن.
— توغرا، مەن ئافغانىستاندا مۇشۇ خىزمەت بىلەن شۇ-
غۇللانغان. بۇ مېنىڭ ئۆلتىماتۇمۇم! يېگىرمە مىليون چىقىرد-
سەن — چىقىسەن، بولمىسا پارتلىتىمەن، ھەممىسى يەر بىلەن
يەكسان بولىدۇ! سەن نېمىدەپ ماڭا بۇنداق قارايسەن؟ مېنىڭ
ئەقىل - ھوشۇم جايىدا تېخى، ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىراق بۇنداق
مۇمكىنچىلىك بىزنىڭ تاغلاردا بىرلا قېتىم بولۇپ قالىدۇ، ئۇ-
نىڭدىن كېيىن زادىلا ئۇنداق بولمايدۇ. ئاق يىلپىزلار ئاچچىق-
لىنىپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە قېچىپ كېتىشىدۇ. بولدى، ئىشى-
مىزغا كېلەيلى. نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىش سېنىڭ قولۇڭدا دەي-
مىز؟ چۈنكى، بارلىق بۇيرۇق - يوليۇرۇقلارنى سەن ياڭراتقۇ
ئارقىلىق ئىنگلىزچە ئېلان قىلىپ تۇرىسەن، بىزنىڭ تىلى-
مىزدىمۇ، ئەلۋەتتە ياشانغانلارمۇ، ياشلارمۇ ئۇقىدىغان رۇس تى-
لىدىمۇ ئېلان قىلىپ تۇرىسەن. ئەمەلىيەتتە ئوۋ - شىكار قىلى-
غۇچى ئىككى مېھمان، سەن ھامان ئۇلارنىڭ يېنىدا بولىسەن،

ئاتلىق بەشىمىز يېقىن ئەتراپتا بولىمىز، باشقا مۇلازىمەتچى-لەرنىڭ ھەممىسى ئارقىدا بولىدۇ. سېنىڭ باي ئاكاڭ بولسا ئوۋ - شىكارنى بەرىكەتلىك قىلغايسەن دەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەيلى تىلاۋەت قىلىنىۋەرسۇن، بىز شۇ ۋاقىتتا، ئارسىن، مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە مېھمانلارنى ئۆڭكۈرگە قا-مايمىز، قورالسىزلاندۇرىمىز، ئەڭ مۇھىمى — تۇتقۇنلار ئۇچۇن پۇل، بىزنىڭ بارىمتامىزنى ئالدىمىزغا، ئۇستەلگە دېگەندەك، يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە نەق قىلىپ قويۇشسىلەر دەپ تەلەپ قىلىمىز. ئۇلتىماتۇمنىڭ ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن بىر سوتكا ۋاقىت بېرىلىدۇ، ۋاقىتنى ئۇزارتمايمىز دەپ دەرھال ئېيتى-مىز. يا پۇل نەق بولىدۇ، يا باشلار «نەق» بولىدۇ. سەن مۇ-شۇنداق گەپ قىلماي تۇرامسەن، ئارسىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلۇڭگە ياقمايۋاتىدۇ، بىلىمەن، بىراق سېنىڭ چوقۇم بىل-گۈڭ كېلىدىغان نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەي، — تاشئاف-غان راستتىنلا كۆپ نەرسىنى تۈيۈپ تۇراتتى، — سېنىڭ بۇنى ئەمەلىيەتتە قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى بىلگۈڭ كېلەمدۇ؟ مانا مۇنداق بولىدۇ: ئۇلارنىڭ يېقىن شەرق بانكىلىرىنىڭ خەزىنىلىرىدە كېچە - كۈندۈز دېمەي بىر يىل تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مىلياردلىغان نەق پۇلى ساقلىنى-دۇ. يىگىرمە مىليون دوللار ئۇلار ئۈچۈن بىر تۇكۇرۇككە تەڭ. پۇللارنى بەش مىنۇتتا بەش مىليوندىن قىلىپ 85 × 60 لىك ساندۇقلارغا قاچىلايدۇ، ھەر ساندۇقى يىگىرمە كىلوگىرامدىن سەكسەن كىلوگىرام بولىدۇ. قانداق يەتكۈزىدۇ؟ ئايروپىلان بى-لەن توققۇز سائەتلىك يول. ئۇلار بۇيرۇق بېرىپ قويسىلا دەر-ھال ئورۇنلىنىدۇ. ئۇلار ئۆڭكۈردە ساقلاپ تۇرۇپ، بۇ ئۇ-چۇرلارنى قانداق يەتكۈزىدۇ دەمسەن؟ ئۆزۈڭ بىلىسەن، سۇنئىي ھەمراھلىق تېلېفون. ئۇلار ھامان بۇنداق تېلېفوننى يېنىدىن ئايرىمايدۇ، ئۇلار بۇنداق تېلېفون بىلەن ئالەمنىڭ ھەممە يې-

ـرىگە تېلېفون بېرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تېلېفونىدا سۆزلىشىشىگە
نارازەت قىلىپ تۇرغۇچى سەن بولسەن، سەن بىر قەدەممۇ
نېرى بولماي ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسەن. سەن يەنىلا ئۇنچىقماي
تۇرسەنغۇ، ئارسىن، سېنىڭ سەتچىلىكلا ئەمەس، ھەتتا مىسلى
كۆرۈلمىگەن بۇ جىنايى ئىشقا ئارىلاشقۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟
بىراق مەن ھەممىنى ئويلاپ، ھېسابلاپ قويغان، ئۆزۈڭ كۆر-
گەندەك، مەقسىتىمگە چوقۇم يېتىمەن. خالىغىنىڭچە ئويلا،
بىراق مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى غىڭ قىلماي ئورۇنلاشقا مەج-
بۇرسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن نەتىجىدە ئۇلۇشۇڭنى ئالىسەن. سەن
ئۈچۈن بۇ يىرگىنچلىك تۇيۇلسا، ئۇنى بىزگە بەرسەڭ بولىدۇ،
بىز باش تارتمايمىز. بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. يەنە ئۇنچىقمامسەن؟
بوپتۇ، بىزنىڭ مەقسىتىمىزگە يېتىدىغانلىقىمىزدىن قىلچە
گۇمانلانماسلىقىڭ، مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتىدىغانلىقىمىز
ئۈچۈن، مەن يەنە دەپ قوياي، قايسى چاغدا مېھمانلارنى ئۆڭ-
كۈرگە كىرگۈزىدىغانلىقىمىزمۇ ئوخشاشلا ئەتراپلىق ئويلاپ
قويۇلغان. بىرىنچى رايوندا، كولومتونىڭ يېنىدا، ئۇلار ئەتراپ-
تىكى يەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۆڭكۈرگە يېقىن يەر-
دىكى جىلغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاۋۋال بىز بەشى-
مىز بىر ئاق يىلپىزنى شۇ ئەتراپقا ھەيدەپ كېلىمىز. مېنىڭ-
چە، بىز بۇنى قىلالايمىز. بىز ئۇنىڭ ئاشۇ يەردىلىكىنى ئاللى-
قاچان كۆرگەن، «يوغان باش، ئۆزۈن قۇيرۇقلۇق ئاق يىلپىز»
دەپ ئاتىغانىدۇق. ناھايىتى بەستلىك، بېشى تولغان ئايدەك،
قۇيرۇقىنى ئارقىغا قايرىسا يايلىغىچە يېتىدۇ... بۇ يىرتقۇچ
پۈتۈن ياز بويى ئۆزەڭگىلەش بېلىنىڭ ئالدىدا نېمىنىدۇر بىر-
نېمىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئايلىنىپ يۈرگەن. بىز ئالدى بىلەن
شۇنى ھەيدەپ كېلىمىز، ئانچە بەك تېز يۈگۈرەلمەيدىغان بولۇپ
قېلىشى ئۈچۈن تېخى ئازراق يارىدار قىلىپ قويساقمۇ بولىدۇ.
ئاندىن كېيىن ئاشۇ يېقىن شەرق بايلىرىنى قويچىلار يايلاۋىغا

بىرىش يولىدا تۇنەپ ئۆتىدىغان ئۆڭكۈرگە قاماشقا تەييار تۇرد-
ىمىز. شۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇشسۇن. مانا مۇشۇ چاغدا،
ئارسىن، خالامسەن، خالىمامسەن، ئەڭ مۇھىم تاپشۇرۇقنى ئو-
رۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئۇلتىماتۇمىمىزنى مېھمانلار-
غا سەن ئېلان قىلىسەن. بىز ئۆڭكۈرنى ئاپتوماتلار بىلەن
قورشاپ ئالىمىز ـ دە قوغدايمىز. مەن يىگىتلىرىمنى تەربىيە-
لەپ، مەشىق قىلدۇرۇپ قويغانمەن، سەن بولساڭ خانزادىلەرگە
ئۇلارنىڭ ھەربىرى يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ئون مىليوند-
ىن تۆلىسىلا تىرىك قالىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىسەن. ئۇنىڭدىن
كېيىن دەرھال ئۆڭكۈردىن چىقىسەن ۋە مېگافون ئارقىلىق
ئۇنۇڭنىڭ بارچە ھە دېگەندە ئىنگلىزچە، ئاندىن كېيىن بىز-
چە ئەرەب مېھمانلار بارىمتاغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۇلارغا بارىمتا
تۆلەش شەرتى قويۇلغانلىقىنى ـــ باھاسىنى ئېيتمايسەن ـــ
ئېيتىسەن ھەم جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنلىكىمىزنى جاكارلاي-
سەن. ھېچكىم ـــ يەرلىكلەرمۇ، كەلگەنلەرمۇ ئورنىدىن قوز-
غالمىسۇن. ئۆڭكۈرگە يېقىنلىششقا قانداقلىكى ھەرىكەت كۆ-
رۈلسە ئوق چىقىرىلىدۇ، ھېچكىمنى ئايىمايمىز. ئەگەر يىگىر-
مە تۆت سائەت ئىچىدە تەلەپلەر ئورۇنلانمىسا...

ئەينى زاماندا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىنىڭ ئەشەد-
دىي ئويلىرى، مەقسەتلىرى توغرىسىدىكى سۆزىنى ئاڭلاپ ئول-
تۇرۇپ ئارسىن سامانچىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇردى. بىراق،
تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن باشلىنىپ قالغان ئىشنى توختىت-
ىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاشئافغانغا لەنەت ئوقۇش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئادەمنى بارىمتاغا ئېلىشتەك بۇنداق مۇرەككەپ
ھەرىكەتنى تاشئافغاننىڭ شۇنچىلىك ئىنچىكە، ئەتراپلىق
پىلانلىغانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. بالىلىق ۋاقتىدىكى
دوستىنىڭ ھاياجانغا تولغان قول ھەرىكەتلىرىگە ۋە ئىشەنچكە
تولۇپ نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇپ، مۇ-

شۇنداق كۈچ ۋە ئىشەنچنى ھەققانىيەت يولىدىكى ئىشلارغا بېغىشلىمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارسىننىڭ كاللىسىغا قورقۇنچلۇق ۋە غەلىتە ئويلارمۇ كەلدى. ھەتتا قارغىش تەگكۈر ئەرتاش كۆرچالمۇ ئاشۇ ئۆڭكۈردە تۇتقۇنلار بىلەن بولۇپ قالسا ۋە ئادەتتىكىچىلا بولۇپ قالماستىن، ئارسىن ئۆزى ئۇنى كۆتىگە تېپىپ تۇرۇپ كىرگۈزسەم دەپ ئويلاپ كەتتى. بۇنداق ئويلاش ئۇياتلىق، پەسكەشلىك، چاكىنىلىق بولسىمۇ ئۇ ئاشۇنداق ئويلىدى.

غايىب بولغان كىلىن بىلەن ئايدانا سامارووۋانىڭ يولىغا توسالغۇ پەيدا قىلغانلىقى ئۇچۇن بۇ ھاكاۋۇر، چوكىنەم تىيىتىر سودىگىرى دەھشەت ئىچىدە پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىسا، ئۇنىڭدىن بىر تىيىنمۇ بارىمتا ئېلىنمىسا، ئاشۇ يەردە كاللىسىغا تېگىدىغان بىر تال ئوقنى كۈتۈپ تۇرسا... ئۇنىڭ كاللىسىغا بىمەنە ئويلارمۇ كەلدى: قارلىغاچلار بىكاردىن ـ بىكار توختىماي ۋىچىرلاشقان ئەمەس، ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى مانا ئەمدى ئىشقا ئاشتى... كۈلكىلىك ۋە ئۆكۈنۈشلۈك... قەيەردىسىلەر ئەمدى قارلىغاچلار؟...

چۈشتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن تاشئافغان تېخى ئاغزىنى يۇمىدىغاندەك ئەمەس، ئېھتىمال بۇ ئۆز پىكرىنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۇرۇش ۋە ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم قايىل قىلىش ھەرىكىتى بولسا كېرەك. ئەمدى ئۇ بارىمتاغا ئېلىشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا سۆز باشلىدى.

ــ مانا، سەن، ئارسىن، بۇلار كېيىن نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاشماي پۇلنى ئېلىشنىلا ئويلىشىۋاتىدۇ، تۆت ساندۇق ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندۇرسەن. بارىمتادىكىلەر ئەركىنلىككە چىقىشى بىلەنلا، ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشى تۇرغان گەپ. ئەنسىرىمە، ئارسىن، بۇمۇ ئويلاپ قو-

يولغان. بىز دە يەتتە سائەت بىتەرەپ ۋاقىت بار. بىتەرەپ ۋاقىت دېگەن نېمە ۋە ئۇنىڭ بىزگە نېمە بېرىدىغانلىقىنى بىلگۈڭ كېلەمدۇ؟

— چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ باققىن. بۇنداق سۆزلىشىش مېنىڭ ئۈچۈن يىگىنە ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بولسىمۇ. مېنىڭ سېنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي باشقا نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلەشكۈم بار. سەن بولساڭ قېزىپ تەييارلانغان ئورىكىڭگە كىرىۋېلىپ، ئۇ يەردىن كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ ھېچ نەرسىنى كۆرمەي قارا - قويۇق ئېتىۋېرىدىكەنسەن.

— ئەگەر سەن ئېيتقاندەك ئورەكتە بولسام، سەنمۇ بىز بىلەن شۇ ئورەكتىسەن. بىز بىرلىكتە قوغدىنىمىز، بىتەرەپ ۋاقىتقا كەلسەم، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، بىز مەقسىتىمىزگە يەتكەندە، كرولوتو جىلغىسىغا، ئۆڭكۈرگە ئەڭ يېقىن يەرگە ئەرەب مېھمانلار ئۈچۈن بارىمىز ئېلىپ كېلىشكەندە ۋە بىز ھەممىسىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن سەن ئۆزۈڭنىڭ مېگافونۇڭ بىلەن دۆڭگە چىقىپ كېلىدىسەن - دە، ھەممەيلەن چۈشىنىدىغان قىلىپ ئىنگلىزچە ۋە بىزنىڭ تىلىمىزدا يەتتە سائەت بىتەرەپ ۋاقىت ئېلان قىلىدىغانلىقىمىزنى توۋلاپ ئۇقتۇرىسەن. تۇتقۇنلار ئۆڭكۈردە ئامان - ئېسەن، ئاش - تامىقى، ئىچىدىغان سۇيى بىلەن قېلىشىدۇ، بىز بولساق ئۆز يولىمىز بىلەن كېتىمىز. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يەتتە سائەت ئۆتكۈچە ئۆڭكۈردىن چىقىش ۋە ئۆڭكۈرگە كىرىش چەكلىنىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرگە ئۆزگىچە، ۋاقىتنى كونترول قىلىنىدىغان ئالاھىدە چېچىنىيە مىناسى ئورنىتىلىدىغانلىقىنى، خەۋپ پەقەت يەتتە سائەتتىن كېيىنلا بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلايسەن. بۇ مەلۇماتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايسەن. بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى سۆزىمىز بولىدۇ. كۇتسۇن، بىز شۇ ۋاقىتتا ئىككى ئاتقا ئىككى ساندۇقتىن پۇل سېلىنغان

خۇرجۇنلارنى (بۇمۇ تەييار) ئارتىپ يولغا راۋان بولىمىز. ئاتلارمۇ تەييار — باشلىق بەكتۇرنىڭ ئاتلىرى خىل. پەقەت ئۇ بىر نەچچە ئاتنى ئەرەبلەردىن تارتىۋالىمىز. ئاندىن كېيىن ھەممىمىز يۈك ئارتىلغان ئاتلارنى يېتىلەپ، ئىلدام ئۆزەڭگىلەش تاغ تىزمىسىنىڭ نېرىسىغا قاراپ ماڭىمىز. يوللارنىمۇ تەكشۈرۈپ چىققانمىز، خەۋپ يوق. ئاڭغىچە، بەلنىڭ ئالدىدا يايلاۋدىن قايتقان بىزنىڭ ئائىلە ۋە بالا - چاقىلىرىمىز كۈتۈپ تۇرۇشقان بولىدۇ. بۇ توغرۇلۇقمۇ سۆزلىشىپ قويغانمىز. شۇڭا سەن ئەندىشە قىلما.

ئارسىن سامانچىن ئۇندىمىدى، ئۇ شۇملۇق بىلەن تولغان، پۇختا ئويلىنىشلاردىن كېيىن تۈزۈپ چىقىلغان بۇ سۇيىقەستلىك پىلاننى چوڭقۇرلاپ ئۇققانسىرى ئۆزىنىڭ ئەمدى بارغانسېرى قېچىپ قۇتۇلالماس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. پەقەت تاشئافغان قاتارلىق بەش كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە قوشۇلمايمەن، قاتناشقۇم يوق، دېيىش بىلەن ئۇلاردىن چەك - چېگرا ئايرىپ كېتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇلار دوزاخقا سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويدى.



— سەنمۇ ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمە، — دېدى تاشئافغان، — ئارزاق تەۋەككۈلچىلىك قىلدۇق، بىراق ئەرزىيدۇ. مەن سېنى بىر ئىشتا ئالداۋاتقىنىم يوق، ھەممىنى سەممىمي، ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىپ تەكلىپ قىلىۋاتىمادىمەن. بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. تاغدا قار كۆچكەندە ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئاستىدا قالىدۇ، پەقەت بەزى ئۇچار قاناتلارلا ئۇچۇپ كېتىپ جېنىنى ساقلاپ ئامان قالىدۇ. ئاشۇنداق ئۇچار قاناتلار بىز بولۇپ قالارمىز بەلكىم.

ئارسىن سامانچىن مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى:

— مەن ھېچنىمىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. ئېيتى-

قىنىڭدەك بولسۇن، بىراق مېنىڭ ئۆز ئوي ـ پىكرىم بار.
بۇ چاغدا ئۇنىڭ يانفونى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كېتىۋىدى،
ئىككىلىسى چۆچۈپ كەتتى. ئارسىن تېلېفوننى ئېلىپ ئىنگ-
لىزچە سۆزلەشكە باشلىغاندا تاشئافغان سەگەكلىشىپ، بىرەر
نېمىنى ئۇقۇپ قالارمەن دەپ يېقىنراق كېلىپ دىققىتىنى
ئارسىنىنىڭ چىرايىغا مەركەزلەشتۈردى. ئارسىن ئويغانغاندەك
بولۇپ بىردىنلا ئاۋازىمۇ، كەيپىياتىمۇ جانلىنىپ ئاۋۋالقى ھا-
لىتىگە كەلدى. تېلېفوندا سۆزلىشىش ۋاقتى بەش مىنۇت داۋام
قىلدى، تاشئافغان پەقەت ئارسىنىنىڭ ئاغزىدىن چىققان: «ھە-
ئە، بوب! بوپتۇ، بوب» دېگەن سۆز بىلەن ئادەم ئىسمىنىلا ئۇقا-
لىدى. ئارسىن تېلېفوننى ئېتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا
تېلېفون بەرگۈچىنىڭ ھەسەننىڭ ئاخبارات كاتىپى روبېرت
لۇكاس ئىكەنلىكىنى (بۇ مەرگەن شىركىتىنىڭ ئىشخانىسىدا
فاكس ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن)، ئۇنىڭ يەتتىنچى ئاي-
نىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۈچ كىشىلىك تەييارلىق گۇرۇپپىسى
ئايروپىلان بىلەن يېتىپ بارىدۇ دەپ ئېيتقانلىقىنى ئېيتتى،
ئۇلار ئېگىز تاغ ۋە قارلىق داللاردا ئىشلىتىلىدىغان يېڭىچە
ئالپىنىست خالتا يوتقىنى، شۇنىڭدەك ئوۋ ـ شىكارچىلارغا
كېرەكلىك باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇ ئايرو-
پىلاندا يەنە كەلگۈسىدە ئىشلىنىدىغان كىنو فىلىمىنىڭ
سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتكە ئالىدىغان ھەم ئوۋ ـ شى-
كارنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۈرەتكە ئالىدىغان ئىككى نەپەر ئو-
پېراتورمۇ كېلىدىكەن. لۇكاس بۇلارنى كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ
قىلىپتۇ.
— مانا كۆردۈڭمۇ، ئىش باشلاندى، — دېدى ئارسىن
خىزمەتكە چۈشۈش تەلەپپۇزىدا، — ئۆگۈنلۈككە ئەۋلىيائاتاغا،
ئايروپورتقا مېڭىش كېرەك، بۇ توغرىدا باشلىق بەكتۇر ئاغا
بىلەن سۆزلىشىمىز، — تاشئافغان بىلەن بولغان گەپنى تېز-

رەك توگىتىش مەقسىتىدە سىنىپ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى ـ دە، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، ــــ ۋاقتى بولدى، تاش-تان، مەن تېزرەك باشلىق بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، ــــ دې-دى.

ــــ لېكىن ئۇ داستۇرخانغا كەتكەن ئەمەسمىدى، تېخى كەلمىدىغۇ دەيمەن.

ــــ يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندۇ، ــــ دېدى ئارسىن ساماز-چىن مۇجىمەللا، ــــ ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىمىز يەتكۇدەك گەپلەشتۇققۇ دەيمەن، ئەمدى ئىش قىلىش كېرەك.

ــــ كېرەك، كېرەك، ئەلۋەتتە. بىراق ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىچىدىمۇ ئەڭ مۇھىمى بولىدۇ. سېنىڭدە ئازراقمۇ گۇمانلىنار-لىق ئىش قالماسلىقى ئۈچۈن ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ قوياي-كى، ئارسىن، ھەممىسى بىزنىڭ پىلانىمىز بويىچە بولۇشى كېرەك، باشقىچە بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىچىڭدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن، ئۇ دېگەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، لېكىن سەن مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلىشقا تەييار تۇرۇشقا مەجبۇرسەن ــــ بۇ دېگەن ھايات ـ ماماتلىق پەيت. مۇنداقلا دەۋاتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ قالما! ياكى مېنى ئالجىپ قاپتۇ دەپ قالما! مېنىڭ ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچكە تولۇپ تۇرۇپتىمەن. ئەمدى سەن بىز بىلەن باغلاندىڭ. مەن سېنى كەمسىتىۋاتقىنىم يوق، ئەكسىچە بىر ئادەم سۈپىتىدە، سەن مېنىڭدىن كۆپ ئۇلۇغ، كۆپ مۇھىم، لېكىن ۋەزىيەت مانا مۇشۇنداق، مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى ئىجرا قىلىشىڭ شەرت. قوشۇلمايمەن دېيىشكە كېچىكتىڭ. بىز بۇ يەرگە، ئايىلىغا سې-نى چاقىرىپ كەلمىدۇق، ئۆزۈڭ كەلدىڭ. يەنە شۇنىسى ئې-سىڭدە بولسۇنكى، بىز باندىت ئەمەس، گەرچە بارلىق ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەتە بىز باندىت ھېسابلانساقمۇ، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بىر ئۇلۇشىنىلا ئالماقچىمىز. باشقا يول يوق.

— بوپتۇ، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئارسىن سامانچىن،
— كۆردۈڭمۇ، گەپلىرىڭنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدىم. سەن مې-نى مەجبۇرلاۋاتىسەن، بۇنى ئۆزۈم ھەل قىلىشىم كېرەك.

— چۈشىنىمەن، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولساممۇ شۇنداق دەيتتىم. بىراق تەكرارلايمەنكى، بىز ھەرگىز ئارقىغا قايتمايـ-مىز. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ بىر ئۇلۇشىنىلا ئالىمىز، سەن-مۇ ئوخشاش، بىز كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن پامىر-نىڭ ئافغانىستان تەرىپىدە بولغاندا بىزمۇ، سەنمۇ ئۆز ئۇلۇ-شىمىزنى ئالىمىز. كارۋاننىڭ تاغدىن ئۆتۈش يولىغا مەن مەس-ئۇل، بۇ يەرلەرنى مەن پىششىق بىلىمەن. ھازىر ياز ۋاقتى، ئۆ-تۈپ كېتەلەيمىز، بۇنىڭغا كۆزۈم يېتىدۇ. شۇڭا، پۇتۇن ئائىلە-مىزنى ئېلىپ ماڭىمىز. ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار بىز ئۈچۈن جازالىنىپ كېتىدۇ. ساڭا ئوڭاي، چۈنكى سەن بويتاق، بىراق سېنىڭ ھەممە نەرسەڭ تې-خى ئالدىڭدا. بارىمتاغا ئالىدىغان كۈنى مەن ئېيتقاندەك، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزدا كۈتۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىز ئۆتىدىغان ئۇزەڭگىلەش بىلىگە كېلىدۇ. بىراق، كولومتو جىل-غىسىدا بولىدىغان ئىشلاردىن بەشىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر-دىن بىرەرىنىڭمۇ خەۋىرى يوق. بۇ ئىش ئۇلار بىلەن مۇناسى-ۋەتسىز. بىز دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتۈپ، ئافغانىستاندىكى قو-تاز باقىدىغان قىرغىزلار ئىچىدىن ئۆزىمىزگە يېڭى ماكان تا-پىمىز. كېيىنكى ۋاقىتلاردا باللار جۇڭگو، ھىندىستان ياكى پاكىستاندا ئالىي مەلۇمات ئالىدۇ — پۇل ئەمدى ئەسقاتىدۇ.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. بۇ دورەم تېلېفون بەرگىنى باشلىق بەكتۇر ئىدى.

— سەن نەدىسەن؟ قانداق يېڭىلىقلار بار؟

— مەن ھازىر مەكتەپتە. بۇياققا تاشتانئافغان ئىككىمىز كىرىپ ئۆتەيلى دەپ كەلگەن. ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمىزنى ئەس-

لەپ. ئاتنىمۇ يېتىلەپ كەپتۇ ماڭا. ياخشى ئات ئىكەن، رازىمەن
باي ئاكا. يىغىلىق دېسەم — ئاخباراتچى كاتىپ روبېرت لوكاس
تېلېفون بېرىپتۇ. ئۆگۈنلۈككە تەييارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەر
يېتىپ كېلىدىكەن، ئۈچ ئادەم، يەنە ئىككى نەپەر كىنو ئوپېرا-
تورىمۇ بار. مېھمانلار بىر سوتكىدىن كېيىن يېتىپ كېلىدى-
كەن. خوپ، مەن بىرئازدىن كېيىن ئىشخانىغا بارىمەن، ئاندىن
كېيىن ھەممىنى ھەل قىلىمىز. ئەنسىرىمەڭ، ھەممە ئىش ئو-
ڭۇشلۇق بولىدۇ. ھەممە ئىش خىزمەت پىلانى بويىچە كې-
تىۋاتىدۇ.

باشلىق بىلەن — ئۆزىنىڭ تاغىسى بەكتۇر بىلەن تېلې-
فوندا قىلىشقان گەپلەر ئىچىدە ئۇ باياتىن يۈز بەرگەن ئىشلار-
نى تىلغا ئالمىۋىدى، تاشئافغان خاتىرجەم بولغاندەك بولدى.
ئارسىن سامانچىن سىر بەرمەي مۇنداق دېدى:

— مانا، باشلىق كەل دەۋاتىدۇ، ئىش كۆپ، ئۆزۈڭ بىلى-
سەن، كەل، تاشتان، يىغىشتۇرايلى. مەن باراي.

— ماقۇل. دېمەك، ئېسىڭدە بولسۇن: بىر بەلگە بېرىلىدۇ —
ئاشۇ كۈنى مەن ئۆزۈمنىڭ سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ قىزىل
قىرلىق، سېرژانتلىق شەپكەمنى كىيىمەن. ئەگەر مەن شەپكى-
لىك بولسام، دېمەك ھەممە نەرسىدە مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە
ئىشلەش كېرەك. چۈشىنىشلىكمۇ؟ يەنە بىر نەرسە، كۆڭۈل قو-
يۇپ ئاڭلا! بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى بۇزىمەن دەپ خام خىيال
قىلما. بولمىسا، ئاقىۋەت ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدۇ. بىز-
نىڭ قولىمىزدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ. يا بىز پۇلىمىزنى
ئالىمىز، يا مېھمانلار ئوۋ ـ شىكاردا ۋە ئۆڭكۈردە ئۆلتۈرۈلى-
دۇ. بۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىۋال. ئەگەر سەن تاغاڭغا بۇ توغ-
رۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدىغان بولساڭ، تېخىمۇ
بەتتەر بولىدۇ — ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرمايمىز. ئەگەر سەن
قېچىپ كەتمەكچى بولساڭ ياكى بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭنى تارتماق-

چى بولساڭ، يېرىم يولدىلا يېتىشىۋالىمىز، يېتىشەلمىسەك، سېنى شەھەردىن تاپىمىز... ئۆتۈنۈپ قالاي، چۈشەنگىن، سېنى ياخشى ياشاش بىلەن قورقۇتۇۋاتقىنىم يوق ـــ باشقا چىقىش يولى قالمىدى. پۈتتى! باشقا سۆز يوق! ھازىر سەل توختاپ تۇر، شېرىكلىرىم كىرسۇن، ـــ ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ توۋلىدى، ـــ ھەي، قۇلتاي، ھەممىنى چاقىر. بۇياققا كىرسۇن.

ـــ نېمىگە؟ ـــ دەپ تېڭىرقاپ قالدى ئارسىن.

ـــ ھازىر كۆرىسەن.

بۇ ئارىلىقتا مەكتەپنى ۋە قۇرۇق ھويلىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان تۆت يىگىت دەرھال كەلدى. ئۇلار سىنىپقا كىرىپ قاتار تىزىلىپ تۇرۇۋىدى، تاشئافغان ئارسىننى سامانچىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كوماندىرنىڭ تەلەپپۇزىدا:

ـــ مەلۇم قىلاي: بىز ھەممىنى مۇزاكىرە قىلدۇق، ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلدۇق. ئەمدى ھەربىرىڭلار ئالدىغا كېلىپ، قىلىڭلار دېيىشكەن گەپنى قىلىڭلار.

قامغاقباش سەكسەن بىرىنچى بولۇپ ئارسىننىڭ ئالدىغا بىر چامدام ماڭدى:



ـــ مۇشۇنداقلا بولىدۇ، ھەرگىز لەۋزىمدىن قايتمايمەن! ـــ دېدى ۋە يانغا ئۆتۈپ تۇردى. باشقىلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ چىقتى:

ـــ مۇشۇنداقلا بولىدۇ، ھەرگىز لەۋزىمدىن قايتمايمەن!

ـــ مۇشۇنداقلا بولىدۇ، ھەرگىز لەۋزىمدىن قايتمايمەن!

ـــ مۇشۇنداقلا بولىدۇ، ھەرگىز لەۋزىمدىن قايتمايمەن!

ئاخىرىدا تاشئافغان سورىدى:

ـــ قېنى ئارسىن؟ ھەممىسى چۈشىنىشلىكمۇ؟

ـــ شۇنداق! ھەربىي سەپتىكىدەك: بۇيرۇق خۇدادىنمۇ ئۇلۇغ...

ـــ بىز ئافغانىستاندا: بۇيرۇقسىز ياشىما، نازىنىنىنىڭ

يېنىغمۇ بارما، دېيىشەتتۇق. ھازىر بىز ئالتە كىشى بولدۇق.
ئىشقا كىرىشەيلى! ئارسىننىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى بار. سەكسەن
مىڭنىڭ بىلەن ئالاقىلاشسۇن. سىلەر ئۇچۇڭلار — قۇلتاي،
جىلقىش، جاندوس — كېچىلەپ رازۋېدتا بولۇپ ئەتە چۈشلەردە
قايتىپ كېلىڭلار. قانداق يەرلەردە ئاق يىلپىزنى تېپىش ئوڭاي
بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىڭلار. ئەگەر ھېلىقى يوغان باش، ئۇزۇن
قۇيرۇقلۇق مەخلۇقنى يەنى بەلگە يېقىن يەردە قاڭقىرىپ يۈر-
گەن ئاق يىلپىزنى بايقىساڭلار، ھازىرچە ئارامىنى بۇزماي
تىنچ قويۇڭلار. بىراق قانداق قىلىپ، قايسى چىغىر يوللار بى-
لەن ئۇنى كولومتو جىلغىسىغا يېقىنراق ھەيدەپ كېلىش
قولايلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويۇڭلار. پۈتۈن قورال-
ياراغنى ئېلىۋېلىڭلار، ئاتلارنى ياخشى ئاسراڭلار. ئاساسلىقى
ئوۋ - شىكار باشلانغان چاغدا بىز دۈربۈننى ئېلىپ قەيەرلەردە
تۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئويلاڭلار. ئەمدى ئاتلىنىڭلار.
توغرا، ئاچقۇچنى مەكتەپ كۆزەتچىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى
ئۇنتۇماڭلار. قاراپ بېقىڭلار، ئۇ قەيەرلەردە ئىچىپ مەست بو-
لۇپ ياتىدىكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەكتەپنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ
ھەرقايسى تەرەپكە كېتىشتى. ئارسىننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ
كېتىشتى، ئارسىننىڭ ئۆزى كوچا بىلەن ھازىر «مەرگەن»
شىركىتىنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان ۋە ئۇنى باشلىق بەكتۇر
ئاغا كۈتۈپ تۇرغان بۇرۇنقى كولخوز باشقارمىسىغا قاراپ ماڭ-
دى. ئارسىن سامانچىن بىرەر يۈز قەدەممۇ ماڭماستىن تاشتاز-
ئافغان ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشتى - دە، ئېتىنى
يېتىلەپ قاتارلىشىپ ماڭدى ۋە بايىقى گېپىنى داۋاملاشتۇردى.
ئۇ قايتا - قايتا ئەسكەرتتى:

— ئەگەر بىرەر چاتاق چىقسا، ھەممەيلەن تۈگىشىدۇ، ئاپ-
تومات بىلەن ماڭلايغا قاراپ ئاتىمىز. ئەگەر پۇل قولغا تەگسە،

ھېچكىمنىڭ بىرتال مويىغىمۇ زىيان يەتمەيدۇ.

## 8

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇلار ئەنە شۇ تەرزدە تاغ ئالدىغا جايلاشقان تۇيۇقجار ئايىلىنىڭ ئاساسلىق كوچىسىدا، سابىق كولخوز باشقارمىسىغا بارىدىغان يولدا ماڭماقتا، بۇ يول تۆۋەنگە سىيرىلەتتى. بىر سىنىپتا ئوقۇغان بۇ ئىككى ساۋاقداشنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ، غولىنىڭ كەڭلىكىمۇ ئوپمۇئوخشاش ئىدى، لېكىن ئۇلار شۇنداق ئېغىر سۆھبەتتىن كېيىنمۇ پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ پىلانلانغان ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ھۆكۈمى بار ئىدى، ئارسىن سامانچىن تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى، تاشتانئافغان بولسا ئارسىننى ئۆزلىرىنىڭ گۇرۇھىغا قوشۇۋېلىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك مەجبۇر قىلدىم دەپ قارايتتى.

ئەگەر ئالدىدىن بىر ئادەم ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلمىگەن بولسا، ئۇلار ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ پارىڭنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن بولاتتى. بايا بەكتۇر ئاغا تاشتانئافغاننى ئىشخانىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرىپ كەل دەپ ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئورازقۇل ئىدى، ئۇ ئېتىدىن چۈشتى، بەكتۇر سامانچىننىڭ ئۆز جىيەنى بولغان ئارسىن سامانچىندەك بىر ئادەم كوچىدا پىيادە كېتىۋاتقاندا ئاتتىن چۈشمىسە سەت بولىدۇ ــ دە. ئۇلار ئەمدى ئۈچ بولدى، ئارسىن ئات يېتىلەپ ماڭغان ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا. بۇ كېيىن ئۆزى ئىشەنگەندەك ــــ دەل مۇشۇ مەزگىلدە تۇيۇقجار ئايىلىنىڭ كوچىسىدا ماڭغانلىقى ــــ تەقدىرنىڭ پېشانىسىگە پۈتكىنى ئىدى.

ئۇلار پىيادە ياكى ئىشەكلىك ئۆتۈشۈپ تۇرغان يۇرتداش-لىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سالام - سەھەت قىلىشقاچ، ئۇياق - بۇياقتىن چىرايلىقچە پاراڭلىشىپ مېڭىشتى. ئايىلدىكى نۇر-غۇن ئاھالە دېرىزىلىرىدىن ئۇلارغا قاراشتى، سالام بېرىشتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئارسىن سامانچىن داڭلىق شەخس ئىدى، نۇرغۇن كىشى ئارسىننىڭ تۇيۇقجارلىق بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا ئولتۇرغان بىر موماي ئۇلارغا سالام قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، ئۇلارمۇ توختىدى. شۇ چاغدا ئەتەي تەكلىپ قىلىن-غانـدەك، قەيەردىندۇر قولىغا فوتو ئاپپارات ئالغان ئاجايىپ چىرايلىق، زىلۋا، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قارىمۇتۇق بىر قىز كۆلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. چاچ پاسونىدىن، كى-يىۋالغان قىيپاچ يوللۇق پادىچىلار شىمى ۋە ئالدى تۆۋەنرەك ئوچۇق سپورتچىلار كۆڭلىكىدىن قارىغاندا باشقا ياقتىن كەل-گەندەك قىلاتتى.

— سالامەتمۇسىلەر، ئوھو، قانداق ياخشى، ئۇچۇڭلار شۇنداق يارىشىملىق قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپسىلەر! ئارسىن ئاغا ئوتتۇرىدا، سىلەر ئات يېتىلەپ ئىككى ياقتا! ئاجايىپ ئۇچ كىشىلىك سەپەر! رۇخسەت قىلساڭلار سىلەرنى بىر سۈرەتكە تارتىپ قويااي، شۇنداق سۈرەت چىقىدۇكى، ھاي - ھاي! ۋەدە بېرىمەن! ياق توختىماي مېڭىۋېرىڭلار، مەن ئۇلگۇرىمەن، ئال-دىغا ئۆتىمەن! بىلەمسىلەر، مېنىڭ ئاپپاراتىم رەقەملىك ئاپ-پارات!

— رەقەملىك؟ — ئارسىن سامانچىن بىرئاز ھەيران بول-دى، — قالتىس!

— مەن سودىگەرمەن - دە، ئىسمىم ئەلىس. قوشنا تۇمەن ئايىلىدىنمەن، ھە، بۇ يەردە ھەدەم بار، ئاغرىپ قاپتۇ. ھە، شۇنداق، شۇنداق! يېقىنراق مېڭىڭلار، تىزگىننى قىسقىراق

تۇتۇڭلار. ھە شۇنداق، بەك ياخشى! مەنمۇ «مەرگەن» گە كېتىۋا-
تاتتىم.

ئۇ ئەنە شۇ تەرزدە يېنىك قەدەم تاشلاپ يۈتكىلىپ، قول ئىشارىتى قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى ئاپپاراتقا چۈشۈ-رۈۋاتقان چاغدا، ئارسىن سامانچىن كۈتمىگەن يەردىن ئۇ قىز يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپ قولى بىلەن بىر نوقۇپ قويۇش بىلەنلا قەلبىدىكى جاراھەتنى ساقايتىپ، يۈرىكىنى ئاجراپ چىقال-مايۋاتقان ئېغىر بېسىم ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلدى. تاشتانئافغان بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇنى ئاشۇنداق بىر ھېسسىيات قىيناپ كېلىۋاتاتتى. شۇ دەقىـ-قىدە ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنگەن ئېزگۇ ھېسسىيات ئۈچۈن ئېيتقاندا «دۇنيانىڭ تېخى ئورنىدا» ئىكەنلىكىنىڭ ئاجايىپ مۇھىملىقىنى بىردىنلا چۈشەنگەندەك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىزنىڭ توختىماي سۈرەتكە تارتىۋېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەلىس — ئەسلەش ۋە تەسىرلىنىش چۈ-شەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇپ قالدى. بۇ ئىسىم ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە ئىخچاملىقى بىلەن ئۇنىڭغا يېنىك كەيپىيات ئېلىپ كەلدى.

ئەلىس بۇ چاغدا ئۇلارنى توختىتىپ، ئاپپاراتنىڭ ئېكرا-نىدا كۆرۈنگەن سۈرەتلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، — قاراڭلار، قاملاشقان ئۈچ يىگىت! — ھەممەيلەن رازى بولۇش-تى.

— مانا بۇ زامانىۋى تېخنىكا! — دېدى تاشتانئافغان.

— رەھمەت، ئەلىس! — دېدى ئارسىن سامانچىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، — تۆتىمىز بىللە بىر چۈشسەك بولاتتى، بىراق بىزنى كىم تارتىپ قويىدۇ؟

— ھە، ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى! مېنىڭ سىز بىلەن بىر سۈرەتكە چۈشكۈم بار ئىدى، — دەپ تىۋۋلىۋەتتى

ئەلپس ۋە دەل شۇ چاغدا يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى:

— بالىچاق، كەلگىنە، بىزنى سۈرەتكە تارتىپ قويغىنا. مانا مەيەرنى باسسەن.

ئۇ بالا خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قاتار تىزىلىپ تۇرۇشتى — ئارسىن بىلەن ئەلپس ئوتتۇردا، ئاۋۇ ئىككىسى ئاتلىرىنى تۇتۇپ ئىككى ياندا تۇرۇشتى. مورىنى مورىگە تىرەپ تۇرغاندا ئارسىن شۇ ھامان ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئەۋرىشىم، يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. ئۇمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭغا يۆلىنىپمۇ قويدى، بالىچاق ئاپپاراتنىڭ كۇنۇپكىسىنى باسقاندىن كېيىن ئارسىن:

— رەھمەت، بالىچاق، يەنە بىر قېتىم، يەنە بىر پارچە تارتىپ قويغىنا، — دېدى ئىتتىكلا. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىر دەقىقە بىر - بىرىگە ماگنىتسىمان چاپلىشىپ تۇردى...

ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنۇمىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشتى. ئەلپس خېلى رازى بولۇپ:

— ئوھۇي، بەلەن تارتىلىپتۇ، ئارسىن ئاغا. مەخسۇس لايىھەلەنگەندەك، مۇنچىلىك ياخشى بولۇشنى ھېچقاچان ئويلىمىغانتىم!

ئېكرانغا چىقىرىلغان سۈرەتلەرگە قاراپ ئارسىن سوردى:

— سۈرەتلەرنى قانداق قىلىمىز، ئەلپس، مەن ئالالارمەنمۇ؟ قەيەردىن ئالارمەن؟

— ئەلۋەتتە، ئارسىن ئاغا، ئەتە - ئۆگۈن چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىمەن. ھازىرچە كەتمەيدىغانسىز؟

— ھازىرچە كەتمەيمەن، بىز «مەرگەن» شىركىتى بىلەن

بىر پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى.

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈنگىچە مەنمۇ مەشەدە بولىمەن. «مەرگەن» شىركىتى مېنى شىركەتنى ۋە مېھمانلارنى سۈرەتكە تارتىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. باشلىق يەنە ماڭا مېھ-مانلار ئوۋ ـ شىكار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ تاغدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېھمانلارغا ئاتاپ بىر مەيدان ئايىل ئېيتىـ-شىشى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. قىزلار ناخشا ـ جىر ئېيتىشىدۇ. تۆمەن ئايىلدىن بايالى دېگەن ئاقىن كېلىدۇ. مەنمۇ قومۇزنىڭ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن بىر ناخشا ئېيتماقچىمەن.

— مۇنداق دەڭ؟ دېمەك، كونسېرت بولىدۇ دەڭە؟ بولسا بىزمۇ ئاڭلايمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىللە مېڭىشتى. ئارسىن سۆز ئارىسىدا سورىدى:

— ئەلىس، سىز كەسپىي سۈرەتچىمۇ؟

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس. مەن ئەسلىدە كۈتۈپخانا خادىمى ئىدىم. بىر ۋاقىتلاردا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، كۈتۈپخانىمىزنىڭ بىر ئاپتوبۇسى بولىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئايماقلارغا كېرەكلىك كىتابلارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتۇق، ئاپتو-بۇسنى شۇ سەۋەبتىن «كىتاب يەتكۈزۈش ئاپتوبۇسى» دەپ ئا-تايدىغان. كېيىن بېرىپ ھەممىسى تۈگەشتى. كىتاب يەتكۈزۈش ئاپتوبۇسى خۇسۇسىيلارنىڭ بولۇپ كەتتى. مائاشقا كەلسەك، ئۆزىڭىز چۈشىنىسىز. ئېيىغا ئون بەش ئامېرىكا دوللىرى بى-لەن تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، باشقا ئىشلار بى-لەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كەلدى.

— چۈشىنىشلىك، — دەپ غۇدۇڭشىدى ئارسىن. تاشئاڧ-غان: كۆردۈڭمۇ، ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، كىشىلەر پەقەت ئون بەش ئامېرىكا دوللىرى ئېلىشىدۇ، بۇياقتا يىگىرمە مىليون

قولغا كەلگىلى تۇرسا، سەن بويۇن تولغايسەن! دەپ ئېيتىۋەت-كۈسى كەلگەندەك سىرلىق بىر قاراپ قويدى.

ئورۇزقۇل كېتىپ قالدى. تاشئىافغانىنىڭ باشلىق بەكتۇر-نىڭ يېنىغا تېزرەك بېرىش ئۈچۈن ماڭمىغانلىقىغا ئارسىن سامانچىن ھەيران بولدى، بىراق كارىمۇ بولمىدى. مەيلى، دەپ ئويلىدى ئارسىن. ئۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باياتىن بولۇپ ئۆتكەن پاراڭنى ئەسلەشنى قەتئىي خالىمىغاچقا، بۇ ھەقتىكى ھېسسى-ياتنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق سۆز تاپالماي قالدى. ئەگەر ئىك-كىسى قۇدۇقتا چۈشۈپ كەتكەن بولسا چىقىش ئۈچۈن قانداق قىلىشاتتىكىن، بىرى تۆۋەنگە تارتىپ، بىرى يۇقىرىغا يامى-شىپ؟

ئەلىس ئىچكى سېزىمى بىلەن بىر نەرسىنى سېزىپ ئۆ-زىمۇ بايقىماستىن يالغۇز قالغان، چەتكە قېقىلغان ۋە ئۈمىد-سىزلىككە چۈشۈپ قالغان بىر گۇناھسىزنىڭ ئازابىنى يەڭ-گىللىتىش ئۈچۈن بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالدىمىكىنە؟ ئۇ تەق-دىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ توختىماي قىلىۋاتقان زى-يانكەشلىكىدىن قانداق قىلسا قۇتۇلالايدۇ؟ «بولدى، بۇ يەردىن يىراق بولاي ۋە ئويلىمايلا قوياي» دەپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىگە تەسەللى بەردى ئۇ، يۈرىكىنى ئېزىۋاتقان ھېسسىياتتىن قۇتۇلماق بولۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالغان، ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان ئەلىسنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلگەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەنگەندەك بولدى...

يولدا كېتىۋېتىپ ئەلىس ئۆزىنىڭ ھازىر توپ تارقىتىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. دائىم پويىز بىلەن ئەۋلىيائاتىدىن ساراتوفقا بارىدىكەن، ئۇ يەردىن ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا بارىدىكەن، ئۇ تەرەپلەردىن ھەر-قانداق بازىرى ئىتتىك ماللارنى بىر باھادا ئالىدىكەن ــ دە، ئېلىپ كېلىپ سودىگەرلەرگە باشقا توپ باھادا ساتىدىكەن، ئون

- ئون بەش پىرسەنت پايدا ئالىدىكەن، مۇشۇنداق قىلىپ تىد-
رىكچىلىك قىلىدىكەن. ھازىرچە سالامەتلىكى ياخشىكەن. ئۇ-
نىڭ ئىپتقانلىرىنىڭ ھەممىسى نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى
ياساپ قويدى. ئارسىن بىردىنلا نىمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەت-
كەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن ھەم قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئۆزىگە
چۈشەندۇرۇپ بېرىشكە ئاجىز ئىدى. باياتىن ئۇشتۇمتۇت ئۈچ-
رىشىپ قالغان بۇ جەلپكار ئايال نىمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇنچە-
لىك ئۆزىگە تارتىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئارسىن ئۇنى ئانچە چۈشەن-
مەيتتى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇھەببەتنىڭ ۋەدىسى
ۋە ھىماتىنى — ئۇ ئىنتايىن زور سالماق، سوغۇققان بولۇشقا،
قورقۇش ۋە ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك-
كە موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا ئاتا قىلغان ھىماتىنى كۆر-
دى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ «نىۋا»سىغا
ئولتۇرۇپ دەل تۇن نىسپىدىن ئاۋۋال يېتىپ بارالايدىغان شە-
ھەرگە يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇياقتا ۋالىلداپ تۇرغان
تۇمەنمىڭ چىراغ، ياڭراپ تۇرغان مۇزىكا...

لېكىن، ۋاقىتنچە ئۇلار ئايىل كوچىسىدا كېتىپ باراتتى،
223
ھەممە نەرسە ئۇلارنى دوستانە قارشى ئالماقتا — ئىتلار دەرۋا-
زىلاردىن چېپىپ چىقىشتى، ئىس - تۇتەكلەر موريلاردىن كۆ-
تۈرۈلۈپ يېيىلدى، خەقلەر ھويلىلىرىدىن سىرتقا قاراشتى،
خۇشخۇي سالام قىلىشتى... ئۇلار سابىق كولخوز باشقارمىسىغا
كېتىۋاتقان ۋاقتىدا ئارسىننىڭ بىردىنبىر ئېيتىشقا ئۇلگۇر-
گىنى ئەلېسقا «سەن»لىشىپ سۆزلىشەيلى دېگىنى بولدى: ياش
جەھەتتىن بەكمۇ پەرقلىنىپ كەتمىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ
«سەن»لىشىپ سۆزلەشكىنى ئەپلىكرەك ئىدى. ئىشخانىغا كى-
رىشتىن ئىلگىرى يەنە سورىۋېلىشقا ئۇلگۇرگىنى، — بۇ يەردە
قانچىلىك تۇرىسەن، — دېگىنى بولدى. ئەلېس ئۇنىڭغا:
— كۈتىمەن، ئارسىن، قانچە ۋاقىت كۈتۈش زۆرۈر بولسا

شۇنچە ۋاقىت كۈتمەن، ــ دېدى، ئۇ بولسا:
ــ سېنىڭ بۇ يەردىلىكىڭ قانداق ياخشى... ــ دېدى.
ئىشخانىغا، ھويلىغا، كوچىغا ئادەم تولغان. پۈتۈن كەنت چەت ئەللىك ئۇۋ ـ شىكارچىلارنى كۈتۈش ئىچىدە ياشىماقتا. ھەممە يەرنى ئازدىن ـ ئاز كۆرۈلىدىغان خۇشاللىق قاپلىغان. باللار باشقارمىنىڭ سىرتىدا چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرىدۇ. تەڭرى مەزھىپىدىكى بىرەيلەن تېخى ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە ئۆزەڭگىلەش تېغىدىن شامالنى ئۇۋ ـ شىكارغا ماسلاشتۇرۇپ بېرىشنى، ئاق يىلپىزلارنى ئۇۋلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتىمىش. كەنتتىكى موللا تەڭرىچىنى شامالاردىن ئەمەس، بەلكى قۇدرەت ئىگىسى بولغان خۇدادىن، ئاللاھدىن تىلىگۈلۈك دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇمىش. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى كونىلار ئېيتقاندەك بىر قىزىقچىلىقتۇ. بەكتۇر باشقۇرۇۋاتقان «مەرگەن» شىركىتىدە ئۇۋ ـ شىكار تەييارلىقلىرى ئۇستىدىلا ئەمەس، يەنە ئەزىز مېھمانلارنىڭ ھەمراھلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەسىلىلىرىمۇ مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. ياشانغانلار رازىمەنلىك بىلەن: كولخوز تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن كەنتىمىزدە تۇنجى قېتىم مۇنداق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئۇ كەملەردە ئەر ـ ئايال كولخوز ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى كولخوز يىغىنىغا قاتنىشاتتى، ئەپسۇسكى بۇنداق يىغىنلار ئەسلەپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان سوتسىيالىزمغا ئەگىشىپ تارىختىكى ئىش بولۇپ قالدى، دېيىشەتتى. كىشىلەر چاقچاق قىلىپ: بۇ قېتىمقى يىغىلىش ئۇلۇغ ئاق يىلپىزلارنىڭ «كۆرسەتمىسى» بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلدى، دېيىشتى.
بەزىلەر ئىش بىلەن ھەلەك، بەزىلەر بولسا ماڭىمۇ بىر دىنلا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس... دەپ قىزىقىپ ئەتراپتا يۈرۈشەتتى. ئارسىن سامانچىنىغا بۇنداق كەيپىيات ياراپ

قالدى. ئۆزاقتىن بۇيان كۆرۈشەلمەي كەلگەن يۇرتداشلىرى بىلەن مانا ئەمدى كۆرۈشتى. پەقەت ئىچىدىن خىجالەت قىلغان ۋە قىينىغان بىر ئەھۋال ــ يۇرتداشلارنىڭ تاشئافغانغا نىسبەتەن تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلىسى بولدى، ئۇنىڭ ئۇلار ئارىسىدا داڭقى ۋە ئابرۇيى بار ئىكەن. گەرچە ئۇ ناھايىتى تېز ئارىدا بۇ يەردىكىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان ۋە ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى دەقىقىدە ئۇ ھېچقانداق ئىش يوقتەك ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن يۈرەتتى. كىشىلەر ئارسىنغا ئايلىدىكى ئاياللارنىڭ تاشئافغان توغرۇلۇق توقۇغان ئېر[1]لىرىنى ئېيتىپ بەرگەندە ئارسىننىڭ كۈلگىسىمۇ كەلمىدى:

ھەي ئافغان، ھەي ئافغان،
يەتكۈزگىن ماڭا كارۋان.
كارۋان بىلەن مەن كېتەي،
كۆپ بالا تۇغۇپ بېرەي.
باقساڭ مېنى بولغىنى،
بىر تىيىنمۇ ئالمايمەن.
ئېھ كارۋان، ئېھ كارۋان،
ھەي ئافغان، ھەي ئافغان...

«پاھ» دەپ ئويلىدى ئارسىن سامانچىن، ــ بۇ ئايلىنىڭ چىشىنى ئۇپراتمايدىغان بۇ چاقچاقلىرى سىلەر ئۇچۇن ئىككىنچى بىر خىل ژانىردىكى قايغۇلۇق قوشاققا ئايلىنىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ...

ھازىرچە كەيپىيات تىنچ، لېكىن بۇ ھال بۇ يەردىكىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا مەلۇم ۋەھىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق ــ ئۆزاقتا سوزۇلغان تەنھالىق يۇرىكىنى كۆيدۈرۈپ

ئۇنى قاغجىرىغان بىر چۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بىر ئەھۋالدا ئەلىپسىنىڭ «چىرايلىقلىقىنى» (ئارسىن سامانچىن كۆڭلىدە مۇ-شۇنداق ھېسابلىدى) پەيدا بولۇپ قېلىشىنى، ئاڭلىماققا ھەر-قانچە ھەيران قالغۇدەك بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بىر كۆ-رۇپلا ئاشىق بولۇپ قېلىشىنى تەقدىرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى دەپ ھېس قىلدى. ئۇ بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئەنە شۇنداق باھالىدى، شۇ كۈنىدىكى ۋەقەدە، بۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن نىجاتلىق ئاتا قىلغان ئۇچرىشىش ئىدى. ئەمما ئايلىدىكىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، كىچىككىنە بۇ ئىشتا دىققەتنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى، ئۇلار بۇنىڭغا زادىلا دىققەت قىلمىدى، ھېچقانداق ئەھمىيەت بەرمى-دى. ئەلىپس بۇ يەردىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىپ تۇراتتى، ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەلىپس ئۆز ئادىمى، قوشنا ئا-يىل — تۇمەن ئايلىدىن يەنى تۆۋەنكى ئايلىدىن كەلگەن ئادەم (سىبىرىيەدىكى تيۇمىن ئوبلاستىنىڭ نامى مۇشۇنىڭدىن كەل-گەنمىكىن، دەپ ئويلىدى ئارسىن).

تاغىسى — باشلىق بەكتۇر ئاقساقال بىلەن ئوۋ - شىكار ئىشى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ ئولتۇرغان چېغىدىمۇ ئارسىن ھازىرلا كوچىغا چىقىپ ئەلىپسنى چاقىرىپ، قولىدىن تۇتۇپ ھەدىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «نىۋا»غا ئولتۇرۇپ تاغ ۋە جىلغىلارنى ئارىلاپ شەھەرگە، ئۆزد-مىزنىڭ دۇنياسى، ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتىغا قايتايلىمىكىن، دەپ خىيال سۈرۈپ كەتتى. ھەر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەم-مىسى ئەلىپس ئۇچۇنمۇ يات ئەمەس. ئارسىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچ-قۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئايدا-نا بىلەن ئۇنىڭ ياۋۇز باشلىقى كۇرچالنى نېمە ئۇچۇندۇر ئەس-تىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى، ئېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى-

① ئىبر — قىرغىزچە «قوشاق» مەنىسىدە، — مۇھەررىردىن.

نى، هازىر ئۇلار توغرۇلۇق ئويلاشقىمۇ چولىسى تەگمەيدىغانلىد-
قىنى ھېس قىلدى... مەھبۇبى بىردىنلا كونىراپ كەتتىمىد-
كىن، رەقىبلىرىمۇ غايىب بولۇپ كېتىشتىمىكىن...
مۇبادا راستىلا ئەلىس ئىككىسى شەھەرگە كېتىپ قېلىش-
سا، ئوكياندىكى كىچىككىنە قېيىقتەك، مۇزىكا ۋە رەڭگارەڭ
چىراغ دولقۇنىدا ئۇزۇشسە قانداق بەختلىك بولاتتى - ھە!
توختا! ئۇنداقتا تاغنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىچۇ، بۇياققا ئاشۇ ئىش
ئۇچۇن كەلگەن ئەمەسمىدى، تۇغقانلىق مەجبۇرىيىتىنى قانداق
قىلىدۇ؟ ياق - ياق، ھېچ ياققا كېتىشكە بولمايدۇ، بىر قەدەم-
مۇ نېرىغا كېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى تاشتاد-
ئافغان ۋە ئۇ ئۆزگىچە سولاپ قويماقچى بولغان چەت ئەللىك
تۇتقۇنلار تۇرسا. ھازىرچە بۇ پەقەت تەھدىت، لېكىن ئۇنىڭ ئە-
تىكى تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟
ھېچكىمنىڭ كارى يوق... مۇبادا ئۇلار بىلسە...

* * *



شۇنداق بولسىمۇ، ھاياجان ئىچىدە ئەنسىرەپ ۋە قىينىد-
لىپ، ئۇزۇن - قىسقا نەپەس ئېلىپ، يالغۇزلۇقتا ۋە قورقۇنچ
ئىچىدە ئېزىلگەن بىر جان بار ئىدى. بۇ — ئۇزەڭگىلەش بې-
لىنىڭ ئالدىدىكى ئوقىلىپىز. يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان
بۇ يەردە قانداقتۇر كۆزلىرىگە تاقالغان بىرنېمىلەر بىلەن بىر
نەرسىلەرگە قاراپ ۋە سۇنايلىرى بىلەن ئەتراپتىكى تاغنى
تىترىتىپ توۋلاپ تۇرىدىغان ئاتلىق كىشىلەر پات - پات پەيدا
بولۇپ قېلىشقا باشلىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇچەيلەن ئات چاپتۇرۇپ
كېلىشتى. قەيەرگىدۇر بىر نەرسىگە كۆز سېلىپ چۇقان كۆ-
تۈرۈشۇۋاتىدۇ... ئوقىلىپىز قەيەرگىدۇ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋې-
لىشى كېرەك ئىدى، بىراق بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەي، يوغان

بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، قۇيرۇقىنى تىك كۆتۈرۈپ يايلىغا يەتكۈ-
دەك قىلىپ دۇمبىسىگە قويۇۋالغان... ئاتلىقلارنىڭ ئۇنى بايقاپ
قېلىشقانلىقىنى، بىر - بىرى بىلەن ئۆزىنى: «يوغان باش -
ئۇزۇن قۇيرۇق» دەپ ئاتاشقانلىقىنى ئوقىيلىپىز بىلىپ قالغان
بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، لېكىن ئۇ ئاۋۇالقى-
دەكلا شۇ يەرلەردە ئايلىنىپ، كەتمەي يۈرىدۇ...

ئاشۇ ھالدا، ئوقىيلىپىز بوغۇق ئاۋازدا خىرىلدىدى: «نې-
مىشقا، سىلەر نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟ بۇ يەردە سىلەرگە
نېمە كېرەك بولۇپ قالدى؟ ماڭا دەخلى قىلماڭلار، يېقىندا
تاغلار غۇلايدۇ، سىلەرنىمۇ نەس باسىدۇ...»

*       *       *

كەچقۇرۇن ئارسىن سامانچىن چىداپ ئولتۇرالماي قالدى،
ئەلېس بىلەن يىراقتا كەتكۈسى، ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزگۈسى
كەلدى. باشلىق بىلەن سۆزلەشكىنىدە، كەچتە بىكار ئىكەنلى-
كىنى، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئەتە باشلىنىدىغانلىقىنى، ئۇ
چاغدا نەق مەيداندا بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدى. ئۇلار ئەتە
ئەتىگەندىلا، ئەۋلىيائاتا ئايرودرومىغا بېرىپ، تەييارلىق كۆ-
رۈپىسىنى ۋە كىنو - فىلىم خىزمەتچىلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ.
يەنە بىر كۈن ئۆتكەندە ئوۋ - شىكارچىلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئار-
سىن بۇلار توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلىشىپ، قويۇن دەپتىرىگە
يېزىۋېلىپ ئەمدى چىقىشىغا تاشتانئافغان يېتىپ كەلدى:

— ئۇقۇپ قال ئارسىن، ئەگەر قايتىپ كېتىۋاتقان بول-
ساڭ، ئېسىڭدە بولسۇن — ئەتە ئېتىڭنى ئېلىپ كېلىشىدۇ،
ھەدەڭنىڭ قورۇسىدا تۇرسۇن. خالىغان چاغدا مىنىشكە...

— مەيلى، ئېلىپ كېلىشسۇن. مەن مىنىپ باققان.

— ساڭا قورال - ياراغنى قاچان ئەكېلىپ بېرەيلى؟ مىل-

تىقتا گەپ يوق، سەن تېخى تاپانچا ئىزدەپمۇ يۈرۈپتىكەنسەن، ئاپتوماتمۇ بېرىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز گېپىنى قىلىشقان ياڭراتقۇ، يەنى مېگافون...

— ئەڭ ياخشىسى بۈگۈن بولمىسۇن، ئەتە كېلىڭلار. كەچ كىرگەن چاغدا، سائەت ئالتىلەردە، ئۇ چاغدا باشلىق ئىككىمىز ئەۋلىيائاتىدىن قايتىپ كېلىشىمىز مۇمكىن. قورالنى ئۆز قولۇمغا تاپشۇرسۇن.

— ئەلۋەتتە، ئۆز قولۇڭغا. باشلىقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تىلخەت ئېلىپ. سەن قانداق ئويلىدىڭ؟ توغرا، ئارسىن، يەنە مۇھىم بىر ئىش بار. يۈرگىنە، چەتكىرەك چىقايلى.

ئۇلار بىر چەتكە كېلىشتى، ئاستاغىنا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— ئەمىسە، ئەڭ مۇھىمى، — دەپ گېپىنى باشلىدى تاشتانئافغان، — بىز مەشەدە ئايرىلىمىز، كېيىنكى قېتىم تاغدا ئۇچرىششىمىز مۇمكىن. مولوتاشتا. سەن ئۇياققا مېھمانلار بىلەن كېلىسەن، بىز ئۇ چاغدا شۇ يەردە بولغان بولىمىز. دۆڭلەردە بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە پىياق يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن مەن قىزىل گىرۋەكلىك شەپكىنى كىيىش بىلەنلا — مەن ئۇنى ئافغانىستاندىن كىيىپ كەلگەن، ئۇ توغرۇلۇق مەن ساڭا ئېيتقانىدىم — سەن بارلىق بۇيرۇقنى ئورۇنلايسەن. ئېسىڭدە بولسۇن، بېشىمدىكى ھەربىي شەپكە — بۇيرۇق.

ئارسىن سامانچىنىڭ قۇلىقى غوڭۇلدىغاندەك بولدى - دە، مېڭىسىگە قان قۇيۇلدى:

— ھەي، ئويلاپ كۆر، نېمە قىلغىلى تۇراتىسەن! قولۇڭنى تارت، ھازىرمۇ كېچىككەن بولمايسەن.

— نېمە دەۋاتىسەن! سەن تېخى مالچىلىرىمىزدىن بۇ دۆڭياۋى قان شورىغۇچلارنىڭ يىگىرمە مىليون پۇلىنى ئاياۋاتامسەن؟

— تەقسىمات دېگەن ئۇنداق بولمايدۇ.
— شۇنداقمۇ، ئىنقىلاب ئارقىلىق، ئىسلاھات ئارقىلىق — شۇنداق بولغاندىمۇ كىم قانچىلىك شىلىۋالسا شۇنچىلىك شىلىۋالىدىغۇ. كۇتۇپ ئولتۇرىدىكەنمىز - دە!
— لېكىن سېنىڭ ئۇيۇشتۇرۇۋاتقىنىڭ تېررورلۇق! بۇنى بىلەمسەن!
— شۇنداقمۇ بولسۇن! بىز ئۆز ئۇلۇشىمىزنى ئالىمىز.
— هازىر تالاش - تارتىش قىلىشمايلى. سېنىڭ پىلانلىدىغىنىڭ كۆپچىلىكىمىز ئۇچۇن غايەت زور بىر ئاپەت. ئۇلارنىڭ بىر مۇهاپىزەت ئەترىتى بار، قان تۆكۈلۈشى شۈبهىسىز.
— ئەنسىرىمە، هەرقانداق بىر ئەهۋالدا بىز ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمىز. سەن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئىنگلىزچىگە ئۆرۈپ بەرسەڭلا كۇپايە.
— مەن ئۆزۈمنى دەۋاتقىنىم يوق. ئېيتسام - ئېيتمىسام بەربىر. مەن هامان سېنى دۈئېلغا چاقىرمايمەن - دە.
— دۈئېل دېسەڭ دۈئېل! سەن بىزنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشتىكى ئاشۇ بىر ئۇلۇشىمىزدىن مەهرۇم قالدۇرماقچىكەنسەن - دە؟

230

— يەنە شۇ گەپ! يەنە دۇنياۋىلاشتۇرۇشتىن گەپ ئاچمىغىنا، مەيلى ئۆزۈڭچە توغرا بولسىمۇ.
— بولىدۇ، ئارسىن، ئۇنداق بولسا، سەن ئۆزۈڭنىڭكىنى ئويلا، مەن ئۆزۈمنىڭكىنى ئويلاي. تېخى ۋاقىت بار. يەنە تۇپتوغرا ئۈچ كۈن ۋاقىت بار. شەپكەم تەييار. كۆرۈشكىچە ئامان بول، — تاشتانئافغان مېڭىشقا تەمشىلىپ يەنە ئارقىغا بۇرۇلدى، ئۇ يەلكىسىنى تاتىلىغاچ قوشۇمچە قىلدى، — سەن ئۆزۈڭنى قانداق سېزىۋاتقانلىقىڭنى مەن بىلمەيمەن، مانا هازىر ئىككىمىز پۈتۈن ئايلىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ بىر - بىرىمىزنى تىللىشىۋالغان بولساق يېنىكلىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

دى. بىراق، مەن توغرۇلۇقمۇ ئويلاپ باققىن، نېمە بولۇپ كېـ-تىۋاتقان ھالىمنىمۇ ئويلاپ باققىن. دەرياغا سەكرەپ ئۆلۇۋال-غۇم بار، بىراق ياشىشىم كېرەك. ياشىغاندىن كېيىن نامراتـ-لىقتا ئەمەس. ئۆلگۈر، بۇ يالماۋۇزلارنىڭ بىزنى ئەزگىنى يېـ-تەر! باللىرىمىزدا مەكتەپكە كىيىپ بارغۇدەك كىيىم بولمىـ-سا، نامراتچىلىق، بىز مالچىلارمۇ شەھەرلەردىكى ماكانىمىزلار-غا ئوخشاش قاتراپ يۈرىمىز. ئەمدى ئۇ تىرىكتاپلار ـــ سىلەر گېزىتلەردە ئۇلارغا خۇشامەت قىلىسىلەرغۇ ـــ مەڭگۈ يۈرىكى-گە ئورناپ كەتسۇن: بىز ئەمدى بۇ بايلارنىڭ ھەلقۇمىدىن ئالد-مىز!

ـــ ئۆزۈڭچە شەپكە كىيسەملا پۈتىدۇ، ھەيدە، ھەممىنى قولغا چۈشۈرىمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ شۇنىڭدىن كېيىن مە-سىلە كۆپىيىدىكى... دۇنياغا توغرا بولمىغان كۆز بىلەن قاراۋاتىسەن.

ـــ مەيلى، خۇدا ئالسۇن كۆزىنى، مەسىلىلەرنى... خوش ئەمدى شەپكە بېشىمدا بولىدۇ!

ـــ شەپكە كىيىشتىن ئاۋۋال ئويلاپ كۆر.



ـــ سەن ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر. خوش.

ئۇلار بىر ـ بىرىنى چۈشىنەلمەي ۋە بىر پىكىرگە كېلەـ-شەلمەي ئاشۇنداق ئايرىلىشتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئەنـ-دىشىسى تېخىمۇ ئېشىپ، خاتىرجەمسىزلىككە چۆمدى. لېكىن ئۇلار بىۋاستە ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىـ-رىگە تايىنىدىغان كۆلپەتلىك تەقدىرىنى تۇيدى. تەڭرىتاغنىڭ قوينىدا يۈز بېرىدىغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئالدىن سېزىشتى، ئاق يىلپىزلار ئۇ يەردىكى جىلغىلاردا، دەريا ئېقىنلىرى ۋە ئويمانلىقلاردا جان بېقىپ يۈرىدۇ، ئۇلارمۇ ئاـ-مالسىز بۇ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە چېتىلىپ قالىدىغان بولدى. لېكىن، ئاق يىلپىزلارغا تەپەككۇر قىلىش ۋە ھۆكۈم

قىلىش قابىلىيىتى ئاتا قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئۇلار بۇ توغرۇ-
لۇق نەدىن بىلىشسۇن؟...
شۇنداق بولسىمۇ، ئارسىن سامانچىنىمۇ مۇشۇ تاپتا شۇ-
نىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھېچ نەرسە توغرىسىدا ئويلانمى-
دى. ئېھتىمال، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ
ئۆتىدىغان تاتلىق خىيالغا بېرىلدىمۇ، ئۆزىلا قالغاندىن كېيىن
يەڭگىلللىشىپ قالدى ۋە ئەركىن نەپەس ئالدى، گويا كۆزنى يۇ-
مۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا خەتەرلىك چوڭقۇرلۇقتىن تى-
رىشىپ - تىرمىشىپ سۇغۇرۇلۇپ چىققاندەك ۋە يېڭى سېزىم-
لەرنىڭ تاتلىق تەمىنى سەزگەندەك بولدى. ئەجەبا، مۇھەببەت
مۇشۇنداق يەردىن تېشىپ چىققاندەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ
قالامدۇ؟ يا بۇ تەقدىرنىڭ ئۇنىڭ روھىنى جىددىي قۇتقازغىنى-
مۇ؟ تېررورلۇق ھەرىكەتكە ئارىلىشىپ قېلىشتەك قورقۇنچ-
لۇق ۋەھىمە ئۇنىڭ قەلبىنى ئورۇۋېلىپتۇ - دە.
ئەلىس گويا ئۇنىڭ قىسمىتىنى بىلىپ قالغاندەك ئۇنى
كۇتۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ دېرىزىدىن توۋلىدى:
— مەن بۇ يەردە، ئارسىن!
ئەسلىدە، ئۇنىڭغا كېرىكى دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇلار ئېغىز
ئېچىش بىلەنلا بىر - بىرىنى چۈشىنىشتى، شۇڭا ئەلىس ھە-
دەمىنىڭكىگە كىرىپ چىقاي دېۋىدى، ئارسىن «نىۋا» سىغا ئول-
تۇرۇپ ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىككىسى قەيەرگە بولسىمۇ
مەيلى، يىراق بىر يەرگە بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلەيلى دېگەن
قارارغا كەلگەندى. ھەممىدىن بەك ئادەمنى خۇشال قىلغىنى
ئەلىس ئارسىننىڭ كەيپىياتىنى چۈشەنگەندى، ئارسىن ماشى-
نىسىنى ھەيدەپ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئەلىس تەييارلىنىپ
بولغان. ئۇ كۇلۇمسىرىگەن پېتى ھويلىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇ
سەيياھلار سومكىسىنى ئېسىپ، قولىغا گىتار ئېلىپ، ئۆش-
نىسىگە يۇمشاق ئەديال سېلىۋالغانىدى.

ئۇلار يانمۇيان ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. بىر ـ بىرىگە قا ـ رىغانسېرى بەختكە چۆمۈپ كېتىۋاتاتتى. سادىق «نىۋا» بەختىـ يار چاقلىرى بىلەن ئېلىپ ماڭماقتا. پۈتكۈل دۇنيا ئاۋۋالقىـ دەكلا بولغىنى بىلەن باشقا بىر دۇنيا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا چۈ ـ شەنگىلى بولمايدىغان دۇنيا بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئىككىسى بولسا بۇ دۇنيادىن قانماي ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. باشقا تۇسكە كىرىپ قالغان بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە باشقا قىياپەتكە كىرىپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن بىر سۈرەتنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت بېشىغا قونغان بۇ بەختكە مەست بولۇپ، خۇشاللىقىدا ئۇيان ـ بۇيىنىغا قاراپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككىيلەن يېشىغا يەتكەنلەردەك ئەمەس — ئۇ يىگىرمە بەش ياشقا تولغان، ئۇمۇ ئوتتۇزدىن ئاشقان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، نىكاھ، جېدەل ـ ماجىرا ۋە نىكاھتىن ئاج ـ رىشىشنى باشتىن كەچۈرگەن، مانا ئەمدى ئۆتمۈشتىن ئايرى ـ لىپ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن گۆدەك بالىلاردەك، ئۆزلىرى ئې ـ رىشكەن بەختتىن باشقا ھېچنىمىنى بىلمەي خۇشال كېتىۋا ـ تاتتى. بۇ — خىيال ئەمەس، ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ئەمەس، بەل ـ كى تەقدىر بىرلا قېتىم بېرىدىغان قان بىلەن تەنىنىڭ تېگىگە يېتىش ئىدى. شۇڭا كۆرۈنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى — يېقىنىدى ـ كى بىلەن يىراقتىكى، تاغلار بىلەن داللار، قۇياش بىلەن دەريا ـ ئېقىنلار بەختلىك ھالدا ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىدىكى يولدا زاھىر بولماقتا ئىدى، مۇشۇ دەقىقىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن شۇنچە راھەت ئىدى. ھال ـ بۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئۇلارنىڭ بىرلىكتە ماشىنى ـ غا ئولتۇرۇپ ئوينىغىلى چىققانلىقىدىن ئىدى. ئەلېس يېنىدا نازاكەتلىك نۇرىنى چاچرىتىپ ئولتۇرغانلىقتىن ئارسىن سا ـ مانچىن ئەگەر مۇھەببەت ئىككىيلەنىنىڭ يۈرىكىدىن بىردەك ئورۇن ئالسا، ئۇ ھالدا، ھاياتلىقنىڭ ئالىي ئادالىتى شۇ يەردە

بولىدىكەن، ئۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە سەگەكلىك بىلەن دىق-قەت قىلىپ تۇرىدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى، بەزىلەر تىرا-گېدىيەسىز رومانتىزم گۈزەللىكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدامچىدۇر دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، رومانتىزمنى قوبۇل قىلىدىغىنى ئىككىنچى بىر خىل تىپ: ئىككىنچى بىر خىل قۇياش، ئىككىنچى بىر خىل ئاسمان. بىراق، شۇ باشقى-چە دۇنيانى پەقەت مۇھەببەت ئىقتىدارى ئىنئام قىلىپ بېرىل-گەن كىشىلەرلا كۆرۈپ چۈشىنەلەيدۇ. شۇڭا، مۇھەببەت دېگەن جاننىڭ تېگىگە يېتىشتۇر، دەپ بىكار ئېيتقان ئەمەس.

ئارسىننىڭ يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك بولدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىغىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ھەيران قالدى. ئايدانانىڭ سەۋەبىدىن ياۋۇز شەيتان ئەرتاش كۆرچالنى شۇنچىلىك يامان كۆرۈش، شۇنچىلىك ئازاب چې-كىش، ئۆزىنى قامچىلاش... تاشتانئافغاننىڭ تەلۋە ۋە ھارام سۆيىقەستىنىڭ بەختسىز تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ قېلىش... كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ ئاجرالماس بىر بۆ-لىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئەلىس بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگى-رىكى تۇرمۇشتىكى ھەممىنى بىردىنلا ئۇنتۇش. دېمەك، ئەلىس ئۇ ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۇۋى يوق ھاڭنىڭ لېۋىدىن ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئوخشاي-دۇ.

ئەلىسمۇ ئۇنىڭ شېئىرىي مەنىگە تولغان كەيپىياتىدىن كەم - كوتىسىز ھۇزۇرلىنىپ، بەخت ئىچىدە مەست بولۇپ كەتتى، يەنە كېلىپ قىلچە تارتىنىپ ئولتۇرمىدى:

— قارىغىنا، ئارسىن، بۇ تاغلار مېنىڭ مۇھەببىتىمنى كۈتۈپ تۇرۇشقان، شۇڭا مەن بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇراتتىم. بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمىسەممۇ لېكىن كۈتكەن... بىلمەن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئايلاردا قانداقتۇر غايىب بول-

غان كېلىن بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ دېگەن بىر رىۋايەت بار ئەمەسمۇ.

— ئېيتما، ئەلىس، بولمىسا يىغلىۋېتىمەن!

— هوي، رولىنى مەهكەم تۇت! — قاقاهلاپ كۈلۈۋەتتى ئۇ، — ماشىنىدا ئولتۇرۇپ هاۋالىنىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - هە!

ئەگەر سۆيۈشكەنلەر بەختلىك ئىكەنلىكلىرىنى هېس قىلالىشقان بولسا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا نېمىلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى مۇهىم بولمايدۇ. هەممىسى يوققا چىقىرىلىپ، يېپىق ئىشلار ئارخىپىغا كىرگۈزۈلىدۇ، چۈنكى تۇرمۇش يېڭىدىن، يېڭى چېكىتتىن باشلىنىدۇ، دەپ ئويلىدى ئارسىن. كۆز تەگمىسۇن!

بىراق، ئۇ گۈزەللەشتۈرۈلگەن رېئاللىقتا قانچىلىك مەست بولۇپ كەتمىسۇن، قاباهەتلىك سېزىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ - مۇجۇپ قويياتتى: پاجىئەلىك كۆز بەختكە چىڭ كۆز تىكىپ قويۇۋەتمەي تۇراتتى. يەنى غەم - غۇسسىسىز بەخت يوق ئىدى. دەل شۇ دەقىقىدە يەنە سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئەندىشە قايتا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى بىئارام قىلاتتى: ئەرەب مېهمانلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئەگەر تاشتانئافغان راست ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ بارىمتا قىلىۋالسا قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ئۇنىڭغا يەنە نەسىهەت قىلىپ كۆرەي، لېكىن ئۇ نەسىهەتكە كۆنمىسچۇ — قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاپتومات بىلەن قوغداش كېرەكمۇ (باشلىق بەكتۇر تۇنۇگۈن بىر ئاپتومات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان)؟ تۇتقۇن قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈرسەم، ئۆزۈممۇ ئۆلتۈرۈلىمەنغۇ، هەرقانداق ۋاقىتتا نامراتلار بايلاردىن نەچچە مىليون هەسسە كۆپ بولىدۇ، ئۇلار بايلارنى ياقتۇرمايدۇ، بايلارغا ئۆچ. بۇ بىر ئالجىش — نامراتلارنىڭ ئۆزدىمۇ مىليونېر بولۇشنى ئويلايدىغۇ. بىراق، قانداق ئويلىساڭ

ئويلاۋەرگىن، زادى نېمە قىلىش كېرەك، قانداق قىلىش كې-رەك؟ ھەممىمىز بىر ئارغامچا بىلەن باغلىنىپ كەتتۇق. تاش-تانئافغاننىڭ ئادەملىرىدىن چىقىم بولىدىغان ھېچنېمە يوق، ئۇلار قاراقچىدەكلا، بىمەنە پۇلنى دەپ ھەممىنى قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. يىرتقۇچلىشىپ كەتكەن، لېكىن يىرتقۇچلارنىڭ ئول-جىسى تەبىئەتتىن كېلىدۇ. ماۋۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئولجىسى بولسا جىنايەتتىن. تاشتانئافغان ئېيتقاندەك، كۇتۇپ تۇرما، پۇرسەت قولدىن كەتكۈچە يۇلۇپ ئال! ئېھ، قارغىش تەگكۈر سابىق ساۋاقدىشىم، دوستۇم ئافغانىستان سەۋەبلىك يىرتقۇچقا ئايلىنىپ كەتكەن، ئۇ ئەمدى دۇنياۋىلاشتۇرۇشقا ئۆچ بولۇپ كەتكەن، كىمنى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشكە تەييار. تۇفى! ئۇنۇت، ھەممىسىگە تۈكۈر!... يېڭى تۇرمۇش بىردىنلا چىراي ئاچتى، شۇ كۈن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، يېڭى رېئاللىق بولۇپ قالدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن ئايلىنىڭ يېنىدىكى بىردىنبىر ماي پونكىتىغا كەلدى، ئەلېسنىڭ يەنە بىر ھەدىسى مۇشۇ ئايلىدا بولۇپ، ئۇ مال ساتقىلى كەلگەندە دائىم بۇ يەرگە ھەدىسىنى يوقلىغىلى كېلەتتى. ئۇلار «نىۋا»غا ماي تولدۇرۇۋېلىپ يولنى داۋام قىلدى. چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ئارسىن سامانچىن تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىدىغان تاشيولغا چىقماقچى بولغاندەك ماشىنىسىنى ئايلاندۇردى ۋە ئاستىلىتىپ بىردەم توختاپ جىمغىنا ئويلىنىپ قالدى.

— نېمە بولدى، ئارسىن؟ — دېدى ئەلېس قىزىقىپ، — قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟

ئۇ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ كۈ-لۈمسىرەپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ چاقچاق ئارىلاش دېدى:

— ئەگەر قارشى بولمىساڭ، ئەلېس، سېنى شەھەرگە ئې-لىپ كىرىپ كەتكۈم بار!

— شۇنداقمۇ؟
— ھەئە، قەدىمكى زاماندىكىدەك سېنى بۇلاپ ئېلىپ قاچ-
قۇم كېلىۋاتىدۇ. سېنىڭچە قانداق؟
— نېمە ئۈچۈن؟
— سېنىڭ بىلەن بىللە بولسام دەيمەن.
— ژۇرنالىست — قاراقچى! دېمەك، مەن گىتارىم بىلەن بىللە بۇلىنىپ كېتىۋېتىپتىمەن - دە؟ — خۇشال كۈلدى ئە-لېس، — قالتىس! يۈرەكتىكى ئارمان! ئەمىسە رولنى بۇرا! بولمىسا ماشىناڭ قاياققا مېڭىشنى بىلمەي قالىدۇ!
— ئەمىسە كېلىشتۇق - ھە؟ بىراق ھازىرچە بۇ ياقتا — تاغدا بولايلى، بىز خالىغاندەك... — شۇ سۆزنى قىلىپ ئارسىن سامانچىن «نىۋا» نى ئىتتىك ئەڭ يېقىن جىلغا تەرەپكە — دەريا ياقىسىدىكى توقايغا بۇرىدى.
ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ھەممە ئىش بىر كۆرۈنۈش يەنە بىر كۆرۈنۈشكە ئۇلانغان كىنودىكىدەك بولدى. ئۇلار تېزلا بەختى-يار يەرگە كەلدى. ماشىنىدىن گىتارنى ئېلىشنى ئۇنتۇماي تېزلا ئورۇنلىشىۋېلىشتى. بۇ چاغدا كۈن پېشىندىن قايرىلىپ غەربكە چۆكۈشكە باشلىغان بولۇپ، سالقىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تاغ ئارىلىرىدا سۇس بىنەپشە رەڭ يېيىلدى. بۇ تو-لۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تولۇق يازغا كىرگەن ۋاقىت ئىدى. تاغ دەرياسى ئەسىرلەر بويى سىلاپ سىلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن چوڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئىتتىك ئېقىپ ئۆتمەكتە... ئۇلار قۇ-رۇق شاخلارنى يىغىپ تېزلا گۈلخان يېقىشتى. ئەلېس بەك چاققان ئىكەن. ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىكەن. ئۇلار دەريا بويىدىكى ياپيېشىل دەرەخلەر ئاستىغا ئالغاچ كەلگەن يۇمشاق ئەدىيالنى سېلىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا كىيىملى-رىنى سېلىپ ئىرغىتىپ تاشلاشتى - دە، بىر - بىرىگە يۈگۈ-رۈلۈپ كەتتى، قۇچاقلىشىپ، ئۇلارغا قۇچاق يېيىپ ھېرىس-

ـمەنلىك بىلەن قارىغان پاك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئەمدى بۇ يەردە ئەمەس، باشنى ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ئۇچ ـ قىرى يوق ئا ـ لەمدە ئىدى، كېيىن بىرىپ بىردىنلا تەبىئەتتىكى ئۇلارنى قورشاپ تۇرغان بارلىق نەرسە ـــ ھەربىر ئوت ۋە ھەربىر يو ـ پۇرماق ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ سىلكىنگەن يەرگە قايتىپ كې ـ لىشتى: باش ئۈستىدىكى شاخ ـ شۇمبىلار بىردەم ئۇلارغا تە ـ زىم قىلدى، بىردەم كۆتۈرۈلدى، ئەتراپتىكى گۈل ـ چېچەكلەر شامالدا بىردەم ئىرغاڭلاپ باش ئەگسە، بىردەم جىمجىت سۈ ـ كۈتتە تۇرۇپ قالدى... تەبىئەت ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىرىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. ئۆزگىچە يالتىراپ تۇرغان تاشلارغا ئۇرۇلۇپ تۆۋەنگە قاراپ ئېتتىك ئاققان تاغ دەرياسىنىڭ سىم ـ فونىيەسى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئالاھىدە ماسلاشتى. دەريا سۈيى شاۋقۇن چىقاردى، تەنتەنە قىلدى ياكى ھاياجانلىنىپ شارقىرىدى ۋە ياكى پەس ئاۋازدا ئىڭرىدى. بىردىنلا پۈتكۈل دەريا جىمىپ قالدى، ئاندىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى دولقۇندا يەنە يېڭىباشتىن قىرغاق بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. قۇياش ئاۋۋالقىدەكلا ئاسماندا ھەممىنى يورۇتماقتا، سەلتەنەت ـ لىك نۇرىنى پۈتكۈل تاغلارغا چاچماقتا. قۇشلار ئۇچۇپ كېتىد ـ ۋېتىپ توختاپ قېلىشتى، ھەتتا يېنىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كې ـ تىۋاتقان سېرىق چاشقانلارمۇ توختاپ، باشلىرىنى بۇراپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ قې ـ لىشتى. چىن كۆڭۈلدىن سۆيۈشكەنلەر قىسقىغىنا جەننەت تۇرمۇشىدىن لەززەتلىنىپ، بىردەم ـ بىردەم بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتى ـ دە، ئاخىر قولغا قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرگەن پېتى دەريا بويىغا كېلىپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان دەرياغا سەكرەپ چۈ ـ شۈپ بىر ـ بىرىگە سۇ گۈللىرىنى چېچىشتى. ئاھ ئۇلارنىڭ چىرايلىق بەدەنلىرى، يايرىغان چىرايلىرى! ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ سايىدىكى بېھىشسىمان ياتار يېرىگە

كېلىپ يېتىشتى، ئەقەللىيسى قۇياشمۇ تاغ باغرىدا ئولتۇرۇپ قالدى...

غايىب بولغان كېلىن بولسا قەلبىدە ئۇلارنىڭ بەختىنى تۇيۇپ، تاغدىن ـ تاغقا ئۇلارغا قاراپ ئۇچۇپ، ئەلپىسنىڭ گىتار چېلىپ ئولتۇرۇپ ئېيتقان ناخشىلىرىنى تاغ بېشىدا ئاڭلاپ توختاپ قالدى ـ دە، پەس ئاۋازدا يىغلىۋەتتى: «مەنمۇ مۇشۇ توغرىدا خىيال قىلغان...قايدىسەن، قايدىسەن، مېنىڭ مەرگەنىم؟ سېنى قاچان تاپارمەن جېنىم؟»

هارغاندىن كېيىن ئۇلار ئولتۇرۇشتى، نۇرغۇن ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشتى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن ئېغىز ئېچىشمىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىت بوگۇندىن، هازىرقى سائەتتىن باشلىناتتى. پاراڭ چاقچاقتىن باشلاندى:

ــ بىلەمسەن، ــ دېدى ئارسىن، ــ بۇ جىلغىنى بۇنىڭدىن كېيىن «ئەلپىس جىلغىسى» دەپ ئاتاشنى خالايمەن! قانداق دەيسەن؟ جۇغراپىيە تارماقلىرىغا مۇشۇنداق تەكلىپ بېرەي دەيمەن.



ــ سىناپ باققىن، ئارسىن، كۆرىمىز، كىم يېڭىپ چىقىدىكىن، چۇنكى مەنمۇ بۇ جىلغىنى «ئارسىن جىلغىسى» دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلماقچىمەن! ئىككىمىز بوگۇن بالىلاردەك بولۇپ قالدۇق. كەل، مەن سېنى ئارسىنبېك دەي، سەن مېنى ئەلپىسگۈل دەپ چاقىر، كىچىكىمدە مېنى شۇنداق ئاتىشاتتى.

ئۇلارنىڭ پارىڭى ھەر خىل تېمىدا بولدى، مۇشۇنداق يېقىنلار ئۇچراشقان سورۇندا سىياسەت توغرۇلۇق گەپ قىلىش ئۇنچىۋالا مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پارىڭى ھەتتا سىياسەتكىمۇ چېتىلىپ ئۆتتى. چۇنكى بوگۇن كىشىلەر ھەممىلا يەردە مەۋجۇت سىياسەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايتتى. شۇڭا ئۇلار تەبىئىي ھالدا ھازىر يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق

مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياج قالمىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا نامراتلىق، ئىشسىزلىق يامراپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىمۇ سۆزلىشىپ قالدى، ئىشسىزلىقلا بولىدىكەن، ھەرقانداق يامان ئىشمۇ يۈز بېرىدۇ: ئوغرىلىق، ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كېتىش، زەھەر ئىستېمال قىلىش ئاۋۇيدۇ. شارائىت مۇشۇنداق قىيىن بولغاچقا، كىشىلەر «مەرگەن» ئوۋچىلىق شىركىتىنىڭ تىجارىتىگە ئاجايىپ قىزىقىپ كېتىشىدىكەن. چۈنكى بۇ يەردە خىزمەت بار، مائاش بار. بۇ ھال نۇرغۇن كىشىگە ياققان. باي چەت ئەللىك ئوۋ ـ شىكارچىلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى يۇرتداشلارنى خۇشال قىلدى.

— قارشى پىكىردە بولۇش — دېمەك، تۇغقانلارنى خاپا قىلىش بولىدۇ، — دېدى ئەلېس، — ئۇلار چوقۇم: ئۆزۈڭ كەمبەغەل ـ كېچەك سېتىپ بىر نەرسە تېپىۋاتىسەن، بىزگە ئازراق پۇل تېپىشقا بولمامدىكەن؟ دېيىشىدۇ. سېنىڭ تاغاڭ ئاتاقلىق كارخانىچى، كىشىلەرگە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىراق ئەتە نېمە بولۇپ كېتەر؟

— مەن ئۆزۈم چاقىرىلىش بىلەنلا بۇياققا كەلگىنىم بىلەن يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئارسىن، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مە، گىتارنى تۇتۇپ تۇرغىنا. ئۆمۈر بويى ساڭا ناخشا ئېيتىپ بەرگۈم بار، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز قارىغىنىچە شۇنچە جابدۇنغاندا، — بىز ئېكولوگىيە توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى شۇنچە ياخشى كۆرىمىزۇ، لېكىن ئۆزىمىز...

— شۇ، توغرا دەيسەن، ئەلېس. سېنى چۈشىنىمەن، ئۆزۈممۇ چىدىماي كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئارسىن ئۇنى ماقۇللاپ، — بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيمىز، سۆزلىرىمىز داستان بولىدۇ، لېكىن چۆلنىڭ پۈرىقى دىماغقا تەگكەن ھامان ھەممىنى قىلىشقا تەييارمىز، كىمنىڭمۇ ئېكولوگىيەگە قاردىغۇدەك كۆزى. سەن بىكارغىلا ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋاتىسەن، بۇ

240

يەردە سېنىڭ ئىشىڭ يوق، سەن ئوۋ ـ شىكارنىڭ ئۆزىگە ئەـ
مەس، ئويۇن ـ تاماشىغا گىتارىڭ بىلەن قاتنىشىسەن. مېنىڭ
ئوۋ ـ شىكار ئىشىغا بىۋاستە قاتنىشىشىم كېرەك، باشلىق
بەكتۇرغا ۋەدە بەرگەن، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمىز بولغاچ
لىقتىن مەجبۇرىيىتىم ـ دە، باشقا يول يوق.

— سېنى چۈشىنىمەن، ئارسىن، جانىم. مېنى قۇچاقلىغىنا، ماڭا شۇ كېرەك! — ئۇلار يېڭىباشتىن سۆيۈشتى، — بىراق سەن باش تارتساڭ، بەربىر...قازان سەنسىزمۇ قايناۋېرىدۇ.

— توختا ـ توختا! «مەرگەن »نىڭ سودا ئىشىنى خۇدا ئۇرسۇن، دېمەك، مەن سېنى ئۇچرىتىدىغانلىقىمنى ئالدىنئالا بىلگەنىكەنمەن ـ دە! دېمەك، مەن سېنى دەپ كېلىپتىكەنمەن، ئەلىس.

— ھىم، مەن مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىڭنى كۈتۈۋاتاتتىم! مەنمۇ بۇ يەرگە سېنى دەپ كەلگەن، ئارسىن! دېمەك مۇشۇنداق.

— دۇرۇس، بىزدىكى «يامان دېمەي ياخشىلىق يوق» دېگەن ماقال راست ئېيتىلغان. قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇچرىشىشىمىزغا سەۋەبچى بولغان ئاق يىلپىزلارغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— راست ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك! — ئۇلار يەنە قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈشكە باشلىدى، — ھەي، ئارسىن، بىلەمسەن، سەن دېگەن ئەركەك ئاق يىلپىز، مەن بولسام چىشىسى!

— نېمە بوپتۇ؟ دەل شۇ ـ دە!

شۇ دەقىقىدە بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا قورقۇنچلۇق بىر ئوي كېلىپ قورقىنىدىن تۇرۇپلا قالدى: «ئەگەر بىز ئاق يىلپىز بولساق، نېمە بولۇپ كېتەرمىز؟»

ئەلىسنىڭ چاقچىقى ئىنتايىن مۇھىم سۆزگە تۇرتكە بول

دى. يېقىنقى كۈنلەردە ئەلېس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش دېھقانلار ئۈچۈن ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆۋلاشچە-لىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولماي، ئوۋچىلىق ئىشلىرىنىڭ پۈتكۈل ئايىلىنىڭ دېگۈدەك ئاساسىي ھاياتلىق يولى بولۇپ قې-لىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ھېچكىم بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۆزىچە ئوبدانلا خىجالەت بولۇپ يۈرگەندى. مۇبادا مۇشۇنداق بىرنەچچە يىل ئوۋچىلىق قىلىنىسىلا، تاغدا ھەتتا ئاخىرقى بۆدۈنىگىچە بىرمۇ ھايۋان قالمىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا، ئالدى بىلەن ئاق يىلپىزدىن باشلاپ بارلىق ھايۋانلار يوقىتىلغان، يېڭى بازار شارائىتىدا شۇ جاينىڭ تاۋار ئىشلەپ-چىقىرىشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئەھۋالدا، كىشلەر يە-نە نېمىنى ئوۋلايتتى؟

— مەن بەك خاۋاتىرسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئارسىن، بىراق، بۇ ھەقتە ھېچكىمگە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. بى-لەمسەن، مەن ھەتتا ئەرەب ئوۋ ـ شىكارچىلىرى كەلگەن چاغدا: «قولۇڭلارنى تارتىڭلار، بىزنىڭ ئاق يىلپىزلىرىمىزغا زىيان يەتكۈزگۈچى بولماڭلار! ئاق يىلپىزغا چېقىلماڭلار! ئاق يىلپىز ھېچكىمگە دەخلى قىلمايدۇ، بىزنىڭ ئاق يىلپىزلىرى-مىزغا چېقىلىشقا روخسەت يوق!» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ چىققۇم بار. لېكىن، بۇنداق ئىشنى ھەتتا ئويلاشقىمۇ بولمايدۇ — پۈتكۈل ئايىلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى تاش بوران قىلىدۇ، ئۇلار بۇنداق ئوقەتنى بۇزۇشۇمغا يول قويمايدۇ! چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ئوۋ ـ شىكار ئۇيۇشتۇرۇشتىن باشقا ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسى قالمىدى ـ دە! ياق، ئۇلار چۈشىنىشمەيدۇ ھەم ئايى-مايدۇ. توغرىمۇ، ئارسىن؟

— ھەئە، ھازىر مۇشۇنداق، قوشۇلىمەن. بىراق، كېيىنكى قېتىم جاسارەتكە كېلىپ شۇنداق قىلىش كېرەك. مەن ئوۋ ـ شىكارچىلىققا قارشى تۇرغۇچى بولۇشۇم كېرەك. ھەتتا ئافغا-

نىستاندىمۇ زەھەرلىك مەھسۇلاتلارنى تېرىشنى توپتىن توگىتىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشتىغۇ. بۇ توغرۇلۇق ھازىر نۇرغۇن ماقالىلەر چىقتى.

— ئارسىن، سەن ماڭا بەخت ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن، ئىككىمىزنىڭ جان دۇنيايىمىز مۇشۇنداق دەل كېلىشكەندە، مۇشۇنداق ئورۇنسىز سۆزنى باشلاپ قويغىنىم ئۇچۇن مېنى كەچۈرگىن. بۇ ئانچە مۇۋاپىق بولماي قالدى. بىراق سەن شۇنى بىلىپ قالكى، مەن سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن يەرگە باردىم. كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ تاغلىق رايونىمىزدىكىدەك ياۋايىلىق قىلماي، تېرىشىپ - تىرمىشىپ بازار ئېگىلىكىگە ماسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇگۈن چەت ئەللىكلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئاز - تولا نەپكە ئېرىشىمىز، لېكىن كېيىنچۇ؟ بىز ئەمگەك قىلماي ئوۋچىلىقىلا قىلىدىغان بولساق، ئۇزاققا بارماي قاغجىرىغان چۆلدە — ئۆلۈك دۇنيادا قالىمىز. كەچۈرگىن... مەن جىق سۆزلەپ كەتتىم. مەن سېنى سۆيىمەن... ئىشىنەمسەن؟



— ئىشىنىمەن! كەچۈرۈم سورايدىغان ھېچقانداق سەۋەب يوق، ئەلېس. پارىژىمىزنىڭ قىممىتى زور بولدى، مەنمۇ نۇرغۇن نەرسىنى قوشۇمچە قىلاي دېگەن، بىراق كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى... كەتتۇق، كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. سۆزلىشىدىغان يەنە بىرمۇنچە ئىش بار. ئەمدى بىز بىر - بىرىمىزنى سۆيۈشتۇق — بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى يېڭىباشتىن ياڭرىغان مۇزىكا.

— ماقۇل، ئارسىن، ماشىنا ھەيدىشىڭگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن مەن گىتارىمنى ئېلىپ ئارقىدا ئولتۇراي، پەس ئاۋازدا كىلاسسىك ۋە يېڭى مۇزىكىلاردىن چېلىپ بېرەي. بولامدۇ؟

— بولمايچۇ! بۇ مېنىڭ ئۈچۈنلا ئۆتكۈزۈلگەن كونسېرت

بولسۇن. ئاڭلىغاچ ئويلىنىمەن... تەقدىرگە رەھمەت.
— نېمە ئۈچۈن؟
— سەن ئۈچۈن، ئەلىس!

ئاھ، ئۇ بۇ يەرنىڭ سەھنە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ئارسىن سامانچىنىنىڭ ئاق يىلپىزنى قورشاپ بەرگۈچىلەرنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر سۇيىقەستىنى پىلانلىغانلىقىنى، دۇز-ياۋىلاشتۇرۇشقا ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرغۇچى تاشتانئافغاز-نىڭ ھەربىي شەپكىنى كىيىشنى تۇتقۇنلارنى بارىمتاغا ئېلىش-قا چۈشۈرگەن بۇيرۇقنىڭ بەلگىسى قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئېيتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قانچىلىك كۈچىگەنلىكىنى بىلسە: ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، قانداق يىغىشتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلسە... ئارسىنىنىڭ ئۆزىنىڭ قانداق قىلتاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، قىلتاقنىڭ ئۆزلۈكىدىن بوشىشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى بىلسە... ھۆي، قارغىش تەگكۈر ئوۋ - شىكارچىلىق ئوقتى! ئۇ ئېچىنىشلىق تۇردە ئادەملەر-نىمۇ، يىرتقۇچلارنىمۇ بىر ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلاپ يې-شىلمەس بىر تۈگۈنچە قىلىۋەتتى. بىراق، ئۇ بۇنى مۇھەببەت-نىڭ ئوتلۇق ئىپادىسى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى...

كۈندۈز ئاخىرلىشىپ بارماقتا. كىشىلەر تەبىئەت ئاشىق - مەشۇقلارغا ئامراق دېيىشىدۇ، ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ئۇلار بۇنى بىشىدىن ئۆتكۈزدى. قايتىپ كېلىۋاتقان يولدا تەبى-ئەتنىڭ ئىنئامى مۇھەببەت ئۈچۈن قىلىنغان مۇكاپات سۇپى-تىدە ئۇلاردىن بىرقەدەممۇ نېرى بولمىدى.

كەچقۇرۇندىكى تاغلار كۈندۈزنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى جىم، تىنچ ۋە لېكىن تەنتەنىلىك قارشى ئېلىپ، ئۇن - تىن چىقارماستىن كەچلىك لىباسىنى كىيدى، كۆرۈنۈشى بارغاز-سىېرى يېقىملىق بولۇپ بارماقتا، تىك يار ۋە چوققىلار ئاستا -

ئاستا ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋە قىرنى يوقىتىپ بارماقتا. تاغنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا ئاپئاق بۇلۇتلار شۇنچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنكى، توپ - توپ، تۇرمەك - تۇرمەك بولۇپ ئۈزۈشمەكتە. بۇگۈن شامالمۇ يوق، يامغۇرمۇ يوق، بەك ئىسسىقمۇ ئەمەس. ئۇلار بەختلىك هالدا ھەققەتەن ئاز ئۇچرايدىغان گۈزەل بىر كۈنگە ئۇچرىدى.

«نىۋا» پەسكە چۈشكەندىن كېيىن بىر ھالەتتە ئالدىرىماي ماڭغىلى باشلىدى، ئالدىراشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى — قەلبى ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇغا چۆمگەن بۇ بىر جۈپ، بۇ دالا ساياھىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن ۋاقىتنى نوقۇل ئەركىن ئۆتكۈزۈشلا ئەمەس، بەلكى خۇدا ئۇلارغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئىككىسى ئىنتىلىپ كەلگەن ئۇچرىشىش ئىدى. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇنچە زور بولدىكى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ بىر كۈن يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئالامىتى بولدى. بۇ ياخشى بېشارەتمۇ؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ يۈزلىنىۋاتقىنى نېمە ۋە يەنە كېلىپ راستىنىلا ئەتىدىن باشلىنامدۇ؟ بىراق، ئۇلار ۋاقىتنىچە بۇلارنى ئويلىمىدى، ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ خۇشاللىقىدا، پات ئارىدىكى ئايرىلىش ئالدىدا، ئۇشتۇمتۇت ئېرىشكەن بەختىدىن بۆلەك ئۇلار ھېچنىمە توغرىسىدا ئويلىيالمايتتى.



ئەلېس ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئاستا گىتار چالماقتا، ئارسىن تونۇش كۈيلەرنى تىڭشىغاچ «نىۋا»سىنى ھەيدىمەكتە. ئىلگىرى كۆپ ماڭغان بۇ يول ھازىر بىر ئاز ناتونۇش بولۇپ قالغاندەك بىلىنمەكتە، چۈنكى بۇ يولدا مېڭىۋاتقىنى يېڭى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ سۆيگىنى بىلەن بىللە، شۇڭا كۆڭلىنى بۆلگۈسى، ئەستايىدىل پىكىر قىلغۇسى كەلمىدى. ئىككىسى بىردەم - بىردەم

چاقچاقلىشىپ قوياتتى، بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىسىلا تو ـ لۇق چۈشىنىشەتتى.

ــ ماشىنىنى بۇراپ شەھەرگە كېتىپ قالساق، قانداق؟ ــ دېدى ئارسىن ئۇنىڭغا بىر قاراپ.

ئەلېس بىرئاز يېقىنلىشىپ، پىچىرلىغاندەك ئاستا دېدى:

ــ قانچىلىك يىراققا ئەكەتسەڭمۇ مەيلى!

ئادەمنى خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ئارسىن سامانچىن غەلىتە بىر ئەھۋالدىن ھەيران بولدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان ئۆچ ئېلىشتىن ئىبارەت خەتەرلىك ئوي ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىشكە ــ گۇناھتىن نېرى بولۇشقا رازى ئىدى. «كۆتۈر قاسقىنىڭنى، كۇرچال! ئۇ بولمىسىمۇ ــ چولپان بولۇپ كەتكەن ئايدانا بولمىسىمۇ ياشاۋېرىمەن. نەدىكى ھېسابتا يوق بىرنېمە. تۇگىدى، چېكىت! تۇرمۇشنىڭ باشقا خۇشاللىقـ ـ لىرىمۇ بارغۇ» دەپ ئويلىدى، «بىراق، غايىب بولغان كېلىن بولسا بەربىر ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىراق، مەن ئەمدى يېڭى كۈچ بىلەن ئىشقا كىرىشىشىم مۇمكىن».

ئارسىن سامانچىن ئەمدى ئەلېس بىلەن توي قىلىش مە ـ سىلىسى توغرىسىدا ئەستايىدىل ۋە كونكرېت ئويلىنىشقا باش ـ لىدى. ھەر تەرەپتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قارىشى يېقىن كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ خېلىلا بىلىملىك ئايال، يۇرۇش ـ تۇرۇشى، ھۆسن ـ چىرايىمۇ كېلىشكەن: سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغاند ـ كەن، زېھنىي قۇۋۋىتى ناھايىتى يېتەرلىك دېگەن گەپ. بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە چاي ئىچىپ ئولتۇ ـ رىدىغان ئايال سودىگەرلەردەك بولسا بولمايدۇ ـ دە. بۇنداق بولسا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئەيىبلەشلىرى ۋە نارازىلىقلىرد ـ دىنمۇ قۇتۇلغىلى بولىدۇ. تولاراق خۇشال بولىدىغىنى ئېھتىـ ـ

ماال باشلىق بەكتۇر ئاغا ــ ئايىلدىكىلەر بەزىدە دەيدىغاندەك: «چېرچىل ئاغا»، يەنە ئارداق ئاكىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى. بىراق، ئەڭ ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆزى ــ ئەلېس، ئۇ تەقدىرنىڭ مۇنداق بۇرىلىشىغا قانچىلىك تەيياركىن. ئۇنىڭ ئۆز مەسىلىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەر بولۇش سۈپىتىدە ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچقۇچى ئۆزى بولۇشى كېرەك. توي قىلىشنى تەكلىپ قىلىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە بايىقىدەك چاقچاق قىلماي ئەستايىدىل گەپ قىلىشى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە، ئۆزلىرىنىڭ «مەرگەن» شىركىتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئېيتسا بولىدىغانلىقىنى ئەلېسنىڭ كۆيلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ ئويلاپ كەتتى. لېكىن، تۇرمۇش ھامان بەخت ئۇچۇن بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، تۇرمۇش ئۇنىڭ پىكىر قىلىۋاتقان يولىغا يەنە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئارسىن ساماندىن تاشتانئافغان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى پىلانلاۋاتقان سۈيىقەست توغرۇلۇق ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ، لېكىن ئويىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى، تاشتانئافغان ئەقىلگە كېلىپ قالار، ئالدىدا شاراقلاپ تۇرغان نەچچە ئون مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى دەپ مۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن تەۋەككۈلچىلىكنى قىلماس، ھاياتىدا بىر قېتىملا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان تەلەيدە بوڭ ـ بوڭ روھىي ھالىتىنى يېڭىپ كېتەر، ئۆزىنىڭ يۈرتىغىلا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلمەستىن، دۆلىتىنىڭ ئابرۇيىغىمۇ زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنەر، دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. ئېيتىپ كەلسەك كونا گەپتەك تۈيۈلىدۇ، لېكىن بەزى مۇرەككەپ خۇسۇسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كەلگەنسېرى دۇنيانىڭ غەلىتە تۈزۈلگەنلىكىگە كۆزۈڭ يېتىدۇ. خۇدا دۇنيانى ئايرىدە قىلغاندىن باشلاپ دۇنيا نۇرغۇن زىددىيەتلەرگە تولغان، مەڭگۈ خىلمۇخىل زىددىيەت-

لەرگە پاتقان بولىدۇ.

تاشتانئافغان ئۆزىنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچى دەيدۇ. لېكىن، دۇنياۋىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى. كۆردۈڭلارمۇ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ. ئۇنى باشقىچە كۆز قاراشتىكىلەر قوللىشى مۇمكىن. تاغلاردا ئۆزىنىڭ چې ـ گۇ ـ ئېۋارا[1]سى چىقىشى كېرەك، دەپ بىر چاغلاردا بىكار ئېيتقان ئەمەس.

ئۇنى قانداقمۇ چې ـ گۇئېۋارا بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا بولسۇن! ئامېرىكا دوللىرىدىن ئىبارەت تاشقىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى بارلىق ئىدىيە ۋە پىرىنسىپلارنى ئېقىتىپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنى قايىل قىلىپ باققىنا قېنى. بىچارىلەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ ئەمەسمۇ، كىممۇ مەڭگۇ نامراتچىلىقتا ئۆتۈشنى خالايدۇ!

بولدى ئەمدى، بەس! بارىدىن ۋاز كېچىپ كېتىپ قېلىش كېرەك! بىراق نەگە كېتىدۇ؟ سەنغۇ ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى قۇتقۇزارسەن، باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەر خىل ئويلار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. ئەلېسنى يەنە بىر ئاز خۇشال بولسۇن دەپ ئۇ ماشىنىسىنى سەل ئاستىلاتتى ـ دە:

ــ ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن تاغدا قېلىپ، ئۆڭكۈردە ياشايدىغان زاھىت بولۇپ كەتسەم نېمە دەيتتىڭ؟

ئەلېس ھۇدۇقۇپ كەتمىدى، ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن ئالدىغا سىلجىپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېقىنلاپ:

ــ بىللىلا بولىدىغان بولساق، تەييارلىقىم پۈتتى! ــ دېدى.

ــ بۇ ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئىش، ئەلېس. مەيەرگە ــ مېنىڭ يېنىمغا ئۆتكىنە، ئون كىلومېتىرچە يول قالدى، ئوبدانراق گەپلىشەيلى.

ئۇ «نىۋا» نى توختاتتى، ئەلېس ئىتتىكلا ئالدىغا ئۆتۈپ

ئۆلتۈردى. ئارسىنىنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئىللىپ كەتتى.

— سەن راستىلا تاغدىكى ئۆڭكۈردە بىر مەھەل تۇراي دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

— كىم بىلسۇن! ئەڭ ياخشىسى شۇنى دېگىنە، سەن قانداق قىلىپ مېنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەردە تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ قالدىڭ؟ سەن ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن قورقمامسەن؟

— سەن تېخى سەزمىدىڭمۇ ئارسىن؟ ساڭا ئالامەت ـ ئالامەت يېقىپ قالغۇم بار.

— مېنىڭمۇ ساڭا يېقىپ قالغۇم بار.

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن تاغدا ياشايمىز، بىر ـ بىرىمىزنى سۆيىمىز... بىراق ئېيتقىنا، تاغدىكى ئۆڭكۈرگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، نېمىش قىلىسەن؟

— ئېتىكاپتا ئولتۇرىمەن. ساڭا ساۋاق بېرىمەن. تەڭرىچىلىك دەيدىغان بىر ئىلىم بار، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئاسمانغا سېغىنىدۇ.

— ئەگەر بۇنى مۇشۇ يەردىكى مولللار بىلىپ قالسا، ئۇلار چوقۇم كېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ بىراق ئۇ يەردە سەن يالغۇز قالمايسەن، يېنىڭدا مەن بولغان بولىمەن.

— ئۇنداقتا ئەنسىرەيدىغان ئىش يوق. مولللارنىڭ ئۆز ئىشلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. نەدىكى بىر زاھىت بىلەن قانداق ئىشلىرى بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىشلىرى.

— مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم سەنلا. ئەمىسە سەن مې-

① چې.گۇئېۋارا — لاتىن ئامېرىكىلىق ئىنقىلابچى. 1928 ـ يىلى ئارگېنتىنادا تۇغۇلغان، 1956 ـ يىلى كۇبا ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن كۇبادا مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان. 1965 ـ يىلى كۇبادىن كېتىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە قاتناشقان. 1967 ـ يىلى بولىۋىيەدە قۇربان بولغان.

نىڭ كائىنات ـ ئالىمىم!

— كۆڭۈل بۆلىدىغىنىڭ نېمىلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

— بىر بالىمىز بولسىكەن دېگەننى بەكلا خالايمەن. ھەممە يەردە يېتىلەپ يۈرىدىغان ئوغۇل بالا بولسا. سېنىڭ ئۆڭكۈردە بېرىدىغان ساۋاقلىرىڭغا ئاپىرىمەن، بالا چېغىدىنلا ئاڭلىسۇن ـ دە.

— قوشۇلىمەن. يەنە شۇنداق بولۇشنى تەڭرىدىن تىلەيـ مەن. كەچۈر مېنى ئەلېس، گېپىم سەل ئورۇنسىزمۇ ـ قانداق، بىراق مېنىڭ ئىلگىرى سېنىڭ بالىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىڭنى بىلگىم كېلىدۇ.

ئەلېس خىجالەت بولۇپ ئولتۇرماي قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— يوق، مۇۋەپپەقىيەتلىك يوسۇندا ساقلىنىپ قاپتىكەنـ مەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلما.

— ياق، ئۇنداق قىلمايمەن. ئەكسىچە، مەنمۇ تەڭرىدىن بىر ئوغۇل بېرىشنى تىلەيمەن.

— ئەگەر قىز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا خۇشال بولىمەن.

— مەنمۇ! قىز بالا كۆپ ھاللاردا، كىچىككىدە تېخىمۇ ئەـ قىللىق بولىدۇ.

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ! ئەمىسە ھەممە مەسىلىدە كېـ لىشتۇق، مۇشۇنداق ئەھۋالدا دائىم دېيىلىدىغاندەك، پەقەت نىـ يىتىمىز توغرۇلۇق توختامغا قول قويۇشلا قالدى، — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ.

— ئەڭ ئاخىرقى نىيىتىمىز توغرۇلۇق! — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەلېس.

— توختامنامىنى تەييارلايلى ئەمىسە.

ئايلىنىڭ چېتى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كەچ كىرىپ

چىراغلار يېقىلىپ كەتكەندى. تېلېفوننىڭ قوڭغۇرىقى بىر-دىنلا جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋوي، مېنىڭكى ئىكەن! — دېدى ئەلىس چۆچۈپ كې-تىپ ۋە ئارقا ئورۇندۇققا ئېڭىشىپ، ئۇ يەرگە قويۇپ قويغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىكى يانفونىنى ئالدى.

— هە، بۇ سەنمىدىڭ، زەينەپ؟ مەن تاغدا ئىدىم، ئۇ يەرگە سىگنال يەتمەيدۇ. هازىر تۈيۇقجارغا كەلدىم. هەئە، ئاڭلاۋاتى-مەن. هەئە، هەئە، مەن فاكسقا جاۋاب كۈتۈپ تۇرغانىدىم، نې-مىش ئىكەن؟ ئون توققۇزىنچى كۈنى؟ شۇنداق جىددىيمىكەن؟ بولىدۇ، ئويلاپ باقاي، ئاندىن ساڭا تېلېفون قايتۇراي. هە، هە، سۆزىسىز، ئىككى سائەتتىن كېيىن. خوش، زەينەپ.

ئەلىس يانفونىنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، تېلېفونىنى تىجارەتچى ئايال دوستى ئەۋلىيائاتىنىڭ يېنىدىكى چۇلغاندىن بەرگەنلىكىنى چۈشەندۇردى. ئۇلار تۆت بولۇپ، ياش جەھەتتە ئەلىس ئۇلارنىڭ چوڭى، بىر چاغلاردىكى پىيونېرلار ئەترىتى-نىڭ يېتەكچىسىگە ئوخشاش ئىكەن. ساراتوفتا بىر توپ تارقى-تىش مىلىچمال سودا مەركىزى بولۇپ، ئۇلار شۇ يەرگە بار-ماقچىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرلۇك تاۋار سېتىۋېلىش توخ-تامى بار ئىكەن. ئاندىن كېيىن ئۇلار تاۋارلىرىنى ئۆز يېرىدى-كى دۇكانلارغا ۋە كىچىك سودا بازارلىرىغا تارقىتىدىكەن.

— ئەمىسە شۇ يەرگە بېرىشىڭ كېرەكمۇ؟ — دېدى ئار-سىن ئەنسىرەپ، — مەن ئاپىرىپ قويايمۇ؟

— ياق، ئەنسىرىمە، بىز ئەۋلىيائاتىدىن پويىز بىلەن با-رىمىز. باياتىن مەن ساراتوفقا بىرەر هەپتىدىن كېيىن بارار-مىز دەپ ئويلىغان، قارىسام ئەتە يولغا چىقىش كېرەك ئىكەن.

ئۇلار شوك بولۇپ قالدى. ئارسىن ماشىنىنى توختاتتى. ئۇلارنىڭ قىسقا بولسىمۇ بېهىشتىكىدەك تۇرمۇشىغا بىردىنلا ئادەتتىكى تۇرمۇش كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۆزگىچە هېچ

نەرسە يوق، ھەركىم ئۆز ئىشى بىلەن، ئۆز غېمى بىلەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى گويا ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىشاتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مىنۇتلا داۋام قىلدى. ئەلېس ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىنى كۆرسەتتى:

— مەن تېلېفون بېرەي، ئارسىن، ھەمراھلىرىمنى بۇ دو - رەم ساراتوفقا ئۆزلىرى بېرىپ تۇرۇشقا كۆندۈرەي.

ئارسىن ئۇنىڭغا بىھۇدە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشنى خا - لىمايتتى.

— مەن تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلمەيمەن، ئەلېس، بىراق، سۆزلىشىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىش زۆرۈر ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

— ئارسىن، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ مۇرىسىگە يۆلىنىپ، — ئىككىمىز ئۇچۇن مەن ھەممىنى قىلالايمەن.

ئۇلار دېڭىز ئۇستىدىكى بىر جۈپ چايكىنىڭ ئاۋاز ۋە قا - نىتىنىڭ كىچىككىنە ھەرىكىتى بىلەن بىر - بىرىنى چۈشى - نىدىغىنىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ھەدى - سىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ئۇنىڭسىز ئۆتۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغانلىقىنى ئازراق سەزدۈرۈپ قو - يۇشنى زۆرۈر تاپتى. لېكىن ئۇ ماشىنىنىڭ ماتورىنى ئەمدىلا ئۆچۈرۈپ تۇرۇشىغا يانفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى. بۇ قېتىم جىرىڭلىغىنى ئارسىنىڭ يانفونى ئىدى. بۇ باشلىق بەكتۇردىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. باشلىق ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى، ئارقىدىن رايون باشلىقى جانىشبايېف - نىڭ تويۇقجارغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. توختام بويىچە ئەزىز مېھمانلارنى رايون باشلىقى كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا باشلىق بەكتۇر ئارسىن سامانچىنىڭ دەرھال باشقارمىغا كې - لىشىنى ئېيتتى. ئەتە ئەۋلىيائاتا ئايروپورتىغا بېرىش مەسى -

لىسىنى رايون باشلىقى بىلەن مۇزاكىرىلىشىۋېلىشى كېرەك ئىكەن.
ئۇلارنىڭ ئادەمنى مەست قىلىدىغان لەززەتلىك دۇنياسىغا ئادەتتىكى تۇرمۇش ھېچ نەرسىنى ئويلىماستىنلا يەنە بىر قې- تىم كىرىپ كەلدى. دەرھال ئايرىلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇلار تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇرۇش توغرۇلۇق كېلىشىۋالدى. ئارسىن تەكشۈرۈپ كۆرەي دەپ ئەلېسنىڭ يانفون نومۇرىغا تې- لېفون قىلىۋىدى، ئۇنىڭ يانفونىنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.
— ھۆرمەتلىك ئەلېس باتىروفنا، — دېدى ئۇ ئالاھىدە ھۆرمەت تەلەپپۇزىدا، — تىنچلىقىڭىزنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرگەيسىز. پېقىر ئارسىن سامانچىن بولىمەن. مەن سىزگە دائىم تېلېفون بېرىپ تۇرىمەن، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن. سىزچە قانداق، ئەلېس باتىروفنا؟
ئەلېس باتىروفنا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
— ۋەي، قەدىرلىك ئارسىن سامانچىن، مەن ئۆزۈم سىزگە تېلېفون بېرىۋاتىمەن. تېلېفون بېرىشتىن قالغانغا قەدەر سىزگە بىر - بىرىگە ئۇلاپ تېلېفون بېرىپ تۇرىمەن. رەھمەت سىزگە، مۇھەببەتتوۋېچ.
ئۇلار تېلېفونلىرىنى ئېتىپ قويغاندىن كېيىن گويا ۋىدا- لىشىۋاتقاندەك، بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىش- تى.
— كۆتىمەن! — دېدى ئارسىن سامانچىن ئاخىرىدا.
— مەنمۇ! — دېدى ئەلېس جاۋابەن.
ئۇ ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بەردى. غۇۋا يورۇقتا ئۇلار يەنە ھويلىنىڭ چېتىدە بىر - بىرى- گە قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ دەقىقىدە ئاخىر ئۇنىڭ- سىز ياشىيالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي يوسۇندا ئىشەندى. ئەلېس

بولسا:
— مېنىڭ كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ، شېرىكلىرىمنى كۆڭۈلدۇ-
رۇپ كۆرەي، — دېدى.
— قاراپ باق، ئەلېس. ئەگەر مۇمكىن بولسا تېخىمۇ ياخ-
شى. بولمىسا، مەنمۇ تۆت - بەش كۈن چىدايمەن. سەنسىز
ھېچنەگە بارمايمەن.
— بەلكىم مەن ساراتوفتىن ئۇدۇل بىشكەككە كېلەرمەن.
— بېكەتتە كۈتۈۋالىمەن. تېلېفون بەر. ئوۋ - شىكار ئە-
شىنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. تېز ئا-
خىرلاشسا بىر خىل ئەھۋال، كېچىكسە يەنە بىر خىل ئەھۋال.
— توغرا، چۈشىنىمەن.
ئاندىن ئۇلار خوشلىشىپ قۇچاقلاشتى، چىڭ ۋە نازۇك.
ئارسىن سامانچىنىڭ «نىۋا» سى كۆزدىن غايىب بولغانغا
قەدەر ئەلېس ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قولىنى پۇلاڭلىتىپ قاراپ
تۇردى. ئارسىنىنىڭ كۆزى ئارقا تەرەپكە قارايدىغان ئەينەكتىن
زادىلا ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭ تۇرقى ئەينەكتە ئاستا - ئاستا كى-
چىكلەپ ئاخىر بىر سايىگە ئايلىنىپ قالدى.
ئارسىن بىر بۆلەك مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن خۇددى
بىر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بىردىنلا ئېسىگە كەلدى — ئە-
گەر تۇتقۇنلار راستىلا بارىمتا قىلىنسا نېمە ھالەت شەكىللى-
نەر؟! ھېچكىمگە ئېيتالمايسەن، ھەتتا ئەلېسكىمۇ... ئەگەر
ئېيتساڭ، ۋەيران قىلغۇچ قار كۆچكۈنى دەرھال يولدىكى ھەم-
مىنى قويماي خاراب قىلىدۇ، «مەرگەن» شىركىتىنىڭ بىر
سىقىم توپىسىمۇ قالمايدۇ. ئېيتمىسا، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر...
قانداق قىلىش كېرەك؟
ئارسىن سامانچىن باشقارمىغا كىرەردە قوبۇلخانىدىكى
ياردەمچىلەر ئارسىدا تاشتانئافغانىنىڭمۇ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆردى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ سالاملاشتى:

— سالام، ئارسىن، كەلدىڭمۇ؟ ماڭىلى، بولمىسا باشلىق كۈتۈپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنى قولتۇقلاپ. ئىشىكتىن كىرىش ئالدىدا ئۇنىڭدىن سورىدى، — رايون باشلىقىنىڭ ئېتىنى بىلەمسەن؟ ئېتىنى، ئاتىسىنىڭ ئېتىنى؟

— بىلمەيمەن. بىز تونۇشمايمىز.

— قورچۇبېك ئالتايېۋىچ. جانىشبايېۋ قورچۇبېك ئالتايېۋىچ. ئېسىڭدە تۇتۇۋالدىڭمۇ؟ يەنە بار، دىققەت قىل، رايون باشلىقى مېھمانلارغا ھۆكۈمەتنىڭ سوۋغىتى سۈپىتىدە ئىككى بۆركۈت تەييارلاپتۇ.

— بىلدىم. سەن بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، بىلىپ قوي، مەن ئۇۋۇچىلا ئەمەس، باشلىق بىرەر مۇھىم ئىش بولۇپ قالسا، مېنى چاقىرماي قويمايدۇ.

— چۈشىنىشلىك.

— قانداق، ئەلېس بىلەن ماشىنىدا تاماشا قىلىپ كەلدىڭمۇ؟



— نېمە كارىڭ؟

— قويساڭچۇ! ئۇ ياخشى قىز، دەل سەن ئۈچۈن.

ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. قائىدە بويىچە، ئارسىن سامانچىن ئالدى بىلەن رايون باشلىقىغا سالام بەردى. ئۇ قىرىقلارغا بېرىپ قالغان، كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ بويىنىغا گالىستۇك تاقىغان كېلىشكەن كىشى ئىكەن. ئېسىگە ئالدى، ئىلگىرى بەزى يىغىنلاردا ئۇلار ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆرۈشكەنىكەن. ئارقىدىن تاغىسى بەكتۇر بىلەن سالاملاشتى. سۆزنى رايون باشلىقى باشلاپ بەردى:

— بىز سېنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىدۇق، ئارسىن. بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىشىۋېلىشىمىز كېرەك.

— مەن تەييار قورچۇبېك ئالتايېۋچ. مېنىڭ ئىشىم ئا-ساسەن تەرجىمانلىق. ماس قەدەمدە تەرجىمە قىلىمەن.

— بىلىمەن، بىلىمەن. تەرجىمانسىز ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. لېكىن، بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا سەن تەرجىمانلا ئەمەس، ئار-سىن. سېنىڭ مۇنداق تۆغقىنىڭ بار — بەكتۇر ئاغا — «چېرچىل ئاغا»! بۇنىڭدىن ئېيتسىلار! بىزنىڭ بەكتۇر ئىلگىرى كول-خوزنى ناھايىتى ئوبدان باشقۇرغان، ھازىر بولسا ئارقار ئۇۋلاشتىن ئاق يىلپىز ئۇۋلاشقىچە پۈتكۈل ئوۋچىلىق ئىشلى-رى بۇ كىشىنىڭ ئالقىنىدا. ئۆزۈڭ ئاخباراتچىلار ساھەسىدىن كەلگەن خان - پادىشاھلاردىن!

بۇ چاقچاق بىلەن ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئارقىدىن رەسمىي سۆزگە كۆچتى. ئاساسەن رايون باشلىقى سۆزلىدى.

ئالدى بىلەن ئۇ بۈركۈت تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنى قانداق قىلىپ ياخشىراق ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە توختالدى (ئەرەب بايلىرى تاغ بۈركۈتلىرى بىلەن شۇڭقارلارنى بەكمۇ ياخشى كۆ-رۈشىدۇ ۋە ئۇزەڭگىلەشىنىڭ ئوۋچى قۇشلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە خۇشال ئېلىپ كېتىشىدۇ). بۈركۈت تەقدىم قىلىش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ: بېشىغا قېيىش قالپاق كىيدۈرۈلگەن بۈركۈت خۇدا ساقلاپ قولىنى زەخمىلەندۈرمەسلىك ئۇچۇن قو-لىغا تېرە پەلەي كىيدۈرۈلگەن ئەزىز مېھمانلارنىڭ قولىغا قوندۇرۇلىدۇ. گەپ بۇنى قانداق ئۆتكۈزۈشتە: مېھمانلار تۈيۇق-جارغا كېلىش بىلەنلا بۈركۈتنى تەقدىم قىلغان ياخشىمۇ ياكى ئوۋ - شىكار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار قايتىش ئالدىدا تەقدىم قىلغان ياخشىمۇ؟

تاشتانئافغان ئەڭ ياخشىسى مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى ئا-ساسلىق پائالىيەت بولغان ئوۋ - شىكاردىن بۇرۇۋەتمەي، سوۋ-غىنى ئەڭ ئاخىرىدا — قايتىش ئالدىدا بارلىق شان - شۆھرە-

تى بىلەن بەرگىنىمىز دۇرۇس، دەپ ئېتتىك پوزىتسىيە بىلدۈردى. باشلىق بەكتۇر بىلەن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پىكرىنى قوللىدى. رايون باشلىقى جانىشىبايېفمۇ قوشۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان تاشتانئافغان تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

— سوۋغا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك، بۇركۈتنى قولىغا قوندۇرىدىغان دەقىقىدە شامانلار نەق مەيداندا ئۇۋ ـ شىكار ئەپسۇنىنى ئوقۇپ تۇرۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ.

— بىزدە بۇنداق شامانلار بار — بۇركۈتلەرگە ئاتاپ ئەپسۇن ئوقۇپ، پېرىخونلۇق قىلىشىدۇ. مېھمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ دۇئا قىلىپ نېمە دەۋاتقانلىقلىرىنى چوقۇم بىلگۈسى كېلىدۇ، ئۇنداقتا سەن، ئارسىن، ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ بېرىسەن. شامانلارنىڭ ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىڭ ئايلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇ شاماننىڭ ئەپسۇن ـ دۇئالىرىنى ئالدىن ئاڭلاپ باقساڭ بولارمىكىن.

— بولىدۇ، ئويلىنىپ باقاي، — دېدى ئارسىن سامانچىن ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ، تاشتانئافغاننىڭ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي. «ئۇ ئۆيىنى ئۆزگەرتتىمۇ ـ يا؟ شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولاتتى! ئەگەر بۇرۇنمىزدىن يېتىلەپ ماڭماقچى بولسىچۇ؟»

تاشتانئافغان ئارسىننىڭ زىددىيەتلىك روھىي ھالىتىنى بىر ئاز سېزىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ بېشىنى تېخىمۇ بەكرەك ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ «شامالباش» لەقەملىك بىر شامان ھەققىدە بىمەنە ھېكايىسىنى باشلىدى.

— بىزنىڭ تۇيۇقجاردا، قورچۇبېك ئالتايېۋىچ، بىر شامان بار، باشقا يەردە بۇنداق شاماننى ھەرگىز تاپقىلى بولمايدۇ. بەكتۇر ئاغا، سىز بىلىسىزغۇ شامالباشنى، — بەكتۇر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى، — ئارسىن، سەنمۇ ئاڭلىغان

دۇرسەن بەلكىم؟ ئۇنى ئايلىمىزدا چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن بىلىدۇ. ئەگەر ئۇ پېرىخونلۇقنى باشلىۋېتىدىغان بولسا، قۇ ـ تۇلالمايسەن! قانداق باشلايدۇ دېمەمسەن! پېرە سالىدۇ، سەكرەي ـ دۇ، خىرىلدايدۇ، قىرقىراپ ناخشىغا چۈشىدۇ:

كۆرمىدىڭلارمۇ،
تاغلارنىڭ غۇلىغىنىنى؟
كۆرمىدىڭلارمۇ،
دەرەخلەرنىڭ ئۆرۈلگىنىنى؟
كۆرمىدىڭلارمۇ،
كەينىگە ئاققان دەريانى؟
بۇنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلدىم،
ھەممىڭلارنى ھەيدەيمەن،
قوتانلارغا قامايمەن،
يىقىلماستىن پۇتۇمغا
قۇتۇلمايسىلەر زادىلا.
مەن شامالباش، بارى كېلەر قولۇمدىن!
مەن شامالباش، بارى كېلەر قولۇمدىن!

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. رايون باشلىقى جانىشبايېف خۇشال ـ لىنىپ سورىدى:

— دېمەك، مۇشۇ شامالباشنى مېھمانلارغا كۆرسىتىشكە بولىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

بىراق، باشلىق بەكتۇر قەتئىي قىلىپ جاۋاب بەردى:

— ئويلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق! يېقىن يولـ ـ تىشقا بولمايدۇ! شامالباش يۇلقۇنىدۇ، قىرقىرايدۇ، قورقۇتىدۇ، ئۇنىڭ جۆيلۈشلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، قانداق ئويلايسەن، ئارسىن، مۇشۇنداق ئالىجوقىلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش

زۆرۇرمۇ؟

— تەرجىمە قىلىشتا گەپ يوق، بىراق، بۇركۇت تەقدىم قىلىش دېگەن تەنتەنىلىك مۇراسىم، ئۇنى تەسىرگە ئۇچراتماسلىق كېرەك. بۇركۇت دېگەن ئابرۇيلۇق قۇش. شاتۇتى ئەمەسقۇ...

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مۇزاكىرىلىشىدىغان رەسمىي مەسىلىگە ئۆتتى. سىرتتا قاراڭغۇ چۈشتى. باشلىق بەكتۇر چىرچىلىگە ئوخشاش غاڭزا بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ رايون باشلىقىغا پۈتكۈل پىلاننى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى نېمە ئۈچۈندۇر «ئوقىيىلپىز پىلانى» دەپ ئاتىدى. كۆپچىلىك دەپتەرلىرىگە «ئوقىيىلپىز پىلانى» نى ماددىمۇماددا قىلىپ يېزىۋالدى: ئايرودۇرۇمغا بېرىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش؛ ئۇلارنى تۇيۇقجارغا يەتكۈزۈپ كېلىش؛ مېھمانلارنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال قوغداش ئەترىتىگە بىر ئىشخانا (هازىر مەجلىس ئېچىۋاتقان مۇشۇ ئىشخانا) بېرىش؛ ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرۇپ تاغقا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىش. تاغدا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر بارگاھ — مېھمانلارغا ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىرقانچە چېدىر تەييارلاپ قويۇلدى، ئۇلارنىڭ جايلىشىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ھېسابقا ئېلىنغان. جىلغىغا مېڭىش ئۈچۈن ماشىنىلار تەييارلانغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاتاردىن يۇك توشۇش ئايروپىلانى بىلەن ئېلىپ كېلىنىدىغان ئامېرىكىنىڭ «ھامېر» ماركىلىق بىر ماشىنىسىمۇ بار. ئۇنىڭ نېرىسىغا ماشىنا مېڭىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن مىنىپ ماڭىدىغان ئاتلارمۇ تەييار قىلىپ قويۇلغان، ئاتلار تاقىلاپمۇ قويۇلغان. ئاخىرقى يولنى پىيادە بېسىشقا، يار - داۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما بۇنىسى ئوۋ - شىكارچىلارنىڭ ئۆز ئىشى. رايون باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ھەم-

مىسىنى خۇشال قىلغىنى «ئوقيىلپىز پىلانى» نىڭ ھەربىر ماددىسىدا ئېلىنىدىغان ھەقىنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى بولدى، ھەر خىل چىقىملار جۇملىدىن يېقىلغۇ پۇلى، ئات، ئېگەر ـ توقۇم پۇلى ھەتتا گۇلخان يېقىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئوتۇن ـ چاۋا پۇللىرىمۇ ھېسابقا ئېلىنغانىدى. بۇ سېپىي ئۆزىدىن تىجارەت پىلانى بولۇپ، ئۇ تۈيۈقجارلىقلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇلار نېمىنىڭ بازار ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى بىلدى. باسقان ھەربىر قەدەم چىقىم ـ دە.

كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى ئالامەت يۇقىرى بولدى. رايون باشلىقى جانىشبايېف قىزىقىپ باشلىق بەكتۇردىن سورىدى:

ــ ئاقساقال، بۇ تولىمۇ ئەتراپلىق تۈزۈلگەن پىلان بولۇپتۇ. بىراق، «ئوقيىلپىز» دېگەن بۇ ئىسىم نەدىن كەلگەن؟

باشلىق بەكتۇر تاماكىسىنى ئىچىگە بىر تارتىپ كۈلدى:

ــ بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېيتالايدىغان «ئوقيىلپىز» دېگەن بىر ناخشا بار. ئارسىن، ئېسىمدە قېلىشىچە سەن ئۇ توغرۇلۇق بىر ماقالە يازغانىدىڭ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، ئاقساقال، فولكلور توغرۇلۇق توختالغان.

ــ مانا مۇشۇنداق قىلىپ، قورچۇبېك ئالتايېۋىچ، شۇنىڭدىكى سۆزلەر ئېسىمگە چۈشتى، مەن بىر ئېيتىپ باقاي:

تاغدىن ـ تاغقا سەكرەيدۇ ئوقيىلپىز،
ئولجىسىنى تۇتۇپ يەيدۇ ئوقيىلپىز،
ئولجىغا دائىم رازى ئوقيىلپىز،
تەبىئەت بەرگەن كۈچى بار چەكسىز.
سىلەردە بولسىكەن شۇنداق كۈچ ـ قۇۋۋەت تالماس،
بىزدىمۇ بولسۇن زادىلا تايماس.
بىزنىڭ ئوقيىلپىز، باتۇر ئوقيىلپىز...

رايون باشلىقى چاۋاك چېلىپ كەتتى:
— دېمەك، مۇشۇ يەردىن ئېلىنغانىكەن ـ دە! قالتىس! دېمەك، ئاقساقال، سىز ئۆزىڭىز باتۇر ئوقيىلپىز ئىكەنسىز ـ دە؟
باشلىق بەكتۇر مۇرسىنى قىسىپ دېدى:
— بۇ، گەپنىڭ قانداق ئېيتىلىشىدا. ئەگەر گەپ تىجارەت ئۈستىدە بولسا، بىزنىڭ رايونىمىزدا مەن ئانچە ـ مۇنچە مۇ ـ ۋەپپەقىيەتلىك ئىش قىلدىم. بىراق، ھەقىقىي ئوقيىلپىز با ـ تۇرلارنى دېسەك، ياشلارنى دېسەك بولىدۇ. مانا تاشتانئافغاننى ئالايلى، ئەگەر ئۇ ئوقيىلپىزلارنى تاپالىسا، قورشاپ كېلەلە ـ سە، مانا ئۇ ئوقيىلپىز باتۇر بولىدۇ!
— رەھمەت، رەھمەت! — دېدى تاشتانئافغان مەمنۇنىيەت بىلەن.
— بىزدە يەنە بىر ئوقيىلپىز باتۇر بار، كىم دېسەڭلەر تۇرلۇك تىللارنىڭ مۇتەخەسسىسى ئارسىن! مېنىڭ جىيەنىم!
— مەن قانداقمۇ ئوقيىلپىز بولاي! مەن بىرىنەچچە كۈز ـ لۇك ياردەمچى — تىلماچمەن، تىلماچلار مەڭگۈ باتۇر بولالماي ـ دۇ، — دېدى ئارسىن چاقچاق قىلىپ.
ھەممەيلەن كۈلۈشتى. خۇشاللىقا، دوستلۇققا، سەمىمىي ـ لىككە تولغان كەيپىيات ئوقيىلپىز ئوۋلاش پائالىيىتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى بىلدۇ ـ رۇپ تۇراتتى. باش رول ئالغۇچىلارنىڭ سەھنىگە چىقىشىلا قالدى. بۇ ئۇلارنىڭ تەقدىرنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا — تەلىيىگە باغلىق، يەنە كېلىپ ئوۋ ـ شىكارچىلارنىڭلا تەلىيى ئەمەس، ئوۋ ـ شىكار قىلىنىدىغانلار ـ نىڭمۇ تەلىيى. ھازىر ھەممە ئىش ئويىدىكىدەك.
رايون باشلىقى جانىشبايېفنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىدىكى

كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئۇ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئۆزى ئايروپورتقىلا بېرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ئۇلارغا سالام بېرىپ كېتىدىغان بولدى، بۇركۈت تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ۋاقتىنى ئۇۋ ـ شىكارنىڭ نەچچە كۈن داۋام قىلىدىغانلىقىغا قاراپ يەنە مۇزاكىرىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەرەبلەر رازىمەنلىك جاۋابىنى قانداق بېرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى، ئۆزلىرى قاراپ بىر ئىش قىلار. مېھمان دېگەن مېھمان ـ دە، — دېدى باشلىق كەمتەرلىك بىلەن.

رايون باشلىقىنى نەق مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. رايون باشلىقى مېڭىش ئالدىدا يەنە:

— رەھمەت. چاي ئىچتۇق، سۆزلەشتۇق، مەن قايتاي، سائەت توققۇز بولۇپتۇ، — دېدى سائەتكە بىر قاراپ، — سىلەر بىلەن كېڭىشىش قىزىق ۋە پايدىلىق بولغانلىقتىن ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كەتتى. سىلەرنىڭ «ئوقيىلپىز پىلانى» ڭلارنى بىر پۈتۈن ئىستراتېگىيە دەپ ئېيتسىمۇ بولىدىكەن. ياخشى بولۇپتۇ بەكتۇر ئاقساقال، ئايروپورتتا كۆرۈشەيلى. سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

ئۇلار قۇچاقلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى قىسىشىپ خوشلاشتى. ئارسىن سامانچىن ئايىلداشلىرىنىڭ سەمىمىي مېھماندارچىلىقىغا ھەيران بولدى. تىجارەتنىڭ بۇ يەردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇلار مېھمانلاردىن — نېفىت ماگناتلىرىدىن مەرد ـ مەردانىلىقنى كۈتۈشەتتى، شۇ سەۋەبتىن ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ قاتنىشىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتاتتى، جۇملىدىن يەرلىكنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرى.

بىراق بۇ، ئاخىرقى ھېسابتا قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئادەت.

ھەيران بولساڭ تاشتانئافغاننىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بول. ئۇ شۇنچە قىزغىن، ئاكتىپ، سىلىق بولغانلىقتىن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ شۇنچىۋالا زور تەۋەككۈلچىلىكنى پىلانلىغانلىقىنى — مەلۇم تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇمۇ بىر خىل بازار ھەرىكىتى — خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ۋىجدانى تۇيۇپ قالدىمۇ - يا؟ «خۇدا ساقلىسۇن، ھەممە ئىش ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتسىكەن» دەپ ئويلىدى ئارسىن سامانچىن ئۈمىد بىلەن. لېكىن ئەندىشىسى بېسىلمىدى، شۇڭا سوراپ يۈنىڭدىن جاۋاب ئالغۇسى كەلدى، بىراق ھازىرچە ئۇنداق قىلغىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلېسنى سېغىنىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگۈسى كەلدى - يۇ، بىراق ئالدى بىلەن يەنىلا تاشتانئافغان بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش كېرەك دەپ قارىدى. تاشتانئافغان رايون باشلىقى ۋە بەكتۇر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئېتى باغلاقلىق مومىغا قاراپ ماڭدى. ئارسىن سامانچىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇ ئېتىنى مىنىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

— ھەي، — دېدى ئۇ تاشتانئافغاننى توختىتىپ، — ئەمدى سېنىڭ ھەربىي شەپكەڭ قانداق بولۇپ كەتتى؟ يەنىلا كىيمەكچىمۇسەن؟

— ئەنسىرىمە، ھەممىسى جايىدا بولىدۇ.

— ھەممىسى جايىدا بولىدۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟

— مەن ساڭا دېدىمغۇ، ئەنسىرىمە! پۈتتى! مېنىڭ يەنە ئىشلىرىم بار.

تاشتانئافغان ساۋاقدىشىنى ئېغىر گاڭگىراش ئىچىدە قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇ ھېلىلا خۇدا ئالدىدا تىزلىنىپ توۋا قىلماقچى بولغاندەك قىلىۋاتاتتى، ئىززەت - ئىكرام ۋە ئەدەپ - قائىدە بىلەن؛ ئەمدى بولسا گەپمۇ قىلغۇسى يوق. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇنى مۇنداق چۈشەنسىمۇ بولىدۇ: ئۆزاق پىلانلانغان بۇ پىلاندىن

ۋاز كېچىش ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭدىن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدى، شۇڭا سەل ئاچچىقى كېلىپ قالدى. مەيلى ئەمدى! پەيلىدىن يانسىلا بولدىغۇ، ئوۋ - شىكار پائالىيىتىدە «ئوقيىلىپىز باتۇر» بولۇۋەرسىنا.

ئارسىن سامانچىنىڭ ئۆزگىمۇ قىيىن بولدى، رېئاللىق بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى ئۆزى بىئەپ ھېس قىلىپ قالدى. بۇنداق ئوۋ - شىكارچىلىقنىڭ ئېكولوگىيەگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى توغرىسىدا ھېچقانداق ئادەم بىرەر بېشارەتمۇ بېرىپ قويمىدى. ھەممەيلەن ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىك ئىش دەپ قارىدى. مۇشۇنداق ئۆزگىچە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىش قىلىپ كەلگەن كارخانىچى بىلەن يېقىن تونۇشلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن شۈك بولۇپ قالدى - دە. تاۋار ئىگىلىكى ئادەملەرنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆلارنىڭ جان دۇنياسىنىمۇ ئۆزىنىڭ تورىغا چىرمىۋالدى. باشلىق بەكتۇر تېخى يېقىندىلا ئۇلارغا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن : كۆندۈزى ئىشلارغا قىزىقىپ نېمە گەپلەر بولۇۋاتقاندۇ دەپ تىڭتىڭلىغىلى كەلگەن غەلىتە بىر ئادەم ئاجايىپ بىمەنە بىر پىكىرنىمۇ قىپتۇ. ئاق يىلپىزنى ئوۋلاش دېگەن ئاددىي بىر ئىش، باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ئويلاپ بېقىڭلار، ئېيتايلۇق، تاغدىكى قارمۇ پۇلغا يارايدۇ، دەپتۇ ئۇ. باشلىق بەكتۇر بۇنداق خام خىيالنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپتۇ، ئۇ ئادەم دېگۈدەك: ھازىر دۇنيادا ھەممىنى ساتقىلى - سېتىۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ تاغلىرىمىزدىكى قار دەريالاردىكى سۇ دېگەن گەپ. پۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىزنىڭ يىل بويى ئېرىمەيدىغان قارلىرىمىزغا تايىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، تاغ — بىزنىڭ، قار ۋە مۇزلۇقلار — بىزنىڭ. تۈزلەڭلىكلەردىكى ئېرىق - ئۆستەڭ، زىرائەت، كۆل - ھاۋزىلارنىڭ ھەممىسى ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس! ھەممىسى بىزنىڭكى!

شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۇ ئۇچۇن پۇل تۆلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە ھەر خىل ئېنېرگىيە-لەرنىڭ ھەممىسى ھېچكىمگە يۈز خاتىرە قىلماستىن ئەسەبىي-لەرچە يۇقىرى باھادا سېتىلىۋاتقان يەردە بىز نېمىشقا ئۆزد-مىزنىڭ سۈيىنى بىكارغا بېرىدىكەنمىز؟ سۇ بولمىسا تۇزلەڭ-لىكتە ھاياتلىق بولامتى! لېكىن، نېمە ئۈچۈن بىرەر كىشىمۇ رەھمەت دەپ قويمايدۇ؟ بۇ تۆۋەندىكىلەرنىڭ بىز تاغلىقلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگىنى. ئەمىسە نېمىشقا ئاق يىلپىزلارنىڭ ئارقىسىدىن چۇقان كۆتۈرىمىز؟ «مەرگەن» شىركىتى ئوۋ-شىكارچىلىققا قىلىنىدىغان مۇلازىمەتنى سېتىش بىلەنلا قال-ماي، سۇ تىجارىتىنىمۇ قىلسۇن، شۇنداق قىلىنسا ھەممىمىز پۇلغا ئىگە بولىمىز. ھېلىقى ئادەم ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆزىنىڭ بازار ئىدىيەسىنى ئەسەبىيلەرچە ماختاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا سۇ دېگەن خۇدانىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا بەرگەن ئىنئامى دەپ تە-سەللى بېرىشكە، قايىل قىلىشقا توغرا كەپتۇ.

بۇ ۋەقەدە زامانىۋى بازار ئۆلچىمى ئاساس قىلىنمايدىغان بولسا، ئاجايىپ بىمەنە، كۈلكىلىك ئىش بولغان بولاتتى...



ئارسىن سامانچىن ئەنە شۇ يوسۇندا ئويلاپ رولنىڭ ئار-قىسىغا ئۆتتى. ئۇ ماشىنىسىنىڭ ماتورىنى ئوت ئالدۇرماي، ئەلېسنىڭ تېلېفونىنىڭ نومۇرىنى باستى. ئۇ يەنىلا ھەمراھ-لىرى بىلەن سودا ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقان چېغى. ئۇ-نىڭ ئاۋازىنى بەكمۇ ئاڭلىغۇسى كەلگەنىدى. «ئوقيىلپىز پىلا-نى» ئېسىگە كەلگەندە، ئۇ شۇ كۈنى ئۇچراشقان ئادەملەر ئىچىد-دە كاللىسىغا ئاق يىلپىزلارنى ياۋايىلارچە ئوۋلاشقا قارشى تۇ-رۇش پىكرى كەلگۈچىنىڭ بىردىنبىر ئەلېس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى. دۇرۇس، ئەلېسمۇ ئايىلداشلىرىنىڭ ئۆزىنى قول-لىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش تۇتقاندا ئايىلداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتەتتى. شۇنداق

بولسىمۇ يوق دېگەندىمۇ نەزەرىگە ئىلىنگۇدەك بىر ئادەمنىڭ چىققانلىقىدىن، ئۇ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. ئارسىننىڭ ئۇنىڭ ئۇننى ئاڭلىغۇسى كەلگەن، ئۆزىنىڭ ئۇننى ئاڭلاتقۇسىمۇ كەلگەن. لېكىن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇلغان تېلېفون ئېلىنمىدى.

ئەمدى ھەدەملەرنىڭكىگە قايتاي، ئۇلار ساقلاپ قالدى، دەپ ئويلىدى ئارسىن. ئەتە ئەتىگەندە بەكتۇرغان بىلەن ئايروپورتقا بېرىش، ئاندىن كېيىن ئاساسلىق مېھمانلارنى كۇتۇۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش، ئاخىرىدا تاغقا مېڭىش، ئالدىدا ماشىنا بىلەن، كېيىن ئات بىلەن، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن تىك يار، قىيا ـ جىلغىلاردا قار دۆۋىلىرىنى بويلاپ ئاق يىلپىز بار يەرگە پىيادە مېڭىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئوۋ ئوۋلاش، ئوۋ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ يىرتقۇچلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈش كېرەك. باشلىق بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئارسىننىڭ بۇ ئىشقا قاتنىشىشىنى بەكمۇ ياقتۇرغان. «تاغقا چىقىش ھەرقانداق تەرجىماننىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، سېنىڭ بولسا ھازىر كۈچكە تولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭ. بىزنىڭ جەمەتىمىزدە يىگىتلەر ئەزەلدىن قاۋۇل كېلىدۇ. خۇدايىم ساقلىسۇن...» ئۇ توغرا ئېيتسا كېرەك. ئارسىن ئەرەب مېھمانلار بىلەن تەڭ دېمەتلىك. لېكىن، مېھمانلار مەشىق قىلىپ يېتىشكەن ئالپىنىستلار، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، كۆرىمىز ـ دە...

تېز سۈرئەت بىلەن باشلانغان بۇ جەريان ئەلېستە يۈز بەرگەن خاتىرجەمسىزلىك ۋە غەم ـ غۇسسە ئىچىدە داۋاملاشتى. ئەلېس سودا ھەمراھلىرىنى مېنىڭ ياردىمىمسىز ئۆزۈڭلار بېرىۋېرىڭلار دېگەنگە كۆندۈرەلمىدى. ساراتوفقا بېرىشنى كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولمايتتى. ئەلېس تەڭقىسلىقتا قالدى، تېلېفوندىن ئايرىلماي، ئۈزلۈكسىز توك قاچىلاپ تۇردى، ئۆچۈپ قېلىپ، سۆيگىنى بىلەن سۆزلىشەلمەي قېلىشتىن

قورقتى. ئەتىسى ئامالسىز ساراتوفقا كەتتى.

ئۇ، بۇ دۇنيادا قانچىلىك يول ماڭدى، ئەرزان باھالىق كىيىم - كېچەك بىلەن تولغان قانچىلىغان تاغارلارنى كۆتۈردى، يولدا ئامان - ئېسەن يېتىپ بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك جەبىر - جاپالارغا چىدىدى، پويىزدا ياكى بېكەتلەردە ساقچى ۋە تاموژنا خادىملىرىغا قانچە قېتىملاپ ئاخىرقى نەچچە تىيىن پۇلىنى تارتقۇزۇپ قويدى دېمەمسىز! لېكىن، كۆڭلىدە سەپەردىن ھېچقاچان بۇنداق بىزار بولغان ئەمەس ئىدى. ھەتتا كالىلىسىغا پۇتۇنلەي ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر ئوي — ئاق يىلپىزلار ياشايدىغان تاغلارغا كېتىپ قالايمۇ - يا، ئۇ يەرلەردە، ئوۋچىلار ئارىسىدا تۇرۇپ سۆيگۈنۈمنى كۈتۈۋالايمۇ - يا، ئۇنىڭغا سېنى بۇ يەردە كۈتتۈم، سېنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كەتكۈم بار دەيمۇ - يا، دېگەن ئويمۇ كەلدى. لېكىن، رېئال تۇرمۇشتا، ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىلگىرى ئۇلار — ئۇ، زەينەپ ۋە ئايىلدىكى ئىككى ئايال نەگىلا بارمىسۇن تۆتەيلەن بىللە ماڭاتتى، شۇنداق ھەمراھ بولۇپ ماڭغاندىلا بۇلاڭچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمايتتى: يەككە ماڭغان نۇرغۇن ئايال سودىگەر يوقاپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، پەقەت ئەلېسنىڭلا رەسمىي گۇۋاھنامىسى — تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن ئۆتىدىغان گۇۋاھنامىسى بار ئىدى، قالغانلىرى ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ئۇ بارمىسا بولمايتتى.

ئەلېس شۇ كېچىسى ئۇن چىقارماي ئازراق يىغلىۋالدى، خۇدادىن ئىنئام قىلىپ بەرگەن بەختىنى تارتىۋالماسلىقنى تىلىدى...

پەقەت ئۇزاق كۈتكەن تېلېفوننىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندىلا ئۇلار يېڭىباشتىن بەختكە چۆمۈلدى. ئۇ ئۇنىڭغا ئۆز

ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تېزرەك كۆرۈشۈشكە ۋەدە بەرگەندىن كېيىنلا ئەلپىس بىرئاز يېنىكلىگەندەك بولدى...

* * *

شۇ كېچىسى تولغان ئاي تاغلارغا شولا تاشلاپ تۇراتتى، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار سۇپسۇزۇك ئاسماندا ئۇنى چۆرىدەپ تۇراتتى. نەسلىداشلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئوقىيلىپىز غايەت زور بۇ ئايغا قاراپ ئۇنلۇك ئىڭراپ قويدى، ئايغا نالە قىلدى، لېكىن ئاي ئۈندىمىدى. ئۇ باشقا يەرگە بېرىشى، باشقا ئاق يىلپىزلارغا يېقىنراق يەرگە كېتىشى كېرەك ئىدى. لې-كىن، ياق، خۇددى جىن تەگكەندەك، ئۇزەڭگىلەش بىلىنىڭ ئالدىدىن كەتمەي قويدى. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى ئاتلىق ئۇ-چەيلەن بۇ ئەتراپتا پەيدا بولۇپ قالدى، مىسكىن ئوقىيلىپىز ھەتتا ئۈنىڭدىنمۇ خاۋاتىرسىزلىنىپ كەتمىدى. يۇرۇۋەرمەمدۇ، نېمە كارىم ئۇلار بىلەن. بىراق، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ تۇرغىنى دەل شۇ — «يوغان باش، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق» ئوقىيلىپىزغۇ...



## 9

بەكتۇرنىڭ «ئوقىيلىپىز پىلانى» ماھىيەتتە خىزمەتنىڭ پىلان كۆرسەتكۈچى بويىچە ئۇلىنىپ داۋام قىلىشىنى كاپالەت-لەندۇردى. تەشكىللىگۈچىلەرگە يېتەرلىك باھا بېرىش كېرەك، پىلان ھەقىقەتەن پۇختا ئويلىنىش ۋە توغرا ھېسابلاشتىن ئۆت-كەن، شۇڭا ھېچقانداق ئۇزۇكلۇك كۆرۈلمىدى. پۇتكۇل تۇيۇق-

جار ئايلى ئوۋچىلىقنىڭ تەييارلىق ۋە رەسمىي ئىشلىرىغا تار -
تىپ كىرىلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئايىلدىكى چوڭ - كىچىك
ھەممەيلەن يىلپىز ئوۋلاش پائالىيىتىنىڭ غەلىبىلىك ئاخىر -
لىششىنى ۋە چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغاندەك پايدىنى كۈتۈشەت -
تى. ئايىل خۇشاللىققا چۆمگەن. پەقەت ئاق يىلپىزلارنىڭلا ئۆز
بېشىغا كېلىپ قالغان بالا - قازادىن خەۋىرى يوق.
«مەرگەن» شىركىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممە ئىش جا -
يىدا، مېھمانلار بىلەن بولغان سۆھبەت ئارسىن سامانچىنىنىڭ
تەرجىمىسى ئارقىلىق كېچە - كۈندۈز توختىماي ئېلىپ بې -
رىلدى. باشلىق بەكتۇر ئىشىنەتتىكى، مۇبادا ئارسىن بولمى -
سا، بۇنداق ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بولغان ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ
بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا پۇرسەت بولۇپ قالسىلا
جىيەنىگە رەھمەت ئېيتىپ: «يەنە بىر قېتىم ئېيتاي بىزنىڭ
قىممەتلىكىمىز، سەن كېلىدىغان مېھمانلار بىلەن سۆزلەشكە -
نىڭدە، ئۇلار يامغۇردىن كېيىنكى گۈلدەك روھلىنىپ كېتىدۇ.
مەن بىر ئېغىز سۆز بىلمىسەممۇ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن كۆرەلەي -
مەن بۇنى» دەيتتى.
ئەمەلىيەتتىمۇ، ھەقىقەتەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى.
ئايروپىلاننى كۈتۈۋېلىپ سالاملاشقاندىن تارتىپ ئايروپورتتىن
چىقىپ يول ئۈستىدە، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە باشقا مۇھىم راق
مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەردە ئەرەب
مېھمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى ياخشى تىلەكلىرىنى ۋە
قىزىقىشلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. ئارسىن سامانچىنمۇ خىز -
مەت سالمىقىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي باشقىچە بىر خىل
كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز
توختىماي دېگۈدەك ئىنگلىزچە، رۇسچە ۋە قىرغىزچە تەرجىمە
قىلىپ تۇراتتى. بىرىنچى باسقۇچتا تەييارلىق گۇرۇپپىسى،
ئاندىن مېھمانلار يېتىپ كەلدى، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق تەر -

تىپلىك ۋە مەدەنىي يوسۇندا مېڭىپ تۇردى، بۇنىڭدىكى تۆھپە
ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى.

ئىككى ئەزىز مېھمان ئەسلىدە مۇئامىلىگە ئۇستا ياشلار-
دىن ئىكەن، يېشى ئانچە بەك پەرقلەنمەيدىكەن. ئۇلار زامانغا
لايىق پىكىر قىلىدىغان، تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدىغان، ئە-
قىللىق، ئىللىق چىراي ياش يىگىتلەر ئىكەن؛ بىرى كامبرىج
ئۇنىۋېرسىتېتىنى، يەنە بىرى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى
پۈتتۈرگەنىكەن. ھەسەن قارا بۇرۇتلۇق، مىسىر بۇرۇت قويمى-
غانىكەن، ھەر تەرەپتىن قارىغاندا، ئوۋ - شىكارنى ئۇلار ئۇچۇن
قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كۆرسىتىدىغان ۋاستە دېگەندىن
كۆرە، ئىنتايىن مۇھىم تەنھەرىكەت دېگەن تۇزۇكتەك قىلاتتى.

يېڭى باشلانغانلىقى ئۇچۇن بۇ ئۇچۇر ۋە كۆزىتىش كۇپايە.
ئارسىنىمۇ مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى، بۇ رايوننى ۋە تاغ
كىلىماتىنى، بۇ يەردە ياشايدىغان ئاھالىنى ۋە ئۆرپ - ئادەت
ھەم ئەنئەنىلەرنى تونۇشتۇردى.

ئۇلارنىڭ ماشىنا ئەترىتى تۇيۇقجارغا كەلدى، باشلىق
بەكتۇر ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا
ماڭغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانلار ئولتۇرغان «ھامېر»لار
ماڭغان بولۇپ، ئارسىن سامانچىن تەرجىمان ۋە ھەمراھ بول-
غۇچى، كېڭەشچى سۈپىتىدە شۇلار بىلەن ماڭغانىدى، ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن ساقچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە تېلېۋىزىيەدە نەق
مەيداننى كۆرسەتكۈچى خىزمەتچىلەرنىڭ ماشىنىلىرى ماڭغا-
نىدى.

تۇيۇقجارلىقلارنىڭ ھەممىسى كوچىغا چىقىشقان بولۇپ،
مېھمانلارنى دوستانە كۈتۈۋېلىشتى. «ھامېر»لارنىڭ ھەيۋىتى-
گە ھەيران قالغان بالىلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چېپىشات-
تى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ ئىت چېپىشاتتى. بۇنداق
ماشىنىنى ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، ئۇلار

بۇنداق ماشىنىلارنىڭ ئۆز ئايلىنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىغا ئىشىنەلمەي ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى، باللارلا ئەمەس، چوڭلارمۇ بىز مىلىيادېرلار قانداق بولىدىكىن دەپ قاراپ تۇر-ساق، ئۇلار تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئادەتتىكى يىگىتلەر ئىكەنغۇ، دەپ ھەيران قېلىشتى.

كەچ كىرىپ قالدى. مېھمانلار يېتىپ كېلىش بىلەنلا مەخسۇس تەييارلاپ قويۇلغان بىرنەچچە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇل-غاندى. ئۇلار بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن كەچلىك غىزا تار-تىلدى. مېھمانلارنى ۋوتكا ئىچەر دەپ ئويلىغان، نەدىكىنى، ئۇلار چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ: بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق شادلىق-تىن بەھرىلىنىشىگە پەقەت ئوۋ - شىكار ئاخىرلاشقاندىن كې-يىن، شەرقنىڭ مۇنداق ئېسىل يىلپىزىنىڭ تېرىسى ئولجى-مىزغا ئايلانغاندىن كېيىنلا رۇخسەت قىلالايمىز، دەپ ۋوتكا ئىچىشنى رەت قىلدى.

شۇنى ئېيتقاچ كېتىش زۆرۈر بولۇپ قالدىكى، پاراڭ ئارى-لىقىدا ئارسىن سامانچىن ئەرەب شىكارچىلىرىغا غايىب بولغان كېلىن رىۋايىتىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ ئەسلىدە مۇنداقلا تونۇشتۇرۇپ قوياي دەپ ئويلىغان، لېكىن ھاياجانلىنىپ كې-تىپ، مېھمانلارنى ئۆزىدىن بەتتەر ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇلار ئىنسانلاردا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كې-لىۋاتقان كۆرەلمەسلىك ۋە ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىققان قىز بىلەن يىگىتنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرىگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىپ كەتتى. ئۇلار يىگىتنىڭ كارامەت مەرگەن ئوۋچى بولۇپ، بولغۇسى قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىغا ئەڭ قىم-مەتلىك سوۋغا ھېسابىدا ئاق يىلپىز تېرىسىنى تەقدىم قىلغاز-لىقىدىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ زامانلاردا مىلتىق دو-رىسى ئىشلىتىپ ئاتىدىغان قورالمۇ يوق ئىدى - دە. ئۇلار ھا-زىرمۇ ئاشۇنداق ئاق يىلپىز تېرىسى سوۋغا قىلىنىدىغان ئادەت

بارمۇ؟ دەپ سوراشتى. دېمەك، ئاق يىلپىز تېرىسى قاپلان بىلەن يولۋاسلارنىڭ تېرىسىگە ئوخشاش، ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك قىممەتلىك تەبىئىي مەھسۇلات ئىكەن ـ دە؟ ئارسىن سامانچىن ئۇلارنىڭ ئوچۇقلىقىدىن قىزىقىشلا ئەمەس، ئاق نىيەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىدى. ئۇلار سۆز ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئەرەب ئەللىرىگە بارغان ـ بارمىغانلىقىنى سوراپ، مىسىردىن باشقا ئەللەرگە بېرىشقا نېسىپ بولمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ نام كارتۇچكىلىرىنى بەردى ۋە ئۇنى كاتتا ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى، ھەتتا دوستلۇقى ئۈچۈن ئۇنى بەدەۋىلەرنىڭ ئايىللىرىنى زىيارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئارسىن سەممىي رازىلىق بىلدۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە قىزىقىشلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ مۇخبىر بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەزى جىددىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىلىپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ — باشلىق بۇ ھەقتە دېگەن — لېكىن سۆز ئارىلىقلىرىدا نۆۋەتتىكى زور ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە گەپ قىلمىدى. بۇنداق مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزەرنىڭ بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. بەزى يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراش بىلەن بىۋاسىتە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىمۇ يوق. مەسىلەن، ئېكولوگىيە مەسىلىسى. بەزىدە ئۇلار بەكمۇ بېكىنمە ھالەتتە كۆرۈنىدۇ — بىر يەردە بەزى ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، لېكىن ماھىيەتتە، ھەرقانداق ئېكولوگىيەلىك ئىلگىرىلەش ئاخىرىدا بېرىپ پۈتۈن يەر شارىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئارسىننىڭ مېھمانلار بىلەن كۆپ نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلەشكۈسى بار ئىدى، بىراق باشلىق بەكتۇر

ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ تىجارىتىمىزدە ئەڭ ئاساسلىقى مېھمان-دوستلۇق — بۇ قائىدىلەرنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. مېھمانلار خۇ-شاللىق، تىنچلىق ۋە راھەت ھېس قىلسۇن.»

بۇنداق بولسا مەيلىغۇ، بىراق ئارسىن سامانچىنىنىڭ يۈرد-كىگە سانجىلغان تىكەن — تاشتائىئافغان ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇ-قىنى جاھىللىق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ پەيلىدىن يانغاندەك، تىنچلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ... بۇ ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بىراق...

مېھمانلار ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن يېتىش ئال-دىدا ھويلىغا چىقىشتى. ئۇلار سۈزۈك ئاينى، يالتىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى، تازا ئاسمان ئاستىدا بەھەيۋەت تۇرغان قارلىق تاغ چوققىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ كۆزىتىپ چىقتى.

ھەسەن قارلىق تاغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئارسىن ئەپەندى، غايىب بولغان مەرگەن يىگىت مۇشۇ تاغلار ئارىسىدا شىكار قىلىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۇ شۇ يەرلەردە ياشايدۇ ۋە شىكار قىلىدۇ، — دېدى ئارسىن سامانچىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

مىسىرمۇ سورىدى:

— غايىب بولغان كېلىنمۇ شۇ يەرلەردە ئايلىنىپ، يىغلاپ يۈرىدىغاندۇ، ھەقاچان؟

— شۇنداق، ئۇ تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ يىگىتىنى ئىزدەپ ۋە چاقىرىپ يۈرىدۇ.

— بىچارە قىز! — دېدى ھەسەن پىغان بىلەن بىر ئۇھ تارتىپ. مىسىر بولسا قىزىق بىر پىكىرنى ئېيتتى:

— ئېھتىمال، دۇنيا ئۇنىڭ شۇ ھالىتىگە موھتاجمىكىن؟ مۇبادا تېلېۋىزورنىڭ سىن ئېلىش ئاپپاراتى بىلەن ئېگىزدە تۇرۇپ، ئېگىز تاغدا چېپىپ يۈرگەن بۇ قىز سۈرەتكە ئېلىنسا، بۇ قىز ئارتىس سىمۋوللۇق بىر ئوبراز بولۇپ قالاتتى.

— قالتىس تەكلىپ بولدى! — دېدى ھەسەن ئۇنى قوللاپ، — غايىب بولغان كېلىن مۇھەببەت بىلەن ساداقەتنىڭ ھامىيسى دەپ ئېلان قىلىنىشى كېرەك، ئۇ ھەربىر ئادەم ئۈچۈن تۇغقان بولۇپ كېتىدۇ. مۇھەببەت پاجىئەسى ھەر دائىم يېنىمىزدا ئەمەسمۇ. بۇ توغرۇلۇق سىز قانداق ئويدا، ئارسىن ئەپەندى؟

— مەن ئالللىبۇرۇنلا «غايىب بولغان كېلىن» دېگەن بىر ئوپېرا يازماقچى بولغان. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا... سىلەرنىڭ پىكرىڭلار ماڭا زور ئىلھام بولدى. پىكرىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالدى. قاتتىق تەسىرلەندىم.

«غايىب بولغان كېلىن» توغرىسىدىكى ئوي يەنە مۇشۇ تەرزدە ئۇشتۇمتۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. ئۇلار ئۇۋ - شىدكار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ توغرۇلۇق يەنە ئوبدان بىر سۆزلىشىشكە كېلىشتى.

كېيىن ئۇلار خوشلىشىشتى:

— خەيرلىك كەچ!

— ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشەيلى!

ھەدىسىنىڭكىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنە بىر دەم ھويلىدا ئايلىنىپ يۈردى. مېھمانلارنىڭ سۆزلىرى ئارسىن سامانچىندا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان. ئۇ ياۋروپاچە تەربىيەلەنگەنىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەيرانمۇ قالدى: ئۇلار قانداقلارچە ئالىيجانابلىق بىلەن ئۇۋ - شىكار ھەۋىسىنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندۇ؟

لېكىن، ئەمدى ئۇخلاش كېرەك.

* * *

بۇ چاغدا تاغدىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەت-

كەن، ھەممىسى قاراڭغۇ دۇنيا تىنچلىقىغا پاتقانىدى. پەقەت ئۇزەڭگىلەش بىلىنىدىغان ئالدىدىكى ئوقيىلپىزلا بىئارام بولۇپ، ئايغا قاراپ ئىڭراپ تاپىنىنى يالاپ تۇراتتى. نېمە ئۇچۇندۇر ئۇ-نىڭدا ۋەھىمىلىك بىر سېزىم بار ئىدى... يىراقتىن ئاۋۋالقى-دەكلا شۇ ئاۋاز كەلدى، ئۇنىڭغىمۇ ئۇيقۇ يوق، غايىب بولغان كېلىن...

* * *

شۇ كۈنى كېچىدە بىر كىشى بۇ دۇنيادىكى مۇھەببىتىنى ئۇنتۇيالمىدى. ئەلىس ئۇ يەردە قانداق قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ساراتوفقا بارىدىغان پويىزغا ئۈلگۈرەلىدى-مىكىن؟ ئەگەر ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا، يەنە بىر سوتكا ساقلىشى كېرەك. ھازىر پويىز ئازلاپ كەتتى. كىشىلەر ئايروپىلانغا ئول-تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەلىس ئەتىگەن تېلېفون بەرگەن، كېيىن گەپلىشىدىغانغا پۇرسەت چىقمىدى. بىر مىنۇتمۇ. ئۇ يەنە ھېلىقى ئەستىن چىققۇسىز ھەممە ئىشنى، جىلغىدا، ئۆستەڭ بويىدا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بارلىق ئىشنى ئەسلەپ چىقتى. ئۇلار ئىككىسى بىللە بولسا نېمىدېگەن ياخشى، ئاشۇ بەختلىك، ئاجايىپ دەقىقىلەر تەكرارلىنىۋەر-سە...

قاراڭغۇ كېچە ئۆتۈپ كەتتى. سەھەرگە يېقىن ھاۋانىڭ رايى بۇزۇلدى. قەيەردىن كەلگەنلىكى نامەلۇم قارا بۇلۇتلار ئې-گىز تاغ ئاسمىنىدا پەيدا بولدى. بىردەم ماۋۇ تەرەپتىن، بىردەم ئاۋۇ تەرەپتىن يېنىك شامال چىقىشقا باشلىدى. يېقىنقى بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ياز كۈنلىرىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان تىنچىق بولۇپ كېتىپ، ئادەملەرگە مەڭگۈ مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدىغاندەك سېزىلگەن. ھازىرمۇ ئەنسىرىگۈدەك سەۋەب

يوق، سۇس تۇتۇق ھاۋا رايىمۇ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغىنىدەك ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كۆن ئىچىلىپ كېتەر. ئۇنى يامغۇرنىڭ ئالامىتى دەپ قاراشقا ياكى تېخىمۇ يامانراقىنىڭ، قارا يامغۇرنىڭ شەپىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئەتىگەندىن تارتىپ ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى، ئەمىسە سەن تېزرەك تۇتۇش قىل. «مەرگەن» شىركىتىنىڭ رەسمىي ھۆججىتىدە دېيىلگىنىدەك كىشىلەرنى «ئوۋچىلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش»قا ئۇيۇشتۇر.

مېھمانلار ئولتۇرغان ئوق ئۆتمەس «ھامىېر»لار يولغا چىقىش ئالدىدا ئارسىن سامانچىن مەرگەن مىلتىقىنى، ئاپتوماتىك مىلتىق، دۇربۇن، مېگافون ـ ياڭراتقۇ ۋە ئېگىزلىكتە ئوكسىگېن يېتىشمەي قالسا ئىشلىتىدىغان ئوكسىگېن سۇمۇرۇش ماسكىسى ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەر ئەستىن چىقىپ قالغان بولمىسۇن دەپ يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى... ئۇلار ماشىنىنىڭ سائەتلىك سۈرئىتىنى قىرىق ـ ئەللىك كىلومېتىردىن ئاشۇرماي ئوتتۇز كىلومېتىرچە مېڭىپ ئات مىنىدىغان يەرگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى. ئات باققۇچى يىگىتلەر تەييار تۇرۇپتۇ. ئاتلارنىڭ ھەممىسى تاقىلانغان، ئېگەرلەنگەن.

بۇ يەردە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتقا ئارتىش كېرەك بولغاچقا، بۇ ئىشقا باشلىق بەكتۇرنىڭ ئۆزى نازارەت قىلىپ تۇردى.

بۇ ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى ئات مىنىشتە خېلىلا يېتىشكەن چەۋەندازلاردىن ئىكەن. تاغدا ئاتلىق يۈرۈش بەيگە مەيدانىنىڭ تۈز يوللىرىدەك ئەمەس. تاغدا ئات بىلەن يۈرگەندە ھەر دائىم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ مېڭىشقا، ئوڭ تەرەپتىن ياكى سول تەرەپتىن تاشلار دومىلاپ چۈشكەندە ئاتنىڭ قەدىمىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلار ئاتلىرىنى ئاستا يورغىلىتىپ مېڭىشتى. ئالدىدا

يەرلىك يول باشلىغۇچىلار، باشلىق بەكتۇر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپ مېھمانلار، ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا ئارسىن سامانچىن ماڭدى. ۋاقتىنچە يۇزمۇيۇز سۆزلىشىپ مېڭىشقا بولاتتى، شۇنداق بولسىمۇ بىر - بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق پەيدا بولغاندا ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن دەپ ھەربىر كىشى مېگافون ئىلىۋالغانىدى. ساقچىلار بىلەن ياردەمچىلەر بىرئاز ئارقىدا كېلىشمەكتە. تاغلارنىڭ ئارىسى بارغانسېرى تارىيىپ، چوققىلار تىكلىشىپ بارماقتا، يان باغىردىكى بوش شېغىل تاشلار سەۋەبىدىن مېڭىش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا، شۇنداقتىمۇ ھازىرچە يەنىلا ئات بىلەن مېڭىشقا بولاتتى.

بۇ ئارىلىقتا ئېگىز تاغدىكى ھايۋاناتلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىرنەچچە قېتىم ئۇركۇپ ھەرقايسى تەرەپكە سەكرەپ قاچقان تاغ تېكىلىرى ۋە مۈڭگۈزلۈك ئارقارلار كۆرۈندى. مەڭگۈ يىرتقۇچلارنىڭ يېمى بولغان ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلار، ئۆز ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن قاياقىدۇر يۈتكەلمەكتە ئىدى. ھەسەن دۇربۇن بىلەن ئۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ چىرايلىق ۋە ئەپچىل ھەرىكەتلىرىنى ماختاپ كەتتى. ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بىرئاز ھاسىراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن ھازىر ئويلاپ كەتتىم، دوستلار، بۇ چىرايلىق جانىۋارلار توپلىشىپ باشقا بىر يەرگە كېتىپ قالسا، ئاق يىلپىزلار ئاچلىقتىن بىر - بىرىنى يېيىشىدىغۇ دەيمەن - ھە!

— ئەقلى يەتمەيدۇ - دە! — دېدى مىسىر كۇلۇپ، — بولمىسا ئاللىقاچان قېچىپ كېتىشكەن بولاتتى.

— ئېھتىمال، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ دەل تەبىئەتنىڭ شۇنچە ئاقىلانىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمىكىن؟ — دەپ گەپ قىستۇردى ئارسىن سامانچىن.

ئىككى شىكارچى كۇلۇشۇپ كەتتى.

— توغرا! تەبىئەتنىڭ ئاقىلانىلىقىغا بەيئەت قىلىش كې-رەك!

— ئاق يىلپىزلارنىڭ مۆۋەپپەقىيىتى بىزنىڭمۇ مۆۋەپپە-قىيىتىمىز! شۇنداقمۇ؟

بۇنداق چاقچاقلىشىپ تۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىشتەك كەيپىيات ياراتتى، بۇ ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ئارسىن سامانچىن دەل شۇنداق بولۇشىنى، مېھ-مانلاردا مۇمكىنقەدەر ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئوۋ - شىكار ئۈ-چۈنلا ئەمەس. ئادەم بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇنداق سورۇندا ئىنتايىن مۇھىم - دە.

— مانا، ھۆرمەتلىك مېھمانلار، — دېدى ئۇ، — شىركىتى-مىزنىڭ باشلىقى بەكتۇرغان ماڭا بىزنىڭ ئاۋۇ يارنىڭ ئار-قىسىدا بىردەم ھاردۇق ئېلىشىمىزنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تا-پىلىدى. ئۇ يەرگە چېدىر تىكىلگەن. ئاتلىرىمىزنى شۇ يەرگە باغلاپ قويىمىز، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئەمدى پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

— بىز تەييار.

— شىكار دېگەن شىكار...

چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. باشلىق بەكتۇرغا رەھمەت، ئۇ كىشىلەرنى چېدىردا بىرئاز ئارام ئالدۇردى، تاغنىڭ قىمىزىنى قۇيدى. ئېگىز تاغ ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى — نەپەس ئېلىش ئازراق قىيىنلاشتى. ئۇلار خالتىلىرىنى، قورال - ياراغ، مېگافون ۋە باشقا جابدۇقلىرىنى ئېسىپ كۆرۈشتى.

قىيىن يولنى بېسىپ كەلگەن مېھمانلار دەم ئېلىش ئۈ-چۈن چېدىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئارسىنغا ئاخىر ئايرىم تۇرىدىغان پۇرسەت چىقتى. باشلىق بەكتۇر ئىككى يار-دەمچىسىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ساقىلىنى

ئالىقىنى بىلەن سىيپاپ بىردەم ئېغىر نەپەس ئالدى. ئۇ ئالدى بىلەن مېھمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا قورشاپ بەرگۈ-چىلەردىن ھېچبىر خەۋەر بولمىغاچقا، دەرھال ئوۋ - شىكارغا چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش زۆرۈر دەپ ھې-سابلىغۇدى، مېھمانلار بۇنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇنداق ئېگىزلىكلەردە ئالپىنىستلار بىلەن گېئولوگلار ئېيتقاندەك، «روھنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشى» — كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭىلىنىشى بولىدىكەن، يەنى ئەتراپتىكى دۇنيانى يېڭىباشتىن چۈشىنىشكە بولىدىكەن. تاغلاردا چوڭقۇر ئوي - پىكىرلەرگە تېخىمۇ بەكرەك چۆمۈلگىلى بولىدىكەن. ھەرقانداق دىنىي ئېتىقادقا مەنسۇپ ئىبادەتخانا، چېركاۋلارنىڭ كىشىلەر-نى جەمئىنا ئېتىكاپتا ئولتۇرسۇن دەپ كۆپىنچە تاغلارغا سې-لىنىدىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى ئىكەن. تاغدا پىكىر - مۇلاھىزە قىلىش پەس تۈزلەڭلىكلەردىكىگە قارىغاندا توسالغۇسىز بولى-دىكەن، ھېسسىياتنى تېخىمۇ ئاسان مەركەزلەشتۈرگىلى بولى-دىكەن. ئېگىز تاغلىق رايونلار غەلىتە بېشارەتلەرگە ئىگە ئى-كەن. قولىڭىزنى سۇنسىڭىزلا يېتىدىغاندەك بولۇپ تۇرغان ئاسمان بېشىڭىزنىڭ ئۈستىدە، قولىڭىزنى سۇنسىڭىزلا بۇ-لۇتلارنى تۇتالايسىز. ئۇ يەرلەردىكى مىليون يىللىق گىرانىت تاشلار يەرنىڭ پوستى بىلەن چاپلىشىپ كەتكەن. ئۇ يەرلەردىكى قار ۋە مۇزلار ناھايىتى پاكىز بولۇپ كىرىستالدەك يالتىراپ تۇرىدىكەن، قولىڭىزنى سۇنسىڭىز ئۇنىڭغىمۇ تېگىدىكەن. سۇپسۈزۈك سۇلار مۆلدۈرلەپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. كۆپكۆك ئاس-ماننىڭ شولىسى ئۇنىڭغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. شالاڭ ھاۋا شۇن-چە ساپ، يېنىك ئىكەنكى، نەپەس ئالغىنىڭىزدا گويا ھازىرلا ئې-غىر ئىشتانكىنى كۆتۈرگەندەك بولىدىكەن.

بۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. ئېگىز تاغنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا ئادەم ھەقىقەتەن مەلۇم

ئالاھىدە روھىي ھالەتنى پەيدا قىلالىشى، ئۇنىڭ پىكرى، ئۇنىڭ سېزىمى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى قارلىق چوق-قىلارغا ۋە ئېگىزلىكتىكى كۆچلۈك شامالىلارغا ئوخشاپ كېتىد-شى مۇمكىن. ئارسىن سامانچىنىڭ مۇشۇ پەيتتە ھېس قىلد-غىنى مۇشۇنداق ھالەت بولدى. ئۇ گويا باشقا بىر دۇنياغا كىد-رىپ چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك، يۈرەكنى مۇجىغان بارلىق دىلد-خەستىلىكلەرنى تاشلىغاندەك بولدى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇ-چە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنى گويا بۇ يەردىكى دەم ئېلىش پوىز-كىتىدا ئەمەس، بەلكى يىراق يايلاقتا تۇرغاندەك سەزدى. ئويغاق چاغدىكىدەك، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاند-دەك، يولۇچىلار پويىزنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان رىتىملىك ئاۋا-زىنى ئاڭلىغاندەك، ئۆزى بولسا پويىزنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ئە-گىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ پو-يىزنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ: «ئەلېس، ئەي ـ ي ئەلېس، بۇ مەن. سېنى سۆيىمەن! ئەي، مېنىڭ گۈزىلىم! سەن ساراتوفقا كې-تىۋاتىسەن، مەن تاغدا، يىراق مەن سېنىڭ بىلەن بىللە. سەن-سىز ياشىيالمايمەن!» دەپ توۋلاۋاتقاندەك بولدى. پۈتكۈل ئىس-تۇدېنتلىق ئۆمرىدە ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ ساراتوفقا بارغان، ئۇ يەردىن موسكۋاغا بارغان، ئۇ ۋولگا دەرياسى بويىدىكى سارا-توفنى سۆيەتتى! قازاقچە سارىتاۋ! ئەمدى ئەلېس شۇ ياققا كې-تىۋاتىدۇ، ئۆزى بولسا خىيالىدا ئۇنىڭدىن ئۇنى بەك سۆيگەنى-لىكى، خاتىرجەم مېڭىشىغا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىغاندەك بولدى. لېكىن، ئۇ ئەمدى راستتىنلا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئەسەبىيلىشىشكە باشلىدى، ئۆز بې-شىدىن كەچۈرگەنلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئەسلەپ كەتتى، خىيالىدىكى ۋەقەلەرگە شۇنچە چوڭقۇر پېتىپ كەتتىكى، خىيا-لىدىكى ئىشلار رېئاللىقتىكى ئىشلارغا ئوپمۇئوخشاش بولۇپ كەتتى.

ئارسىننىڭ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدا بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاشمىدى. ئۇنى پەقەت ئەلىپسلا ئاڭلىدى ۋە كۆردى. ئۇ ۋاگونلارنىڭ ئۇلانغان يېرىدىكى ئوچۇق ئىشىكتىن بىر قولى بىلەن تۇتقۇچنى تۇتۇپ تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ، يەنە بىر قولىنى ئارسىن سامانچىنغا ئۇزاتتى:

— ئارسىن! ئارسىن! ئاڭلىدىم، سېنى كۆردۈم، مەن سېنى سۆيىمەن! تېزرەك يېتىشىۋال، بىر سەكرەپلا چىققىن، مەن سېنى تۇتۇۋالىمەن!

ئەركىن خىيالدىكى شامالدا نېمىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ دەيسىز! ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ غايىب بولۇپ كېتىۋاتقان پويىزغا يېتىشىۋالماقچى بولاتتى، ئۇ يېتىشىۋالدى، چۈنكى مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلار شۇنداق بولۇشقا ئىنتىلىدۇ، مۇھەببەتتىكى تەشنالىق دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولغان بولىدۇ، ئەبەدىيلىك ۋە يېمىرىلمەس كۈچمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. چۈنكى ئۇ — ئۈرۈق قالدۇرۇش چاقىرىقى.

بۇ — تەقدىرنىڭ ئىرادىسى. ئۇ پويىزغا يېتىشىۋالدى، ئەلىپس ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئۇ بىر سەكرەپلا چىقىۋالدى، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كەتتى...

— يۈر، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ئارسىن سامانچىن ئاخىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، — ساڭا دەيدىغان مۇھىم سۆزلىرىم بار.

— ئالدىراپ نەگە باراتتىڭ؟ قارا، ھېرىپ كەتكىنىڭنى، بىردەم ئارام ئېلىۋال...

— ۋاقىت يوق. بىز تاغدا ئوۋ - شىكارغا تەييارلىنىۋاتىمىز، مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك. قارا، ماۋۇ سومكىدا

مىنىڭ قول يازمام بار...

— قول يازما؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئارسىن؟ مۇشۇ قول يازمىنى دەپ پويىزنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈڭمۇ؟

— ساڭا ئېيتىپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. يۈر.

ئۇلار ئايرىمخانىنىڭ دېرىزىسى يېنىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتى، ئارسىن سامانچىن ئۇنىڭغا مۇنداق بىر گەپنى قىلىپ بەردى:

— ئەجەب ياخشى بولدى، ئەلىس، بۇ سومكىدىكىسى مېنىڭ ساراتوف ھەققىدە يازغان ھېكايەم، ئوقۇغاچ ماڭارسەن. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن ۋەقە. ئۇ زاماندا بىز تېخى تۇغۇلمىغان، بولغۇسى ئاتا - ئانىمىزمۇ يالاڭئاياغ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئۆسمۈرلەردىن بولسا كېرەك. مانا شۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئالەم ئۆزگەردىغۇ، بۇ ھېكايىدە مەن شۇ يىللارنى ئەسلەپ يازدىم، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىشكە بولمايدىغان ئىشلارنى يازدىم: بارلىق ئۇرۇش ئالدى بىلەن تۇگىمەس قىرغىنچىلىق، ھەرقانداق بىر ئۆلتۈرۈلگۈچى — ئۇنىڭ گېنېرال ياكى ئاددىي ئەسكەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — مەڭگۈ جىمىيدىغان ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان ۋاقتىدا ئۆكۈنمەي قالمايدۇ. مەن شۇ دەۋر توغرىسىدا «ئۆلتۈرۈش — ئۆلتۈرمەسلىك...» دېگەن تېمىدا قايغۇلۇق ھېكايە يازدىم. ھازىرقى زاماندا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش تاماكىنىڭ قالدۇقىنى ئىرغىتىپ تاشلىغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئوڭغا - سولغا قارىماي قالايمىقان ئېتىشىدۇ، مەن ئۆزۈم ئاشۇنداق بوسۇغىغا بېرىپ قالاي دېگەنىدىم. بۇ ھېكايە قۇرۇق توقۇلما ئەمەس، جىنايى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى چىرايلىق توپلام ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان ئەمەس. بۇ ھېكايە مېنىڭ بىلەن بىللە ئوكيانىنىڭ تېگىدىن ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ قالغاندەك، ئۇنى مىليونلىغان ئۆلتۈرۈلگەنلەر ۋە ئۆلتۈرگۈچىلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقتا

بىرىپ جىمجىتلىقتا ئۇلارغا ۋە ئۆزۈمگە ئوقۇپ بەرمەكچى بولغاندەك ھېس قىلىمەن. ئەپۇ قىل، ئەلىس، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەرزىمەس ھېسسىياتلىرىم ۋە ئويلىرىم ئىچىدە مەست بولۇپ كەتتىم. بىراق، سەن كەسپىي كۆتۈپخانا خادىمىغۇ، سەن بىلىسەن، سەن ۋەقەنىڭ تېگىگە يېتىسەن، مەن بەك رازى، سەن مېنىڭ بۇ قالايمىقان پىكىرلىرىمنى ئەستايىدىل ئوقۇپ باق. سەن بېشىڭنى لىڭشىتىۋاتىسەن، رەھمەت ساڭا، ئەلىس. خوش، تېخى يېقىندىلا ئۆتۈپ كەتكەن قىشتا مەن بايقوڭىرغا باردىم. ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىلىدىغان مەيداندا تۇرغىنىمدا، ئۇزاق مۇددەت ئالەم كېمىسىدە ياشاپ تۇرغان ئالەم ئۇچقۇچىسى سالىجان① ئالەم بوشلۇقىدا، ئوربىتىدا تۇرۇپ ماڭا تېلېفون بېرىپتۇ. ئىككىمىز دوست ئىدۇق. مەن بىر ئادەم توغرۇلۇق، ئالەم بوشلۇقىدا ياشىماقچى بولغان ھەربىر ئادەم ئۇچۇن يەر ئىزدەۋاتقان ئادەم توغرۇلۇق — بۇ ھازىرچە خام خىيال بولسىمۇ، لېكىن كېلەچەكتىكى مەلۇم بىر زاماندا ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن — بىر خاتىرە يازماقچى ئىدىم. مەن يەنە ئۇتوپىيەگە سۆرەپ كىرىلدىم. كەچۇر. خوش، ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ قىشتا، مەن ئۇچۇن كونىنى ئەسلەيدىغان پەسىل كەلدى — مەن پويىزغا چۈشمىگىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەن، يولدا كېتىۋېتىپ ئىستۇدېنتلىق دەۋرىمدە دائىم پويىزغا چۈشۈپ سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەپ كەتتىم. بايقوڭىردىن پويىز بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا ساراتوف ئارقىلىق موسكۋاغا بارىمىز. دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ ئەتراپتىكى مەنزىرىگە كۆز سالىمەن — پويىزغا چۈشكەن ۋاقتىمدا دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم، مەن شۇنداق بىر غەمكىن ئادەمغۇ، ئامال يوق، مەن مانا مۇشۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ تۇرغىنىمدا ئۆتكەن ئىشلار بىردىنلا دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا كېلىپ ئۇرۇلغاندەك يۈرىكىمگە كېلىپ تەگدى. بايا كۆڭلۈمدە

ئېتىلىپ چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ھەممە ئىش كۆڭلۈمنى بىر ئالغانىكەن. بۇ تۆمۈر يولدا، ئوخشاش جايلارنى كېسىپ ئۆتتە-دىغان، يايلاقلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان، قازاقىستاننىڭ كۆز يەتكۈسىز دالىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، ساراتوفنى كېسىپ ئۆتۈپ موسكۋاغا بارىدىغان پويىزلاردا نېمىلەر بولغان ۋە بو-لۇۋاتىدۇ؟ — دەپ ئويلىدىم مەن غەمكىن ھالدا. تۆمۈر يوللار ئاۋۋالقىدەكلا، ئۇياقتىن كېلىدۇ، بۇياققا كېتىدۇ، ئوخشاش بىر تەرەپكە كېتىۋاتقان پويىزلارمۇ شۇنداق: غەربتىن شەرققە ياكى شەرقتىن غەربكە. لېكىن، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ كىشىلەرنىڭ تەقدىرى قانداق غايەت زور ئۆز-گىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى؟ ئۆتۈپ كەتكەن يىللاردىكى ئىشلار خۇددى ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ تارتىلغان كىنو لېنتى-سى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەندەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلدى: ئارال دېڭىزى خاراب قىلىندى، يۇرەكلىرىمىز ئېچىـ-شىدۇ، لېكىن بايقوڭىر راكېتا قويۇپ بېرىش مەيدانى ياسال-دى... بۇ ئارىلىقتا قانچىلىغان ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى - ھە! ئە-نە شۇ ۋاقىتتىلا مەن بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى سەپەرداش بىر مېيىپ ھەربىيدىن ئاڭلىغانلىرىمنى چوقۇم يېزىپ كېتە-مەن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدىم. بۇ مېيىپ ھەربىينىڭ ئىسمى سېرگېي نىكولايېۋىچ بولۇپ، ئۇ جازا لاگېرىنى باشتىن كە-چۈرگەنىكەن. بۇنداقلار ھازىر «ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ئامان قالغان مېيىپ ھەربىي» دېيىلىدۇ. ھېكايىدە ئۇ بىر يىگىت بو-لۇپ ئىسمى سېرگېي، ئۇ چاغدا مەن ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەي-دىغان ئادىتىمىز بويىچە ئۇنى بوۋامدەك كۆرىدىغان ئىستۇدېنت ئىدىم. گەپنى يەنە ئۇزارتىۋەتتىم - ھە، ۋاقىت چەكلىك. سارا-توف ۋوگزالىدا سېرگېي نىكولايېۋىچ بىزنىڭ ۋاگونىمىزغا



① سالىجان شەرىپوف — رۇسىيەلىك ئالەم ئۇچقۇچىسى، ئۇ خەلقئارا ئا-لەم پونكىتىدا ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلغان.

ئۆتتى، موسكۋاغا بارغۇچە ئىككى سوتكا كەتتى، ھېكايە خېلى ئۇزۇن. كېيىن موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دوختۇرخانا تېپىشىپ بەردىم. لېكىن، ئۇن يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەن «ئۆلتۈرۈش — ئۆلتۈرمەسلىك...» نى يېزىش ئويىغا كەلدىم. سېرگېي نىكولايېۋىچ يەنى سېرگېي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مەن ئاڭلىدىم، سورۇشتۇردۇم. تولىمۇ ئەپسۇس. مەن سېرگېي نىكولايېۋىچ ماڭا ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان ۋەقەنى يېزىپ بولغان، توغرىراق ئېيتقاندا بايان قىلىپ بولغان چاغدا، مەن بۇ نەرسىنى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى قەبرىستانلىقىدا ئوقۇش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. بىلەمسەن، ئەلېس، بۇ ۋەقە بىلەن سېنىڭمۇ ئازراق مۇناسىۋىتىڭ بار. ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ ئەمەلىيەتتە، سەن، مەن ۋە بۇ ۋەقەنىڭ ھەممىسى غەرب بىلەن شەرقنى بىرلەشتۈرىدىغان يولدا، ساراتوف ئارقىلىق موسكۋاغا بارىدىغان يولدا يۈز بەرگەن. سېرگېي مۇشۇ يولنى بويلاپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان، مەن دائىم مۇشۇ پويىز بىلەن رۇسىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بولغان موسكۋا بىلەن لېنىنگرادقا ئوقۇشقا باراتتىم، مانا ئەمدى سەن مۇشۇ يول بىلەن، مۇشۇ پويىز بىلەن ئۇياق ــ بۇياققا قاتنايدىغان سودىگەرسەن، يەنى ھەممىمىزنى بىرنەرسە باغلاپ تۇرىدۇ... ھوي، توختات، توختات مېنى، ئەلېس. ۋاقىت! بىراق، ئاساسلىقى مېنىڭ ساڭا چۈشەندۈرەي دېگىنىم ــ ئارقاڭدىن يۈگۈرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى ــ كۈتۈپ تۇرۇپ كېيىنكى قېتىم ئالدىرىماي ئېيتىپ بەرسەم بولغۇدەك، بىراق كۈتەلمەيمەن ــ ئۇ ساڭا مۇناسىۋەتلىك، ئەلېس، بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن ساڭا ھازىرلا ئېيتىپ بېرىمەن: سەن مېنى قۇتقۇزدۇڭ. سەن مېنىڭدە نېمە ۋەقە يۈز بەرگەندە مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزغانلىقىڭنى بىلمەيسەن. بۇ يىل ئەتىيازدا، مەن «ئۆلتۈرۈش ــ ئۆلتۈرمەسلىك...» دېگەن ھېكايەمنى ــ ئۇرۇشنىڭ مەڭ-

گۈلۈك ماھىيىتى بىلەن ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ماھىيىتى تـوغـ
رىسىدا ئىپتىماقچى بولغان گەپلىرىمنى ئىپلان قىلـماقچى بو-
لۇۋاتاتتىم. ھەرقانداق ئۆرۈشنى ئادەم قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئا-
شۇ ئادەتتىكى، ئاساسلىق چىنلىقنى چۈشەنگەن ھەربىر كىشى
ئۈچۈن ئىپىتقاندا، ھەرقانداق ئۆرۈش — قايغۇ، مۇڭ... مەن
ئۆزۈمنىڭ ھېكايەمدە مۇشۇنى ئىپىتماقچى ئىدىم، لېكىن بۇ
چاغدا مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا بىر نەرسە بولۇپ ئۆتتى، مەن ئۆزۈم
ھازىرقى بىزنىڭ كۈنلەردە رەھىمسىز بىر قاتىللىقلا بەل باغ-
لىغانىدىم، يەنە كېلىپ بۇ سانسىزلىغان قاتىللىق دېلولىرىدىن
بىرىلا بولۇپ قالماي، يەنە بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئۈچۈن
ئىپىتقاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر خىل خۇداغا شەك كەلتۈ-
رۈش، كۈپۈرلۈق بولىدۇ: ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە تەرغىب قىلغىنى
بىر خىل، ئەمەلىيەتتە قىلغىنى تامامەن باشقا بىر خىل...
شۇڭا مەن «ئۆلتۈرۈش — ئۆلتۈرمەسلىك...» نى ۋىجدان ئازا-
بىنى تارتقۇم كەلمەي، ئىپلان قىلماي تىقىپ قويغانىدىم. ھازىر
مەن ئىزا تارتىۋاتىمەن. مەن ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئۆلتۈ-
رۈشتەك قىلمىشىم ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئىدىيەمنى ئاغدۇرۇ-
ۋەتمەكچى بولغانىكەنمەن. بىراق مانا — تەقدىر مېنى كەچۈ-
رۈپتۇ! — سەن، ئەلىس، مېنى ئادەم ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن
ياندۇردۇڭ، چۈنكى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مېنىڭ ئۈچۈن بىر
ئىلھام بولدى. مەن يېڭىباشتىن ئۆزۈمنىڭ ئالدىدا ئەركىن ۋە
سەمىمىي بولدۇم، بۇ سەن ماڭا بەرگەن ئازادلىق. تۈنۈگۈن مەن
بۇنى تەرسالىق بىلەن بۇ دېگەن ئادىل، ساقلىنىشقا بولمايدىغان
ئىنتىقام ئېلىش دەپ قارىغانىدىم، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق
قىلمايمەن.

ئالدىراشلىق ئىچىدە ساڭا ئېيتاي دېگەنلىرىم مۇشۇ ئى-
دى. شۇنىمۇ ئېيتايكى، قەلبىمدىكى بۇ ئۆزگىرىش بىز
ئۇچراشقاندىن كېيىن بولدى، بەزىدە خۇددى «ئۆلتۈرۈش —

ئۆلتۈرمەسلىك...»تە ئېيتىشقا ئۇرۇنغان نەرسىگە ئوخشاش، بىزدە مەنىۋى پىكىر ئالماشتۇرۇش نېمىدېگەن كەمچىل، ئىد-چىمىزدە يىغىلىپ قالغان ھېسسىياتلارنى سەممىيەتلىك بىد-لەن ئىپادىلەپ بېرىش نېمىدېگەن كەمچىل دەپ ئويلاپ كېتىد-مەن. قازا قىلغانلارنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئادەم ھايات ۋاقتىدا بىلىپ كېتەلمەيدىغان ھەقىقەتكە ئېشىنىش ئۇ-چۇن ياش يىگىت سېرگېينىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆندىلىك ئاۋا-رىچىلىقلاردىن بىكار بولغان ۋاقىتلاردا، جىمجىتلىقتا ۋە تىنچلىقتا ئوقۇش كېرەك. يەنە بار. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ سەممىي دۇئاسى بولىدۇ. مېنىڭ دۇئايىم مۇشۇ ھېكايىنىڭ تېكىستىدە. ئەگەر ئۇ ساڭا يېقىپ قالسا، سەنمۇ قوشۇل، بۇ ئورتاق ھېسسىياتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز. بۇ مۇھەببەتد-تىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە... مەن بۇنى خاتىرە دەپتىرىمگە پۈتۈپ قويدۇم — بۇ ھېكايىنىڭ تۇنجى قېتىم موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ۋولوكالامىسكى قەبرىستانلىقىدا ۋە بىرېست قەل-ئەسىنىڭ ئەتراپىدا، ئاندىن كېيىن باشقا كۆپلىگەن جايلاردا جۇملىدىن ياۋروپادا ئوقۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



كەچۈر، ئەلىس، ئۇزۇن، چۇۋالچاق يېزىۋېتىپتىمەن، لې-كىن بەختلىك دەقىقىلەر قىسقا بولغىنى بىلەن، مۇھەببەت ئىككىيلەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەڭگۈلۈك چاقىرىقنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆزگىچە بايقىلىشى. ھازىر مەن تاغدا، شۇنداق بولسىمۇ بىر ئايرىمخانىدا ئولتۇرۇپ ئىچ - قارنىمنى يارغاد-دەك سۆزلەپ كەتتىم. بۇنىسى خىيال، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئاتلىق بىرەيلەن بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، تاشتائىف-غانىنىڭ قورشاپ بەرگۈچىسىغۇ دەيمەن... بولدى، ئىشقا كىرد-شەيلى، كۆرۈشكۈچە، ئەلىس، كۆرۈشكۈچە...

بايىقى ئاتلىق كىشى قورشاپ بەرگۈچىلەر گۇرۇپپىسىد-

كى قامغاقباش ئىكەن. سالام تەرىقىسىدە كىشىلەرگە قامغاق-تەك ياخشا بېشىنى ئېگىپ قويغاندىن كېيىن ئۇ باشلىق بەك-تۇرغا: تاشتائىفغان مېنى سىلەرگە ئاق يىلپىزلارنى تاپتۇق، ئىككى ئۇيۇر بولۇپ، ئۇلارنى دۇربۇن بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، يەنە «يوغان باش، ئۇزۇن قۇيرۇق» بىر چوڭ ئاق يىلپىز تېخى نازارىتىمىز ئاستىدا، ئۇنى بىزگە كېرەك تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇرلىغىلى بولىدۇ، دەپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، دېدى. لېكىن، تاشتائىفغانىنىڭ ئاساسلىق تەلىپى — قانداق بىخەتەر ھەرىكەتلىنىشنى، چاتقاللىقتا مۆكۈۋالغان چوڭ ئاق يىلپىزنى قانداق قىلىپ مۇۋاپىق بىر ئورۇندا تۇرۇپ قارىغا ئېلىشنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تەرجىمان ئارسىننى ئالدى بىلەن مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتسە، نەق مەيداندا تۇرۇپ كۆرۈپ، ئاندىن شىكارچى مېھمانلارغا ئېيتىپ بەرمىسە، قۇرۇق گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئارسىننى مېنىڭ يې-نىمغا ئەۋەتسە، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. باشلىق بۇنىڭغا ما-قۇل بولدى.

— ھەي ئارسىن، سەن ھازىرلا مېھمانلارغا قورشاپ بەر-گۈچىلەر بىلەن شىكار قىلىش ئالدىدا ئۈچرىشىشقا بارىدىغان-لىقىنى چۈشەندۈرۈپ قوي. يىرتقۇچلار قۇۋ، يالغۇز، ئۇ ئا-دەمنى كۆرسىلا ئېتىلىپ كېلىشى ياكى چاتقاللىققا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. قورشاپ بەرگۈچىلەر قەيەردە، قانداق ئايلى-نىپ ئۆتۈش كېرەكلىكىنى نەق مەيداندا چۈشەندۈرۈپ قويىدى-كەن دېگىن.

مېھمانلار كۈتۈپ تۇرۇشقا دەرھال ماقۇل بولدى.

قامغاقباش ئاتلىق ئالدىدا، ئارسىن سامانچىن ئېتىغا مى-نىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. چىغىر يول ئەگرى - توقاي، غەلىتە تاشلار بىلەن تولغان چاتقاللىق ئارىسىدا ئىكەن. ئۇلار ئاران دېگەندە بىر ئويۇققا چىقتى. باش ئۇستىدە ئاللىقانداق

قۇشلار ئايلىنىپ ئۇچۇشاتتى. ئەتراپ جىمجىت. قامغاقباش قولىغا مىگافوننى ئېلىپ توۋلىدى:

— تاشتانئافغان، بىز كەلدۇق! ئاڭلىدىڭمۇ؟ بىز بۇ يەردە!

تاشتانئافغانمۇ مىگافون ئارقىلىق جاۋاب بەردى:

— مەنمۇ مۇشۇ يەردە! دەرھال!

ئارسىن ئارام ئېلىپ تۇراي دەپ ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋىدى، قامغاقباش ئۇنى توسۇپ:

— زۆرۈرىيىتى يوق، ئاتتا ئولتۇرۇۋەر. قارا، تاشتانئافغان مەشەدىلا ئىكەن، — دېدى.

تاشتانئافغان يان تەرەپتىكى چاتقاللىقتىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ئات ئۈستىدە، بويىنغا مىگافون ئاسقان، مۈرىسىدە ئاپتومات، بېشىغا ھەربىي شەپكە كىيگەن. ۋاي شۇملۇق! ئارسىن ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قالدى. تاشتانئافغان شەپكىسىنى تۈغرىلاپ قويۇپ دېدى:

— چەكچەيمە! بىز ھەممىگە تەييارلىنىپ قويدۇق! جەمئىي بەش ئادەم، ھەممىمىز ئاپتوماتلىق! يا يىگىرمە مىليون بارىمتانى قولىمىزغا تاپشۇرۇشىدۇ، يا ھەممىسى ئۆلۈشىدۇ! بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى! ھېچكىم تىرىك قالمايدۇ. ھېچكىمنى ئايىمايمىز! نېمە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— نېمىدەي؟ — دېدى ئارسىن سامانچىن ئاران ـ ئاران، — سەن ماڭا ئەنسىرىمە، ھەممىسى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەپ ۋەدە بەرگەنتىڭغۇ؟

— مېنىڭ «ياخشى» دېگىنىم مانا مۇشۇ. ئەمىسە بۇيرۇقنى ئىجرا قىل. ئارقاڭغا بۇرال، ئاۋۇ ياققا قارا، مەن ئېيتقان مولوتاش ئۆڭكۈرى ئاشۇ شۇ. ئۇ يەرگە مىنا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بايلارنى ئاشۇ يەرگە قامايمىز. سەن، مەن ئېيتقان گەپلەرنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ بېرىسەن، ھەربىر سۆزنى. دۇنياۋىلاشتۇرۇش كۆپچىلىك ئۈچۈن بىرلا، ئۇلار ئويلاپ قويۇش-

سۇن — پايدىنى ئۇلارلا كۆرمىسۇن. بىزگىمۇ ئۆز ئۇلۇشىمىز كېرەك. قارا، ئاۋۇسى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى، ئاتتىن چۈش، كىرىپ قاراپ باق. ناھايىتى چوڭ، تۇتقۇنلار بىر سوتكىا ئولتۇرۇشىدۇ، پۇل بولمىسا — ئايىمايمىز. نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟ ھوشۇڭدىن كەتتىڭمۇ؟ مەن سېنى ئاگاھلاندۇرغانتىمغۇ. سەن مېنى قەنت ـ ناۋاتتەك ئېرىپ كەتسىكەن دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ كۇتمە! ھەي، نېمىشقا ئۈندىمەيسەن؟ مەن سوراۋاتىمەن، بۇيرۇقۇمنى دەرھال ئىجرا قىلامسەن ـ ئىجرا قىلمامسەن؟!

ئارسىن سامانچىن ئاتتىن چۈشكەنىدى، ئەمدى ئاتقا مىنىش ئۈچۈن يەنە پۈتىنى ئۈزەڭگىگە ئالدى. تاشتانئافغان ئۇنى تارتتى:

— توختا! ئالدى بىلەن شۇنى ئۇقۇپ قوي، سەن ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىسەن، بىز ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئۆڭكۈرگە سولايمىز. گەپ ئوچۇق بولىدۇ. گەجگىسىگە ئاپتومات تاقىلىدۇ. مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە سەن ئۇلارغا سۈنئىي ھەمراھلىق تېلېفون ئارقىلىق دۇبەيدىكىمۇ، ئەرەب خەلىپىلىكى ياكى باشقا يەردىكىمۇ بانكىغا تېلېفون بېرىپ تېزدىن بۇياقتا ئايروپىلان بىلەن بىزنىڭ پۇلىمىزنى يولغا سالسۇن دەپ ئېيتقۇزىسەن. ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنىڭ ھەربىر سۆزى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە تامغا بېسىلغاندەك بولۇپ كەتسۇن! ئۇلار ئېيتقان ھەربىر سۆزنى بىرمۇبىر بىزگە تەرجىمە قىلىپ بېرىسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇنداق قىلمىساڭ، سەن بىزنىڭ تۇتقۇنىمىز بولىسەن. سېنىڭمۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئىشى پۈتىدۇ!

— ئالدىرىما، — دېدى ئارسىن سامانچىن يىرتقۇچقا ئوخشاش بولۇپ كەتكەن ۋەھشىي ئادەمنى نېيىتىدىن ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، — ئەگەر سەن مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن بولساڭ، بىلىپ قالغىنكى، بىر تامچە قان تامىدىكەن، مەن ھەرقانداق ئىشتىن يانمايمەن!

— بىزگە تەھدىت سالغۇچى بولما! مېنىڭ باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆككۈم يوق. يىگىرمە مىليوننى تاپشۇرسا، ئۇلار بۇ يەردىن تىرىك پېتىچە كېتىدۇ! مېنىڭ بۇيرۇقۇم مانا مۇشۇ! ئىجرا قىل! ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ ساڭا يىگىرمە مىنۇتلا ۋاقىت بېرىمەن! بىر سېكۇنتمۇ ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ! ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل، قورشاپ بەرگۈچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدىكەنمىز دېگىن. بىرەر چاتاق چىقسا، دەرھال ئوق چىقىرىمىز، ئوقىد-مىز قان چاچرىتىمىز. بىزنىڭ ئايرىلىپ قالىدىغان ھېچ نەر-سىمىز يوق! ئېسىڭدە بولسۇن، سېنىڭ بىلەن بىللە كېلىدى-غىنى ئاشۇ ئىككىسىلا، ئاق يىلپىزلارنى ئاتىدىغان ئىككىسىلا. سەن ئۇ ئىككىسىگە ئاق يىلپىز ئاۋۇ يەردىكەن، قورشىۋاپتۇ، دېگىن، باشقىلىرىمۇ بار، بىراق ئۇلارنى كېيىن. باشقا ئادەم-لەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشسۇن. ئۇقتۇڭمۇ؟ ئىجرا قىل!

— ھازىر، — دېدى ئارسىن سامانچىن گودۇڭشىغاندەك قىلىپ. ئۇ مۇبادا ساۋاقدىشىمنىڭ بېشىدا بۇ شەپكە بولمىغان بولسا ھەممە ئىش باشقىچە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى دې-گەندەك قىلىپ تاشتانئافغاننىڭ بېشىدىكى ھەربىي شەپكىگە كۆز تاشلاپ قويدى. ئۇ ئېغىر ھالدا بىر نەپەس ئالدى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ قارشى تەرەپكە، بايا كەلگەن تەرەپكە كەتتى.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئارسىن سامانچىن شى-كارغا كەلگەن مېھمانلارنى ئۆڭكۈرگە باشلاپ كېلىپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش، ئۆزىمۇ تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇش ئۈچۈن پۈكۈلگەن، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىگەن ھالدا ئۇنچىقماي كېتىپ بارىدۇ. ئاڭلىغىلى بولىدىغىنى پەقەت تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىۋاتقان ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلىشى. ئاللىقانداق ئى-سىملىك ئۇچار قاناتلار باش ئۈستىدە ئاۋازمۇ چىقارماستىن ئۇچۇپ ئۆتۈشتى. ئات چېدىر تىكىلگەن بارگاھقا قاراپ شېغىل

تاشلارنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭماقتا. مانا، ئۇ يەرمۇ يېقىنلى-شىپ قالدى، ئارسىن قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىكى چاتقاللىققا كەلگەندە ئېتىنى بىردىنلا توختىتىپ، پۈتىنى ئۈزەڭگىگە تى-رەپ ئۆرە بولۇپ تۆت ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ ئوڭ مۈرىسىگە ئېسىۋالغان مېگافوننى ئېلىپ، «كالاش» ماركىلىق ئاپتوماتنى ئېگەرگە تاقىدى، ئەلپازىدىن ئاللىقانداق بىر ئىشقا تەييارلىنىپ قويغاندەك قىلاتتى. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن ئارسىن سامانچىنىڭ مېگافون بىلەن كۈچەيتىلىپ تاغلارنى ياڭراتقان ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئىنگلىزچە، رۇسچە ۋە قىرغىزچە ئەسەبىي ۋە دەھشەت-لىك قىلىپ توۋلىدى:

— ھەي، ئاڭلاڭلار، مېنىڭ بۈيرۇقۇمنى، كېلىڭلار چەت ئەللىك مېھمانلار! ھوي قارغىشقا قالغۇرلار! — ياڭراتقۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى سىلكىنىشتىن دومىلىغان قارلاردەك جىرادىن - جىراغا، تاغدىن - تاغقا يەتكۈزۈپ قايتا - قايتا ئەكس سادا قوزغىدى، — ئاق يىلپىزلىرىمىزغا زىيان يەتكۈزۈشىڭلارغا رۇخسەت يوق! دەرھال بۇ يەردىن يوقىلىش! سىلەرنىڭ بىزنىڭ ياۋايى ھايۋانلىرىمىزنى قىرغىن قىلىشىڭلارغا يول قويمايمەن! بىزنىڭ مۇقەددەس تاغلىرىمىزدىن دۈبەيىڭلار بىلەن كۈۋەي-تىڭلارغا كېتىڭلار! بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلى-شىڭلارغا رۇخسەت يوق! ھازىرلا يوقىلىڭلار، بولمىسا تۈگىشى-سىلەر! ھەممىڭنى ئېتىپ تاشلايمەن! — ئۇ ئۆز سۆزلىرىنى ئاپتوماتنى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىلغان بىر دېسكا ئوق بىلەن تەكىتلىدى. تاغلار گۈمبۈرلىدى. تاشلار ئېگىزدىن گۈل-دۈرلەپ چۈشتى. بۇنىڭغا جاۋابەن دەرھال ھەر تەرەپتىن ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. سامانچىنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقتىن ئۆركىگەن ئېتى ئالدىغا قاراپ بىر يۇلقۇنۇۋىدى، ئە-جەللىك يېرىگە ئوق تېگىپ گۈپپىدە قىلىپ يىقىلدى. ئارسىن

سامانچىن ئاران تەسلىكتە ئاتنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا ئۈلگۈردى، ئۇنىڭ پۇتى چىقىپ كەتكەنىدى. ئوق ئاۋازى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەتتى ــ تاشتانئافغانىنىڭ ئادەملىرى، مېھمانلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، بەكتۇرنىڭ ئادەملىرى غالجىرلاشقاندەك ئېتىشماقتا ئىدى. ئارسىن چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئىتتىك ئاتلىرىغا مىنىپ بۇ يەردىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئارسىن ئۆلگەن ئېتى بىلەن قاتارلىشىپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن يارىدار بولغانلىقىنى سەزدى. مۈرىسى، كۆكرىكى، بېلىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىدىن مىدىرلىيالماي قالدى. ئۇ يانتۇلۇقتىن دومىلاپ كەتمەي، يانتۇلۇقتىن نېرىراق كېتەي دەپ ئاخىرقى كۈچىنى چىقىرىپ سەل نېرى بولۇشقا ھەرىكەتلىنىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىغا قانغا بويالغان چوڭ ئوقيىلىپىز چىقىپ ئۇركۈپ كەتتى. بۇ ئاشۇ ئوقيىلىپىز ئىدى. ئوقيىلىپىز خىرىلدىدى، بىر پۇتىنى سۆرەپ ئېڭىشكەن پېتى نېرىغا قاچتى. قۇياش ئارسىنىنىڭ باش ئۇستىدە چايقالدى، تاغلار تىترىدى، شامالدا ئۇ نەپەس ئالالماي قالدى. ئۇ مېگافون بىلەن ئاپتوماتنى تاشلاپ، يارىدار ئاق يىلپىز قاچقان تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەشكە تىرىشتى. ئۇ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى: تاشتانئافغانىنىڭ ھۆركىرەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ: «قارا يۈز! خائىن! ئۆل، كۆرەلمەسلىكىڭدىن بوغۇلۇپ ئۆل!» دەپ تىللىغىنىنى، بەكتۇرغان بوۋاينىڭ يىقىلىپ يېتىپ، ساقىلىنى يۇلۇپ: «ئۇيات! بېشىمىزغا كەلگەن نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك بۇ! سېنى خۇدا ئۇرسۇن، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇرسۇن!» دەپ سۇرەن سالغىنىنىمۇ كۆرمىدى ۋە ئۇقمىدى. تەكلىپكە بىنائەن كەلگەن شىكارچىلارنىڭ قېچىپ كېتىۋېتىپ ئەرەبچە نېمىلەرنىدۇر دەپ چۇقان سېلىشقانلىقلىرىنىمۇ بۇ تاغدا ھېچكىم چۈشەنمىدى.

قالايمىقان قارىسىغا ئېتىلغان ئوقلار بارا ـ بارا توختىدى، چۇقانلارمۇ ئۇزاققا بارماي بېسىلدى.

ئارسىن سامانچىن كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئادەملەرگىمۇ، يىرتقۇچلارغىمۇ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن... بىراق ئەمدى ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن ئىشى يوق. ئۇنىڭ جاراھىتى خېلى ئېغىر ئىدى، ئۇ بۇنى سەزدى، دېمى قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى، كىيىملىرى قانغا مىلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاققا بارالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، نەگىدۇر بىر يەرگە مۆكۈۋالغۇسى كەلدى. ئۇ ئاران ـ ئاران چامدىدى، يىقىلغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تىك تۇردى. قاتتىق ھاسىراپ كەتتى. ئەجەب ياخشى، ھېلىقى مولوتاش ئۆڭكۈرى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىكەن. ئارسىن سامانچىن ئاخىر ئۇ يەرگە يېتىپ باردى ۋە ئۆمىلىگىنىچە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆڭكۈردە ھېلىقى چوڭ يىلپىزنىڭ بارغانسېرى نۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقان كۆزىنى كۆردى. ئاق يىلپىز مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى. ئۇنىڭ ھەتتا ئالدىغا سوزۇلغان پۇتىنىڭ تىرناقلىرىغا تايىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە چىدىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. بېشىنى ئالدى پۇتىغا قويۇپ ياتقان بولۇپ، ئېغىر نەپەس ئالاتتى، گېلىدىن خىرىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى.

ـــ سەنمۇ بۇ يەردىكەنسەنغۇ؟ ـــ دېدى ئارسىن سامانچىن ئوقيىلپىزغا ئۇلار بۇرۇنلا تونۇشتەك.

ئوقيىلپىز قانسىراپ كەتتى.

ئادەممۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىككىسى ـــ ئادەم بىلەن ھايۋان ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائىتىدە ئاسمان ئاستىدىكى بىر مەخپىي ئورۇندا، بىر ئۆڭكۈردە يانمۇيان يېتىپ قېلىشتى...گويا چۆشىنەلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك، تاغلارنىڭ ئۈستىدىن قاتتىق گۈلدۈرمىما ئاۋازى كەلدى، قايتقان ساداسى

ياڭرىدى، ئۇ خوددى بۇ نىمىش؟ دەپ سورىغاندەك ئىدى. چاق-ماقمۇ ئوخشاشلا چۆچۈگەندەك بولۇتلار قاتلىمىدا ۋاللىداپ كەتتى...

شىكارغا كەلگەن مېھمانلار ئاتتىن چۈشۈپ، ماشىنىسىغا كىردى - دە، ئىتتىك ھەيدەپ ئايلىغا كەلدى، ئاندىن كېيىن ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا دەرھال ئۆزلىرىنىڭ «ھامېر»لىرىغا ئولتۇرۇپ، ماشىنا ئەترىتىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئوتتۇر ئەۋلىيائاتا ئايروپورتىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئايروپىلانى ئۇچۇش تەييارلىقىنى قىلىپ بولۇپ ساقلاپ تۇرغانىدى. ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى.

«مەرگەن» شىركىتىنىڭ خەلقئارا ئوۋ - شىكار تىجارىتى ئەنە شۇ تەرىقىدە بىراقلا چوققۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ تىجارەت پىلانىنىڭ بەربات بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىنىڭ بەكتۇرغان ئاكىنىڭ جىيەنى ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئىشىنەلمەي قالدى.

تۇيۇقجارلىقلار قورۇ - جايلىرىدىن چۇرقىرىشىپ چىقىپ كېلىشتى، گۇدۇڭلىشىپ توپلىنىشتى، غەزەپلىك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— نىمىدېگەن شەرمەندىچىلىك!

— ئارسىنىنى دارغا ئېسىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ! كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك، كۆيدۈرۈپ تاشلاش كېرەك!

— مۇشۇنداق بىر ئىشنى خاراب قىلدىغۇ! ئازراق پۇل تېپىشىمىزغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدىغۇ!

— ئۇنىڭغا ئەلدىن يىرتقۇچ مۇھىم ئىكەن، ئەمىسە ئۇنى ئاق يىلپىزلار تىتىپ يېيىشسۇن!

ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ ئەسەبىيلەشكەن جامائەتنىڭ غەزىپى تۇتۇپ ئارسىن سامانچىنىنىڭ ھەدىسىنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى، غەزەپكە كەلگەنلىكتىن ھويلىدا قولىغا چىققان،

پۈتىغا ئېلىشقانلىقى نەرسىنى چېقىپ ۋەيران قىلىشتى، ئار-سىنىنىڭ «نىۋا»سىنىڭ ئەينەكلىرىنى، چىراغلىرىنى چېقىپ كۇكۇم - تالقان قىلىپ تاشلىدى، هويلىدىكى ئارغامچىغا يېيىپ قويغان كۆڭلەك - چاپانلارنى تىتىپ تاشلىدى... ئىنىسىنىڭ يان كومپيۇتېرىنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىغان ھەدىسى تاياق يېدى، ئىشتىن قايتقان تۆمۈرچى ئېرىمۇ خوتۇنىنى قوغدايمەن دەپ تاياق يەپ ياردار بولدى...

پەقەت بىردىنلا يېغىپ كەتكەن قارا يامغۇر بىلەن گۈلدۈرماما ئاۋازىلا مالىماننى توختىتىپ كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە قايتۇرالىدى.

گۈلدۈرماما ئەتراپنى تىترىتىۋەتتى، ئارقا - ئارقىدىن چېقىلغان چاقماق ئاسماننى ياردى. يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ تاغدىكى جىرالارغا ۋە ئۆڭكۈرلەرگە تولدى.

بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك، ئەلېس كەچقۇرۇنلۇقى ۋوگزالدىن تۆيۈقجاردىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى. ئەلېس تېلېفون بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالسا ھەمراھلىرىنىڭ يانفونىنى ئىشلىتەرمەن، مېنىڭ يانفونۇم سېنىڭدە قالسۇن، دەپ ئۆزىنىڭ يانفونىنى ھەدىسىگە قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى بۇنداق قىلىپ باقمىغان، بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈندۇر ئالا-قىلىشىپ تۇرۇشنى ئويلاپ قالدى - دە، پويىز يولغا چىقىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ئەھۋال سورىغاچ تاغ تەرەپتىن بىرەر خەۋەر ئېلىپ باقاي دەپ تېلېفون بەردى. ئۇ گەپ قىلا - قىلماستىنلا ھەدىسى ھاياجانلىنىپ توۋلاپ كەتتى:

— پۈتكۈل ئايىل كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، قارا سېنىڭ ئارسىنىڭنىڭ قىلغان ئىشىنى، ئۇ تاغدا مېگافون بىلەن: «بىزنىڭ ئاق يىلپىزلىرىمىزدىن قولۇڭلارنى تارتىڭلار! كەلگەن يېرىڭلارغا كېتىڭلار!» دەپ مېھمانلارنى قوغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە تېخى ئۇلارغا ئوق چىقىرىپتۇ. ئەتراپتىكىلەرنىڭ

ھەممىسى ئـوق چىقىـرىپ ئۇنـىڭغا قايـتۇرما زەربە بـېرىپتـۇ، بەكتۇر ئاغا ئاچچىقىدا بېشىنى تاشقا ئـۇرۇپتۇ. تا ھـازىرغىچە ئايىلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلىپ ئارسىنىنىڭ ھەدىسىنىـڭ ئۆيىنىڭ ۋەتىۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئارسىنىنىڭ ئۆزى نە-گە قېچىپ كەتتىكىن. يا خەقلەر ئېتىپ ئۆلتۈردىمۇ، يا ئـۆزد-نى ئۆزى ئېتىۋالدىمۇ؟ ئاڭلاۋاتامسەن، ئەلېس، نـېمە، سۆزلـد-مەيسەنغۇ؟ ساڭا نېمە بولدى؟ جاۋاب بەر دەيمەن!

ھەدىسى قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى:

— ۋاي، شور پېشانە! ئەمدى نېمە بولۇپ كـېتەر؟ ئۇ ئـار-سىنىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىغۇ — ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— بولدى، ئەمدى يىغلىمـا! — دېدى ئېرى تـەسەللى بـد-رىپ، — ئويلاپ باققىنا، يىغلىغانىنىڭ نېـمە پايدىـسى؟ ئەلېـس كەلگەندىن كېيىن مەن ئۇنى تاغقا، مولوتاشقا ئاپىرىمەن. خـا-لىساڭ بىللە بارىمىز. ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۆزۈڭنى قىينىما.

— ئاھ، نېمە قىلاي؟ ئۇ نېمە بولۇپ كېتەر؟...مـولوتاشقا بارساق، باللار قانداق قىلىدۇ؟

— ھېچقىسى يوق. چوڭ بولۇپ قالـدىغۇ. بىـر - ئىككى كۈننى ئۆتكۈزەلەيدۇ. ماللارغا قارايدۇ. قوشنـىلار قاراپ قويـۇ-شىدۇ...

ئەلېس شاققىدە تۇرۇپ، ساياھەت سومكىسىنى ئۆشنىسـد-گە ئارتقان چاغـدا ھەمراھلـىرى ھاڭ - تاڭ بـولۇپ قالدى. ئـۇ دانە - دانە قىلىپ:

— سىلـەر ئۆزۈڭلار بېـرىڭلار. مـېنىڭ ساراتـوفتىكى گۇۋاھنامىلىرىم مانا، ئېلىڭلار. مەن دەرھال ئايىلغا قايتىمەن.

— نېمە بولدى، بىرەر كىشى قازا قىلىپتىمۇ؟

— بەلكىم.

— بىز قايتىپ كەلگەندە كۆرۈشىمىزمۇ؟

— بەلكىم.
— ئەمدى بىز نېمە دەيمىز؟ ئۆز مېلىڭنى ئالغىلى كېلەمسەن؟
— بەلكىم.
— ساڭا نېمە بولدى؟ باشقا سۆزۈڭ يوقمۇ؟
— مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويساڭلارچۇ! گېپىم تۈگىدى! ئۆزۈڭلار بېرىڭلار! پۈتتى!

ئەلېس شۇ گەپنى قىلدى - دە، ئالدىغا ئۇچرىغانلارنى ئىتتىرىۋېتىپ يۈگۈردى. كىشىلەر قېچىپ يول بېرىشتى. ئۇلار بىلىسچۇ...

*          *          *

ئۇلار بىلىسچۇ... كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ قايغۇسى بوشلۇقتىن ئۆتۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا چاقماق ۋە يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ، سۆيگىنى يوقاپ كەتكەن، ئۇ غايىب بولغان كېلىن بىلەن بىرلىكتە جىلغىلىرىدا چېپىپ يۈرگەن ئۇزەڭگىلەش تېغىغا سىپىلگەنلىكىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن... «ياردەم بەر ماڭا، قەدىرلىكىم، ئەگەر ئۇنى كۆرگەن بولساڭ، ئېيتقىن ماڭا!»

تاغ قاپتىلىدا قاراڭغۇ چۈشكۈچە يامغۇر توختىمىدى، گۈلدۈرماما ساداسى تۆت ئەتراپنى بىر ئالدى، ۋاللىدىغان چاقماق جىلغا ۋە ئويمانلارنى يورۇتۇپ تۇردى. قارا يامغۇرنىڭ دەستىدىن گۇگۇم قاراڭغۇسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. بۇ يازدا ئۇزاقتىن بۇيان بۇنداق توختىماي يامغۇر ياغقان ئەمەس. يامغۇر دەستىدىن مولوتاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى بارغانسېرى قاراڭغۇ ۋە سوغۇق بولۇپ كەتتى.

بىراق، كۈتۈلمىگەن ۋەقە ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-

شى بىلەن بۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغانلار ئۇچۇن بۇنىڭ ھەممىسى كارايىتى چاغلىق ئىش ئىدى. بۇ ئاخىرقى پاناھلىنىش ئورنىدا جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئادەم بىلەن جان تالىشىپ ياتقان يىرتقۇچلا قالغانىدى. ئىككىلىسى بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش يولىنى يەككە ـ يېگانە ئاخىرلاشتۇرۇۋاتاتتى، بەلكىم ئۇلارغا ئوق تېگىپ كەتكەندۇ. بەلكىم چەنلەپ تۇرۇپ ئاتقان ئوق تەگكەندۇ، ئەمدى كىم، نېمە ئۈچۈن ۋە كىم ئاتتى دەپ سۈرۈشتۈرۈپ ئايرىپ چىقالايدۇ؟ ئەمدى ئۇلار بىرىنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىز ـ دېرەكسىز مەڭگۈلۈككە قەدەم باسقان چاغدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئوقيىلپىز نەپەس ئالالماي كېتىۋاتىدۇ، جاراھىتىدىن ئاستا ۋە لېكىن توختاتقىلى بولمايدىغان ئاخىرقى قانلار ئېقىپ تۆكۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئېزىلىپ يېتىپ قالغان پېتىچە، غايەت زور بېشى ھالسىز ئىككى ئالدى پۇتى ئۈستىدە، داڭلىق قۇيرۇقى كېرەكسىز، تاشلىۋېتىلگەن نەرسىدەك يەردە...



ئارسىن سامانچىن ئاستا ـ ئاستا جان تەسلىم قىلىۋاتقان ئوقيىلپىزنىڭ تېنىگە بېشىنى قويۇپ يېنىدا ياتىدۇ، شۇنىسى مۇۋاپىقراق. «مانا ئاخىر ئۇچراشتۇق...»

ئارسىن سامانچىنىڭ قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئاستى بارغانسېرى ھۆل — قان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، قان تاشلىق يەرگە سىڭىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىرچە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتمىغان ھەمدە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بايلىقىنى — تەپەككۇرىنى كۈچىنىڭ بارىچە ساقلاپ قالغان ھالەتتە. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەيىبلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلىدى، بىراق ئۇ ئالدى بىلەن ئەلېس بىلەن ۋىدالاشماقچى بولدى. ئۇ قانچىلىك بەخت ۋە مۇھەببەتنى قولدىن بېرىپ قويدى ـ ھە،

مەڭگۈ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەلۋىدا، ئەلىس. ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان غايەم ئۈچۈن كەچۈرگىن...ساڭا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن... ئەلۋىدا، ئەلۋىدا... ئۆلگۈرمىدىم... جاجىسىنى تارتىپ تۇرۇۋېتىمەن... ئەيىبلىك-مەن...

ئاھانەت قىلىنغان ئەرەب مېھمانلارغا ئۆيىدا يۈزلىنىپ تۇرغاندا ئۇياتتىن يەرگە كىرىپ كېتەي دەپ قالدى:

— مەن ئەيىبلىك، مېنى ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاڭلار، قارغاڭلار. لېكىن، باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى، مۇشۇنداق قىلغىنىمدىلا سىلەرنى خەتەردىن نېرى قىلالايتتىم. كەچۈرۈڭلار مېنى. ئەگەر مۇمكىن بولسا...

ئۇ ئاتىسىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئالدىدا تېخىمۇ قات-تىقراق ئازاب چېكىپ كەتتى ۋە ئۆكۈنۈپ كەتتى:

— بەكتۇر ئاغا، باي ئاكا، مېنى قارغىغىن! ئايىماي قارغا! جەمەتىمىزنى ئۇياتتا قالدۇردۇم، ئىشلىرىڭنى بەربات قىلدىم، باشقا يول قالمىغانىدى، ئەمدى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ سېنىڭ بېشىڭغا قانچىلىك كۈلپەت سالغانلىقىمنى، سېنى يامان ئاتلىق قىلغانلىقىمنى چۈشىنىمەن. بىراق كەچۈر، مەن يامان نىيەت بىلەن، ئەخمەقلىقىمدىن ۋە كۆرەلمەسلىكىمدىن بۇنداق قىل-غىنىم يوق... ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىن تاغا، مەن بۇلارنى ئۇ ئا-لەمگە بارغاندا سېنىڭ ئاكاڭغا — مەرھۇم دادامغا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن...

ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ھەدىسى قادىچا ۋە ئۇنىڭ تۆ-مۈرچى ئېرىنى ئەسلىدى:

— قانچىلىك بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدىم مەن سىلەرگە. ئەيىبلىكمەن، كەچۈرۈڭلار... كەچۈرۈڭلار...

ئاخىرىدا ئۇ ئاكىسى ئارداقنى ئېسىگە ئالدى:

— ئارداق، مەن ئۆلۈپ كېتىۋاتىمەن. مېنىڭ ئۈچۈن بەك

قايغۇرما، سېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىڭ يېتەرلىك. با-لىلىرىڭنى ئوبدان چوڭ قىلغىن، مەن بولسام ئەۋلادسىز كې-تىۋاتىمەن. بۇمۇ خۇدانىڭ جازاسى...

ئارسىن سامانچىن ئايداناغىمۇ ناماقۇللۇق بىلدۈردى:

— مېنى كەچۈر، ئايدانا، چاكىنا چولپانلىق تۇرمۇشۇڭ تۇپەيلى سېنى ئەيىبلىگەنىدىم، كەمسىتكەنىدىم. ئۇ دېگەن سېنىڭ ئىشىڭ. سېنى ئوپېرا سەھنىسىدىكى غايىب بولغان كېلىن بولسىكەن دەپ قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدىم مەن. ئەمدى تەقدىر سېنى مېنىڭ كاشىلا قىلىشىمدىن قۇتۇلدۇردى، بىراق سەن ھېلىقى ئەرتاش كۇرچالغا ھېچنېمە دېمە، مەن ئۇنىڭغا ئاخىرىدا ھەممىنى ئېيتىمەن. ئەرتاش، ئاخىرقى كۈنگىچە مەن گۇناھلىق، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىدىم، ساڭا نەپرەت-لەنگەنىدىم، لەنەت ئوقۇغانىدىم. شۇنداق قىلغانلىقىمنىڭ سە-ۋەبىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن مەن ئۆكۈندۈم. مېنى ئۇنداق يامان بىرنېمىكەن دەپ ئويلاپ قالما، مېنى كەچۈر، ئەگەر قو-لۇڭدىن كەلسە.

بىراق، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان ئارسىن سامانچىن ئۇچۇن سىنىپدېشى تاشتانئافغانغا يۈزلىنىش ھەممىدىن ئېغىر ۋە ئازابلىق بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دەيدۇ؟ ئەيىبلىسۇنمۇ، قارغىسۇنمۇ؟

— مەن سەن قىلغان قۇربانلىق بولاي، ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىشقا جىنايەتكارانە، يىرتقۇچلارچە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىڭ-نى ھېچكىم بىلمەي قالسۇن. مەن گۇناھكارمەن — سېنىڭ ئالدىڭدا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئالدىدا گۇناھكارمەن. شۇنداق ئى-كەن، قۇربانلىقىڭ بولاي، سېنىڭ ئورنۇڭدا قۇربانلىق بولاي، خۇداغا ئامانەت!

— سىلەرمۇ مېنى كەچۈرۈڭلار، يۇرتداشلىرىم، مەن سى-لەرنى ھەققىڭلاردىن قۇرۇق قالدۇردۇم، ئازراقىنا ھەققىڭلار-

دىن. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى... مېنى تىللىماڭلار، ھېچ ئىلاجىم بولمىدى، بىراق بۇنى ھېچكىم بىلمەي قالدى... ئەل-ۋىدا.

ئوقىيلىپىز ئۆلدى. ئادەممۇ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىنى يۇت-تى...

لېكىن ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ھاياتلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىسىدە، غايىب بولغان كېلىنىنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان ئاۋازىنى — «سەن نەدە، سەن قەيەردە مېنىڭ مەرگىنىم؟» دې-گەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، شۇڭا ئۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ: «ئەلۋىدا، ئەمدى بىز كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق...» دەپلا قالدى.

ئاي كېچە بۇلۇتلىرىغا سىڭىپ كەتتى، ئۇياق - بۇياققا ئۇرۇلغان شامالمۇ تىك يار - جىلغىلار ئارىسىدا ئارام ئالدى. ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانماي قالدى...

* * *

ئەتىسى چۈش مەھەلدە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىچىنىشلىق ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن مولوتاش ئۆڭكۈرى يېنىغا ئاتلىق ئۈچ كىشى كەلدى. ئەر كىشى ئالدىدا، ئىككى ئايال ئارقىدا. بۇلار ئەلېس، ھەدىسى ۋە يېزىنىسى ئىدى. ئۇلار ئە-لېسنى بەختكە قارشى بولۇپ ئۆتكەن، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن، ئىشەنسۇن دەپ ئېلىپ كەلگەنىدى.



ھەدىسىنىڭ ئېرى جورو بۇ يەرلەرنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ كولخوزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، مال بېقىش سەپىرىدە بۇ يەرگە كۆپ قېتىم كەل-گەن، مولوتاش ئۆڭكۈرىنى بىلەتتى، شۇڭا ئەلېس بىلەن ئۇنىڭ ھەدىسىنى باشلاپ تېزلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەممى-

دىن ئاۋۋال ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بوز ئاتنى كۆردى. قارا يامغۇردا قالغان بوز ئات بۇ يەردە بىر سوتكا ياتقان بولۇپ، قورسىقى كۆپۈپ تۆت پۇتى تۆت تەرەپكە كېرىلىپ قاپتۇ، ئېيىلى ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكتىن ئېگەر يېنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئارسىنىنىڭ مېگافونى بىلەن ئاپتوماتى يەردە يېتىپتۇ. جورو ئېتىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ ئۇنچىقماستىن يەردە ياتقان مېگافون بىلەن ئاپتوماتنى ئالدى. تاشلىۋېتىلگەن قورال ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئات ئارسىنىنىڭ هايات قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

ئۇلار بىرەر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ ئۆڭكۈرگە كىردى. ئەلېس پۇتۇن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى، ھەدىسى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى. كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇلار ھەيران بولۇپ قېتىپ قېلىشتى: ئۆيۈپ قالغان قان ئېچىدە نەپەستىن قالغان ئادەم بىلەن هايۋان — غايەت زور ئوقىلىپىز ياتاتتى. ئارسىن سامانچىن ئوقىلىپىزنىڭ تۆشىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپتۇ.

ئەلېس يۈكۈندى، ئارسىنىنىڭ جانسىز قولىنى تۇتقىنىچە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ھەدە - سىڭىل ئىككىسى قاتتىق يىغلاشتى. ئاخىر ھەدىسى سىڭلىسى ئەلېسنىڭ بېشىغا بىر قارا ياغلىق سېلىپ قويدى. جورو بىردەم ئۆڭكۈردىن چىقىپ، بىردەم ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ھەدە - سىڭىل ئىككىسىنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتتى.

ئەلېس ئېسەدىگەن هالدا، يېنىدا ئولتۇرغان ھەدىسىگە دېدى:

— قۇمار، سەن مېنىڭ ئاپامنىڭ ئورنىدا، سېنىڭدىن يوشۇرىدىغىنىم يوق، مەن نادانلىق قىلىپ ئارسىنغا بىزنىڭ ئايىلدا مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلسەممۇ: «بىزنىڭ ئاق يىلپىزلىرىمىزدىن قولۇڭلارنى تارتىڭلار!» دېگەن

پىلاكاتنى كۆتۈرۈپ چىقاي دەيمەن، دەپ ئېيتقانىدىم. ئارىسىن ئۇ چاغدا ھېچنىمە دېمىگەن، بىراق ئىچىدە مېنىڭ گېپىمنى سۆزسىز قوبۇل قىلغان، شۇڭا مۇشۇنداق بولدى... نېمىشقا شۇنداق دېگەندىمەن؟

— تىنچلان، ئەلېس، قېرىنداشلار پاراڭ سېلىشقان ۋاقىتلىرىدا ھەممە گەپنى قىلىشىدۇ. تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى بۇ. سەن ئۇنىڭدىن كۆرە بىچارىنى قانداق دەپنە قىلىشنى ئويلىغىن. بۇ ئىش يۇز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۇنى دەپنە قىلىش توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىغۇسىمۇ يوق. مەرھۇمنى بەرىبىر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان بىلەن مەڭگۈ بۇ يەردە قالدۇرغىلى بولمايدۇ - دە.

— توغرا دەيسەن. بىراق، ئارىسىنسىز قانداق ياشايمەن؟ بىز بىر ئۆمۈر بىللە ياشىغاندەك بولۇپ كەتكەن. مەن سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا رۇس ئاياللىرىنىڭ مۇناستىرلىرى بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم. سوراپ ئېنىق ئۇققاندىن كېيىن شۇ يەرگە كېتىمەن، خۇداغا ئىشىنىپ باقمىغان بولسامۇ كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا سېغىنىمەن. بىر ئەھۋالدىلا ئۇ يەرگە بارمايمەن — ئەگەر تەقدىر بەختىمنى بەرسە، ئەگەر بالىلىق بولسام...

— خۇدايىم ساقلىسۇن! سەن جەزملەشتۈرەلەمسەن؟

— نېمىگىدۇر كۈتىمەن. چۈشۈمگە كىردى... ئۇنداق بولمىسا ئۆمۈرۋايەت مۇناستىردىن چىقمايمەن.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇچەيلەن ئۆڭكۈردىن چىقىپ بىر تىك ئۈچار ئايروپىلاننى كۆردى. ئۇ تاغ بېشىدا جىرانى بويلاپ ئۇچۇۋاتاتتى. باغلاقلىق ئاتلار ئۈركۈشكە باشلىۋىدى، جورو چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇپ تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشتى. تىك ئۈچار بىر نەچچە قېتىم ئۇچۇپ ئايلىنىپ ئاخىر باشقا ياققا كەتتى. گۇ-

روْلدىگەن ئاۋاز توختىغاندىن كېيىن جورو ئويلىنىپ تۇرۇپ:
— مېنىڭچە تىك ئۇچار ئايروپىلان بۇ يەرگە بىكاردىن - بىكار كېلىپ قالغىنى يوق. تاغدا ئۇچۇش بىخەتەر ئەمەس. ئەھۋالدىن قارىغاندا رايون بۇ يەردە بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ، — دېدى.
ئايالى ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ:
— ئۇ دېگەن ئۇلارنىڭ ئىشى. بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشىمىز بار. ھېلى مەن ئەلىس بىلەن مەرھۇمنى قانداق دەپنە قىلىش توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتىم. جورو، قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.
— مەن نېمە دەيتتىم؟ ئويلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، چوقۇم دەپنە قىلىش كېرەك، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. بىراق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرى دەپنە قىلىش توغرۇلۇق ھازىرچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. تىللاشقىنى، تۇۋلاشقىنى، قارغاشقىنى راست. لېكىن، قانچىچە شۇنداق قىلىشىدۇ؟ مېيىتنى تاغدىن چىغىر يوللار بىلەن ئايىل قەبرىستانلىقىغا يەتكۈزۈش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، بەزى يەرلەردىن زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭغا بىرنەچچە ئادەم بولمىسا بولمايدۇ.
قانداقلا بولمىسۇن مەسىلىنى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىش كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلدى جورو. دۇرۇس، ئارسىن سامانچىنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبلىك يۈز بەرگەن بۇ ئىشتا خەقنىڭ غەزىپى تېشىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئەڭ قەبىھ جىنايەتچى بولسىمۇ دەپنە قىلىنىدىغۇ ئاخىر.
— ئويلىنىش كېرەك، — ئويلىنىشقا باشلىدى جورو، — ھازىرچە ئېچكىرىگە كىرەيلى، ئارسىننىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان قىلاي. موللا بولمىسامۇ بىلىشىمچە.
ئۇچەيلەن يېڭىباشتىن ئۆگكۆرگە كىرىشتى، مەرھۇمنىڭ

يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، جىم بولۇشتى. جورو ئالىقىنىنى يېيىپ قىرائەت قىلىشقا باشلىدى، ئايىلىدىكى پۈتۈن خەلققە ئوخشاش بۇ تىلدىن بىرەر سۆزنى چۈشەنمىسىمۇ ئەرەبچە بىر- نېمىلەرنى ئوقۇدى. ئادەت دېگەن ئادەت ـ تە...

مۇشۇنداق قىرائەت قىلىنىۋاتقان چاغدا ئەلېس: ھېلىمۇ ياخشى ھەدەم بىلەن ئېرىنىڭ مۇشۇنچىلىك چۈشىنىپ ۋە ھېسداشلىق قىلىپ تۇرغىنى، بولمىسا يېنىدا ھېچكىم بولماي قالاتتى، مەرھۇم بۇ يەردە پۈتۈنلەي يالغۇزلۇقتا ئۇنتۇلۇپ يې- تىۋېرەتتى، دەپ ئويلىنىپ تۇرغىنىدا، گويا ئۇنىڭ بۇنداق قاي- غۇلۇق ھالىتىگە جاۋاب قايتۇرغاندەك بولۇپ سىرتتا ئات تۇيې- قىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئادەملەرنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۆڭكۈرگە بەش ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ تاشتانئافغان بى- لەن ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئىدى. ئۇلار كىرگەندىن كېيىن ئادەت ـ قائىدە بويىچە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇن ـ تىنى- سىز، قىرائەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى ئۆك ـ سۆلى ئۆچكەن ھالدا كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇشتى. تاشتانئافغان قوپاللا:

— بىز سىلەرگە مولوتاش ئۆڭكۈرگە مىنا قويۇلغانلىقى- نى ئېيتىشىمىز كېرەك. دەرھال بۇ يەردىن كېتىشىڭلار كې- رەك، ئۆڭكۈرنى پارتلىتىمىز، تېز بولۇڭلار، — دېدى.

لېكىن جورو بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈردى:

— نېمىشقا پارتلىتىسىلەر؟ بۇ يەردە ئارسىن سامانچىن ياتىدۇ، ئۇنى دەپنە قىلىش كېرەك.

— ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. بىز ئۆڭكۈرنى پارتلى- تىشىمىز كېرەك، ئۆلۈك تاشلارنىڭ ئاستىدا قالىدۇ — دې- مەك، ئۇ ئەنە شۇنداق دەپنە قىلىنىدۇ.

— بۇ دەپنە قىلىش ئەمەس! — دەپ توۋلىدى قۇمار غەزەپ بىلەن، — مەن سىلەرگە بىر ئايال كىشىلىك سۈپىتىم بىلەن ئېيتاي، ئالدى بىلەن دەپنە قىلىش توغرىسىدا، ئاندىن كېيىن

پارتلىتىش توغرىسىدا ئويلىشىڭلار. ھەممىمىز ئادەتتىكى ئا-
دەم، بارلىق ئادەم، جۈملىدىن سىلەرمۇ شۇنداق كۈنلەر كەل-
گەندە ئادىتىمىز بويىچە دەپنە قىلىنىمىز.

— ئۆگەتمە! مولوتاش ئۆڭكۈرى تاپشۇرۇق بويىچە پارتلى-
تىلىدۇ. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدۇق بىز. سىلەرگە يېرىم سا-
ئەت ۋاقىت بېرىلىدۇ.

بۇ چاغدا يۈزىدىن قارا ياغلىقنى ئېلىپ ئەلېس ئۆزى گەپ
قىلدى:

— شۇنداق قىلىشقا قول سېلىپ بېقىڭلارچۇ قېنى، مەر-
ھۇمنى ھاقارەت قىلىشىڭلارغا رۇخسەت يوق! بۇنداق كۇپۇرلۇ-
قۇڭلار ئۈچۈن جاجاڭلارنى يەيسىلەر. مەن يول قويمايمەن! سى-
لەرنىڭ مەرھۇمنىڭ مېيىتىنى خارلاپ، ئۇنىڭ دەپنە قىلىنىش
ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا ھەققىڭلار يوق.

— سەن كىم ئىدىڭ؟ — مۇشۇ چاغقىچە ئۆزىنى ئاران-
ئاران تۇتۇپ تۇرغان تاشتانئافغان ۋارقىراپ كەتتى. ئەلېس تۇ-
نۇگۈن ئۇنىڭ بۇ يەردە ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى-
نى، ئەمدى بولسا ئۆزىنىڭ جېنىدىن ئايرىلغان سىنىپدېشىنىڭ
مېيىتىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆچ ئالماقچى بولۇپ تۇرغان كىشى
ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

— مەن كىم؟ بۇ، مەن ھازىر بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان
ۋاقىت ئەمەس! ئەنە ئايىغىڭلاردا بىر كىشى ئۆلۈپ ياتىدۇ، مەن
بولسام ئۆلۈشكە تەييار، ھازىرلا. سىلەر مېنى ئۆلتۈرۈۋې-
تىڭلار، ئاندىن پارتلىتىڭلار. مەن تەييارلىنىپ بولدۇم، سىلەر
ئەمدى پارتلىتىڭلار، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەڭگۈ تاش
دۆۋىلىرى ئاستىدا قالاي!

ئەگەر جورونىڭ سەۋرچانلىقى بولمىغان بولسا بۇ ياۋايى
كۆرۈنۈش قانداق ئاخىرلىشاتتىكىن:

— تاشتانئافغان، گېپىمگە قۇلاق سالغىنا، ئايال خەق بى-

لەن بۇنداق تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار قاتتىق قايغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ ـ دە، يەنە كېلىپ مەرھۇمنىڭ يېنىدا تاكاللىشىپ تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، يور، سىرتقا چىقىپ پاراڭ ـ لىشايلى، قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەيلى. ئۆڭ ـ كۆرنى قاچان پارتلاتساڭمۇ بولۇۋېرىدىغۇ.

ئۇلار ئۆڭكۆردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىرتتا خېي ـ لىغىچە ۋارقىراشتى، تالاش ـ تارتىش قىلىشتى.

مەرھۇمنىڭ يېنىدا ئىككىسىلا قالغان چاغدا قۇمار سىڭ ـ لىسىنىڭ بېشىدىكى قارا ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا نە ـ سىھەت قىلدى:

— يىغلىما ئەلېس، مەرھۇمنىڭ روھى ھەممىنى ئاڭلايدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى دېدىڭ. مەرھۇمنىڭ روھى رازى. بۇ ـ نىڭدىن كېيىنكىسىنى ئەرلەر ھەل قىلىشسۇن. ئۇھ، دەھشەت، دەھشەت...

ئەلېس جاۋاب بەردى:

— رەھمەت، قۇمار، جېنىم ھەدە، سەن ماڭا راستلا ئاپام ئورنىدا ئاپىسەن. مەن ھازىر شۇنى ئويلاۋاتىمەن: نېمە ئۇچۇن ئارسىننىڭ تەقدىرىدە بىردىنلا بۇنداق ئۆزگىرىش بولۇپ كەت ـ تى، ئۇ ھەممىدىن ئەقىللىق، ھەممىدىن ئادىل ئادەم ئىدىغۇ؟ مەن قىز بالا ۋاقتلىرىمدىن تارتىپ ئۇنىڭ گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنى ئوقۇغانىدىم، تېلېۋىزورلاردا سۆزلىـ ـ گەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى قانداق دېمەمسەن تېخى! تولۇق ئىككى ئۆمۈرگە يەتكۈدەك ئى ـ دى! لېكىن ئاقىۋەت مانا مۇنداق: يىرتقۇچ ئاق يىلپىز بىلەن ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆڭكۆردە قاتارلىشىپ ئۆلۈپ ياتىدۇ، ۋەھ ـ شىي ئادەملەر تېخى ئۆڭكۆرنى پارتلىتىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدى ـ كى خاتىرىنى يەر يۈزىدىن پاك ـ پاكىز يوقىتىۋەتمەكچى. شۇنداق ئىكەن، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ ئۇنى ئىززەتلە ـ

گەنلىكمۇ ياكى خارلىغانلىقمۇ؟... لېكىن مېنىڭ ئۇچۇن ئېيت-
قاندا، ئۇ ئەمدى ئەۋلىيا. بالىمىز دۇنياغا كەلسە، مەيلى ئوغۇل
ياكى قىز بولسۇن، ئۇنىڭ فامىلىسى كېيىنكى ئەۋلادلار ئىچىد-
ىدە مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

جورو غەمكىن هالدا تېزلا قايتىپ كېلىپ تاشتانئافغاننى
قايىل قىلالمىغانلىقىنى، تاشتانئافغاننىڭ: ئەتە ئەتىگەنگىچە
ساقلايمەن، باشلىق بەكتۇر بىلەن مەسلىهەتلىشىپ كۆرەي،
دېگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ:

— سىلەر ساقلاپ تۇرۇڭلار. تاشتانئافغان ئەتە ئەتىگەندە
كېلىمەن. شۇ چاغدا ئاخىرقى قارارغا كېلىمىز... دەيدۇ، — دېدى.

كېچىدە گۈلخاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئەلېسنىڭ ئويلى-
غىنى يەنىلا شۇ — خاتىرە كۇنلىرىدە بالىمىزنى يېتىلەپ قەب-
رىستانلىققا كېلەلەرمىزمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئۇ يىراق تاغلاردىن چىققان غايىب بولغان كېلىنىنىڭ «نە-
دىسەن، قەيەردىسەن؟! جاۋاب بەرسەڭچۇ مەرگىنىم!» دەپ چا-
قىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا جاۋاب بەر-
دى: «ئاڭلىدىم، ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم، غايىب بولغان كېلىن،
هازىر مەن ساڭا ئوخشاش بولۇپ قالدىم.»



ئەتىگەندە ئەھۋال ياخشىلىققا تارتتى. ئۆكۈنۈش ئادەم با-
لىسىغا دەرهال كەلمىسە كېرەك، بۇ يول ناهايىتى مۇشكۇل
بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى يامانلىقنى مەڭگۈ يېڭىپ
تۇرۇشى لازىم بولسا كېرەك، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەلمىساقتىن
تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياخشىلىققا ئۇندىشىگە ئاددىي
ئىنساننىڭ قۇلاق سېلىشى شۇنچە تەس بولسا كېرەك.

تاشتانئافغان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى زەمبىل ۋە كېپەنلىك
ئېلىپ كەلدى. مېيىتنى جىلغىدىن ئېلىپ چىقىپ، بەكتۇر
ماشىنىلار بىلەن كۆتۈپ تۇرغان يەرگە كۆتۈرۈپ كېلىش كې-
رەك ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا مولوتاش ئۆڭكۈرىنى پارتلد-

تىش پىلانى كىچىكتۇرۇلگەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندەك قىلاتتى. باشلىق بەكتۇر ئاق يىلپىزنىڭ ئۆلۈكىنى تاغدا بىر-يەرگە كۆمۈۋېتىڭلار، دېدى.

ئۆزىنى تۇل ئايال دەپ ھېسابلىغان ئەلبىس قارا ياغلىق ئارتىپ زەمبىلىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەدىسى قۇمار بىلەن يېزىنىسى جورو ماڭدى. جورو ئۆلارنىڭ ئېتىنى يېتىلىۋالغانىدى.

تاشتانئافغاندا نېمىش يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلـ-مەيتتى. ئۇمۇ ھازا تۇتۇپ ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يەنە تېخى ئېزىلىپ كۆز يېشىمۇ قىلىپتۇ-دەك. كېيىن ئۇ بىردىنلا ئارزۇلاپ كەلگەن ھەربىي شەپكىسىنى بېشىدىن يۇلۇپ ئېلىپ جىلغىغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى.

ئەلبىس كېتىۋېتىپ ئىچىدە تەكرارلايتتى: «ئاڭلىدىم، سېنى ئاڭلىدىم غايىب بولغان كېلىن. مەن يەنە سېنى ئىزدەپ كېلىمەن. بىرلىكتە يىغلىشىۋالىمىز. كۈتكىن مېنى، تېزلا قايتىپ كېلىمەن...»

شۇ كۈنلەردە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر رىۋا-يەت تارقالدى. كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاشتانئافغاننىڭ ئىككى يىگىتى مولوتاش ئۆڭكۈرىگە قورشاپ ئۆلتۈرۈلگەن «ئۇزۇن قۇيرۇق، يوغان باش» لۇق ئاق يىلپىزنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ ئاچىقىپ بىر يەرگە كۆمۈۋېتەيلى دەپ بارغىنىدا، ئۆڭ-كۈردە ئۇقىيلىپىز يوق ئىمىش. ئۇقىيلىپىز غايىب بولۇپ كې-تىپتۇدەك. ئىز - دېرەكسىز... كېيىن كىشلەر يەنە ئۇ خۇددى سايىدەك تاغدا ئارىلاپ يۈرىدۇ، دېيىشتى. ئۇنى كۆرگەن ئادەم يوق، لېكىن بىرمۇنچە كىشلەر قاردا قالدۇرغان ئىزىنى كۆ-رۈپتۇ. ئۇقىيلىپىز يەنىلا شۇنداق قار دۆۋىلىرى ئارىلىقلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە ئامراق، يارالغىنىدىن تارتىپ شۇنداق...

# ئېپىلوگ ئورنىدا

ئارسىن سامانچىن
(ئەلبىس ئوقىيىلىپىزىۋا رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان)

## ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك...

(ھېكايە)

قان چاچرىمىغان كۇنلا قالىدۇ،
چەۋەندازى يوق ئاتلا چاپىدۇ....
— بىر سىگان ئايالنىڭ بېشارىتى



ئۇچقۇچى ئايروپىلاننى زىچ زېمىت توپ رايونىدىن ھەيدەپ چىقىۋېتىپ ئوق يېتىدىغان ئارىلىقتىن قانچىلىك يىراققا كەتكەندىمەن دەپ توغرا مۆلچەرلەش ئۇچۇن تۆۋەنگە قارىدى. تۆۋەندە قويۇق يېشىل ئورمان ياتاتتى. ئورمان گويا ئايروپىلان بىلەن بىرلىكتە يانتۇ بولۇپ پىرقىراۋاتقاندەك، ئورمان خۇددى ئاستا ـ ئاستا ئۆرۈلۈپ مەلۇم بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كېيىنكى مىنۇتتا ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىلىپىغا كەلدى، ئورمانمۇ دەرھال ئۆزىنىڭ مۇقىم ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يىراقتا ئىس ـ تۇتەكتە مانانلىشىپ كۆ- رۈنگەن ئۇپۇق بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتتى. دۇنيا يېڭىباش-

تىن ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى. ئۇچقۇچى ئەمدىلا ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولۇپ ئۆتكەن ئارىلىقتا ئايروپىلاننىڭ ئالدىدا كۈتمىگەن بىر نەرسە پەيدا بولۇپ قال-دى، ئۇ شۇنچىلىك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدىكى، ئۇچقۇچى ھاۋادا نېمىگە يولۇقۇپ قالغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەس-تىن قانداقتۇ شەكىلسىز بىرنېمە، تىرىك تېنى بىلەن ئايرو-پىلانغا قاتتىق سوقۇلدى. ئايروپىلان چايقىلىپ كەتتى، ئۇچ-قۇچى ھېچنېمىنى كۆرمەي قالدى...

بۇ قالايمىقان ئۇچقان بىرتوپ قۇش بولۇپ، گويا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا قارىغۇ بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى...

ئۇچقۇچى قارا تەرگە چۆمدى. پىرقىراپ كېتىش ھالىتىدە قالماسلىق ئۇچۇن رولنى مەھكەم تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئايروپىلان كابىنكىسىنىڭ ئەينەكلىرىدىكى قانغا قاراپ بەدىنى شۇركىنىپ سەسكىنىپ كەتتى.

قۇشلار كۆز كېلىشىنى كۈتمەيلا بىرىنچى بولۇپ بۇ ياق-تىن كېتىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار قاتتىق ئىسسىق ۋاقىتلى-رىدا يا توپ - توپ بولۇپ ياكى يەككە - يەككە كېتەتتى؛ يا كۈندۈزى، يا كېچىسى. ئۇلار كېتىشكەنلىرىدە ئۇۋىلىرىنى ۋە تېخى چىقىرىلمىغان تۇخۇملىرىنى تاشلاپ قويۇشاتتى. ئۇلار ئامالسىز ئۇچۇپ كېتىشكەنلىرىدە ئوزۇق بېرەرمىكىن دەپ بو-يۇنلىرىنى سوزۇپ تۇرغان چۈجىلىرىنى تاشلاپ كېتىۋېرەتتى. ئاخىرىدا غايىب بولىدىغىنى قىسقا قۇلاق بايقۇش بولۇپ، كې-چىسى ئەمدى ئۇلارنىڭ سايراپ كېتىشلىرىنى ئاڭلىغىلى بول-مايتتى...

ھايۋانلارمۇ قاچاتتى...

ھەممە تەرەپتە بىرنەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان قارا تو-تۇن بىلەن قاپلانغان ئورمان - توقايلارغا ئوت كەتكەن بولۇپ، ئەسىرلەر بويى كۆكىرۇپ تۇرغان دەرەخلەر، ناھايىتى چوڭ

قىزىل قارىغايلار خۇددى بوراندا غاراسلاپ سۇنۇپ ئۆرۈلگەندەك يىقىلىپ ياتاتتى. زېمىن يامغۇردەك ياغدۇرۇلغان زەمبىرەك ئوقىنىڭ، مىنامىيوت ئوقىنىڭ ۋە ئاسماندىن چۈشكەن بومبىلارنىڭ پارتىلىشى بىلەن، تانكىلارنىڭ زەربىسى، تانكىغا قارشى زەربە بىلەن تىترىدى... توپىلار خۇددى ۋولقان پارتىلىغاندىكىدەك تەرەپ - تەرەپكە چېچىلدى. بومباردىمان قىلىپ چەيلەنگەن دەريا قاشلىرى ئۆرۈلۈپ، سۇ تەرەپ - تەرەپكە ئاقتى، پەس يەرلەرنى ۋە ئازگاللارنى تولدۇرۇۋەتتى. سۇ بىلەن تولغان ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن بىر تانكا، توپىنىڭ ئۈچىنى ئاسمانغا قارىتىپ مەڭگۈ يېتىپ قالغاندى...

بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈندىن - كۈنگە تەكرارلىنىپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ توختىشى مۇمكىن ئەمەستەكلا ئىدى، چۈنكى بۇ رايوندا، ھەربىي تىل بىلەن ئېيتقاندا كۆپلىگەن يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. يۆنىلىش ئارمىيەسى يۆنىلىش ئارمىيەسگە قارشى جەڭ قىلىۋاتاتتى. ھەربىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ يان تەرىپى ۋە ئارقا سېپىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. ھەربىر تەرەپ ئالدى بىلەن بۆسۈشنى، ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغانىدى...

لېكىن، بۈگۈنگە قەدەر بۇ ۋەزىپىنى ھېچكىم ئورۇنلىيالمىدى. شۇ سەۋەبتىن پوزىتسىيەلىك ئۇرۇش كۈندىن - كۈنگە سوزۇلۇپ، كۈندىن - كۈنگە داۋام قىلىپ كەلدى...

ۋاقىت داۋاملىق تۇردە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىلگىرىلەپ تۇردى. ئۇرۇش مەيدانى دېگەن بۇ ماكاندا كۈزگە قەدەر توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى بېسىلمىدى. بۇ بىر يىلدا ئۈچار قاناتلارنىڭ ھېچقايسىسى، مەيلى كىچە بولسۇن ياكى كۈندۈز

بولسۇن، يامغۇرلۇق كۈنلەردە بولسۇن ياكى ئوچۇق كۈنلەردە بولسۇن، ئۆز ئۇۋىلىرىغا قايتمىدى، ئوت - چۆپلەر چېچەكلەپ دان تۈتمىدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابـ لىرى قارشى تەرەپ تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىش نىـ شانى قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا توختاۋ - سىز ھالدا يېڭى جەڭ لايىھەلىرىنى تۈزۈشەتتى، چىقىم ۋە ئۇ - لۇش - ياردار بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخپىي مەلۇ - ماتلارنى يەتكۈزۈپ، زەربىدارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر - لۈكىنى بىر دەك دەلىللىشەتتى، شۇڭا بىر تەرەپ يېڭى ھاياتلىق ماكانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپ ئوخشاش شۇ ما - كاننى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئالىي قوماندانلىرىدىن ئەسكىرىي كۈچنى، تېخنىكىلىق قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. لېكىن، مەيلى قانداق بولمىسۇن، مەيلى بۇنداق ياكى ئۇنداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئارقا سەپ قىسىملىرى توختىماي ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ تۇراتتى، ئەسكىرىي كۈچ يەنە جەڭدە خوراپ كېتەتتى، يەنە تولۇقلىناتتى...



ئۇرۇشنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن جاق تويغان ياز پەسلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى، ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇرۇشقا تەييارلىنىشنىڭ ئاخىرقى چېكىگە، ئاخىرقى چېگراسىغا يۈزلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆسۈپ ئۆتۈش. تەڭداشسىز كۈچ — ھۇجۇمغا ئۆتكۈچى چوڭ ئېقىم زېمىندا توختىماي ئىلگىرىلىشى كېرەك ئىدى...

بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلۇپ قالسا، قۇياشتىن باشقا پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە قان چاچرىماي قال - مايتتى. بۇ چاغدا تەقدىر كۆپلىگەن كىشىلەرنى خۇددى مۇشۇ

جاننى ئالىدىغان ۋەقە ئۈچۈنلا دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، مۇ-
شۇ ئۈچار قاناتلار قېچىپ كەتكەن يەرگە يىغىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ھەربىي پويىزغا ئولتۇرۇپ
ساراتوف شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ئىسسىق ۋولگا بويلىرىدى-
كى يېقىن ئاسىيا رايونىدىن مۇشۇ يەرگە كەلمەكتە. ھەربىي
پويىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ-
كە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى - يۇ، نەگە بارىدىغانلىقىنى،
قايسى ئۇرۇش سېپىگە، قايسى ئۇرۇش رايونىغا بارىدىغانلىقىنى
بىلمەيتتى، بۇنى پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلارلا بى-
لەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىر نەگە بار دېسە شۇ يەرگە
بېرىش — مانا بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىشى...بىراق، كۆپچىلىك
بىزنى موسكۋاغا ئەكىتىۋېتىپتۇ دېيىشەتتى، ئۇنىڭ نېرىسى
ئېنىق ئىش، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش... ھەقىقەتەن شۇنداق
بولدى. بۇنداق يۆتكىلىشنى قىياس قىلىش ئۇنداق تەس ئىش
ئەمەس.

ئۇلار ساراتوفتىن كەچقۇرۇن يولغا چىقىشتى، ئىسسىق،
دىمىق بىر كېچىدىن كېيىن ياز بويى قاغىجىراپ، ئاپتاپتىن
بوزارغان ۋولگا بويىدىكى داللار، ئوتلاقلاردىن ئۆتكەندىن كې-
يىن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بەزىدە يېقىن، بەزىدە يىراق ئا-
رىلىقلاردا يېشىل يوپۇرماقلىق توقاي ۋە يىڭنە يوپۇرماقلىق
ئارچا - قارىغايلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كىلاسسىك رەسسام-
لەردىكى مەنزىرىدەك زوقلىنىپ كۆرگۈدەك كېلىدۇ. ھەتتا ئى-
شىكى ئوچۇق قالغان ۋاگونلارغا كىرگەن سالقىن، يېقىملىق
ھاۋانى سېزىسەن. ۋاگون ئەسكەرلەر ۋە قورال - ياراغ بىلەن
تولغان. ئورمان تېزلا تۆمۈر يول بىلەن ياندىشتى.

— قاراڭلارچۇ، قانداق ئورماندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز؟
رۇسىيەگە كەلدۇق، رۇسىيە — ئانىمىز! — دېيىشىپ كەتتى
ئەسكەرلەر، خۇددى ئۆزلىرى رۇسىيەدىن ئەمەس، باشقا دۆلەت-

تىن كېلىۋاتقاندەك.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تولىمۇ ياش، ئېگىز، ئورۇق بىر ئەس-
كەر بار ئىدى، ئۇ دادىسىنىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيىۋالغان-
دەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى سېرگىي ۋورونسوف، ياكى
ئىزۋوتتىكىلەر دەيدىغاندەك موناخ سېرگىي ئىدى، بەزىدە تېخى
پوپ سېرگىي دەپمۇ ئاتىشاتتى. بۇنداق دېيىلىپ قېلىشىنىڭمۇ
سەۋەبى يوق ئەمەس. بىر قېتىم ئۇ يىگىت بىردىنلا خۇدانى
تىلغا ئېلىپ قالدى، خۇدا دېگەن مەبۇت ئەمەس، بەلكى ھادىسە
دېدى، زادى نېمە ھادىسە، ئۇنىڭ بۇ توغرىدىكى چۈشەندۈرۈشى-
نى ھېچكىم چۈشەنمىدى. لېكىن بۇ چاقچاقچى - ھەزىلكەش-
لەرنىڭ دىنىي ئادەت بويىچە مازاق قىلىپ ئۇنىڭغا «موناخ
سېرگىي» دەپ ئات قويۇشىغا كۇپايە ئىدى. كىشىلەر قانائەت
ھاسىل قىلىشتى — ۋورونسوف ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا
كىرگەن، بۇ ياۋاش بالىنى بىردەم مەسخىرە قىلىشسا نېمىشقا
بولمايدىكەن. ئۇمۇ خاپا بولمىدى. بۇ سېرگىي بىر تۇرغىنىچە
ۋاگون ئىشىكىگە سىلىنغان بالداقتا يۆلىنىپ نەچچە سائەت
ئۆرە تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ۋاگون ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان
ۋاقتى خېلى ئۇزاق بولاتتى. بەزىلەر قارتا ئوينايتتى، بەزىلەر
تۇنۇگۇن خوشلىشىدىغان چاغدا ئەكىرىۋالغان ئازراق ۋوتكى-
سىنى ئىچەتتى. سەپەر ئۈستىدە قىلىدىغان ئىش بولمىغانلىق-
تىن يول بويى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە قىلمايدىغان گېپى
قالمايتتى. بەزىلەر سەپەر ئۈستىدىكى بىكارچىلىقتا ناخشا
ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. لېكىن سېرگىينىڭ
ھامان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ناتونۇش يەر-
لەرگە قارىغۇسى كېلەتتى. ئۇ كىچىك بالىدەك ھەممىگە باش-
قىلاردىن بەكرەك قىزىقاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قەدىمدىن بۇيان
رۇس زېمىنى بولۇپ كەلگەن بۇ يەرلەرگە بىرىنچى قېتىم كې-
لىشى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن

كېيىن موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، مانا ئەمدى مۇمكىن بولماي قالدى. پويىز ئۇنى جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ھازىرچە ھەربىي پويىزدا، سەپەر ئۈستىدە، بېكەتكە كەلگەندە كۆرۈشكىسىغا قايناق سۇ ئېلىۋېلىپ، ئەسكەر ئوزۇقىنى يەپ كېتىۋاتىدۇ، يەنە تېخى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ھەربىي گازارمىدا ئۈچ ئاي مەشىقلەندۈرۈلگەندىن كېيىنكى يول تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك بولغان، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەندە، باشقىلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ كۆپرەك ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن سىرگىي ھامان يېنىدا تۇرغان بىرەيلەننىڭ يېڭىدىن تارتىپ: قارىغىنا، ئاۋۇ يەردە، تۆمۈر يول بويىدا، پۈتۈنلەي ياغاچ ئۆيلۈك بىر مەھەللە بار ئىكەن؛ ئاۋۇ يەردە قومۇش بېسىپ كەتكەن بىر كۆل تۇرىدۇ؛ قىزىق، ئاۋۇ ئادەم بىر ئېنەككە مىنىۋاپتۇ، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، ئۇمۇ تېخى بىر چەۋەنداز بولۇپ قاپتۇ؛ زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى تاقىر بىر دالىدا ناھايىتى ئېگىز بىر تۇرخۇن تۇرىدۇ، خۇددى چوڭ بىر مەشئەلدەك سىرتقا ئوت پۈركۈپ تۇرۇپتۇ، دەپ كېتەتتى. سىرگىي كۆرگەنلا نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ كېتەتتى: مەشئەلنىڭ ھاۋادا بىكاردىن ـ بىكار كۆيۈپ تۇرۇشى ئوشۇق گازنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈنلا؛ دادام ئىشلەيدىغان نېفىتلىكتىمۇ ئاشۇنداق چوڭ بىر مەشئەل تۇرخۇنى بار. قىش كۈنلىرى قاپقاراڭغۇ كېچىدە، قار ياغقان ۋاقىتلاردا بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ: قار ئۇچقۇنلىرى ئۇسسۇلغا چۈشكەن، ھاۋا بوشلۇقىدا بولسا جانلىق بىر ئوت. يېڭى يىل ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا ئۇ دائىم ئاپىسى، ھەدە ـ سىڭىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ مەشئەلنى كۆرىدىكەن، قول تۇتۇشۇپ قار ئۈستىدە مېڭىپ كېتىدىكەن. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئىسسىق، يورۇق ئۆيدە شېئىرلارنى ئوقۇيدىكەن، ئاپىـ-

سى ئۇلارنى مايلىق توقاچ بىلەن مېھمان قىلىدىكەن، دادىسى دائىم جىددىي قىياپەتتە يۈرىدىغان بىر بوغالتىر بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇمۇ خۇشاللىقتا چۆمىدىكەن. قىزىق موناخ ـ تە، دەيتـ ـتى بەزىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، مۇشۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ شېـ ـئىرلارنى ئەسلەپ كەتكىنىنى، مايلىق توقاچ يېگۈسى كېلىپ قالغىنىنى... ئۇ ئالدىنقى سەپكە كېتىۋېتىپمۇ ـ ھە؟!...

پويىز بىر مەركىزىي ئىستانسىدا سۈرئىتىنى ئاستىلاتـ ـتى. گۈگۈم بولۇپ قالغانىدى، سېرگىي كۆپچىلىكنىڭ دىققىـ ـتىنى بومباردىماندا كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن زاپاس يولغا چىـ ـقىرىپ قويۇلغان بىر پويىزغا تارتتى. پاراۋۇز كېرەكتىن چىقـ ـقان، ۋاگونلارمۇ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ھېچكىم بىـ ـرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى، لېكىن ھەربىر كىشى پويىز بومـ ـباردىماندا قانداق كۆيگەندۇ، فاشىستلارنىڭ ئايروپىلانلىرى قانداق ھۇجۇم قىلغاندۇ، بۇ ۋاگونلاردا قانداق ۋەقەلەر يۈز بەرـ ـگەندۇ؟ قانچىلىك ئادەم ۋاگونلاردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن پارتلاشلاردا ئۆلگەندۇ، قانچىلىك ئادەم كۆيۈپ ئۆلگەندۇ؟ دەپ ئويلىدى، ئەلۋەتتە. بۇ، ئۇرۇش ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېيىپ قويغان بىرىنچى بەلگە ئىدى. ئۇلار بۇ بەلگىلەر بىلەن جىمغىنا ئۇچراشتى، قەبرىستانلىقتىكىدەك يەنە گۈگۈمدا كېتىپ قالـ ـدى. نۇرغۇن كىشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، موخۇركىسىنى چېكىپ جىم تۇرۇشتى.

سەپەر ئۇستىدە قىزىق بىر ئىشمۇ بولۇپ ئۆتتى، كۆپچىـ ـلىك سېرگىينى راسا مەسخىرە قىلىشتى. شۇ چاغدا سېرگىي بىرەيلەننىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— قارىغىنا! ئاۋۇ يەردە بىر قۇدۇق بار ئىكەن، ئەنە، كۆرـ ـدىڭمۇ؟ يامغۇر چۈشمىسۇن دەپ خۇددى ئويۇقتىكى گۈل قاچىـ ـلىرىدەك گۈل چىقىرىلغان تۈۋاق بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ! پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق! — دېدى.

ئۇ بۇنىڭغا ئاچچىق بىر جاۋاب ئالدى:
— سەن قۇدۇققا، گۈل چىقىرىلغان تۇۋاققا قارىما! ئاۋۇ قىزغا، قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقان قىزغا قارا. قارىغىنا، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكىنىنى، ئاۋۇ ساغرىسىغا قارا! قارا سىنىڭ يەنىلا قۇدۇققا قاراپ تۇرغىنىڭنى! ۋاي - ۋۇي، ھەي موناخ، سىنىڭ ئۈچۈن ھەربىي پويىزدىن سەكرەپ چۈشكۈم بار، بىراق قاچقۇن دەپ قالىدۇ - دە!
ئەجەب كۈلكىلىك!
ئېيتماقچى، كىشىلەر خۇدا بوي جەھەتتە ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلمىغان، مۇرىسىنىمۇ ئانچە تار قىلمىغان، پىكىر قىلىشتىمۇ خېلى زېرەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن راستلا ئۇنىڭ قارايدىغان يەرگە قارىماي، قارىمايدىغان يەرگە قارايدىغان بىر دېۋەڭ، موناخ، ئاغزىدىن ئەمگەن سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن بىر بالا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. دەرۋەقە، سېرگېينىڭ تېخى كۆپ جەھەتتە يېتىلمىگەن، تارتىنچاق، ھەتتا سەل غەلىتە ئىكەنلىكىمۇ راست. سېرگېينىڭ ئۆزىمۇ بەزىدە بولۇپمۇ تەڭتۇشلىرىنىڭ گۇدەكلىكىنى شۇنچە تېز تۇگەتكەنلىكىنى، باشقا جەھەتتىن گەپ قىلىپ تۇرمايلى، ئايال زاتى بىلەن شۇنچە ئوڭاي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە خاپا بولۇپ ئويلىنىپ كېتەتتى. مۇھەببەتتىن بېشارەت بەرگەن بىر ئىش بولغانۇ نەتىجە ناھايىتى بىمەنە بولۇپ قالغان.
تۇنۇگۈن ۋوگزالغا كېلىپ پويىزغا چىقىدىغان چاغدا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى، كۈلكىلىك ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، كۈلكىلىك ئەمەس ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن... ئۇ كالللىسىدا يول بويى مۇشۇنى ئويلىدى. كىشىلەر بۇنىڭغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى — مۆمىن، ياۋاش بىر موناخ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايدۇ، شۇ...
ئەھۋال مۇنداق: بۇ قوشۇنغا يولغا چىقىدىغانلىقى ئەتىگەن-

ده خۇددى ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالى بېرىلگەندەكلا ئېلان قىلىندىغان. نېمە ئۈچۈن مۇنداق جىددىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن بۇيرۇق مۇشۇنداق ئىدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى ھەممە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق ـ تە. دەرھال جىددىي سەپكە تۇرۇلدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا شەھەر ئەتراپىدىكى گازارمىدىن يولغا چىقتى. ھەممىسى پىيادە ئەسكەرلەر، روتىلارغا بۆلۈنۈپ، ساراتوف شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىنى بويلاپ ۋوگزالغا قاراپ مېڭىشتى... قوشۇندىكىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئەسكەرلىككە چاقىرىلغان ساراتوفلۇقلار ئىدى، كوچىنى بويلاپ كېتىۋاتقانلىرىدا بەزىلەر ئۆز ياتاقلىرى ۋە ياكى ئۆز ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىلىرى ئالدىدىن، تېخى يېقىندىلا ئىشلەپ تۇرغان زاۋۇتلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدىن ئۆتەتتى. ئۇلار قانداقمۇ ئۈن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كېتەلىسۇن؟ بۇ ھېكايە مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۈز بەرگەن. ئەلۋەتتە، ھېچكىمنىڭ ئۆز قىسمىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكۈسى يوق، كوماندىرلار بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويالمايتتى. لېكىن بەزىلەر كېتىۋېتىپ، ياز كۈنلىرى ئوچۇق قويۇلغان دېرىزىلەرگە قاراپ تۇۋلاپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشاتتى ياكى يولدا ئۇچراتقانلارغا سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىشاتتى. ھويلا ـ ئاراملاردىكى باللارمۇ تۇشمۇتۇشتىن چىقىپ كېلىشىپ: «ئەسكەرلەر كېتىۋاتىدۇ! قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپتۇ!» دەپ تۇۋلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللار — خوتۇنلىرى، ھەدە ـ سىڭىللىرى، ئايال قولۇم ـ قوشنىلىرىمۇ بولاتتى! خۇددى كۈتۈپ تۇرۇشقىنىغا خېلى ئۇزاق بولغاندەك ھەممىسى چىقىپ كېلىشكەنىدى، يەنە كېلىپ كىيىۋالغان كىيىملىرىمۇ ھەر خىل — بەزىلىرى ساپما كەش بىلەن، بەزىلىرى ياالاڭئاياغ، بەزىلىرى بېشىنى يۇيۇۋاتقان چاغدا ئاڭلاپلا ھۆل

لۆڭگىنى بېشىغا چىگىپ يۈگۈرۈپ چىقىشقان، بەزىلىرىنىڭ بولسا كۆڭلەك ـ يوپكىلىرى يىرتىق. ئۇلار پۇتىغا ھەربىي ئۆـ تۈك كىيىپ، سەپ بولۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ يېنىدا ئۇلارنى ئۇـ زىتىپ كېتىۋاتاتتى، ھەممەيلەننى خۇداغا تاپشۇرۇۋاتاتتى؛ ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەممەيلەن ئوخشاشلا شۇنداق بىر تۇغـ قان، قانداش. كېتىۋېتىپ: تېزرەك غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن ساراتوفقا، ۋولگىغا، تۇغۇلغان يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كەلگەيسىـ لەر، دەپ تىلىشەتتى. بەختسىز بىر ئايال يىغلىغان پېتى: «ستالىنغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن! ستالىنغا شان ـ شەرەپـ لەر بولسۇن!» دەپ ماڭدى. ئاندىن، ۋوگزالغا يېقىنلاپ قالغان چاغدا ئاياللار ئېسىنى تېپىپ، ئايرىلىش ئالدىدا يىغلاشقا باشـ لىدى. ئۇلار ئۆزلىرى توغرۇلۇق، ئۆزلىرىنىڭ قايغۇلۇق تەقـ دىرى توغرۇلۇق ئويلاپ كېتىشتى، چۈنكى ئالدىنقى سەپكە ماڭغانلار بىلەن ۋىدالاشقاندا ئۇلارنىڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغاـ نلىقى تەبىئىي ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى تاكى ئۆلگۈچە ئۇرۇشقا تەقدىم قىلىنغان قۇربانلىق بوـ لۇپ قالاتتى، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققىنى سۆزسىز تۇللۇق تەقدىر بولاتتى.

321

— ھەي، ئاياللار، چۈرۈلداشماڭلار! يۇرۇشكە تەسىر يەتـ كۈزمەڭلار! تارقىلىڭلار!

لېكىن، ھەرقانداق نەسىھەت ۋە قاتتىق بۇيرۇقمۇ ئۇلارغا كار قىلمىدى. ئۇلار ئەنە شۇ تەرزدە — ئەسكەرلەر قاتار تىزدـ لىپ، يېنىدا چۈرۈلداشقان ئاياللار بىلەن بالا ـ چاقىلار ساراـ توفنىڭ ئەگرى ـ توقاي كوچىلىرىدا بىردەم يۇقىرىغا، بىردەم پەسكە قاراپ مېڭىپ كېلىشتى. ۋولگا بارغانسېرى يىراقلاشـ تى.

سېرگېي جۇدالىقنىڭ مۇنداق ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان، ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆپچىلىك ئىچىدە

خوشلىنىشىۋاتاتتى. گەرچە يېنىدا كېتىۋاتقان باشقا ئەسكەرلەر-
گە ئوخشاش كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، كۆزۈم ئۈچراشقانلا ئادەم-
گە كۈلۈمسىرەپ، قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ، ھېچقىسى يوق، ھەم-
مىگە چىدايمىز دېگەندەك قىلىپ ماڭاي دېسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇ-
رۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە
چىدىيالماي يۈرىكى بەكلا ئېچىشىپ كەتتى، نېمە ئامال، ئاتا -
ئانىسى قېرىپ كەتكەن، ئۆزى باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى. چوڭ
ھەدىسى قازاقىستاندا قازاقىستان - جۇڭگو چېگراسىنىڭ يې-
نىدىكى بىر چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدا ياشايدۇ. ئىككىنچى
ھەدىسى ۋېرونىكا بۇ يەردە، ساراتوفتا، ئۇنىڭ ئېرى ئورۇشقا
كەتكەن، ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم. ئۇنىڭ ئەمچەكتە بالى-
سى بولۇپ، ئۇنى يېقىندا بىردىنلا قېرىلىق يەتكەن ئانىسىنىڭ
بېقىشىغا بېرىپ قويۇپ ئۆزى ئىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆمۈرۋايەت
ۋولگا نېفىتلىكىدە بوغالتىرلىق قىلىپ كەلگەن دادىسى ۋو-
رونسوف نىكولاي ئىۋانوۋىچ بولسا كېسەللىكتىن ئۇزاقتىن بۇ-
يان بالىنىستىتا يېتىقلىق. بۇلارنى ۋېرونىكا قىسمىنىڭ ھەر-
بىي پوچتىسى ئارقىلىق ئۇ شەھەر ئەتراپىدىكى گازارمىدا كې-
چە - كۈندۈز ھەربىي تېخنىكىدىن تەلىم ئېلىۋاتقان چاغدا ئە-
ۋەتكەن خېتىدە يېزىپتىكەن. ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ كېلىپ
يوقلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ۋېرونىكا خېتىدە ئۇلار دۇچ
كەلگەن بارلىق قىسمەتلەرنى يېزىپتۇ، ئۇ بەك ئالدىراش ئى-
كەن، خىزمەت ئورنىدا ئالدىراش، ئۆيدە ئالدىراش، يەنە تېخى
بالىنىستقا دادىسىغا قارىغىلى بارىدىكەن. ئۇ ھەممىگە كۆڭۈل
بۆلەتتى، سەممىي، ئوچۇق بولۇپ ھەممە ئىشنى ئەينەن يازدى-
دىغانلىقى ئۈچۈن، سېرگېي ئامراق ئىدى. لېكىن ھەدىسىنىڭ
يېقىنقى بىر پارچە خېتىگە جاۋاب يازمىدى، جاۋاب يېزىش -
يازماسلىقنىمۇ بىلەلمەي كەتتى، بۇ خەت ئۇنى بەكمۇ بىئارام
قىلغانىدى. ئىچىدە غەلىتە سېزىم، بىئاراملىق پەيدا بولغاند-

دى. ۋېرونىكا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سىنىپدېشى بولغان ناتاشانىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا يېزىپتۇ ــ لېكىن ئۇ، بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلگەندۇ؟ ناتاشانىڭ مەكتەپتە «كومىنتېرنىكا» (كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال جەڭچىسى) دېگەن نامى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ يەتتىنچى سىنىپتىكى ۋاقتىدىن باشلاپلا كومىنتېرىن توغرىسىدا شېئىر يازغان، ئىنتېرناتسىيونال بىرىگادىسى ئىسپانىيەدە پۈتۈن دۇنيا ئىشچى - دېھقان ئاممىسىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قانداق جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدا يازغان. ئۇ، بۇ شېئىرلىرىنى موسكۋاغا ئەۋەتكەندە، موسكۋادىن ئۇنىڭغا رەھمەت خېتى كەلگەن. بۇ، مەكتەپتە چوڭ ئىش ئىدى، ئۇنىڭ بۇ خېتىنى ھەممە ئادەم ئوقۇغان. زېرەك، پائالىيەتچان كومىنتېرنىكا ناتاشا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاكتىپ بولۇپ، تۈرلۈك يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلىگەن، ئۇنى ھەممە ئادەم تونۇيتتى، ئۇمۇ ھەممە ئادەمنى تونۇيتتى. ئەتىيازدا، دەل ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا، بىر ئىش يۈز بەردى. بىر قېتىم ناتاشا بىلەن ئىككىسى مەكتەپنىڭ كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشىدا تانسا ئويناپ قالدى، ناتاشا كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتقانىدى. ئۇ چاغدا ئۇ دېرىزە ئالدىدا جۈپ - جۈپ بولۇپ پىرقىراپ تانسا ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ئۆرە تۇراتتى، بۇ چاغدا ناتاشا تانسا ئويناۋاتقان يىگىتنى تاشلاپ بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ: «يۈر، سېرۇژا، سېنىڭ بىلەن بەكلا تانسا ئوينىغۇم بار!» دەپ تانسىغا تارتتى، ئۇنىڭ بويى ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە كەلگۈدەك بولسىمۇ، خۇددى پىيونېرلار ئەترەت باشلىقىغا بويسۇنغاندەك، ئۇنىڭغا بويسۇندى. ئۇنىڭغا بۇنداق جۈرئەت نەدىن كەلدى؟ ئۇنىڭ كۆتۈۋاتقىنى مۇشۇدەك، تېنىگە دەرھال بىر ئىسسىق ئېقىم ئۆتكەندەك سېزىلدى. ئۇلار تانسا ئويناۋاتقانلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاندى.

سىرگىي مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى — تانسا ئويناۋاتقان كۆپچىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىپ بېشى ئايلاندى، گويا ۋالىسقا پىرقىراۋاتقانلارنىڭ تېنىدىن شە-كىلسىز بىر ئوت چىقىپ، تېنىنى كۆيدۈرۈپ، دېمىنى قى-سىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ راسا بىر خۇماردىن چىققۇ-سى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن بېسىم ھېس قىلىپ، ئادەملەر توپىدىن چىقىپ ناتاشا بىلەن بىرلىكتە ئېگىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۇنى باغرىغا بېسىپ كۆكتە پەرۋاز قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. كومىنتېرنىكا ناتاشا بولسا خۇددى تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم، يېقىملىق ئىدى، سىرۇژا ھەيران قالغان ھالدا بايا پەيدا بولغان يېتىرقاشنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېز يېتىلگەن يېقىنلىقنى سەزدى. يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق دۈكۈل-دەپ تىنچلىنالماي كەتتى، بۇ كۈچ ئۇنى بارغانسېرى بەك تار-تىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مەڭزى شۇنچە يېقىن، چە-قارغان نەپىسى شۇنچە ئىسسىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ-نىڭ چىرايىغا تىك بېقىپ قارىيالمىدى ۋە ھاياجانلىنىپ كەت-كەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي كەتتى. پەقەت ئۇ بىردىنلا: «بىلىمەن سىرۇژا، سەن مېنى سۆ-يىسەن، مېنى ئېلىشنى ئويلايسەن!» دېگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئەيمەنمەي كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتەي يېقىنلىششقا ئۇرۇنۇۋاتقان ھېسسىياتلىق چىرايىنى كۆردى.

سىرگىي ناھايىتى قورۇندى، ئۇ بۇنداق بولارىنى ئويلىمى-غان، تەييارلىقىمۇ يوق ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى توختىۋالماي پىرقىراۋەردى. ئۇ شاللاق، قوپال گەپلەر بىلەن جاۋاب بېرىش-نى ئويلىدى. ئەگەر باشقا يىگىتلەر بولسا، ئاغزىدىن سۆز چى-قىشى بىلەنلا چوقۇم دەم ئالالماي قالغان بولاتتى. ئۇ ئادەتتە-كىلا گەپ قىلدى. ئۇنىڭغا گەرچە ئۇنى ياخشى كۆرسىمۇ ھەتتا

ئىنتايىن ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن سۆيۈش ـ سۆيمەسلىك توغرىسىدا ئويلاپ باقمىدىم دېمەكچى ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنى بىلىپ قالغاندەكلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئالدى بىلەن گەپ باشلاپ ئۇنىڭ ئويىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. «جاۋاب بەرمە، سىرۇژا، جاۋاب بەرمە، ئۆزۈڭنى زورلىما! چاقچاق قىلىپ قويدۇم!» ئۇ بۇ گەپنى قىلغاچ پىرقىراپ كېتىۋېتىپ، مۇزىكا رىتىمىغا كەلتۈرۈپ بېشىنى ئايلاندۇردى. «بىراق، بىلەمسەن، مەن سېنى ئوبدان چۈشەندىم، مەن سېنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلالايمەن.» ناتا ـ شا گېپىمنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئاڭلىسۇن دېگەندەك زالنىڭ بىر چېتىدە توختىدى. «مەن ھەممە ئادەمنى ئوبدان چۈشىنە ـ لەيمەن، كىمنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. رايكومدىكىلەر مېنى كۆزىتىشكە ئۇستا كومسومول تەشۋىقات ـ چى، دېيىشىدۇ. مەن سېنى ئوبدان چۈشەندىم. سەن مېنى سۆ ـ يىسەن، پات ئارىدىلا بۇنى ماڭا دەيسەن! سەن بىزنىڭ بۇ يەردى ـ كى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايسەن. دۆت، ۋاي راستىلا دۆت! سەن ئەمدىلا... مەن بىلىپ بولىمەن. سەن قىزلار بىلەن ھېچقاچان ھېچ نەرسە قىلىپ باقمىغان! شۇنداقمۇ؟ چۈشىنىش ـ لىك ـ تە! يوشۇرىدىغان نېمىسى بار! مەن كۆزلىرىڭدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ! بىراق يېقىندا ھەممىسى ساڭا ئېسىلىشىدۇ! ھە، سەن كۆزۈڭنى ئاچ! مەن بىرىنچىسى! ئاندىن كېيىن سەن مېنىڭ بىلەن بولىسەن!» ئۇلار يەنە تانسا ئويناپ پىرقىراشقا باشلىدى. ناتاشا يەنىلا توختىماي سۆزلەيتتى. «بىز نەگىلا بار ـ ساق بىللە بولىمىز. مەن يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەيمەن، سەن گېزىتخانا ئۈچۈن خاتىرە يازىسەن، مۇخبىرلىق قىلىسەن. بى ـ لىمەن، سەن ياخشى يازىسەن. چۈشىنەمسەن، مەن قورقمايدى ـ غىنىمدىن، ئەلنىڭ ئالدىغا چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيمەن، سەن بولساڭ ئەقىللىق، ماڭا دەل ساڭا ئوخشايدىغىنى كېرەك. چۈ ـ شەندىڭمۇ؟»

ئەنە شۇنداق بىر قېتىملىق سۆزلىشىش بولۇپ ئۆتتى، چاقچاقمۇ، راستمۇ، بۇ ھەقتە ئويلىنىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنتۇپ كېتىش ئوڭمۇ، بىراق شۇ كېچىسى سېرگېي ئوخلىيالمىدى، تاڭ ئاتقۇچە قىينالدى، توك تېپىۋەتكەندەك بولدى. كېيىن ئۇ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازماقچىمۇ بولغان، يازغان، بىراق ئۇ-نى يىرتىپ تاشلىغان. رەسمىي خەت يېزىش ئورۇنسىزدەك تۇ-يۇلغان، ئادەتتىكىدەكلا، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ يېزىشقا سېرگېي قىزىقمىغان.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تىنچىدى. كېيىن ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا چىققاندا — ئۇرۇش شۇ يىلى يازدا پارتلىدى — ئويلىمىغان يەردىن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى، بىراق سۆيگۈ توغرۇلۇق سۆزلەشمىدى. سېرگېي ھەر قېتىم ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى كۈتسىمۇ، لېكىن ئۆزى ھېچقانداق بېشارەت بەرمىدى، ئۇنىڭ بىرەر گەپ قىلىشىنىمۇ كۈتمىدى. بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش زۆرۈر بولغىيتتى، لېكىن ھەربىي-لىككە چاقىرىلغان ئۇقتۇرۇشنى ئالغاندىن كېيىن ھەممە ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ كەتتى. سېرگېي تاقەت قىلالماي ئۇ تۇرىدىغان ئېگىز بىناغا كېلىپ، ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردى. ئازابلاندى، ھاياجانلاندى، كېتىپ قالايمۇ ياكى مەشەدە ساقلايمۇ دەپ دېلىغۇلمۇ بولدى، خۇددى ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ كېتىۋاتـ-قان گۈلخانغا ئوخشاپ قالدى. ئۇنى يېڭىباشتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇق ئوتۇن كېرەك بولاتتى. سېرگېي ئارمىيەگە قاتـ-نىشىدىغان بولدۇم، خوشلاشقىلى كەلگەنىدىم، دېدى. ئۇنىڭ بۇنىڭغا ئىنكاسى ئادەتتىكىدەكلا بولدى، ھازىر كۆپچىلىك ئالـ-دىنقى سەپكە ئاتلىنىش ئۈچۈن ھەربىي سەپكە چاقىرىلىۋاتىـ-دۇ، ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى - دە، دېدى ۋە ھازىر بېجىرىدىغان جىددىي ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ، تېزرەك دالا ئۇرۇشى پوچ-

تىسىنىڭ ئادرېسىنى ئەۋەتكىن، خەت يېزىپ تۇرىمەن، دەپ ۋەدە بەردى. سېرگىي خۇددى ئۆزئارا خەت يېزىپ تۇرۇشقا ۋەدە ئېلىشقا كەلگەندەك، بۇنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى خەتتە يۈزتۇرانە سۆزلەشكەندىن كۆپرەك سۆزلىشىشكە بولاتتى، ئېغىزدا ئېيتىشقا قىيىن گەپلەرنى يېزىشقا بولاتتى. لېكىن ئۇدا ئۈچ مەرتەم خەت يازسىمۇ، ۋەدە بەرگىنىدەك جاۋاب خەت يازماي قويدى. گەرچە ئۇ شۇنچە كۈتسىمۇ، ئىچىدە يېزىد-شى مۇمكىن بولغان خىلمۇخىل گەپ ۋە بېرىشى مۇمكىن بول-غان جاۋابلارنى ئويلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پارچىمۇ جاۋاب خەت يازمىدى. ھەربىيلەرنىڭ ئادەتتىكى تۇر-مۇش ئىشى بىلەن ئالدىراپ يۈرگەن، ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بىر چاغدا، ھەدىسى ۋېرونىكا-نىڭ يېقىندا يازغان بىر خېتىدە ئۇشتۇمتۇتلا — ئۇ، بۇ ئەھۋاللارنى نەدىن بىلدىكىن؟ — كومىنتېرنىكا ناتاشانىڭ (ئەھۋالدىن خەۋەردار بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە) خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىش شەرتىگە توشماي قالغان، ئۆ-زىدىن كۆپ چوڭ بىر كىشىگە ياتلىق بولۇپ كەتكەنلىكى توغ-رۇلۇق گەپ بار ئىكەن. ۋېرونىكا خېتىدە: «سېرۇژا، قەدىرلىك ئۇكام، بۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن. مەن بى-لىمەن، سەن خىلمۇخىل ھېكايە، رومانلارنى تولا ئوقۇغانلى-قىڭدىن ھەممە ئىشقا كىتابلاردىكىدەك قارايسەن، بۇ ئىش ساڭا ئېغىر كېلىدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلما. بىلەمسەن، سەن بولساڭ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئادەم. مىجەزىڭلار ئوخشىمايدۇ. ئىچىڭدە ئۇنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كەتمە، ئۇنىڭ ئەرگە تەگكۈسى كەلسە ئۆزىنىڭ ئىشى. سىلەر بىر - بىرىڭلارغا زادىلا ماس كەلمەي-سىلەر. ماڭا ئىشەن. ئۇرۇشتىن ئامان - ئېسەن ھايات قايتىپ كېلىدىغانلا بولساڭ، خۇدايىم ئۇرۇش بالدۇرراق ئاخىرلاشقاي، ئىشەنچىم كامىلكى، بەختلىك بولىسەن. بىر قىزمۇ ئىنتايىن

بەختلىك ھالدا سىنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، سىرۇژا! ئازراقمۇ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما قەدىرلىك ئۇكام. يېنىمىزغا تېزرەك قايتىپ كەلگەيسەن... تېزرەك تۇگىگەي بۇ ئۇرۇش، تېزرەك تۇگىگەي...» دەپتۇ. مۇشۇنداق بىر خەت. راست گەپنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن كومىنتېرنىكا ناتاشا ئوتتۇرىسىدا كۆڭلى يېرىم بولغۇدەك ئىشمۇ بولمىغان. لېكىن ھەدىسىنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇسى كەپتۇ.

ھازىر ناتاشا بىلەن بولغان ئىشقا ئاشماي قالغان بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ئۇچۇن خېلىلا ئەستىن كۆتۈرۈلگەن بىر چۈشكە، ئۆتۈپ كەتكەن ئون توققۇز يىللىق ھاياتىدا ئۆتۈلگەن بىر دەرسكىلا ئوخشاش ئۆتمۈش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەنە شۇ يوسۇندا جەڭگاھقا كەتتى، ئۆزى چۈشەنمىگەن، روھىي ھالى شۇنداق مۇرەككەپ بولغان، ھەم ھەسرەت چەككەن، ھەم ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان سەبىي قەلبى بىر مەھەل ئىشىنىشكە تەييارلانغان ئىشتىن قۇتۇلدى. ئۇ باللىق ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەن شەھەردىن ھەربىي مارشنى ياڭرىتىپ، كوچا بويلاپ چۇرقىرىشىپ يۈرگەن ئاياللار ۋە باللارنىڭ ئۇزىتىشى ئىچىدە بىۋاستە جەڭگاھقا ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە ھەدىسى ۋېرونىكانىڭ يوق بولۇپ قالغانلىقىدىن قەۋەتلا ئەپسۇسلاندى. ئەگەر ئۇ ئۇلارنىڭ جىددىي يولغا چىقىدىغان بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان بولسا، ھېچنېمىگە قارىماستىن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى مەرتەم كۆرۈشۈۋالغان بولاتتى.

بىراق، كىشىلەر مۆجىزىسىز دۇنيا بولمايدۇ دەيتتى. بەلكىم بۇ بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. تەقدىر ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئۇزىتىپ قويالمىغىنىنىڭ ئورنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر شەكىلدە تولۇقلىۋېتىشنى ياقتۇرغاندۇ. ئۇ بۇلارنى يولدا، پويىزغا چىققان ۋە سەل تىنچىغاندىن كېيىن ئويلىدى.

ئۇلار ۋوگزالغا كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، ئاياللارنىڭ قاتارىدا ئۇشتۇمتۇت بىر سىگان ئايال كۆزگە تاشلاندى. ئۇنىڭ نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى بىرلا خۇدا بىلىدۇ، گەرچە ياز كۈنلىرى ساراتوفتا سىگانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ. سىگان ئايالنىڭ چىرايى قاپقارا بولۇپ، يۇگۇرگەندە پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان مىس ھالقىسى بىلەنمۇ، بوينىغا سېلىۋالغان كونىراپ كەتكەن ئو - چۇق رەڭلىك ياغلىقى بىلەنمۇ، يەرگە تېگىپ تۇرغۇدەك ئۇزۇن كۆڭلىكى بىلەنمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ئاھ، سى - گان دېگەن سىگان ـ دە! قىسىم يولغا چىقىپتۇ دەپ كوچىغا چىققانلارنىڭ كۆپلىكىدىن بولسا كېرەك، ئۇمۇ سەپ بولۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ يېنىدا بىرەر كىشىنى كۆزلىگەندەك تۇۋلاپ قول ئىشارىتى قىلاتتى. ئەسكەرلەر ھەيران بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە: كۆردۇڭمۇ؟ ئاۋۇنى قارا، سىگانكا سېنى ئىزدەۋاتامدۇ نېمە، دېگەندەك قىلىپ بىر ـ بىرىنى كۆز قىسىپ تۇرتۇپ قو - يۇشاتتى. بىر جەڭچى ھەتتا ئۆزى گەپ قىلدى:

— ھەي سىگانكا، ھەي چېچەن قىز، مەن مەيەردە! ئاڭلى - دىڭمۇ؟ بۇ مەنغۇ! ماڭا پال ئېچىپ بېرەمسەن؟

ئۇ جەڭچى شۇنىڭغا ھەيران بولدىكى، سىگانكا ئۇنىڭغا:

— ساڭا كېيىن پال ئېچىپ بېرەي، ھازىر مەن ئۆزۈمگە كېرەك ئادەمنى ئىزدەۋاتىمەن، — دېدى. دەرۋەقە، ئۇ دەل دې - گىنىنى قىلدى.

ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ تېزلا ئىزدىگەن ئادىمىنى تو - نۇۋالدى. بۇ بەلكىم تەگرى ئاتا قىلغان بىۋاستە تۇيغۇدىندۇر، بەلكىم ئۆز كۆڭلىدىندۇر. كېتىۋاتقان سەپ ئىچىدە ئۇنىڭ ئىزدىگىنىنىڭ دەل سېرگېي بولۇپ چىققىنى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. نېمە ئۈچۈن دەل شۇ بولىدۇ؟ يېنىدا يۇ - گۈرگەندەك كېتىۋاتقان سىگانكا سېرگېيگە مۇنداق دېدى:

— ھەي يىگىت! ھەي ياش يىگىت، ھەي، سەن، ئاۋۇ قارا -

قاش يىگىتنى دەيمەن. يولنىڭ چېتىگە چىق، ئەكەل قولۇڭنى، يولغا چىقىش ئالدىدا ساڭا پال ئېچىپ بېرەي، بەختىڭگە پال ئېچىپ بېرەي!

سىرگىي قاتارنىڭ چېتىدە ئۈچىنچى بولۇپ كېتىۋاتاتتى، مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئەھۋالدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغانلىقى مەسىلە بولۇپ قالدى.

— كېرەك ئەمەس! مېنىڭ پال ئاچقۇزغۇم يوق! — دېدى ئۇنىڭغا كۇلۇمسىرەپ مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ. ئۇ ئۆزىنىڭ رەت قىلغانلىقىغا سەل خىجىل بولۇپ، كەچۈرۈم سوراپ قويايـ ـمىكىن دەپ ھېس قىلدى. بىراق، قانداق كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە نېمىگە كەچۈرۈم سورايدۇ؟ بۇ چاغدا سەپداشلىرى يەنە چاقچاقـ ـنى باشلىدى: سىگانكا كىمگە پال ئېچىشنى بىلىدۇ ـ دە، مانا بىزنىڭ موناخنى تاللاپتۇ. ئۇنىڭدىن بۆلەك كىمگە پال ئاچاتـ ـتى؟ ئۇ خۇداغا ئىشىنىدۇ ئەمەسمۇ، مانا دەل ئۆزى!

شۇنداق دېيىشمۇ سىگانكا ئۇنى قويۇۋەتمىدى:

— ھەي يىگىت، رەت قىلما، بۇ دېگەن تەقدىر!

ئۇنىڭغا بىرەيلەن دېدى:

— ئۇنىڭ ئېتى سىرگىي!

— سىرگىي؟ ھەي سىرگىي، قەدىرلىكىم، ھەي قارىقاش! مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن — بۇ دېگەن تەقدىر، رەت قىلما. سىرگىي، سەن تولىمۇ ياش ئىكەنسەن، مەن سېنىڭ بولغۇسى تەقدىرىڭنى ئېيتىپ بېرەي! چىن كۆڭلۈمدىن پال ئېچىپ بېـ ـرىمەن! ھەممىدە راست گېپىمنى قىلىمەن!

بۇ چاغدا بەزى ھاماقەتلەر ئۇنىڭغا قاراپ توۋلاشتى:

— ھەي سىگانكا، بولدى قىل، كاشىلا قىلما! كۆرۈپ تۇ ـ رۇۋاتىسەنغۇ، بىز ئالدىراۋاتىمىز!

— كاشىلا قىلمىدىم. مەن پەقەت كېتىۋېتىپ ئالىقىنىـ

غىلا قارايمەن!

— چاپلىشىۋالمىساڭچۇ، ئەجەب ئىچىنى پۇشۇردى - يا ئادەمنىڭ. كاشىلا قىلما، سېنى دەۋاتىمەن!

سىگان ئايال قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس ئىدى. سېرىگىي ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىرەر قۇۋۇلۇقنى بايقىمىدى، ئەكسىچە، ھەدىسى ۋېرونىكاغا ئوخشاش سەممىمىي ۋە كۆيۈمچان كۆرۈندى. ۋېرونىكانىڭ دائىم بىراۋغا ياخشىلىق قىلغۇسى كېلەتتى، شۇ سەۋەبتىن ھامان جىم يۈرەلمەيتتى. پاھ، ئەجەب ۋېرونىكاغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ھېس قىلىپ قېلىشىغا بەلكىم ئۇنىڭ: «ساڭا ھەدەڭدەك گەپ قىلىۋاتىمەن! ئۆز ئىنىمدەك گەپ قىلىۋاتىمەن!» دەپ توۋلىغىنى سەۋەب بولغاندۇر.

سىگانكا ئادەملەر ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغاندا سېرگىي بىرئاز ئۆكۈنۈپمۇ قالدى ۋە ئىچىدە ماقۇل دېسەم بولۇپتىكەن، نېمىشقا بۇنداق تەرسالىق قىلغاندىمەن؟ بۇ ئىشنى توغرا قىلمىدىم، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى.



بۇ چاغدا ئۇلار ۋوگزالنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، لېكىن يەنىلا قاتارنى بۇزماي، روتا - روتا بويىچە قاتار تىزىلىپ تۇرۇشتى. قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن ساراتوفلۇقلار بولسا چۆرۈلدىشىپ تۇرۇشاتتى. ھەربىي پويىز لىنىيەگە كىرىپ بولغان، يۈك ۋاگونلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان، ئادەملەر چىقىسىلا بولاتتى. ۋاگونلارنىڭ جىقلىقىدىن باش - ئاخىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

پويىز مېڭىشتىن ئاۋۋالقى قاتىلاڭچىلىق باشلاندى. قايسى ئىزۋودنىڭ قايسى ۋاگونغا چىقىدىغانلىقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پويىزنىڭ ئەتراپى ئادەم بىلەن تولغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئاياللار بىلەن باللارمۇ قىستىلىشىپ يۈرىدۇ، ھېچقانداق كۆچ توسۇۋالالمايدۇ.

پويىزغا چىقىش خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. دىمىق، قىس-تاڭچىلىق. ۋاگونغا چىققىلى ئۆچرەتتە تۇرغان سېرگىي ھېلى-قى سىگانكىنى پۇتۇنلەي ئەستىن چىقارغانىدى، بىراق ئۇ ئا-دەملەر ئارىسىدا بىردىنلا پەيدا بولۇپ قالدى. يەنە ئىزدەپ كەل-دى، ئەجەب جاھىل ئايالكىنا!

— ھەي سېرگىي! مەن سېنىڭدىن قالماي كەلدىم! رەت قىلما، يىگىت، مەندەك بىر سىگان ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قوي! تەقدىر مېنى سەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پال ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. رەت قىلما، سەن ئۇرۇشقا كېتىۋاتىسەن، ئۆزۈڭنىڭ تەقدىرىڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بى-لىۋال!

سېرگىي ئاجايىپ خۇشال بولغان ھالدا دېدى:

— ماقۇل، زۆرۈر بولغان بولسا پال ئېچىپ قوي!

ئۇ سەپەر خالتىسىنى پۇتىنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئاپتوماتىنى بويىنغا ئاستى ـ دە، ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى. ئەنە شۇ تەرىقى-دە، پويىزغا چىقىش ئالدىدا، ۋاگوننىڭ يېنىدا، بىر ئىزۋودتى-كى دوستلىرى قورشاپ تۇرغان ھالدا پال ئېچىش باشلاندى. سىگانكا ئالىقاندىكى سىزىقچىلارغا دىققەت بىلەن قاراپ، كال-پۇكلىرىنى مىدىلدىتىپ، باش ـ كۆزىنى ئويىنىتىپ بىرنېمە-لەرنى ئوقۇدى.

— ئوھۇ، ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن، ئەزەلدىن ئىشتىلمىگەن قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ۋاھ، تەقدىر، تەقدىر! قان چاچرىمىغان قۇياشلا قالىدۇ، چەۋەندازى يوق ئاتلا چاپىدۇ، — دېدى ئۇ كونكرېت بىرەر ئادەمگە قاراتماي. ئاندىن كېيىن سېرگىينىڭ كۆزىگە تىك قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سېنىڭ-دە چۈشىنىكسىز مۇھەببەت بولۇپتىكەن. ئۇ ساڭا قايغۇ ئېلىپ كەلگەن. بىراق ئۇنداق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. سەن بىر پارچە ئاق قەغەزدەك پاك ـ غۇبارسىز.

ئەتراپتىكى ئەسكەرلەر شۇ زاماتلا كۈلۈپ كېتىشتى:
— چۈشىنىشلىك ئىشقۇ، بىزنىڭ پاك - غۇبارسىز ئادەممىز ئاشىق بولغانۇ نەتىجە بولمىغان!
— بولمىغان! — ئۇنىڭغا يان باسقاندەك بولۇپ ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا گەپ قىستۇردى ئىككىنچى بىر ئەسكەر، — سىلەر تەئەددى قىلىشنىلا بىلىدىكەنسىلەر. بىزنىڭ موناخىمىز ئەسلىدە بىكار ئاۋارە بولۇپتىكەن - دە، ئۇ قىز قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ قويۇپلا سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەپتۇ! بۇ ئەسلى قانداق پاك - غۇبارسىز بولسا هازىرمۇ شۇنداق پاك - غۇبارسىز پېتى قاپتۇ!
— ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما، يىگىت، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى سىگان ئايال قولىنى بىر شىلتىپ، — ئەمدى ئاۋۇ قولۇڭنى چىقار، مېنىڭ گېپىمگىلا قۇلاق سال!
سىگان ئايال سېرگىينىڭ سول قولىغا زەن قويۇپ قاراپ، دىققىتىنى يىغىپ بىر هازا ئۇن چىقارمىغاندىن كېيىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ توۋلاپ كەتتى:
333 — سەن ئۆلمەيدىكەنسەن! بۇنى ماڭا يۇرىكىم ئېيتىۋاتىدۇ. قارا، سەن ئۆلمەيدىكەنسەن! سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ مۇشۇنداق! مەن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم! شۇڭا ئارقاڭغا كىرىۋالدىم - دە!
ئەتراپتىكىلەر گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلىپ كېتىشتى. سېرگىي خۇشال بولايمۇ ياكى كۈلۈپ تەزىم قىلىپ قويايمۇ دەپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي هەجىيىپ قولىنى تارتىۋالدى. لېكىن، بۇ چاغدا كۆزىمىن دەيدىغان تىرناقنىڭ ئاستىدىن كىر ئىزدەشكە ئامراق ناهايىتى ئەسكى بىرنېمە قىستۇرۇلۇپ كىردى. ئەگەر بىرەر كىمنىڭ سۆزى جايىدا بولماي قالسا، ئۇ چوقۇم قۇسۇر تاپاتتى. باشقىلارنى ئەدەپلەشكە قەۋەتلا ئامراق ئى-

دى.
— ھەي، ھەي، سىگانكا، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ، قە-
دىرلىكىم؟ — دېدى ئۇ قەتئىي تۈردە بېشىنى چايقاپ، — دې-
گەنلىرىڭ بىزئاز ئېشىپ كەتتىغۇ. ئۆلمەيدىكەنسەن — بۇ نې-
مە دېگىنىڭ؟ ئۆلمەيدىغان ئادەم بارمۇ؟ نەدە ئاڭلىغانتىڭ؟ يەر
شارىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ - يۇ، پەقەت ئاشۇ
بىر ئادەملا ئۆلمەمدۇ؟ شۇنى دەپ قوياي، بىز بىرەر يەرگە ئوي-
نىغىلى ئەمەس، جەڭ قىلغىلى كېتىۋاتىمىز، كىمنىڭ نېمە
بولىدىغانلىقىنى — كىمگە ئوق تېگىدىغان، كىمگە ئوق تەگ-
مەيدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ جەڭگاھتا ئەزرائىلنىڭ كىمگە
پال ئېچىپ بەرگىنىنىڭ بىلەن كارى يوق. ھەممىنى بىردەك
چالغا بىلەن چاپىدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن بىزنى ئەخمەق قىلى-
سەن؟
— مېنىڭ ئەخمەق قىلغىنىم يوق، خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن
بېشارەت بېرىۋاتىمەن. ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئۆلمەيدىغان يۇلتۇز!
پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى سىگان
ئايال بوي بەرمەي. نۇرغۇن كىشى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ رازى
بولدى، — خۇدانىڭ ئىرادىسى دېگەن ئەجەلدىن ئۈستۈن تۇرى-
دۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى دېگەن تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، ئۆلۈم
ھېچنېمىنى بەلگىلىمەيدۇ. بۇ يىگىتنىڭ يۇلتۇزىدا بەلگىلەن-
گىنى ئۆلمەسلىك!...
كۆزمەن سىگان ئايال ئاچقان پالنى يالغان دەپ ئىسپاتلاش
ئۈچۈن، خۇددى ئاممىۋى يىغىندا نۇتۇق سۆزلىگەندەك قوللى-
رىنى ئۇيان - بۇيان شىلتىپ ناھايىتى ئۇزاق بىر نېمىلەرنى
دېدى. گەرچە ئۇنىڭ توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلەر نېمە
ئۈچۈندۇر پال ئاچقۇچىغا ئىشىنىپ قالدى. بۆلۈنۈپ پويىزغا
چىقىشقا توغرا كەلدى، نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ بىلەن قول ئې-
لىشىپ خوشلاشتى، ئۇ ئايال پويىز ئورنىدىن قوزغالغۇچە شۇ

سۈپىدىن كەتمىدى. پويىز قوزغالدى، ئۇ يەنىلا ئاياللار ۋە بالىلار بىلەن بىرلىكتە ۋاگونغا ئەگىشىپ يۈگۈردى، سىرگىيغا توختىماي قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇردى...

ۋاگوننىڭ ئىچى ئىسسىپ كەتتى. ئۇ كىچىسى ئۇخلىيالمىدى. پويىزنىڭ چاقى قاراڭغۇدا تاراقشىيدۇ، پاراۋۇز پات ـ پات گۈدۈكنى ياڭرىتىپ قويىدۇ، غەم ۋە قورقۇنچ يۈرىكنى قىسقان، قالايمىقان ئوي ـ خىياللارغا پاتقان سىرگىينى تارىخنىڭ غايەت زور دولقۇنى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئەكىتىپ بارىدۇ. ئىرماش ـ چىرماش ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئۇ پات ـ پات ھېلىقى سىگانكانى يادىغا ئېلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ: «قان چاچرىمىغان قۇياشلا قالىدۇ... چەۋەندازى يوق ئاتلا چاپىدۇ...» دېگەن سۆزى ئېسىدە قالغان. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ سىرلىق تېپىشماق. قان چاچرىمىغان قۇياشلا قېلىش ئۈچۈن نېمىلەر بولۇشى كېرەك؟ چەۋەندازى يوق ئاتلا چېپىشى ئۈچۈنچۇ؟ ئۆلمەسلىكنىڭ يولتۇزىچۇ؟ بۇ قانداق يۇلتۇز؟ ئۇ نەدە؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەسەل بولسا كېرەك. يۇلتۇز بىلەن ئادەمنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ يۇلتۇز نەدە ـ يۇ، ئادەم نەدە. بىراق تەقدىر دېگەن بار. پېشانىگە پۈتۈلگىنى تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىراق تەقدىر دېگەن نېمە؟ تەقدىر دېگەن پېشانىگە پۈتۈلگىنىنى قانداق بەلگىلەيدۇ؟

پويىزنىڭ چاقى رېلىسنى تاقىلداتماقتا. ئەسكەرلەرنىڭ بىرى ئۇيۇقتا، بىرى بۇيۇقتا خورەك تارتىپ ئۇخلاشماقتا. ئاي بىردەم ئېشىكتە پەيدا بولسا، بىردەم كۆرۈنمەي قالاتتى. يۇلتۇزلار ئىتتىك كېتىۋاتقان پويىز ۋاگونلىرىنىڭ يېرىقىدىن ۋال ـ ۋۇل كۆرۈنۈپ قالاتتى...

قىزىق، سىگانكا كومىنتېرنىكا ناتاشا بىلەن بولغان ئىشنى قانداق بىلگەندۇ، ئۇنىڭغا يازغان خەتنى ۋە ھېچبىر نەتىجە چىقمىغانلىقىنى نەدىن بىلگەندۇ؟ نېمە دېدى بۇ سىگانكا؟

كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ؟ دېمەك كۆڭۈلنى يېرىم قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىكەن ـ دە. نېمە ئۇ ئالدىمدا كۈتۈۋاتقىنى؟ جەڭگاھتا نېمىلەر بولار؟ ئەلـۋەتتە قورقـۇنچلۇق. ئـۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىن ساراتوفقا قايـتقان يارىـدارلار جەڭنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەمدى ئۆزۈم ئۇرۇش دېگەننىڭ قانداق بىرنېمە ئىكەنلىكىنى كۆرىدىغان بولدۇم...

ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق. ئۇ يەنە ئويلاپ كەتتى: ھەركىمنىڭ بېشىدا تەقدىر دېيىلىدىغان بىر خىل كۈچ بار، ئۇنى ھېچكىم توسالمايدۇ ياكى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئېھتىمال، ئـۇرۇش تەقدىرگە باغلىق بولسا كېرەك، ھايات ـ ماماتلىق تەقدىرگە باغلىق بولسا كېرەك، غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتمۇ تەقدىرگە باغلىق بولسا كېرەك. مانا كۆپچىلىك جەڭگاھقا كېتىۋاتىدۇ، بۇ — تەقدىرنىڭ ئىرادىسى. شۇڭا ئۇلارنى مانا ئەمدى ھەربىي پويىز ياتقۇزۇۋېلىپ فاشىستلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىش بولۇۋاتقان جەڭگاھقا ناھايىتى ئىتتىك ئەكېتىۋاتاتتى. ئۇ يەردە قانداق بولار؟ بۇمۇ تەقدىر! ئوقتا ئۆلەرمۇ؟ كىم كىمنى يېڭىدۇ، بۇ ئەنە شۇنىڭغا باغلىق. توغرا، كىمنىڭ كىمنى ئۆلتۈرۈشكە باغلىق. ئاچارچىلىقنىڭ ئۆڭلىنىپ قېلىشى ئۇ-چۇن ھەركىم ئۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار كوچىلاردا كېتىۋاتقىنىدا ئايالار، ھەتتا توپنىڭ ئىچىدىكى بالىلارمۇ مۇشۇنداق توۋلىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلىش كېرەك، ئادەم ئۆلتۈرۈش كېرەك، غەلىبە قازىنىش كېرەك. ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇشۇنداق بولىدىكەن. ئۆيدە دادام بىلەن ئاپام مۇشۇ ۋەجىدىن تالاش ـ تارتىش قىلىشقان. ئەسكەرلىككە چاقىرىش قەغىزى كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بۇ نېمە ئۈچۈن دەپ بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشكەن، ئۇنىڭ مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشكەن. ئاپىسى بىردىنلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر قولىنى

كۆكرىكىگە قويۇپ:
— سىرورژكا، ھېچكىمنى ئۆلتۈرمە، قان تۆكمە! — دەپ يالۋۇردى.
ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ئۇشتۇمتۇتلا سۆزلەپ قويغىنىمۇ ياكى ئۇزاقتىن ئويلاپ كېلىۋاتقىنىمۇ؟ ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلغان چاغدىكى يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، خۇددى ئۇزاق بىر يەردىن كېلىپ، ئەمدى بوسۇغا ئاتلاپ كىرىپلا ئويلاپ كەلگەن گەپلىرىنى ئېيتىۋاتقاندەك بولغان روھىي ھالىتىنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ، مەڭگۇ ئېسىدە تۇتىدۇ. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئاپىسىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بولدى، ئاپىسىنىڭ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرىدىغان نۇرىنى يوقاتقان بىر جۈپ كۆزىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، قورۇق باسقان يۈزىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، كىيىۋالغان كونا پاختا رەخت خالتىنى بىلەن، بوينىغا سېلىۋالغان يۇڭ ياغلىقى بىلەن تۇرغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭدا يوشۇرۇن بىر ھېس پەيدا بولدى، يەنى ئۇلار ۋولگا نېفىتلىكىدە كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ يۈرگەن يىللىرىدا، تېخى يالاڭئاياغ چېپىپ يۈرگەن بالا ۋاقىتلىرىدا، ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلگەن ساغۇچ چېچىنى تاجغا ئوخشاش قىلىپ بېشىغا تۇرۇۋالغان، ئۆي ئىشلىرى، بالىلىرى، مەكتەپ، ئېرىنىڭ دىيابېت كېسىلىنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرگەن ئېگىز، كېلىشكەن ئاپىسىنىڭ شۇنچە يىل تەييارلىق قىلىپ، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە چاقىرىلغان ۋاقتىدا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىۋېتىپ، باياتىنقى گەپلىرىنى ئېيتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئاپىسىنىڭ جەڭدە ھېچقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرمە، قان تۆكمە دېگەن ئۆتۈنۈشى ئۇ چاغدا ئۇنى ئۇبدانلا گاڭگىرىتىپ قويغان بولغاچقا، ئۇ مىكى - مىكى قىلىپ:
— قارىغىنا ئاپا! نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرسەن؟

مەن ئەسكەرلىككە كېتىۋاتىمەنغۇ، — دېدى ئۇ بۇنداق پاراڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ئىشكاپىدىكى دەرسلىك ۋە كىتابلىرىنى رەتلەشكە باشلاپ، — ئاپا، ماۋۇلار مەن كۇتۇپخانىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار. ۋېرونىكا ئاپىرىپ قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ ئايرىپ قويدۇم.

لېكىن، دادىسى كېلىپ قېتىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ گەپنى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ، نىكولاي ئىۋانوۋىچ تۇز، قوپال، ھەتتا دەرغەزەپ ئادەم بولغاچقا، بولار ـ بولماس ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۈچۈنمۇ سوقۇشۇپ ئوغلىنى تەتۈر قىلىۋېتەتتى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، باشلىقى بىلەن پېتىشالماي جىگەر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندى.

— ئادەم ئۆلتۈرمە دېگىنىڭ قانداق گەپ؟ — ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى، — قانداقلارچە ئادەم ئۆلتۈرمەيدىكەن، قان تۆكمەيدىكەن؟ دەۋاتقان گېپىنى قارا! ئۇ نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ جەڭگاھقا. ئانىسى تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى.

ئۇ شۇ گەپنى قىلدى ـ دە، ئۆيدىن تاماكا ئىزدىگىلى تۇردى. سېرگېينىڭ ئاپىسى تاماكىنى تىقىپ قوياتتى. ھاياجانلىنىپ كەتسىلا دادىسىنىڭ تاماكا چەككۈسى كېلەتتى. تاماكا چەككەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق جۇدەڭگۇ، شۇنداق نېرۋا دەپ جەزملەشتۈرەتتى ئاپىسى.

— تاماكا چەكمە، كوليا، — دەپ يېلىندى ئۇ، — ئۆزۈڭنى ئايىغىنا.

— سېنىڭ سېروژاغا ئېيتقان گېپىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قانداقلارچە چەكمەي تۇرالايتتىم؟ ئۇ ئەتە ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ، ئۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋاتىمەن ـ دە. خۇدايىم ئۆزى تارازىغا سېلىپ باقسۇن. كۆپچىلىك ھەممىسى ئۆلتۈر، ئۆلتۈر دېيىد-

شىدۇ. دۈشمەن بىزگە ئەجەل كەلتۈرۈشتى، بىزمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز! ئەمما، ئاندىن كېيىن دۇنيادا قانداق ياشايمىز؟ دۇنيادا پەقەت جاللاتلارلا قالامدۇ؟ سەن مېنى باشقىلارنى ئۆل-تۈرمىسەڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىڭنى بىل-مەيدۇ دەمسەن؟ بىراق سەن خەقنى ئۆلتۈرسەڭ، بەرىبىر جاللات سانىلىسەن. كۆيۈئوغلىمىز ئاناتولى نېمە بولدى؟ تىرىكمۇ، ئۆلدىمۇ، ئۆلتۈرۈلدىمۇ ياكى ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ؟ مەن بۇنى ۋېرو-نىكاغا دېيەلمەيمەن. شۇڭا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئوغلۇمغا ئېيتىپ قالاي، — ئۇ جاۋاب تاپالماي، ئۆزىنىمۇ قايىل قىلال-ماي، قاتتىق ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران بېسىپ، جىمغىنا مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

— مانا، مانا، — ئەيىبلەشنى داۋاملاشتۇردى دادىسى، — مۇشۇنداق تەشۋىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن سېنى دۈشمەن دەپ سى-بىرىيەگە يولغا سالارمىكىن. دۇنيا ئۇرۇشى داۋام قىلىۋاتىدۇ، كىمنى كىم يېڭىدۇ، يا بىز، يا بىزنى، سەن بولساڭ ئۆلتۈرمە دەۋاتىسەن! سەن مېنى ئۆز ئوغلىنى ئايىمايدۇ دەپ ئويلايدىكەن-سەن - دە؟ يا بىزنىڭ ئاناتولىنى؟ پەقەت مۇشۇنداق قىلماي قانداق قىلغۇلۇق؟ جەڭچىلەر ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدىشى كې-رەك، بۇ دېگەن بۇيرۇق. ئەگەر جەڭچىلەر دۈشمەننى يوقاتسا، يەنى ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغانلىق بولىدۇ ياكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ قەھرىمان-لىقى مۇشۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ!

ئاپىسى گەپ قىلماي شۈك ئولتۇرۇپ ئوغلىنىڭ سومكى-سىنى يامىدى، دادىسى بولسا ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەپ كەتتى. سىبىرگىيەگە ئوخشاش ئۇن توققۇز ياشلىق ۋاقتى ئىدى، بىرىن-چى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا سۇ ئاستى پاراخوتىدا بىر ماتروس بولۇپ دېڭىز سەپىرىدە ئىدى. ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى يىغىن-چاقلىغاندا بىرلا نۇقتا: دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى يوقىتىش

— بۇ، ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى. مۇنداق بىر مىسال بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىنى ھەيدەپ يۇرۇپ بالتىق دېڭىزىدا ئەسكەر توشۇيدىغان بىر ھەربىي يۈك پاراخو- تىنى چۆكتۈرۈۋەتكەن. ئۇلار ھە دېگەندىلا خېلىغىچە ماراپ يۈرگەن، كېيىن بىرىپ سۇ مىناسى قويۇپ بەرگەن. ئىككى مىنا پاراخوتنىڭ سۇغا چىلاشقان يېرىگە تېگىپ، پاراخوتقا ئوت كەتكەن، چۆكۈشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى چوڭقۇرراق چۆكۈپ، بىر سائەتتىن كېيىن سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان – دە، پېرىسكوپ بىلەن دېڭىز يۈزىدىكى ئەھۋالنى كۆ- زەتسە، غايەت زور بىر پاراخوتنىڭ تۇمشۇق تەرىپى ئاسمانغا قاراپ قاپتۇ – دە، يېرىمى چۆكۈپ بولۇپتۇ، ئەتراپىدا نۇرغۇن ئادەم قۇتۇلۇپ قېلىش كويىدا ئۈمىدسىزلىك بىلەن جان تالى- شىۋېتىپتۇ.

ئەلۋەتتە، پېرىسكوپ بىلەن پاراخوت باشلىقى ھەم ئوفىت- سېرلارلا قارىشىدۇ، ئالاقىچى ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئېيتقانلى- رىنى ھەر مىنۇتتا بىر قېتىم كرونشتاتتىكى ئىشتابقا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشىدۇ، ئوڭۇشلۇق ئورۇنلانغان جەڭگىۋار ۋەزىپە توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرلەر مورسې شىفىرى بىلەن بېسىپ چىقىرىلىدۇ، جەڭگىۋار ۋەزىپە دېگەن بۇيرۇق دېمەكتۇر. دۈش- مەن يوقىتىلسۇن دەپ بېرىلگەن بۇيرۇق — مانا بۇ ھەممە!

ھە دېگەندە پېرىسكوپ بىلەن كىشىلەرنىڭ قانداق تۇنجۇ- قۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى كۆزىتىپ تۇرۇلغان، كېيىن دۈش- مەننىڭ پاراخوتى چۆكۈپ كېتىپ، ئەتراپتا سۇ ئاستى پاراخو- تىغا خەۋپ يەتكۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇر- غۇزۇلغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققان. ئەنە شۇ چاغدىلا ھەممەيلەننىڭ پاراخوت سۇپىسىغا چىقىش بۇيرۇقى بېرىلگەن. ھەممەيلەن پاراخوت سۇپىسىغا كېلىپ قو- ماندانىنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇرۇپ مۇكاپاتلاش بۇيرۇقىنى

ئاڭلىغان. دۈشمەنلەر ئۆپچۆرىدە جان تالىشا ـ جان تالىشا چۆكۈپ كېتىشكەن. ناھايىتى ئازلىرىلا تىرىك قالغان. بەزىلىرى ئۈزۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىغا چىقىۋالماقچى بولۇشقان، لېكىن ھالى قالمىغان؛ بەزىلىرى ئۈزۈپ يېتىپ كەلگەن، لېكىن يېقىن كەلگەندە تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇرۇش دېگەن مانا مۇشۇ. ئۇرۇشتا ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر غالىبلاردۇر، غالىبلار بولسا توغرا قىلغانلاردۇر. ئىلگىرى شۇنداق بولغان، كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ.

ئاپىسى تالىشىپمۇ ئولتۇرمىدى، رەددىيەمۇ بەرمىدى. پەقەت بېشىنى چايقاپلا قويدى. كەچرەك قولۇم ـ قوشنىلار خوشلاشقىلى كەلدى، ئاندىن كېيىن چوڭ ھەدىسى جىيەنلىرى بىلەن كەلدى. ۋېرونىكا ئىشتىن ئالدىراپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. تاكى يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ھازىر ياشانغان ئىككى ئادەم — ئانىمۇ، دادىمۇ راستىلا بىچارىلەردىن ئىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلسا، دادىسى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئىلگىرى ئۆيدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك دەپ ھېس قىلىنغان ھەممە ئىش يول ئۈستىدە ئۆز قىممىتىگە ئىگە بولدى ۋە ئۇ بۇلارنى يوقاتقانلىقى بىلەن ئازابلاندى. ئۆتكەن ئىشلار مىنۇتسېرى يىراقتا، ئارقىدا قېلىۋاتاتتى. ساراتوف دۆڭلۈكىنىڭ ئاستىدىكى ۋولگا دەرياسى ئېسىگە كەلدى. يازدىكى سۆيۈملۈك يەرلەر، يېشىل ئاراللار، كۈن نۇرىدا ۋاللىداپ تۇرىدىغان دەريا، دەريادا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق يەلكەنلەر. لېكىن سېرگېينى بالىلىق ۋاقتىلىرىدا ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلىدىغىنى چوڭ تۆمۈر يول

كۆۋرۈكى ئىدى. كۆۋرۈك ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئاستىدا، دەريا بويىدا چوقۇم باشنى ئارقىغا قايرىپ تۇرغاندىلا كۆۋرۈك-تىن ئۆتۈۋاتقان پويىزنى كۆرۈپ، پويىز چاقىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ سائەت ـ سائەتلەپ ھۇزۇر ئالغىلى بولاتتى. تۆمۈر كۆۋرۈك سۈڭگۈچلىرىدىن غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ۋولگا دەرياسى ئۈستىدىكى كۆۋرۈك ئارقىلىق بىر ياقلارغا، كىتابلاردا سۈرەتلەنگەن گۈزەل يەرلەر-گە كېتىۋاتقان كىشىلەرگە زوقلىنىپ قارايتتى...

ئۇ يەنە باللىق ۋاقتىدا بىر قېتىم يېڭى يىل كېچىسى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پۈتلىرىغا پىيما كىيىپ قار ئۈستىدە، ۋاللىداپ ئوت چىقىۋاتقان چوڭ مەشئەلسىمان تۇر-خۇنغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئەسلەپ كەتتى. ئويناقشىپ تۇرغان ئوت يالقۇنى، چاچرىغان ئوت ئۈستىگە يېغىپ تۇرغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئويناق قار. ئوت ئۇنىسىز قار ئۇچقۇنلىرىنى يۇتۇپ تۇرىدۇ، قار توختىماي يېغىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئوتقا ئامراق، ئوتتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا شۇنچە قويۇق يېغىپ تۇرد-دۇ... ئوت يالقۇنى ئۆچمەيدۇ، قار يېغىپ توختىمايدۇ.

يىللار ئۆتۈپ نۇرغۇن نەرسە ئارقىدا قالدى، ئۆزگەردى. ئەمدى ئۇرۇش پارتلىدى، ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش زۆرۈر بولۇپ قالدى. باشقا چىقىش يولى قالمىدى، مۇشۇنداقلا. سېر-گىي قاراڭغۇدا ئۇن چىقارماي يىغلىدى، ئاپىسىنى، دادىسىنى، ھەدىسى ۋېرونىكانى ئەسلىدى. ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئەسكەرلەر ئىچىدە بىلىندۇرمەي يىغلىۋالدى. ئۇنىڭ قول تۇ-تۇشۇپ كېچە ئاسمىنىدا لاۋۇلداپ كۆيۈپ ئوت چاچرىتىپ تۇر-غان مەشئەلگە قاراپ، قارنى دەسسىگەن پېتى يەنە بىر قېتىم ماڭغۇسى كېلىپ كەتتى.

چاقلار رېلىسقا ئۇرۇلماقتا، ۋاگونلار تەۋرىنىپ ئىلگىرد-

لىمەكتە، ھايالدىما بىكەتلەر ئارقىدا قالماقتا، كىچىدە غۇۋا يانغان چىراغلار ۋاللىدىماقتا. ئەسكەر ۋە قورال ـ ياراغقا تولغان ھەربىي پويىز ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈلىدىغان يەرگە قاراپ ئىتتىك ئىلگىرىلىمەكتە. ئۆلتۈرۈلۈش سىنىڭ شەخسىي ئىرادەڭگە باغلىق ئەمەس، ھېچكىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىرادە كېرەك، بۇ ئۇرۇشتا تەبىئىي، شەرتسىز ئىش. لېكىن، ئۆزۈڭنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرمەسلىكىڭگە قانداق جاۋاب بېرىسەن؟

... چاقلار رېلىس ئۇلانغان يەردىكى يوچۇققا تەگمەكتە: ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك، ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك، ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك...

سېرگېينىڭ كىرپىكلىرىگە ياش قوندى، ئاستا ـ ئاستا ئۇگدەك باستى. ئۇ ئۇرۇش بىلەن جەڭ ئەھۋالىنى، ئۆزىنىڭ قانداق ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، كىمنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، ئېيتىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى ۋە ياكى ئېلىشىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى

343 تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى. ۋولگا بويىدا ئۇنىڭغا تونۇغرا بىر ياز قانداق يەككمۇيەككە ئېلىشىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئوخشاش ئىش قىلىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ ھېلىقى دۈشمەننى — نېمىسنى، فاشىستنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى... بىراق، ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ دادىسى بايا ھېكايە قىلىپ بەرگەن سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ يېنىدا سۇغا چۆكۈپ كېتىۋېتىپ جان تالاشقان كىشىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشى ناھايىتى تەس بولغىنىدەك، بۇ دۈشمەننى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ شۇنچە تەس بولدى. دولقۇنلار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە شاپىلداپ ئۇرۇلاتتى. ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن. يېقىن ئۇزۇپ كەلگەنلەرنى

قويماي ئېتىپ تاشلاشقان... ئاندىن كېيىن ئۇلار سۇغا ئۇنسىز چۆكۈپ كېتىشكەن.

«ئۆلتۈر ـ ئۆلتۈرمە» ــ پويىزنىڭ چاقىدىن شۇنداق ئۈن چىقاتتى. سېرگېي مەكتەپتىكى چېغىدا ئۆگەنگەن نېمىسچە تېرمىنلارنى يادىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ باقتى، لېكىن ئۇ نېمىسچىدا ئۆلتۈر ـ ئۆلتۈرمە، ئۆلتۈر ـ ئۆلتۈرمە، ئۆلتۈر ـ ئۆلتۈرمە... دېگەن سۆزنى قانداق دەيدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

پويىز قاراڭغۇدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە...

# قوشۇمچە

«ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك...» دېگەن بۇ ھېكايىنى مەن ئارسىن سامانچىنىڭ ھۆججەتلىرى ئارىسىدىن تاپقانىدىم. ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغانلىقىغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم.

لېكىن، ئوقۇرمەنلەر ئاپتور ھايات ۋاقتىدا بولسۇن ياكى ئاپتور ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسۇن مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئاپتور ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر تې-خىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئارسىن سامانچىن خاتىرىسىدە ئېيتقىنى بويىچە، مەن «ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك...»نى ئالدىنقى سەپ قەبرىستانلىقىدا ئۈنلۈك ئوقۇيمەن.

مەرھۇم ئارسىن سامانچىن شۇنچە كۆپ سۆزلەپ بەرگەن غايىب بولغان كېلىنىنىڭ چاقىرغىنىنىمۇ ئاڭلىدىم! مەن ئۇ-نىڭ بىلەن بىللە...

ئەلىس

2006 ـ يىل فېۋرال، بىريۇسسېل

[General Information]
书名=崩塌的山岳维吾尔文
作者=（吉尔）艾特玛托夫著
页数=345
SS号=13740282
DX号=
出版日期=2012.03
出版社=民族出版社